国家出版基金项目

دۆلەتلىك نەشر فوندى تۈرى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (21)

# تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر

# قەشقەر



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

« قەشقەر » مەجمۇئەسى (21)

# تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر

# قەشقەر

تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇھەممەتسىدىق تاھىر

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (21)

# تارىخي مەدەنىيەتلىك شەھەر — قەشقەر

تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تارىبوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1 / 32
باسما تاۋىقى: 14 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2013 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2708 — 4
باھاسى: 42.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىيۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جالاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会


总策划：司马义·铁力瓦尔地

主　任：刘长明

米吉提·卡德尔

副主任：张新泰

古力先·吐拉洪

依明·艾合买提

赵新尉

木太力甫·托合提

委　员：阿布都克力木·热合曼

阿迪力·穆罕默德

聂光玉

克力木江·阿布都热依木

阿布拉江·色依提

艾尔肯·艾麦提

主　编：阿迪力·穆罕默德

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15- ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؛ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «مېۋە - چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا - ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.


يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى: نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى: قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى

كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەممەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سىپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى

ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009- يىلى 1- يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئېلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىلى 1 - ماي، قەشقەر

# تۇزگۇچىدىن

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى «يىپەك يولى»دىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن. قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭدا قەدىمكى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، ھىندى دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ئىككى دەريا ۋادىسى مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن، بولۇپمۇ خەن سولالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت جەم بولغان جايغا ئايلىنىپ، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ئاجايىپ رەڭدار تۈسكە كىرگەن ئىدى.

قەشقەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ بۇ يەردە قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردىكى مىللەت - قوۋملارنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى، ئۆزئارا بېرىش - كېلىشلىرى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى، تەسىر كۆرسىتىشلىرى مۇشۇ بىپايان زېمىنىدا ئىشقا ئاشقان ھەمدە قەشقەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان تارىخي تەرەققىياتى جەريانىدا، قەشقەردە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەرگە خاس بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پۈتكۈل قەشقەر رايونىغا يۇلتۇزدەك تارقىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن

بولسا، مەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ داۋاملىشىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى سۈپىتىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قەشقەر قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئېلىمىزدىن چەت ئەللەرگىچە ئىسمى - جىسمىغا لايىق «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» بولۇپ تونۇلۇپ، غەربىي يۇرتىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە، «قەشقەر» دېگەن نام پۈتۈن خەلقئالەمگە تونۇش بولغان سېھىرلىك بىر نامغا ئايلانغان. شۇڭا، 2000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بۇ شەھەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى يېڭىباشتىن شەھەر بولۇپ تەسىس قىلىنغان؛ 1986- يىلى 12- ئاينىڭ 8- كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر» دەپ ئېلان قىلىنغان.

شەھەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى جۇغلانغان ئاۋات ماكان. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىشىنىڭ ئىپادىسى ھەم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ جۇغلىنىشى، شۇنداقلا ئىزچىللىقىنىڭ شاھىتى بولۇپ، ئۇ مەلۇم شەھەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، پەن - تېخنىكىسى، خەلق فولكلورى، مەشھۇر شەخسلەر ۋە مەشھۇر ئەسەرلىرى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەرەپلەر تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە بەلگىسى بولۇپ، بىزنىڭ شۇ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان تارىخ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ كىتابتا قەشقەردىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر» نىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، پەن - تېخنىكىسى، خەلق فولكلورى، مەشھۇر شەخسلەر ۋە مەشھۇر ئەسەرلىرى قاتارلىق

مەزمۇنلار بايان قىلىندى. بۇ مەزمۇنلار قەشقەرنى چۈشىنىش، قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەشۋىق قىلىش، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە يۇرت تەربىيەسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە بايان .......... 1

1. شەھەرنىڭ كېلىپ - چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى .......... 1

2. شەھەر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى .......... 6

3. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە ئۇنى قوغداش- باشقۇرۇش .......... 10

4. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى ئېلان قىلىش ۋە بېكىتىش ئۆلچىمى .......... 42

5. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە ساياھەتچىلىك .......... 48

ئىككىنچى باب قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى .......... 60

1. تارىختىكى قەشقەر .......... 60

2. قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى .......... 77

3. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرى .......... 114

4. قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يول - كوچىلىرى .......... 116

5. قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمكى سېپىل ۋە دەرۋازىلىرى .......... 155

6. قەشقەر شەھىرىدىكى قەدىمكى دەريا ۋە كۆۋرۈكلەر .......... 161

ئۈچىنچى باب قەشقەردە قەدىمكى مەدەنىيەت .......... 165

1. قەشقەردە دىنىي ئېتىقاد .......... 165

2. قەشقەردە قەدىمكى تىل - يېزىق .......... 171

3. قەشقەردە قەدىمكى پۇللار .......... 179

4. قەشقەردە قەدىمكى يېمەك ـ ئىچمەك........................ 194
5. قەشقەردە قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى............ 196
تۆتىنچى باب قەشقەردە قەدىمكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت........................ 218
1. قەشقەردە قەدىمكى ئەدەبىيات ........................ 218
2. قەشقەردە قەدىمكى سەنئەت........................ 252
بەشىنچى باب قەشقەردە قەدىمكى پەن ـ تېخنىكا........................ 271
1. قەشقەردە قەدىمكى هۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسى........ 271
2. قەشقەردە قەدىمكى تېبابەتچىلىك........................ 284
3. قەشقەردە ئىلمىنۇجۇم........................ 319
4. قەشقەردە يىلنامە ـ تەقۋىمچىلىك ۋە يېزىقسىز ۋاقىت
كالېندارى........................ 322
ئالتىنچى باب قەشقەردە خەلق فولكلورى........................ 329
1. قەشقەردە هېيت ـ بايرام........................ 329
2. قەشقەردە توي ـ تۆكۈن........................ 334
3. قەشقەردە ئۆلۈم ـ يېتىم........................ 338
4. قەشقەردە قائىدە ـ يوسۇن ۋە پەرهىز ئادەتلىرى........ 339
يەتتىنچى باب قەشقەردىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە مەشھۇر قەدىمكى ئەسەرلەر 342
1. قەشقەردىكى مەشھۇر شەخسلەر........................ 342
2. قەشقەردىكى مەشھۇر قەدىمكى ئەسەرلەر........................ 412
پايدىلانغان مەنبەلەر........................ 429

## بىرىنچى باب

# تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە بايان

## 1. شەھەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

شەھەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى جۇغلانغان ئاۋات ماكاندۇر. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ توختىماي يۈكسىلىشىنى تېزلىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادەت ئىچىدە ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭىلىقلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ئىختىرا قىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىنى زامان ۋە ماكان بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق، كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە دەم ئېلىش پائالىيەتلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھازىرقى زامان شەھەرلىرى مەلۇم بىر دۆلەت، رايون ۋە ئۆلكىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەندىن باشقا يەنە ئۆز ئەتراپىدىكى ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلارنىڭمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ روناق تېپىشىنى يېتەكلەش - قوللاشتەك مۇھىم بازىلىق فۇنكسىيەگىمۇ ئىگە[1].

---

① ئابدۇرەھىم سەئىدى: «شەھەرشۇناسلىق توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى 8- ئاي نەشرى، 1-، 2- بەتلەر.

دەسلەپكى يېزا بازارلىرى ۋە شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ، باشقا ئىجتىمائىي ھادىسلەرگە ئوخشاشلا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، كىچىكلىكتىن چوڭىيىشتەك تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇزۇن تارىخىي، ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن 1 مىليون 400 — 500 مىڭ يىللار بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، غايەت ئۇزاق بىر جەرياندا تارقاقلاشقان، ياۋايىلىق ـ بەدەۋىي تۇرمۇش سەرسانچىلىقىدا ئۆتكەن...... ئاردىن ئۇزۇن دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياشاش ئۈچۈن تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، مەلۇم تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئارقىلىق تەدرىجىي ئاساستا ئۆملىشىپ ئىپتىدائىي جامائە تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار ئۆڭكۈر ۋە كەپىلەردە ياشايدىغان كۆچمەن ھالەتتىن ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يېرىم مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان قەبىلە ھالەتكە ئۆتۈپ، نەچچە ئون مىڭ يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئاندىن تەدرىجىي جەمئىيەت بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى ئائىلە ئۇرۇقلىرى ۋە قەبىلە جەمەتلىرىنى ئاساس قىلغان يېزا مەھەللىلىرى شەكىللىنىپ، كېيىنرەك ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، بارغانسېرى مۇقىملاشقان ۋە كۆلىمى تەدرىجىي كېڭىيىۋاتقان كۆجۈم تۇرالغۇ جايلىق مەھەللىلەر بارلىققا كەلگەن......

ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىجتىمائىي ئەمگەك ـ ئىش تەقسىماتىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. ئىلگىرىكى ئۆز ـ ئۆزىنى ئاران تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىشلەپچىقىرىشمۇ راۋاجلىنىپ، ئېشىنچا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەن. نەتىجىدە قەبىلىلەر ئىچىدە مۇنداق ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزلىرىدە بولمىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ھەل قىلىش ئېھتىياجى ئارقىسىدا مەخسۇس ماددىي بۇيۇم

ئالماشتۇرۇش سورۇنلىرى يەنى كىچىك بازار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆچۈم مەھەللىلەر (كەنت - يېزا) شەكىللىنىشكە باشلىغان. دېمەك، ئاشۇنداق ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا تەدرىجىي شەكىللەنگەن يېزا - كەنت بازارلىرىنى ئىپتىدائىي شەھەرنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى دەپ قاراش مۇمكىن.

كېيىنكى يەنە بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە قول ھۈنەر ئىشلەپچىقىرىشى تازا ئەۋج ئېلىپ، كىچىك يېزا بازارلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن ۋە ئاۋاتلىشىپ بارغان، بولۇپمۇ بىرقانچە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا كېلىشىپ، ئىگىدارچىلىقىدىكى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، دەسلەپكى دۆلەت ھۆكۈمرانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى سودا - سېتىق بازارلىرى دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «كۈچلۈك قەبىلە دۆلىتى» ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئاجىز قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىش ھەم چەتنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە مۇداپىئە ئىستىھكامى ۋە ئېگىز سېپىللارنى قۇرۇشى نەتىجىسىدە شەھەر قەلئەلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ چاغلاردا شەھەر بىلەن يېزا - كەنتلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان، شەھەر ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن سودا - سانائەتچىلەر ۋە ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئىبادەتخانىلار، ئاددىي پۇقرالار تۇرالغۇ جايلىرى كۆپلەپ سېلىنغان، شۇنىڭ بىلەن شەھەر بازارلىرى ئەۋج ئالغان. يېزا - قىشلاقلاردىكى ئەمگەكچى خەلق مەخسۇس تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى يېزا بازارلىرىدا ۋە شەھەرنىڭ قەرەللىك بازارلىرىدا سېتىپ، تۇرمۇش ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇپ يېگىنچە بىر ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەن.

ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ تەجرىبە ھاسىل قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىشى، بولۇپمۇ يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئارقىسىدا دەسلەپكى ئىلىم - مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېگىچە

ئىمكانىيەتلەر يارىتىلغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى شەھەر بىلەن يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپلا قالماستىن، مۇھىمى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ، ئىچكى - تاشقى سودا - سېتىقنىڭ دائىرىسىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش تورى، تاۋار ئالماشتۇرۇش (سودا - سېتىق) تورى، قاتناش - ئالاقە تورى، مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ مەكتەپ تورلىرى، تەڭشەپ باشقۇرۇش - پۇل مۇئامىلە تورلىرى قاتارلىق بىر پۈتۈن سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېقىنقى زامان شەھەرلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سېلىنغان①.

قەدىمكى مەدەنىيەت مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر ياۋروپا- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىللار ئىلگىرى ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەتتە گۈللەپ - ياشنىغان نۇرغۇن قەدىمكى شەھەر ۋە ئاۋات بازارلار قۇرۇلغان. مەسىلەن، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەھەرلەردىن مىرەن شەھىرى، لوپنۇر ئەتراپىدىكى كىروران شەھىرى، ئاقسۇ ۋادىسىدىكى قەدىمكى كېتىك شەھىرى، تۇرپان ۋادىسىدىكى يارغول، ئىدىقۇت، قەشقەردىكى ئەسكىھسار، خانئۆي قەدىمكى شەھىرى، خوتەندىكى نىيا، يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى قاتارلىقلار. ۋاھالەنكى، بۇ شەھەرلەر بىلەن ئاۋات يېزا بازارلىرى ئۆز زامانىسىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدا نۇرغۇن بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، باغلارنى بىنا قىلغان. يىپەك ھەم يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم - كېچەك، ساپال قاچا-

① ئابدۇرەھىم سەئىدى: «شەھەرشۇناسلىق توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى 8- ئاي نەشرى، 6-، 9- بەتلەر.

قۇچا ھەم تۆمۈر، ئاق قاشتاشتىن ياسالغان ئۆي سايمانلىرى، قوغدىنىش قۇراللىرى، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، تېرىقچىلىق سايمانلىرى ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇق ئىز تۈرى كۆپ، سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئۇلار ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكى؛ قەدىمكى شەھەر سېپىلى ۋە تۇرالغۇ جاي ئىزلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئارقىلىق شەھەرنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئۆي - ساراي ھەم ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە پىلانلىق قۇرۇلغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئەپسۇسكى، ئەينى چاغلاردىكى قاتتىق بوران - چاپقۇن، كەلكۈن ئاپەتلىرى، سىرتتىن كەلگەن ۋە ئۆز ئىچىمىزدىكى جەڭگى - جېدەللەرنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولۇپ، نۇرغۇن قىسمى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن...... بۇنداق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى داۋاملىق چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئېنىق ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاندىن قالسا، يېقىنقى 1000 — 2000 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇرۇلغان تارىخىي مەدەنىيەت ۋە قىسمەن ئاسارئەتىقىلەرگە باي قەشقەر، خوتەن، يەكەن، كۇچا، تۇرپان، غۇلجا، ئالتاي قاتارلىق شەھەر - بازارلارنىڭ داۋاملىق گۈللىنىپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىدىن ۋە ئۇ شەھەر-بازارلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە مۇھىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىچىنىشلىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكى شەھەر - بازارلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ھەممە جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق ۋە ئەپچىل بولغان جايلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ[①].

شىنجاڭ تەۋەسىدە تەخمىنەن 300 چە قەدىمكى شەھەر خارابىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان، مەيلى شىمالىي

---

① ئابدۇرەھىم سەئىدى: «شەھەرشۇناسلىق توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى 8- ئاي نەشرى، 11-، 13- بەتلەر.

شىنجاڭدىكى ئوتلاقلار ۋە تاغ جىلغىلىرىدا ياكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىق، چۆللۈكلەردە ۋە ياكى شەرقىي شىنجاڭدىكى ئويمانلىق، چۆل - باياۋانلاردا بولسۇن، ھەممىلا يەردە تەڭ مەۋجۇت. بۇ شەھەر خارابىلىرى ئاساسەن يەر يۈزىدە ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ، سېپىللىرى مۇكەممەل، قۇرۇلۇش ئىزلىرىنى غۇۋا كۆرگىلى بولىدۇ؛ بەزىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، ھازىر يەر يۈزىدىن غايىب بولغان. بۇ شەھەر خارابى-لىرىنىڭ كۆلىمى بىردەك ئەمەس، ئەڭ چوڭىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر، ئەڭ كىچىكىنىڭ ئايلانمىسى پەقەت 100 — 200 مېتىر كېلىدۇ؛ دەۋرىدىن قارىغاندا، ئۇلار خەن - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋر-لىرىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان زامانلارغا مەنسۇپ. خاراكتېرى بىلەن رولىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پايتەختلەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئايماق، ناھىيە ۋە ھەربىي قەلئەلەرمۇ بار①. قەشقەر رايونى قەدىمدىن ھازىرغىچە شەھەرلەر بىرقەدەر مەركەزلەشكەن رايون بولۇپ، مەشھۇر قەدىمكى شەھەرلەردىن ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرى، يۇملاقشەھەر، خانئۆي قەدىمكى شەھىرى، توققۇزساراي قەدىمكى شەھىرى، دەقيانۇس قەدىمكى شەھىرى، شېھتىيار قەدىمكى شەھىرى، تاش قەلئە قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ②.

## 2. شەھەر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

«مەدەنىيەت» (مەرىپەت) ئاتالغۇسى ئىنگلىزچە Civilization دېگەن

---

① چېن گې: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئارخېئولو-گىيەلىك تەتقىقاتى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2001- يىلى 3 — 4- سان، 51- بەت.

② ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى.

ئاتالغۇنىڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇ لاتىن تىلىدىكى «شەھەرلىشىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان Civilisatio دېگەن سۆزدىن كەلگەن. Civilisatio بىلەن Civitas (پولىس «قەدىمكى شەھەر دۆلىتى»، دۆلەت) ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئاتالغۇ، شۇنداقلا ھەر ئىككىسىلا لاتىن تىلىدىكى civis (شەھەر ئاھالىسى) دىن بۆلۈنۈپ چىققان. شۇڭلاشقا، مەدەنىيەت - مەرىپەت (Civilization)نىڭ ئەسلىي مەنىسى شەھەر ۋە دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىقنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت، دۆلەت ۋە شەھەردىن ئىبارەت بۇ ئۈچى مەنە جەھەتتىن زىچ باغلىنىشلىققا ئىگە ئۇقۇملار بولۇپ، ئوخشاش بىر تارىخىي ھادىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن يېشىپ بېرىلىشىدۇر، يەنى مەدەنىيەت — ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى. ئۇ قاتلاملارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، دۆلەت پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن ئىبارەت. دۆلەت — مەرىپەت دەۋرىگە خاس بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلات شەكلى بولۇپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ھۆكۈمرانلىق بىلەن باشقۇرۇش ئورگىنى (ھوقۇق مەركىزى) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جەمئىيەتتۇر. شەھەرلەر بولسا، مەرىپەت دەۋرىگە خاس بولغان، دۆلەت بىلەن مۇناسىپ ھالدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت ھالىتى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ماددىيلاشقان شەكلىدۇر[1].

شۇڭلاشقا، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى گەرچە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغان ئاساستا قۇرۇلۇشى زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشلىنىشتىنلا جەمئىيەت تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت قويۇق سىياسىي تۈسكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە ماھىيىتى يەنە

① شۆي خۇاڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997- يىللىق 1 — 2- سان، 185- بەت.

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شەھەرلەرنىڭ قويۇق سىياسىي تۈسىنىمۇ بەلگىلىگەن. يېڭى ۋە كونا قۇرۇقلۇقلاردىكى بىرقانچە ئىپتىدائىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەتراپلىق كۆزەتسەك، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شەھەرلەر ئاساسەن ھوقۇق (خانلىق ھوقۇق ياكى ئىلاھىي ھوقۇق) مەركىزى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا، بەزى ئالىملار دۇنيا تارىخىدىكى شەھەرلەرنى تۈرلەرگە ئايرىغاندا، ئەڭ دەسلەپكى ھالەتتىكى شەھەرلەرنىمۇ «شاھلىق ھوقۇق ئاستىدىكى شەھەر» دەپ يىغىنچاقلىغان[1].

دېمەك، شەھەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جۇغلانمىسى، شۇنداقلا شەھەر يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ جۇغلانغان جايى بولۇپ، شەھەر مەدەنىيىتى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[2]. شۇڭا، مەدەنىيەت ئامىللىرى توپلانغان، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت پەيدا بولغان بۇ خارابە ئىزى — دەل شەھەردۇر. مانا مۇشۇ مەنىدىن شەھەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى دۆلەت ۋە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ماس قەدەملىك بولىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ[3].

ئېلىمىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى شەھەرلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شەھەر تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

---

[1] يىدۇگېجۇنتەيلاڭ: «مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، نۇتۇق نەشرىياتى 1988- يىلى نەشرى، 138- ، 139- بەتلەر.

[2] چېن يۈفېي: «شەھەر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەدەنىيەت- سەنئەت نەشرىياتى 2008- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 1- ، 2- بەتلەر.

[3] شۈي خۇاڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997- يىللىق 1— 2- سان، 188- بەت.

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ھوقۇق مەركىزى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، بەلگىلىك رايون ئىچىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىلىك فۇنكسىيەسىگە ئىگە بولغان بولىدۇ: خان - پادىشاھلىرى ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. ئارخېئولوگىيەدە چوڭ تىپتىكى خاكداپ ياسالغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىزلىرى (ئوردا، ئىبادەتخانا خارابىلىرى، نەزىر - چىراغ قىلىش سۈپىتى قاتارلىق مۇراسىم خاراكتېرىنى ئالغان ئىمارەت ۋە سېپىل - تاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەكلىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە سانائەت ئىش تەقسىماتى تۈپەيلىدىن ئاھالىلەرنىڭ شەكىللىنىشى مۇرەككەپلىشىپ كېتىشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ- چىقىرىش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن شەھەرلەر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالمايدىغان تۈنجى جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ: سىياسىي خاراكتېرلىك شەھەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ۋە تاۋار سودىسىنىڭ ئانچە تەرەققىي قىلالماسلىقى تۈپەيلىدىن، شەھەرلەرنىڭ ھوقۇق مەركىزى سۈپىتىدە بۆلۈنۈپ چىققان ئىگىلىك مەركىزى بولۇش فۇنكسىيەسى ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقنى شىلىش مەركىزى ۋە ئىستېمال مەركىزى بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، نوپۇس نىسپىي ھالدا توپلاشقان بولىدۇ، ئەمما شەھەر رايونى بىلەن يېزىنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى ئانچە روشەن بولمىغان ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى شەھەرلەردە نوپۇسنىڭ زىچلىق تەرتىپى يېزىلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇتلەق كۆرسەتكۈچى بولالمايدۇ[①].

---

① شۆي خۇڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۈيغۇرچە، 1997- يىللىق 1 — 2- سان، 184- بەت.

# 3. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە ئۇنى قوغداش - باشقۇرۇش

## بىرىنچى، تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

### 1. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر

«تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر» ئومۇمەن مۇكەممەل بولغان چوڭ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ بىر شەھەرنىڭ شەكىللىك ۋە شەكىلسىز تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئىدىيەگە ۋارىسلىق قىلىش، مەزكۇر شەھەرنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى مەدەنىيىتىنىڭ تەقدىرى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالى، ئۇ ئىگە بولغان مەدەنىيەت ئەسلىھە ئورگانلىرىنىڭ سانى، كۆلىمى، ئىقتىدارى ھەمدە ئۇنىڭ مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىقتىدارى، مەدەنىيەت ئىجادكارلىقتىكى ھاياتىي كۈچى ۋە ئىقتىدار ئەھۋالى، يەنە ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ سان نىسبىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرنىڭ ئەھمىيىتى شەھەرنىڭ ماددىي قىياپىتى، ھەرىكەت ئۇسۇلى، تۈزۈلمە ھالىتى ۋە مەنىۋى مەزمۇنى قاتارلىق بىرنەچچە ئوخشىمىغان قاتلاملارنىڭ ئىپادىلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر دېگىنىمىز، مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە، ئېنىق ۋە ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان تارىخىي دەۋرىيلىككە، ئۆزگىچە تارىخىي ئادىمىيەت سەيلىگاھى ۋە قۇرۇلۇش قىياپىتىگە؛ مۇھىم بولغان تارىخىي مەدەنىيەت خاتىرە بۇيۇمىغا، بىرقەدەر مول بولغان كۆپ خىل مەدەنىيەت ئادىتى ۋە مەدەنىيەت مۇراسىم پائالىيىتىگە؛ بەلگىلىك ساندىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىغا، ئېنىق بولغان شەھەر روھى مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە بولغان

شەھەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت ھالىتى ئۆزى تۇرۇۋاتقان رايوننىڭ ئادىمىيەت جۇغراپىيەسى، ئىقتىسادىي جۇغراپىيە، تەبىئىي جۇغراپىيە مۇھىتى بىلەن ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تارىختىكى مۇناسىۋەتلىك رايونلار ئىچىدىكى مۇھىم دەپ قارالغان ھەربىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ تۈگۈنى ۋە مەركىزىدۇر. ئۇلار ھەممىشە مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايوندىكى تارىخىي مەدەنىي تۇرمۇش ۋە ھازىرقى جەمئىيەت مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ قىممەت مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ[1].

تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر (ئەلۋەتتە زامانىۋى مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدۇ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى ئاساسلىقى مەدەنىيەت بەلگىسى، مەدەنىيەت ۋاسىتىسى، مەدەنىيەت پائالىيىتى، مەدەنىيەت ئىقتىدارى، مەدەنىيەت ھوقۇقى ۋە مەدەنىيەت ئىجادكارلىقى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بولىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق ھالدا مەدەنىيەت بەلگىسى ۋە مەدەنىيەت ۋاسىتىسىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

1. مەدەنىيەت بەلگىسى

مەدەنىيەت بەلگىسى ئادەتتە قۇرۇلۇش ياكى باشقا شەكىلدىكى خاتىرە بۇيۇملىرى شەكلىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، بېيجىڭنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، چوڭ جەھەتتىن پۈتۈن شەھەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن تارتىپ، ھەربىر كىچىك يادىكارلىق

[1] چېن يۇفېي: «شەھەر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى 2008- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 149- بەت.

بۇيۇملىرىغىچە ھەممىسى مەدەنىيەت تەرەپتىن بېيىجىڭنىڭ مول، ئۇزاق مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى بولالايدۇ. ھەيۋەتلىك بېيجىڭ شەھىرى خان ئوردىسىنى مەركەز قىلغان قاتلاملىق پىلان ئەندىزىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بىر بۇيۇك شەھەرنىڭ شانلىق نەتىجىسىنىڭ سىمۋولىدۇر.

2. مەدەنىيەت ۋاستىسى

مەدەنىيەت ۋاستىسىنىڭ شەكلى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئەدىبىيۋى نەتىجە، كىتاب - ژۇرنال، ئاخبارات ۋاستىلىرى، سەنئەت نومۇرى، فولكلور سەنئىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسى قاتارلىقلاردىن ھەممىدە ئەل ئىچىدىكى مەھەللىۋى سالاھىيىتى بىر قاتار ئىقتىدارلىقلارمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. بۇ مەدەنىيەت ۋاستىلىرى كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان، ساقلىغان ۋە يىغقان بولۇپ، بۇلار نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ئارقىلىق ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەقلى ئەمگىكى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى بىۋاسىتە دىيالوگ قىلغان ۋە زىچ باغلانغان[1].

تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇلات، چەت ئەللەردە بۇنىڭ بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆز يوق، ئەمما تارىخىي مەدەنىيەتلەرنى قوغداش تۈزۈلمىسىدە بۇ خىلدىكى ئۇقۇملار مەۋجۇت.

جۇڭگونىڭ «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھىرى» بىلەن چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى روشەن پەرق بار. تۆۋەندە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى.

1) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تارىخىي شەھەر»لىرى

بۇ «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى بىناكارلىق خاتىرە بۇيۇملىرى»، «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى

---

[1] چىن يۇفېي: «شەھەر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەدەنىيەت- سەنئەت نەشرىياتى 2008- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 150-، 153- بەت.

مەنىسىگە ئىگە شەھەر»لەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى شەھەرلەر «بىناكارلىق خاتىرە بويۇملىرىنى باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا» بولغان، بۇ شەھەرلەرگە قارىتا «لايىھەلەش، پىلانلاش» خىزمىتى ئېلىپ بارغاندا، بۇلار ئىچىدىكى «تارىخ، بىناكارلىق سەنئىتى» ئەھمىيىتىگە ئىگە بىناكارلىق بىرلەشمە گەۋدىسى ۋە ئايرىم بىناكارلىق خاتىرە بويۇملىرىنى مەركەزلىك ھالدا قوغداش ۋە كۆرگەزمە قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان، بۇنىڭغا بىناكارلىق خاتىرە بويۇملىرىنى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئالاھىدە نازارەت قىلغان. 1949 - يىلى 10 - ئايدا، موسكۋا، لېنىنگراد قاتارلىق 20 شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىي شەھىرى تىزىملىكى» ئېلان قىلىنغان.

2) ئەنگلىيەنىڭ «تارىخىي قەدىمىي شەھىرى»

ئەنگلىيە 1969 - يىلى ئېلان قىلغان «شەھەر مەدەنىيىتى قانۇنى» دا تۇنجى قېتىم «قوغداش رايونى» دېگەن ئۇقۇمنى قانۇن تۇرغۇزۇش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. بۇ قانۇن يەرلىك ھۆكۈمەتتىن باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى قوغداش رايونىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت يەرلىك ھۆكۈمەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەرقانداق بىر تارىخ، مەدەنىيەت، سەنئەت قىممىتى بار قۇرۇلۇش توپىنى قوغداش رايونى قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان. قوغداش رايونى «ئالاھىدىلىكى ياكى تاشقى قىياپىتى قوغداشقا ۋە تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان، ئالاھىدە قۇرۇلۇش ۋە تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە رايونلار»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەھەر - بازارلاردىكى مەلۇم بۆلەك بولۇشىمۇ، پۈتكۈل شەھەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. قوغداش رايونى ئىچىدە باس، چىچېستېر، چېستېر، يورك قاتارلىق تۆت شەھەر قەدىمكى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان تارىخىي قەدىمىي شەھىرى قىلىپ بېكىتىلگەن.

3) ياپونىيەنىڭ «قەدىمىي ئاستانىسى»

ياپونىيە 1966 - يىلى «قەدىمىي ئاستانىلەرنى قوغداش قانۇنى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، «قەدىمىي ئاستانە» ئاساسلىقى «دۆلەتنىڭ بۇرۇنقى سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرى، تارىختا مۇھىم ئورۇن

تۇتىدىغان جىڭدۇ، كۇيلىياڭ، لىيەنساڭ شەھەرلىرى ھەممىدە پەرماندا بەلگىلەنگەن باشقا شەھەر، يېزا، كەنت» لەرنى كۆرسىتىدۇ. پەرماندا بەلگىلەنگەن باشقا شەھەر، يېزا، كەنتلەر بولسا، تيەنلى شەھىرى، جياگيۇەن شەھىرى، توجىڭ شەھىرى، بەنجۇي يېزىسى، مىگرىشياڭ كەنتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇنداق قىلىپ، ياپونىيە 1966 - يىلى قانۇنى جەھەتتىن بېكىتكەن قەدىمىي ئاستانە جەمئىي ئالتە شەھەر، بىر يېزا، بىر كەنت بولغان.

4) دۇنيا مەدەنىيەت مىراسىغا كىرگۈزۈلگەن تارىخىي شەھەر - بازارلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى قۇرۇلتىيى 1972 - يىلى پارىژدا ماقۇللىغان «دۇنيا مەدەنىيەت تەبىئىي مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى» (قىسقارتىلىپ «دۇنيا مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) 1975 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كۈچكە ئىگە بولغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە 851 تۈر «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈلۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت مىراسلىرى 660 تۈرگە يەتكەن. بۇ مەدەنىيەت مىراس تۈرلىرى زور تۈركۈمدىكى تارىخىي شەھەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيا مىراسلىرى تىزىملانغان خەلقئارالىق ھۆججەتتە، تارىخىي شەھەرلەرنى ئۈچ ئاساسلىق تۈرگە ئايرىغان[①]. بۇلار:

(1) ئادەم ئولتۇرمايدىغان خارابىلىك تىپىدىكى كوچىلار، تارىخىي شەھەر - بازارلار؛

(2) ئادەم ئولتۇرۇۋاتقان تارىخىي كوچا، مەسىلەن مۇكەممەل شەھەر- بازار، شەھەر - بازارنىڭ بىر قىسمى، تارىخىي مەركەزنىڭ قىسمەن بۆلىكى؛

(3) 20 - ئەسىردە قۇرۇلغان يېڭى كوچا رايونى.

بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل بولغان شەھەر - بازار ئوتتۇرا - كىچىك

---

①جاڭ سوڭ: «تارىخىي شەھەرلەرنى قوغداش ئىلمى — مەدەنىي مىراس ۋە تارىخىي مۇھىتنى قوغداشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇپەسسەل ئۇسۇلى»، شاڭخەي پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 255- بەت.

شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان. مەملىكىتىمىزدىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر پىگياۋ ۋە لىجياڭ 1997 ـ يىلى دۇنيا مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن؛ قەدىمىي شەھەر، تارىخىي مەركەز سۈپىتىدە مىراس تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلەر ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە مەركەزلەشكەن. مەسىلەن، تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل تارىخىي رايونى، پولشانىڭ كراكوۋ تارىخىي مەركەز رايونى، ۋارشاۋا تارىخىي مەركەز رايونى، رۇسىيەنىڭ سانكت پېتېربۇرگ تارىخىي مەركەز رايونى ۋە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش توپى، فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرى سېينا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى، ئىتالىيەنىڭ رىم شەھىرى تارىخىي مەركەز رايونى، فلورىنسىيە تارىخىي مەركەز رايونى، چېخنىڭ پىراگا شەھىرى تارىخىي مەركەز رايونى، شۋېتسارىيەنىڭ بورنى شەھىرى، كانادانىڭ كوبېك تارىخىي مەركەز رايونى قاتارلىقلار؛ بىرازىلىيەنىڭ بارسىلىيە شەھىرى 20 ـ ئەسىردىكى يېڭى شەھەرنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي شەھەرلىرى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ تارىخىي قەدىمىي شەھەرلىرى ئوخشايدىغان بولۇپ، ھەممىسى قۇرۇلۇش توپلىرىنى ئاساس قىلغان، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەلىي گەۋدىنى تەكىتلىگەن. ياپونىيەنىڭ «قەدىمىي ئاستانە» سى ئەنئەنە بىلەن مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بەرگەن، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ئۇقۇمى بىلەن ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. دۇنيا مىراسلىرىغا كىرگۈزۈلگەن تارىخىي شەھەرلەر بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلىرى ئىچىدە ئەڭ يېقىن كېلىدىغىنى قەدىمىي شەھەر ۋە تارىخىي شەھەر مەركەزلىرىدۇر[①].

## 2. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ تۈرلىرى

مەملىكىتىمىزدە ھازىر 109 دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر بار بولۇپ، تارقالغان رايونلىرى كەڭ، قىياپىتى ھەر خىل

① جيا خۇگيەن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008ـ يىلى 8ـ ئاي نەشرى، 7 ـ، 8ـ بەتلەر.

بولۇپ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىسى بولغان شەھەرلەر

بۇ خىلدىكى شەھەرلەر مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرى ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى شەھەرلەر بولۇپ، تارىختا مەلۇم سۇلالە ياكى كۆپلىگەن سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. جۇڭگونىڭ زېمىنى كەڭ، تارىختا ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرى كۆپ قېتىم يۆتكىلىپ، سىياسىي مەركەز بولغان ئاستانە شەھەرلەردىمۇ تەكرار كۆچۈش ئەھۋاللىرى بولغان. شى نيەنخەي ئەپەندىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 15 يىلدىن يۇقىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاستانە شەھىرى 53 بولۇپ، 172 سۇلالە ياكى ھاكىمىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان①. تارىختىكى سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى ئاستانە شەھەرلىرىنى تاللىغاندا، ئومۇمەن دېگۈدەك تەبىئىي مۇھىتى ئەۋزەل، ئورنى مۇۋاپىق، ئىقتىساد ـ مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، قاتناش قولايلىق، ھاۋاسى يېقىملىق، مۇداپىئە كۆرۈشكە ئاسان جايلارنى تاللىغان. ئاستانە بولسا شەھەر تۈزۈلمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى، مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى ئەڭ مەركەز-لەشكەن، تەسۋىرلىگۈسىز شان ـ شەرەپلەرگە ئىگە.

سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىلىرى يەنە بىرلىككە كەلگەن سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىلىرى ۋە بۆلۈنمە سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسى ئىشەنچلىك يېزىق خاتىرىسى ۋە كونكرېت ئورۇنغا ئىگە، ئۇزاق مەزگىل تۇراقلىق بولغان قەدىمكى ئاستانە يىلى ئاستانىسى ئەنياڭدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، جۇ، چىن، خەن، غەربىي جىن، سۇي، تاڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدىن مىنگوغىچە بولغان بارلىق بىرلىككە كەلگەن سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىسى جايلاشقان ئەنياڭ، شيەنياڭ، شىئەن، لوياڭ، بېيجىڭ، نەنجىڭ قاتارلىقلار تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر قاتارىغا كىرىدۇ. كېيىنكىسى،

---

① شى نيەنخەي: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئاستانە مەدەنىيىتى»، جوڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1998 ـ يىلى نەشرى، 146 ـ بەت.

مەسىلەن خەن سۇلالىسىدىن كېيىن دۆلەت ئۈچكە بۆلۈنگەندىن كېيىنكى، ۋېي، شۇ، ۋۇ خانلىقلىرىنىڭ ئاستانىسى بولغان لوياڭ، چېڭدۇ، جيەنيې (ھازىرقى نەنجىڭ)، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر تىركىشىپ تۇرغان ۋاقىتتىكى شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىسى پىڭچېڭ (ھازىرقى داتۇڭ)، لوياڭ، چۆيچېڭ (ھازىرقى خەندەن دائىرىسىدە)، جەنۇبىي سۇلالىلەردىن شەرقىي جىن ۋە سۇڭ، چى، لياڭ، چېن قاتارلىقلارنىڭ ئاستانىسى جيەنيې (ھازىرقى نەنجىڭ)؛ بەش سۇلالە دەۋرىدىكى لياڭ، تاڭ، جىن، خەن، جۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاستانىسى بيەنلياڭ (ھازىرقى كەيفېڭ)، لوياڭ؛ سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدىكى ئاستانىلەردىن بيەنلياڭ، لىنئەن (ھازىرقى خاڭجۇ)، لياۋ سۇلالىسىنىڭ نەنجىڭ، جىن سۇلالىسىنىڭ جوڭدۇ (ھازىرقى بېيجىڭ) شەھەرلىرىمۇ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ئاستانىلەر ئىچىدە ئەنياڭ، شىئەن، لوياڭ، نەنجىڭ، كەيفېڭ، خاڭجۇ، بېيجىڭدىن ئىبارەت يەتتە شەھەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىئەن بىلەن بېيجىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى شەھەر تارىختىكى بارلىق سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىسى بولۇش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، شىئەن ئالدىنقى مەزگىللەردىكى جۇ، چىن، خەن، سۈي، تاڭدىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن سۇلالىلەرنىڭ ئاستانىسى بولغان؛ بېيجىڭ بولسا، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن مىنگوغىچە بولغان يۈەن، مىڭ، چىڭ ۋە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئاستانىسى بولۇپ، 700 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان.

### 2. بەگلىكلەر ۋە سۇيۇرغاللارنىڭ مەركىزى بولغان شەھەرلەر

ئەگەر سۇلالىلەرنىڭ ئاستانە شەھەرلىرى مەملىكەت خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئەمدى توختالماقچى بولغان شەھەرلەر رايون خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىدا «فېئودال ئاقسۆڭەكلەر» دېگەن ئۇقۇم بار بولۇپ، چوڭ ئوغۇل خانلىققا ۋارىسلىق

قىلغانـدىن سـىرت، ئۇنىـڭ قېرىنداشـلىرى ھەمـدە تۆھپىكـار ۋەزىـرلەر مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى سۈيۈرغال بەگلىك سۈپىتىدە ئىدارە قىلغان. بۇ سۈيۈرغاللىقلارنىڭ مەركەزلىرى تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيەت مىراسلىرى مول، بولۇپمۇ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۈيۈرغاللارنىڭ مەركەزلىرى ھەممىشە يەرلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ بەرپا بولغان جايلىرى ئىدى. مەسىلەن، لۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى چۈفۇ، چى بەگلىكىنىڭ مەركىزى لىنزيۇ، چۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى جياڭلىڭ، جاۋ بەگلىكىنىڭ مەركىزى خەندەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى بەگلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخى مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەردۇر.

3. ئازسانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئاستانىلىرى

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، تارىختا كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستانىلىرى بىر جاينىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلىنىپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. مەسىلەن، دالى (تاڭ دەۋرىدىكى جەنۇبىي جاۋ ۋە سۇڭ دەۋرىدىكى دالى دۆلىتىنىڭ مەركىزى)، لاسا (تۇبەت خانلىقىنىڭ مەركىزى)، شېنياڭ (كېيىنكى جىن ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قورۇلدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇنقى مەركىزى)، جىشەن (گاۋگۈلى دۆلىتىنىڭ مەركىزى)، قەشقەر (قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزى)، كۆكخوت (موڭغۇل تۈمۈت قەبىلىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى مەركىزى)، يىنچۈەن (تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ مەركىزى) قاتارلىقلار. چېگرا رايونلاردىكى بۇ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت تارىخىي - مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

4. سودا - سانائەت، قاتناش پورت شەھىرى، ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم شەھەرلەر

1) ئالاھىدە قول سانائەت شەھەرلىرى: بۇ خىل شەھەرلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى مەلۇم تۈردىكى قول سانائەتنىڭ

تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، فارفۇر شەھىرى جىڭدېجېن، تۇز شەھىرى زىگوڭ قاتارلىقلار. جىڭدېجېننىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ھېلىمۇ قەدىمكى فارفۇر خۇمدان ئىزلىرى بار، زىگوڭدا قەدىمكى تۇز قۇدۇق ئىزلىرىدىن باشقا، مەملىكىتىمىزدىكى بىردىنبىر تۇزچىلىق ئىشلىرى مۇزېيخانىسى بار.

2) قەدىمكى سودا ۋە قاتناش پورتى شەھىرى: بۇ شەھەرلەر قاتناش تۈگۈنى ياكى پورتلارغا جايلاشقان بولۇپ، سودىسى گۈللەنگەن، تارىخ ۋە مەدەنىيىتى جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان. مەسىلەن، يىپەك يولىدىكى شەھەرلەردىن ۋۇۋېي، جاڭيې، دۇنخۇاڭ؛ پورت شەھەرلەردىن نىڭبو، چۈەنجۇ، گۇاڭجۇ؛ قانال لاردىكى سودىسى ئاۋاتلاشقان شەھەرلەردىن ياڭجۇ، خۇەيئەن، لياۋچېڭ قاتارلىقلار.

3) يېقىنقى، ھازىرقى زامان سانائىتى تېز تەرەققىي قىلغان شەھەرلەر: مەسىلەن، شاڭخەي، تيەنجىن، چىڭداۋ، خاربىن، ۋۇخەن قاتارلىقلار. بۇ شەھەرلەر مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان شەھەر تەرەققىياتىنىڭ بايراقدارلىرى بولۇپ، بەلگىلىك مۇستەملىكە تۈسىگە ئىگە.

4) ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم شەھەرلەر: تارىختىن بۇيان ھەربىي مۇداپىئە سەۋەبىدىن بىر قىسىم ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جايلاردا تارىخى ئۇزاق مەدەنىيەتلىك شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، سەددىچىن بويىدىكى شەنخەيگۇەن، داتوڭ، يۈلىن، جىيۇچۇەن، كارىدورىدىكى ۋۇۋېي، جاڭيې، دۇنخۇاڭ، دېڭىز بويىدىكى لىنخەي ھەمدە مۇھىم قاتناش تۈگۈنىدىكى شۈجۇ، شياڭيەن قاتارلىقلار.

5. مەنزىرە - ساياھەت شەھەرلىرى

بەزى شەھەرلەر گۈزەل مەنزىرىسى، رەڭدار تاغ - دەريالىرى، ئورمان، باغۋاراڭلىرى بىلەن جاھان سەيياھلىرىنى جەلپ قىلىپ، تىللاردا داستان بولۇپ، نامى جاھانغا تارقالغان ھەمدە شۇ سەۋەبلىك مول مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە بولۇپ، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرگە ئايلانغان. مەسىلەن، گۈيلىننىڭ تاغ - دەريالىرى ئالەمگە

مەشھۇر؛ چېگ:بدا مەملىكىتىمىزدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان خانلىق باغچىسى ــ سالقىنداش جاگزىسى، جوڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان تاشقى سەككىز ئىبادەتخانا، تاغلارنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان گۈزەل تاغ سۇلىرى ھەممە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆپلىگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر يۈبىاڭ، جاۋچىڭ قاتارلىقلارمۇ دۇكىنگخۇ، شىخۇلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن تارىختىن بۇيان قەلەمكەشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن.

6. ئىنقىلابىي تارىخىي مەشھۇر شەھەرلەر

بىرىنچى تۈركۈمدە تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن يەنئەن بىلەن زۇنيى ئىنقىلابىي تارىخىي مەشھۇر شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ تۈردىن ئورۇن ئالغان. يەنئەن دۇنياغا مەشھۇر ئىنقىلابىي مۇقەددەس جاي، 1937 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە جوڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۇرغان ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلغان جاي؛ زۇنيى بولسا جوڭگو ئىنقىلابى تارىخىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك زۇنيى يىغىنى ئېچىلغان جاي. بۇ ھەر ئىككىلا جاي ئوخشاشلا قەدىمكى تارىخىي مەشھۇر شەھەر. يەنئەن چىن - خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن تارتىپ شىمالدىكى سىياسىي، ھەربىي مۇھىم شەھەر بولۇپ كەلگەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە سەددىچىندىكى توققۇز شەھەرنىڭ بىرى بولغان يەنخۇەندىكى موھىم ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە شەھىرى بولغان؛ زۇنيى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، تارىخىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئىنقىلابىي يادىكارلىقلىرى ئوخشاشلا مول. نەنچاڭ، چاڭدىڭلارمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

7 . باشقا ئالاھىدە شەھەرلەر

يەنە بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ تارىختىكى نامى ئۇنچە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولمىسىمۇ، ئەمما مەلۇم تەرەپلەردىن ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك. مەسىلەن، دۇجياڭيەننىڭ سۇ قۇرۇلۇشى ئالەمگە مەشھۇر؛ خەنچېڭ، زوچېڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا تارىخچى سىماچيەن ۋە

مېگزىلارنىڭ يۇرتى؛ پېگياۋ جىن سۇلالىسىنىڭ سودا مەركىزى بولۇپ، بىرمەھەل جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولغان؛ لىجياڭنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئالاھىدە، مىللىي تۈسى قويۇق؛ جياڭزى، تۇگرېنلار مىللىي، دىنىي قۇرۇلۇشلىرى ۋە سەنئىتى بىلەن مەشھۇر.

بۇ خىل ئوخشاشمىغان تارىخىي مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى، ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى رەڭگارەڭ شەھەرلەر خۇددى رەڭگارەڭ رەسىمگە ئوخشاش جۇلالىنىپ، جۇڭگو زېمىنىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ چاقناپ تۇرىدۇ[①].

## 3. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداش ۋە ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلار

جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تارىخىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى بىناكارلىق ۋە تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەرلەرنى (قەدىمىي شەھەر - بازارلارنى) قوغداشنى مۇنداق ئۈچ مۇھىم باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ —— يەككە قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى قوغداش.

جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قۇرۇلۇشلار ھەمىشە ھۆنەرۋەنلەرنىڭ قوپال قىلىپ قويغان ئىشىدەك قارىلىپ كۆزگە ئىلىنمەي كەتمىگەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن، شۇڭلاشقا مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرى سۈپىتىدە قوغدالمىغان.

19 - ئەسىرگە كەلگەندە ۋە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن بىر تۈركۈم بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئۆلىمالىرى جۇڭگوغا كېلىپ، ھەر خىل مەقسەتتە جۇڭگونىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، سۈرەتكە تارتىپ نەشر قىلدى، كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇردى...... بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ

---

① جيا خۇگيەن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 8-، 11- بەتلەر.

قەدىمكى بىناكارلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى. بىراق، ئۇلار جۇڭگونىڭ ئۇزاق قەدىمىي مەدەنىيىتىنى ئانچە چوڭقۇر چۈشەنمىگەچكە، چىنلىقىنى ھەقىقىي ئېچىپ بېرەلمىدى. مانا شۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، جۇ چىلىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوزغىشى بىلەن 1929 - يىلى جۇڭگونىڭ بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، لياڭ سىچېڭ، ليۇ دۇنجېن قاتارلىق ئالىملارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ھازىرقى زامان ئىلمىي ئۇسۇلدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇشلىرىغا قارىتا «ئەندىزە» ۋە «ھۆججەت» خاراكتېرلىك باھالاش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «قەدىمكى يادىكارلىقلارنى قوغداش قانونى»دا نۇرغۇن قەدىمكى قۇرۇلۇشلار قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەدىمىي قۇرۇلۇشلار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ مۇھىم بىر تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى. گوۋۇيۈەن ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئېلان قىلغان نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى ئىچىدە قەدىمكى قۇرۇلۇشلار چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەچكە، قوغداش، رېمونت قىلىش خىزمىتى ئالاھىدە مۇشكۈل بولدى.

ئىككىنچى باسقۇچ — تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەر (تارىخىي مەدەنىيەتلىك يېزا - كەنتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لەرنى قوغداش.

تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەر (تارىخىي مەدەنىيەتلىك يېزا كەنتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لەرنى قوغداش — جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتىكى بىر مۇھىم تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى يەككە ھالەتتە قوغداش دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مول مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رىقابەت ۋە ياخشى پۇرسەتنىڭ ئۇچرىشىشى ھەم بىرلىشىشى دېيىشكە بولىدۇ. 1977 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىس،

ئالىملارنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى ئاستىدا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مەسىلىسى يۈكسەك ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشتى. 1982 - يىلى گوۋۇيۈەن بىرىنچى تۈركۈمدە دۆلەت دەرىجىلىك تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر 24 شەھەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. كېيىن يەنە 2 - ، 3 - تۈركۈمدىكىلىرىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە دۆلەت دەرىجىلىك تارىخى مەدەنىيەتلىك 99 مەشھۇر شەھەر دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قوغدىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر دەرىجىلىك تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەر (يېزا - كەنتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لەرنى ئېلان قىلدى. هازىر پىڭياۋ، لىجياڭدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇن تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەر دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

تارىخى مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش قارارى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ پەقەت قەدىمىي قۇرۇلۇش، قەدىمىي ئىزلار قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى (شەكلى بار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى) شەھەر قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭگودىكى كۆپ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تۈرى بولغان ناخشا - قوشاق، ئەلنەغمە، خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى، قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات ھېسابلانغان، ئۆزگىچە تەملىك يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلار (شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى)نىمۇ قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ — تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ماسلاشتۇرۇش.

1986 - يىلى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكىلەر بىلەن تارىخى مەدەنىيەت، شەھەر قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسس-

ئالىملارنىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ماسلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. ئۇلار بىردەك مۇنداق قارىدى: تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك، بولمىسا تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەرلەر ۋە ھەر خىل تىپتىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدىماق تەسكە توختايدۇ. مۇبادا ئىككىسىنىڭ ماسلىشىشى مۇۋاپىق بولسا، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك، ئۆزئارا پايدىسى بار. ئون نەچچە يىللىق تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىككىسى ياخشى ماسلاشسا، مەدەنىيەت مىراسلىرى ياخشى قوغدىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتمۇ ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، شىيالڭ، پىڭياۋ، چېندې قاتارلىقلار ئىككى تەرەپتىن ئىنتايىن ياخشى ۋۇنۇمگە ئېرىشتى. بىراق، بۇ مەسىلە يەنىلا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشەلمىدى. بەزى تارىخ - مەدەنىيىتى مەشھۇر شەھەرلەر پەقەت كۆز ئالدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى دەپ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە شەھەر رەھبەرلىرى ۋە قۇرغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى تونۇشى ۋە قانۇن بەلگىلىمىلەرنىڭ مۇكەممەللىشىشى ھەم ئىجرا قىلىنىشىدا. بۇ نۇۋەتتە تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە شەھەر تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تەتقىقات تېمىسى[①].

تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەر شەھەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىن قالغان تارىخىي ئىزلارنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نىسبەتەن مەركەزلەشكەن جايدۇر.

---

① لو جېۋېن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى بىناكارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداشنىڭ ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچى»، «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى»، 2000- يىلى 8- ئاينىڭ 6- كۈندىكى سانى، 2- بەت.

ئۇنىڭغا قارىتا قوغداش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى باشقا پارچە - پۇرات مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىيلىق قارىشى تارىخىي مەدەنىيەتلەرنى قوغداشقا، شۇنداقلا يېڭى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قارىتىلغان. تارىخىي مەدەنىيەتلەرنى قوغداشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئومۇمىيلىقى مەدەنىيەتنى مۇكەممەل قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىشتا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ تاشقى قىياپەتنى قوغداشقا، شۇنداقلا مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرى ۋە مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىنى قوغداشقا قارىتىلغان[①]. ئىلىم ساھەسىدە شەھەرلەرنى قوغداش مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە يىغىنچاقلانغان:

### بىرىنچى، تارىخىي يادىكارلىقلارنى قوغداش

شەھەرنىڭ تارىخىدا ساقلىنىپ كەلگەن ھەر خىل يادىكارلىق بۇيۇملار، يادىكارلىق ئىزلىرى تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ كونكرېت بەلگىسىدۇر. كونكرېت قوغداش ئوبيېكتلىرى بولسا: (1) ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق قوغداش ئورۇنلىرى دەپ بېكىتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى، سەيلىگاھلار. بۇلار كونكرېت جەھەتتىن قەدىمىي ئىمارەت، قەدىمىي سېپىل، قاپارتما نەقىش ۋە ھەر خىل قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (2) تارىخىي يادىكارلىق ئىزلىرى. بۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋە ئېنىقلانمىغان يەر ئاستى مۇھىم تارىخىي يادىكارلىق ئىزلىرى، مەسىلەن قەدىمىي قەبرە، قەدىمىي شەھەر ئىزى، قەدىمىي كوچا، قەدىمكى كەنت ۋە قەدىمىي قۇرۇلۇش ئىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (3) قەدىمكى تارىخىي خاتىرە قۇرۇلۇش ھەمدە مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان خاتىرە ئورۇنلىرى؛ (4) يېقىنقى زامان ئىنقىلاب ئىزلىرى ۋە

① چېن يۇفېي: «شەھەر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى 2008- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 167- بەت.

ئىنقىلابىي خاتىرە خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، شەھەرنىڭ قىياپىتىنى قوغداش

بۇ شەھەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىيلىكنى تايانچ قىلىدىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت شەھەرنىڭ تۈپ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىيات بوشلۇقىدۇر. جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلىرىنىڭ ئەسلىي ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى تەبىئىي شارائىتى ئەۋزەل، ئىقتىساد ـ مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، قاتنىشى قولاي، مەنزىرىسى گۈزەل ئورۇنلارغا جايلاشقان. شەھەرنىڭ ئەتراپى ۋە ئىچىدىكى تەبىئىي جۇغراپىيەلىك مۇھىت شەھەر مەدەنىيەت مەنزىرىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ھاۋاسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ساقلاشتا مۇھىم رولغا ئىگە. شەھەرلەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشى قوغدىغاندىلا ئاندىن شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئۈزۈلمەستىن داۋاملىشالايدۇ. بۇ جەھەتتىكى كونكرېت قوغداش ئوبيېكتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: (1) شەھەرنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىم يەر شەكلى، قىياپەت، مۇھىم تارىخىي مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاغ ـ دەريا، دالا ـ دەشت ئالاھىدىلىكى؛ (2) قەدىمىي دەل-دەرەخ ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈل، ئۆسۈملۈكلەر؛ (3) مۇھىم سەيلىگاھ، مەنزىرە رايونلىرى. مەدەنىيەت مۇھىتى مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، «شەھەرنىڭ ماددىي ئامىل ئالاھىدە بوشلۇقى بىرىكمە شەكلىدىكى شەھەرنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت مۇھىتىدۇر»[①]. مەدەنىيەت مۇھىتى تارىخىي خاراكتېرلىك قوغداش رايونلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي قوغداش رايونىغا تەۋە بولمىغان قىسىملار ۋە يېڭى رايون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېت قوغداش ئوبيېكتلىرى بولسا:

① جېڭ شياۋبېن: «مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى — تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش توغرىسىدا»، («شەھەر تەرەققىيات تەتقىقاتى» 1998 ـ يىلى 6 ـ سان، 13 — 16 ـ بەتلەر).

(1) تارىخ شەكىللەندۈرگەن شەھەرنىڭ قۇرۇلمىسى، قىياپىتى، ئوق سىزىقى، يول ھەمدە دەريا - سۇ ئىنشائات تورى؛ (2) تارىخ- مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، كوچا رايونى قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، شەھەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت - سەنئىتىنى قوغداش

بۇ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە فولكلور ئادىتى ۋە مەدەنىيەت- سەنئەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شەھەر تارىخ- مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداشتا شەكىللىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى ۋە تارىخىي كوچىلارنى قوغداشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە شەكىلسىز تارىخىي مەدەنىيەتلەرنى قېزىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ جەھەتتىكى كونكرېت قوغدىلىدىغان ئوبيېكتلار: (1) شەھەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشىدە رول ئوينايدىغان مەنىۋى قىياپەت، مەسىلەن ئالاھىدە يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇلى، بايرام پائالىيىتى، تۈرلۈك مۇراسىم، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلار؛ (2) شەھەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى. مەسىلەن، ئالاھىدە تىل - يېزىق، يەرلىك دراما، خەتتاتلىق، رەسىم، مۇزىكا، ھەيكەلتىراشلىق، كىيىم - كېچەك، ئۇسسۇل، ئەنئەنىۋى قول سانائەت، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات ھەمدە مىللىي فولكلورنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر[1].

تۆتىنچى، شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى قوغداش

بۇ ئاساسلىقى تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش (سۇ، ئاتموسفېرا، ھايۋانات - ئۆسۈملۈك قاتارلىقلار)، سۈنئىي مۇھىتنى قوغداش (قۇرۇلۇش، كوچا، شەھەر، كەنت قاتارلىقلار)، ئادىمىيەت مۇھىتىنى

[1] جيا خۇگېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 15-، 16- بەتلەر.

قوغداش (ئۆرپ - ئادەت، سەنئەت قاتارلىقلار)دىن ئىبارەت.

بەشىنچى، شەھەرلەرنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش

بۇ تەبىئىي ئېكولوگىيە، ئولتۇراقلىشىش ئېكولوگىيەسى، مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئالتىنچى، شەھەر ئالاھىدىلىكىنى قوغداش

بۇ سورۇن روھى، يەرلىك ئالاھىدىلىك، كوچا قىياپىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ مەزمۇنلار ئاساسەن بىر تىلغا ئالغان مەدەنىيەت ئومۇمىيلىقىنىڭ ئاساسىي دائىرىسىدۇر. ھازىرقى دۇنيادىكى مەدەنىيەتلەرنى قوغداش ئومۇمىيلىق جەھەتتىن قوغداش، بىر پۈتۈنلۈك بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، «جانلىق ساقلاش» ۋە بىر پۈتۈن پىلانلاشقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى پارچە - پۇرات قوغداش شەكىللىرى بولسا، مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارالماقتا. مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى قوغدىغۇچىلاردىن تارىخنىڭ دەۋرىيلىكى بولۇشىنى، ئۇرۇلمىسىنىڭ موللۇقى، قىياپىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە سالاھىيىتىنىڭ ئامىۋىلىقىنى تەلەپ قىلماقتا. مەدەنىيەت تارىخنىڭ مەھسۇلى، ئۇ يەنە تارىخنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ساقلاش ئارقىلىق مەدەنىيەت قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ؛ مەدەنىيەت مول بولىدۇ، بىر خىل يىگى ياكى كۆچلۈك مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتنى قاپلىيالمايدۇ ۋە يۇتۇۋېتەلمەيدۇ؛ مەدەنىيەت ئۆزگىچە بولىدۇ، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت پەيدا بولغان ۋاقىتتىلا ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۆزۈكسىز بېيىيدۇ ۋە كېڭىيىپ بارىدۇ؛ مەدەنىيەت يەنە خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ، ھېچقانداق كىشىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاھىدە ئىمتىيازى بولمايدۇ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى تۈپ جەھەتتىن خەلقچىللىققا ئىگە بولۇشىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدەنىيەتنى قوغداش ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتنى يىغىش ياكى ئىگىلىۋېلىش ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتقا ئايلاندۇرۇشتۇر. تۈنۈگۈنكى كىشىلەر بىز ئۈچۈن مەدەنىيەت يارىتىپ، بۈگۈن بىزنىڭ ھۇزۇرلىنىشىمىزغا سۇندى؛ ئوخشاشلا بىزمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار

ئۈچۈن تېخىمۇ يېڭى مەدەنىيەتلەرنى يارىتىشىمىز لازىم[①].

تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداشتا، بىر پۈتۈن قوغداش، تەرەققىيات جەريانىدا قوغداش ۋە ئالاھىدىلىك بويىچە قوغداشتەك توپ يېتەكچى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش، قانۇن تۈزۈشنى كۈچەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شەھەر پىلانىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ۋاسىتىسىنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش تەشۋىقات-تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم[②].

## 4. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىسلار

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شەھەر ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، شەھەر قۇرۇلۇشى بىلەن ئەنئەنىۋى قىياپەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى، تارىخىي كوچىلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ «توسالغۇسى»غا ئايلىنىپ، نەچچە يۈز يىل مابەينىدە شەكىللەنگەن قەدىمىي شەھەر رايونلىرى «قايتىدىن ئۆزگەرتىلىپ»، كونا قىياپىتى يوقىتىلدى. دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، دۆلەتلىك شەھەر قۇرۇلۇشى باش ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانلار گوۋۇيۈەنگە يوللىغان «مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلىرىنى قوغداش

① چىن يۇفېي: «شەھەر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى 2008- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 150-، 153- بەت.

② جيا خۇگېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئومۇمىي ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 15 — 16- بەتلەر.

توغرىسىدىكى دوكلات» تا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەھەر كۆلىمى ھە دەپ كېڭەيمەكتە، شەھەر پىلانى ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى ياخشى قوغدالمىغانلىقتىن، بىر قىسىم قەدىمىي قۇرۇلۇش، ئىز، قەبرە، ئابىدە، ئاسارئەتىقىلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، يەنە بىر قىسىم يېڭى ئەھۋال ۋە مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر قىسىم شەھەرلەردە شەھەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە ماس كەلمەيدىغان بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلار، بولۇپمۇ چوڭ زاۋۇت ۋە ئېگىز بىنالار سېلىنىپ، شەھەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنىڭ مۇھىتى ۋە قىياپىتى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋاملىق يۈز بېرىشىگە سۈكۈت قىلىنسا، بۇ شەھەرلەر ئۇزاقتىن بۇيان بارلىققا كەلتۈرگەن قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يوقىلىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس»[①]. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر، قەدىمىي شەھەرلەرگە نىسبەتەن بىر قەدىمىي ئىزنى تەنھا قوغداشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈش تەس، شەھەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى تەرەپتىن قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گەرچە مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈزۈلمىسى كۆنسېرى مۇكەممەللىشىپ، قوغداش سالمىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە شەھەرلەرنىڭ «زامانىۋىلىشىش» قەدىمىنى تېزلىتىش جەريانىدا، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر

---

① لو جېۋېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر ۋە قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى قوغداش توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى»، جۇڭگو بىناكارلىق سانائىتى نەشرىياتى 2003- يىلى بېيجىڭ نەشرى، 237- بەت.

شـەھەرلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تېخىچە توختىماي، مەشھۇر شەھەرلەر يەنىلا «ھايات ـ ماماتلىق» مۇھىم ئۆتكىلىدە تۇرماقتا.

نۆۋەتتە تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىسلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، تونۇش كرىزىسى

يۇقىرىسى تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىدىن تارتىپ، تۆۋىنى مەشھۇر شەھەرلەردىكى ئاددىي پۇقرالارغىچە، شۇنداقلا ئېچىش سودىگەرلىرى، ساياھەتچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. كۆز ئالدىدىكى نەپ، خۇسۇسىي پايدا، ئىقتىسادىي ئۇنۇم قاتارلىقلار ئۇزاق مۇددەتلىك پايدا، ئومۇم ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۇنۇمى قاتارلىقلارنى بېسىپ كەتكەچكە، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا بولغان تونۇش جەھەتتە پەرق مەۋجۇت. يېڭىدىن قۇرۇش، قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى قايتىدىن قۇرۇشنى مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغدىغانلىق دەپ قاراپ، بۇرۇنقى تارىخىي قىياپىتىنى نامايان قىلىش ۋاستىسى قىلىۋېلىش، «يالغاننى ياساش» قا سېخىيلىق بىلەن پۇل خەجلەپ، «ھەقىقىيلىرىنى ساقلاش» قا قۇيرۇقنى ئىچىگە تىقىۋېلىش خاھىشى ئەۋج ئالماقتا.

ئىككىنچى، باشقۇرۇش كرىزىسى

قانۇن بىلەن باشقۇرۇشتا قانۇن مۇكەممەل بولماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى يېتەرلىك بولماسلىق ھادىسىلىرى ساقلانغاندىن باشقا، تايىنىدىغان قانۇن بولماسلىق، قانۇننىڭ بار بولغانلىرىنى ئىجرا قىلماسلىق، مەمۇرىيەت قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇش؛ مەمۇرىي باشقۇرۇشتا مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق ئېنىق بولماسلىق، ھەممىشە كوللېكتىپ قارار بەلگىلەش، مەسئۇل بولىدىغان كىشى بولماسلىق، كۆپ تەرەپلىمە باشقۇرۇش، تارماقلار ئوتتۇرىسىدا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش؛ ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ۋاستىسى كەمچىل بولۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش، مەنزىرە، ئاسارئەتىقە

رايونلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئېنىق بولمايۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئالاھىدىلىك كىرىزىسى

شەھەر ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، شەھەر يېڭىلاش سۈرئىتىنىڭ تېزلىتىلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەرشارىلاشقان ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مىسلىسىز جانلىنىشى، كونا شەھەرلەرگە قارىتا كونىسىنى بۇزۇپ يېڭىسىنى سېلىش، ئاددىي، قوپال ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار تارىخىي مىراسلارنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى دوراشنىلا بىلىپ، خاسلىق ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ۋە مەدەنىيەت جەلپكارلىقىنى يوقاتماقتا.

تۆتىنچى، ساياھەتچىلىكنى ئېچىش مۇۋاپىق بولماسلىق كىرىزىسى

ساياھەتچىلىك كەسپىنى ھەددىدىن زىيادە راۋاجلاندۇرۇپ، نامۇۋاپىق ئېچىش، تارىخ - مەدەنىيەت بايلىقىنى تالان - تاراج قىلىش، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە ئىشلىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش؛ كونا كوچىلاردىكى كونا، قىستاڭ ئۆيلەر كۆزگە سىغمىسا، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يېڭىلاش؛ تارىخ - مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىش شوئارىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەسلىدىن مەۋجۇت بولمىغان «سەيلىگاھ»لارنى قارىغۇلارچە قۇرۇپ چىقىش ياكى ئۆز مەيلىچە يېڭى «سەيلىگاھ»لارنى قوشۇپ، قوپاللىق بىلەن قايتا بەرپا قىلىش قاتارلىقلار①.

## ئىككىنچى، تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار

### 1. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداشقا ئائىت قانۇن - نىزاملىرى

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر

---

① جيا خۇگيەن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 12 ـــ 14- بەتلەر.

سەھەرلەرنى قوغداش توغرىسىدىكى مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇن- نىزاملىرى ئاساسلىقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» (1982- يىلى ئېلان قىلىنىپ، 2002- يىلى 10- ئايدا تۈزىتىلگەن) ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شەھەر پىلانى قانۇنى» (1989- يىلى 12- ئاينىڭ 26- كۈنى ئېلان قىلىنىپ، 1990- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان) دىن ئىبارەت. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» دا تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش توغرىسىدا پىرىنسىپال بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان بولۇپ، مۇنداق دېيىلگەن: «ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن مول ھەمدە زور تارىخىي قىممەتكە ياكى ئىنقىلابىي خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە شەھەرلەر گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر دەپ ئېلان قىلىنىدۇ» (2- باب، 14- ماددا). تارىخىي مەدەنىيەتلىك قەدىمىي شەھەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ قانۇني جاۋابكارلىقى توغرىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مۇھىتى، تارىخىي قىياپىتى قاتارلىقلار ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسا، گوۋۇيۈەن ئۇنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ؛ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر - بازار، كوچا، كەنتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مۇھىتى، تارىخىي قىياپىتى قاتارلىقلار ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر- بازار، كەنت دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ؛ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇل خادىملارغا قارىتا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ» (7- باب، 69- ماددا). «شەھەر پىلانلاش قانۇنى»نىڭ 2- باب، 4- ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «شەھەر پىلانىنى تۈزگەندە، شەھەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە ياخشىلاش، بۇلغىنىش ۋە باشقا ئومۇمىي زىيانلاردىن ساقلىنىش، شەھەرنىڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى،

شەھەر قىياپىتى مۇھىت تازىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە تەبىئىي مەنزىرىسىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار شەھەر پىلانىنى تۈزگەندە، مىللىي ئەنئەنە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم». ئۇنىڭدىن باشقا، 3- باب، 25- ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «شەھەرلەرنىڭ يېڭى رايونلىرىنى ئېچىشتا، سۇ مەنبەسى، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق شەرتلىرى ھازىرلانغان بولۇشى ھەمدە يەر ئاستى كانلىرى، يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىدىن چەتنەپ ئۆتكەن بولۇشى كېرەك.» 27- ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «شەھەرلەرنىڭ كونا رايونلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتا قوغداشنى كۈچەيتىش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىش، پەيدىنپەي ياخشىلاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، قەرەلگە بۆلۈپ يولغا قويۇش ھەمدە ئولتۇراقلىشىش ۋە قاتناش - تىرانسپورت شارائىتىنى پەيدىنپەي ياخشىلاش، ئاساسىي ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.» 2008- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان يېڭىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پىلانلاش قانۇنى» دىمۇ شەھەر-يېزىلاردىكى تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ۋە «شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش قانۇنى»نىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى ئاساسلىقى پرىنسىپال، ئاددىي كۆرسەتمىلەردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك دۆلەت قانۇنىدىن باشقا، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداشتا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيىتى بولغان باشقا قانۇنلاردىن يەنە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى 2003- يىلى ئېلان قىلىپ، 2004- يىلى 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويغان «شەھەرلەرنىڭ بىنەپشە رەڭ سىزىقىنى باشقۇرۇش چارىسى»

بار. «شەھەر بىنەپشە رەڭ سىزىقى» دۆلەتلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەردىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچا رايونى ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئېلان قىلغان تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچا رايونلىرىنىڭ قوغداش دائىرىسىدىكى پاسىل سىزىقلىرى ھەمدە تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچا رايونلىرىدىن باشقا، ناھىيەدىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى قوغداشنى ئېلان قىلغان تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ قوغداش دائىرە پاسىل سىزىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر «چارە» دە، شەھەر پىلانىنى تۈزگەندە، تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچا رايونى ۋە تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ بىنەپشە رەڭ سىزىقلىرىنى سىزىپ بەلگىلەش ۋە قوغداش، تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچىلاردىكى ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار، ھەقىقىي تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش، كوچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ۋە تۈزۈلۈشىنى ساقلاپ، ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى ياخشىلاش، مۇھىت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پرىنسىپلىرى تەلەپ قىلىنغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش ۋە تۈزەشتە چوقۇم ئەسلىدىكى تاشقى قىياپىتى ۋە ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش دائىرىسىدىكى ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىشقا تەسىر كۆرسەتمەسلىك تەلەپ قىلىنغان. «شەھەرلەرنىڭ بىنەپشە رەڭ سىزىقىنى باشقۇرۇش چارىسى» دا، تارىخىي كوچا رايونى، تارىخىي قۇرۇلۇشلارنى قوغداشقا قارىتا بىرقەدەر ئىنچىكە، كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان بولۇپ، كۈچلۈك يۈرگۈزۈلۈشچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، «جۇڭگو تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر، مەشھۇر بازار، مەشھۇر كەنتلەرنى قوغداش بەلگىلىمىسى» ھازىر جىددىي تۈزۈلۈۋاتىدۇ. بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەر يەنە مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش توغرىسىدا يەرلىك قانۇنلارنىمۇ تۈزۈپ چىقتى[1].

① جيا خۇگېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇتۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 16-، 17- بەتلەر.

2001 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر، كوچا ـ رايونلار، قۇرۇلۇشلارنى قوغداش بەلگىلىمىسى» نى تۈزدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويدى.

## 2. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ھۆججەتلەر

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىغا بولغان بۇزغۇنچىلىقى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە تارىخىي مۇھىتقا بولغان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى، تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان قىممىتى ۋە رولىغا قارىتا تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش ئىدىيەلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئۇقۇمى پەيدىنپەي زورىيىپ، بىر يۈرۈش خەلقئارالىق ھۆججەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ خەلقئارالىق ھۆججەتلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئۇقۇم، پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللار مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداش خىزمىتىدە مۇھىم ئۈرنەكلىك رول ئويناپلا قالماي، ھەتتا مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش نەزەرىيەلىرىنىڭ ئۇل ئېشىغا ئايلاندى. يۇقىرىدا دېيىلگەن مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ھۆججەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. «مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» («ۋېنىتسىيە ئەھدىنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ 1964 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئېچىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى ھەم

تېخنىكلىرى خەلقئارالىق يىغىنىدا ماقۇللانغان بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنىڭ تۈپ ئۇقۇمى، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى قوغداش توغرىسىدىكى تۇنجى ئەھدىنامە ھېسابلىنىدۇ. ئەھدىنامىدە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئۇقۇمى كېڭەيتىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «يەككە قۇرۇلۇشلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن ئالاھىدە مەدەنىيەتنى، ئەھمىيەتلىك تەرەققىياتنى تاپقىلى بولىدىغان ياكى بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىتى بولغان شەھەر ياكى يېزا مۇھىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

2. «تارىخىي رايونلارنىڭ قوغدىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى رولى توغرىسىدا تەكلىپ» («نايروبى تەكلىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 1976- يىلى 11- ئاينىڭ 26- كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى يىغىنىدا ماقۇللانغان. مۆجەتتە تارىخىي ئورۇنلارنى قوغداشنىڭ «تارىختىن ئاۋۋالقى ئىزلار، تارىخىي شەھەرلەر، كونا شەھەر رايونى، كونا كەنت ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قەدىمىي ئىزلار»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭدەك قوغدىلىدىغان تارىخىي كوچىلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە ئەمەلىي پايدىلىنىش جەھەتلەردىكى ئومۇمىي قىممىتى ۋە قوغداشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «قوغداش» نىڭ مەنىسىمۇ كېڭەيتىلىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ساقلاش، رېمونت قىلىش، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈش، تارىخنى ياكى ئەنئەنىۋى رايونلارنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

3. «تارىخىي شەھەر - بازارلارنى قوغداش ۋە شەھەر رايونى ئەھدىنامىسى» («ۋاشىنگتون ئەھدىنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇنى 1987- يىلى 10- ئايدا خەلقئارا مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى لىدىرىياتى ماقۇللىغان. مۆجەت تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنىڭ ئۇقۇمى ۋە مەزمۇنىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىپ، ھازىر ئىلىم ساھەسىدە دائىم قوللىنىلىۋاتقان تارىخىي

ئورۇن ۋە تارىخىي شەھەر ئۇقۇمى ھەمدە ئۇنى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى، قوغداش پرىنسىپى بىلەن ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

4. «دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش ئەھدىنامىسى». 1972- يىلى 11- ئاينىڭ 16- كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ 17- قېتىملىق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان. ئەھدىنامىدە مەدەنىيەت بىلەن تەبىئىي مىراسلارنىڭ ئېنىقلىمىسى، «دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈشنىڭ ئۆلچىمى ھەمدە قوغداش تەدبىرى توغرىسىدىكى تەلەپلەر بەلگىلەنگەن. مەملىكىتىمىز 1985- يىلى بۇ ئەھدىنامىگە قاتنىشىپ، 1987- يىلى سەددىچىن قاتارلىق 6 تۈرلۈك مەدەنىيەت مىراسى تۇنجى تۈركۈمدە «مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەن، 1997- يىلى يەنە پىڭياۋ، لىجياڭدىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر «دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

5. «ھەقىقىي خاراكتېردىكى نارا ھۆججىتى». 1994- يىلى 12- ئايدا دۇنيا مىراسلىرى كومىتېتىنىڭ 18- قېتىملىق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان. ھۆججەتتە ھەقىقىي خاراكتېرنىڭ «مىراسلارنىڭ قىممىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ تۈپكى سالاھىيەت ئامىلى» ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، «قوغداش» ئۇقۇمىغا: «بارلىق لايىھە ۋە مەشغۇلات، مىراسقا بولغان چۈشەنچە، ئۇنىڭ تارىخى ۋە مەنىسىنى ئېگىلەش، ئەمەلىي گەۋدىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، زۆرۈر بولغان رېمونت ۋە ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك» دەپ تەبىر بېرىلگەن[1].

---

[1] جيا خۇگېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 18-، 19- بەتلەر.

قوشۇمچە:

## «بېيجىڭ ئورتاق تونۇشى» باياناتى

### — جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە شەھەر تەرەققىياتى خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى، دۇنيا بانكىسى ۋە جۇڭگو دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى 2000- يىلى 7- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە بېيجىڭدا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە شەھەر تەرەققىياتى خەلقئارالىق يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندىن كېيىن «بېيجىڭ ئورتاق تونۇشى» باياناتىنى ئېلان قىلدى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ زامانىۋىلاشقان شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدىشىغا ياردىمى بولۇشىنى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ھەمدە دۇنيانىڭ تىنچلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى، نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ كېلىۋاتقان زەربىسىنى ئويلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە زامانىۋىلاشقان شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، شەھەر تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى بېكىتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەر ۋە يىغىن ۋەكىللىرى بىلەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولدۇق:

شەھەرلەردىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش پەقەت تارىختىكى ئۇخشىمىغان ئەنئەنە ۋە روھىي مۇۋەپپەقىيەتنىڭ توشۇغۇچىسى ۋە ئىسپاتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا يەنە پۈتۈن

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ، ھەرقايسى شەھەرلەر قىياپىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاساسىي ئامىلىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ مىڭ يىللاپ جاپالىق ئەمگىكى ۋە چەكسىز ئەقىل - پاراستىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىنى تارقىتىشتىكى بىباھا روھىي مەنبە ۋە ماددىي بايلىقنى ئىندۇرما قىلغان، ھەتتا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 21 - ئەسىردە گۈزەل يۇرت بەرپا قىلىشىدا ئىشەنچ ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ تىرەك بولالايدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ شەھەرلەردىكى تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا تۆلىگەن بەدەللىرى ۋە ئىرىشكەنلىكى پەقەت شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئۇزارتىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ يەرلىكنىڭ ساياھەتچىلىكى ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى. ئىنسانىيەت 21 - ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە بىز شەھەرلەردىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ بەكرەك تونۇپ يەتتۇق. ھالبۇكى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ تەلىپى بىلەن شەھەرلىشىش جەريانىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق بولىدۇ.

ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان 21 - ئەسىردە نۇرغۇن تارىخىي شەھەرلەردىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى زەربىگە ئۇچرايدۇ، ھەتتا ۋەيران بولۇش كىرىزىسىغا يۈزلىنىشىمۇ مۇمكىن. شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى، زامانىۋىلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى كۆنسېرى تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتىغا چاڭگال سالماقتا. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىك كوچىلارنىڭ تارىخىي رېئاللىقى يوقالماقتا.

بىرىنچىدىن، شەھەرلەردىكى تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى

مۇستەھكەم قوغداشتا، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كېلىدىغان خىرىسقا يۈزلىنىپ، چوقۇم تېگىشلىك قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇكەممەل بولغان قوغداش قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك، مەيلى خەلقئارالىق تەشكىلات ياكى ھەرقايسى دۆلەت، ھەتتا يەرلىك تارماقلار ھەممىسى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ كونكرېت قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى ئاساسىي ئالدىنقى شەرتتۇر. ئىككىنچىدىن، شەھەر قۇرۇلۇشىغا ماسلاشقان، ئەمەلىي ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدايدىغان يىرىك پىلاننى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەمدە بۇنى ھەر تۈرلۈك شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغاندا قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلمىلىرىدە شەھەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى ئۇزاق مەزگىللىك قاراش ھەمدە جاسارەت ۋە پاراسەت بولۇش، كەڭ پۇقرالار، بولۇپمۇ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئاھالىلەر شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى تولۇق تونۇپ يېتىش، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى ھەربىر پۇقرانىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. ئۇزاقتىن بۇيان ئاخبارات ۋاسىتىلىرى تارىخىي مەدەنىيەتنى قوغداشتا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى، بىز تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتنى قوغداش خىزمىتىگە قاتنىشىشىنى، تېخىمۇ قۇدرەتلىك جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئورتاق تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى شەھەرلىرىمىزدە كۆپرەك ساقلىنىپ، كېيىنكىلەرگە مەڭگۈلۈك مىراس بولۇپ قالغۇسى[1].

① «مەدەنىيەت تەتقىقاتى» توپلىمى، خەنزۇچە، 2008- يىلى 9- ئاي؛ «خەلق گېزىتى»، 2000- يىلى 7- ئاينىڭ 10- كۈندىكى سانى.

# 4. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى ئېلان قىلىش ۋە بېكىتىش ئۆلچىمى

شەھەر ــ ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق ۋاسىتىسى ۋە ئىجادىيەت بازىسى، ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان. ئاتالمىش «شەھەر» ئەڭ دەسلەپتە كىشلەرنىڭ نەرسە ئالماشتۇرۇشىدىكى ۋاقىتلىق سورۇنى بولۇپ، كېيىن ئاستا - ئاستا بۇ يەرلەردە كىشلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى نەتىجىسىدە «سودا قىلىدىغان» جايغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن بازارلار ۋاقىتلىقتىن مۇقىملىققا قاراپ راۋاجلانغان. ئاۋات بازارلار ھە دېگەندە ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ تاللىشىدىغان جايىغا ئايلىنىپ، ئۇلار بۇ يەرلەردە قوش تىكىپ ئورۇنلىشىپ، بازارنى چۆرىدەپ قۇرۇلۇش قىلغان، نەتىجىدە بازار بىلەن قەلئە بىر گەۋدىلىشىپ، مۇكەممەل شەھەر بارلىققا كەلگەن. جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ، شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى بالدۇر. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى لوڭشەن مەدەنىيىتى دەۋرىدىلا شەھەرلەر پەيدا بولغان، خېنەننىڭ ئەنياڭدىكى يىن خارابىسى يىن پايتەختىنىڭ ئىزى بولۇپ، ناھايىتى مەشھۇر؛ ئۇنىڭدىن كېيىن خۇبېينىڭ ۋۇخەن، خېنەننىڭ جېڭجۇ، لوياڭ قاتارلىق جايلىرىدىن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت كۆلىمى چوڭ بولغان پۈتۈن يۈرۈش شەھەرلەر تېپىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن مەشھۇر تارىخىي شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ شەھەرلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى شانلىق مەدەنىيەتلىرىنى مەركەزلىك نامايان قىلغان بولۇپ، تارىخ بىزگە

قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك بايلىقلاردۇر. 1982- يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» نىڭ ئىككىنچى باب، 8- ماددىسىدا: «ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالاھىدە مول، زور تارىخىي قىممەت ۋە ئىنقىلابىي ئەھمىيەتكە ئىگە شەھەرلەرنى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى گوۋۇيۈەنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر قىلىپ بېكىتىشكە يوللىسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەن 1982- يىلى 2- ئاي، 1986- يىلى 12- ئاي، 1994- يىلى 1- ئايلاردا تۈركۈمگە بۆلۈپ، 99 شەھەرنى «جۇڭگودىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر» دەپ ئېلان قىلدى. 2001- يىلى 8- ئاي، 2001- يىلى 12- ئاي، 2004- يىلى 10- ئاي، 2005- يىلى 5- ئايلاردا بۇنىڭغا بىردىن شەھەرنى قوشتى، 2007- يىلى يەنە 6 شەھەرنى قوشۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرنى 109غا يەتكۈزدى. بۇ شەھەرلەر تەيۋەن ئۆلكىسى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونىدىن باشقا 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە تارقالغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچى تۈركۈمى 24 بولۇپ: بېيجىڭ، چېڭدې، داتۇڭ، نەنجىڭ، سۇجۇۋ، ياڭجۇۋ، شاۋشىڭ، خاڭجۇۋ، چۈەنجۇۋ، جىڭدېجېن، چۈفۇ، لوياڭ، كەيفېڭ، جياڭلىڭ، چاڭشا، گۇاڭجۇۋ، گۈيلىن، چېڭدۇ، زۇنيى، كۇنمىڭ، لاسا، دالى، شىئەن، يەنئەندىن ئىبارەت؛ ئىككىنچى تۈركۈمى 38 بولۇپ: شاڭخەي، تيەنجىن، شېنياڭ، ۋۇخەن، نەنچاڭ، چۇڭچىڭ، باۋدىڭ، پىڭياۋ، كۆكخوت، جېنجياڭ، چاڭشۇ، شۇجۇۋ، خۇەيئەن، نىڭبو، ۋېنشيەن، شوۋشيەن، خاۋجۇۋ، فۇجۇۋ، تەنجۇۋ، جىنەن، ئەنياڭ، نەنياڭ، شاڭچيۇ، شياڭپەن، چاۋجۇۋ، لاڭجوڭ، يىبىڭ، زىگوڭ، جېنيۈەن، لىجياڭ، رىكازې، خەنچېڭ، يۈلىن، ۋۇۋېي، جاڭيې، دۈنخۇاڭ، يىنچۈەن، قەشقەردىن ئىبارەت؛ ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىسى 37 بولۇپ: شېنياڭ، خەندەن، چىشيەن، دەيشيەن، جىئەن، جىلىن، چۈجۇۋ، خاربىن، چاڭدىڭ، لىنخەي، چىڭداۋ، لەنجۇۋ، زوچېڭ، لياۋچېڭ، جېڭجۇۋ، لىنلىيۇ،

سۇيجوۇ، لىنشيەن، جىڭدىك، جۇڭشيالى، يۆيالى، جاڭچىڭ، فۇشەن، مىيجوۇ، لىيجوۇ، چيوڭشەن، لياۋجوۇ، لىشەن، دۇجياڭيەن، لۇجو، جيەنشۇي، ۋېيشەن، جياڭزى، شيەنيالى، خەنجۇڭ، تۇرگرىن، تيەنشۇيدىن ئىبارەت.

تولۇقلاپ كۆپەيتكەن شەھەرلەر:

شەنخەيگۇەن (2001- يىلى 8- ئاي)، فىڭخۇاڭ (2001- يىلى 11- ئاي)، خۇەيياڭ (2004- يىلى 10- ئاي)، ئەنچىڭ (2005- يىلى 5- ئاي)، تەيئەن (2007- يىلى 3- ئاي)، جىنخۇا (2007- يىلى 3- ئاي)، زىبشى (2007- يىلى 3- ئاي)، تۇرپان (2007- يىلى 4- ئاي)، تىپكەس (2007- يىلى 5- ئاي)، ۋۇشى (2007- يىلى 9- ئاي).

2002- يىلى 10- ئاينىڭ 28- كۈنى 9- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 30- قېتىملىق يىغىنى تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى»نى ماقۇللىدى، ئۇنىڭ 2- باب، 14- ماددىسىدا: «ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئالاھىدە مول ھەمدە زور تارىخىي قىممەتكە ياكى ئىنقىلابىي خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە شەھەرلەر گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر دەپ ئېلان قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ئۇقۇمىغا قارىتا قانۇنىي جەھەتتىن يەنە بىر قېتىم تەبىر بېرىلگەن.

تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بىر ئۇقۇم بولۇپ، بەلگىلىك تەرتىپلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ئېلان قىلىنىدۇ. تاللاشنىڭ ئاساسى قىلىنىدىغىنى شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، پەن - تەتقىقات، ساقلىنىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىممىتى قاتارلىقلار بولۇپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملار، جامائەت ئەربابلىرى تەتقىقات ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى

ئاساسلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نۇقتىلىق ھالدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مول ياكى ئەمەسلىكى، ياخشى ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنىڭ زور تارىخىي، ئىلمىي، سەنئەت قىممىتىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىلىدۇ؛

ئىككىنچى، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر بىلەن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ئوخشىمايدۇ. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ھازىرقى قىياپەت ھالىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تارىخىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قالغان بولۇشى ھەمدە شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلىك كۆلەمدىكى كوچا - مەھەللىلىرى بولۇشى لازىم؛

ئۈچىنچى، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى ئاساسلىقى شەھەر ئىچى ياكى شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇشى، بۇ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىش مەزكۇر شەھەرنىڭ خاراكتېرى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلۇش فاڭجېنىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇشى لازىم①.

جۇڭگو دۇنيادىكى 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي ئەل، جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلىرىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخ جۇغلانمىلىرى سىڭگەن بولۇپ، ئۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى مىللىي روھ ۋە قىياپەتنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە ئۆز قوينىدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى، شۇنداقلا بىر ياكى

---

① قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى گوۋۇيۈەنگە تاپشۇرغان «ئىككىنچى تۈركۈمدىكى دۆلەتلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش دوكلاتى»، لو جېۋېي: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر ۋە قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى قوغداش توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى»، جۇڭگو بىناكارلىق سانائىتى نەشرىياتى 2003 - يىلى بېيجىڭ نەشرى، 242 - بەت.

بىرنەچچە دەۋرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنى ساقلىغان. ھەربىر مەشھۇر شەھەرنىڭ توغرا كەسمە يۈزى مەلۇم بىر سۇلالىنىڭ، مەلۇم بىر دەۋردىكى مەركىزىي رايوننىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بەرسە، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى جۇڭگو تارىخىنىڭ كىچىكلىتىلگەن بىر كارتىنىسىدۇر. 109 مەشھۇر شەھەرنى بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرغاندا، كۆپ نۇقتا، كۆپ تەرەپ، كۆپ قاتلاملاردىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت گەۋدىسىنى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قويۇلدۇرۇلغان جەۋھىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ①.

قوشۇمچە:

## ئۆلكە دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر، تارىخىي مەدەنىيەتلىك قوغداش رايونى، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر بازار (كەنت)

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى «ئىككىنچى تۈركۈمدىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات» تا، ئۆلكە دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى ئېلان قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەملىكىتىمىز ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەل، قوغداشقا ئەرزىيدىغان قەدىمىي شەھەرلەر ناھايىتى كۆپ، ئەمما دۆلەت ئېلان قىلغان تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى مۇھىم تەسىرىنى، سانىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ مۇۋاپىق

---

① جيا خۇگېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 3 — 5- بەتلەر.

بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كونكرېت شەھەرلەرنىڭ تارىخ، ئىلىم-پەن، سەنئەت قىممىتىگە ئاساسەن ئىككى دەرىجىگە يەنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر دەپ ئايرىش تەكلىپىنى بېرىمىز»[①]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «تارىخ - مەدەنىيەت قوغداش رايونى» دېگەن ئۇقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن ياكى مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ۋە يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان كوچا، قورۇلۇش، كىچىك بازار، كەنت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قوغدىلىشى كېرەك. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ياكى شەھەر، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇ جايلارنىڭ تارىخ، ئىلىم - پەن، سەنئەت قىممىتىگە ئاساسەن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ‹تارىخ - مەدەنىيەت قوغداش رايونى› نى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئېلان قىلسا بولىدۇ. ‹تارىخ - مەدەنىيەت قوغداش رايونى› نىڭ باشقۇرۇش تەدبىرلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىغا ئاساسلىنىپ، ئومۇمىي قىياپەت ۋە ئالاھىدىلىكىنى نۇقتىلىق قوغدىسا بولىدۇ». 2002-يىلى تۈزىتىلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 2- باب، 14- ماددىسىدا: «ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن مول ھەمدە زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان ياكى ئىنقىلابىي خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە شەھەر - بازار، كوچا، كەنتلەرنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن

---

① لو جېۋېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر ۋە قەدىمكى قورۇلۇشلارنى قوغداش توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى»، جۇڭگو بىناكارلىق سانائىتى نەشرىياتى 2003- يىلى بېيجىڭ نەشرى، 242- بەت.

كېيىن، تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچا، كەنت دەپ ئېلان قىلىپ، گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ» دېيىلگەن. 2003- يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسى «جۇڭگو تارىخىي مەدەنىيەتلىك بازار (كەنت) لەرنى باھالاش چارىسى» نى بېكىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىنتايىن مول ھەمدە زور تارىخىي قىممەتكە ياكى ئىنقىلابىي خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە، بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىر قىسىم بازار (كەنت) لەرنى تاللاپ، قەرەلگە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ، جۇڭگو تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر بازىرى، جۇڭگودىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر كەنت دەپ ئېلان قىلىدى. ھازىرغا قەدەر 157 تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر بازار (كەنت) ئېلان قىلىندى[1].

## 5. تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە ساياھەتچىلىك

ئىقتىساد گۈللەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، ساياھەتچىلىك كۆپچىلىك ئامىنىڭ تاللىشىغا ئايلانماقتا. ساياھەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ھازىرقى ساياھەتچىلىك ئىلمى خادىملىرى ئۇنىڭغا ئېستېتىك نۇقتىدىن چۈشەنچە بېرىدۇ. شې يەنجۈن: «ساياھەت ماھىيەت جەھەتتىن بىر خىل پىسخىك خۇشاللىققا ئېرىشىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ئېستېتىك جەريان ۋە ئۆزىنى خۇشال قىلىش جەريانى بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي پائالىيەتلىرىدىن بىرى»[2] دەپ قارايدۇ. ۋاڭ كېپىڭ: «سەيلە - ساياھەت بىر تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال ئېستېتىك ئەمەلىي

---

[1] جيا خۇگيەن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق» - خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 6- بەت.

[2] شې يەنجۈن: «ساياھەتچىلىك ئاساسلىرى»، جۇڭگو ساياھەتچىلىك نەشرىياتى 1999- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 35- بەت.

پائالىيەت»[1] دەپ قارايدۇ. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر تاغ - دەريا، مەدەنىيەت يادىكارلىق، قۇرۇلۇش، باغ - ئورمان، رەسىم، خەتتاتلىق، ھەيكەلتىراشلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، كىيىم-كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆرپ - ئادەت، ئەپسانە - رىۋايەت، ئەدەبىيات قاتارلىق ئىلمىي مەدەنىيەتلەرنى بىرىكتۈرۈپ، تەبىئەت گۈزەللىكى، جەمئىيەت گۈزەللىكى، سەنئەت گۈزەللىكى، پەن - تېخنىكا گۈزەللىكىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئېستېتىكىغا تاقىلىدىغان بارلىق ساھەلەر ۋە ھالەتلەر ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت ئېستېتىكىسىنى قاندۇرۇش جەھەتتە زور ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولىدۇ. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر بىلەن ساياھەتچىلىك تەبىئىي مۇناسىۋەتكە ئىگە. 1982- يىلى جۇڭگو تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەتلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا، گوۋۇيۈەن دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەستىقلاپ تارقاتقان مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش توغرىسىدىكى «كۆرسەتمە ئۇقتۇرۇش» تا ئېنىق قىلىپ: «بۇ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى ئېلان قىلىشتىكى مۇددىئالارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا مەملىكىتىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى بىر مەزگىللىك ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ھەقىقىي تۈردە مۇقىم تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە كىرگەنىدى. 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر قوشۇنى بارغانسېرى زورىيىپ،

[1] ۋاڭ كېپىڭ: «ساياھەت ئېستېتىكىسىدىن مۇھىم بايانلار»، ساياھەت- مائارىپ نەشرىياتى 1997- يىلى نەشرى، 20- بەت.

باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى؛ ساياھەتچىلىك كەسپى تېخىمۇ تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، جۇڭگو دۇنيادىكى چوڭ ساياھەت دۆلەتلىرى قاتارىغا كىرىپ، دۇنيادىكى كۈچلۈك ساياھەت دۆلىتى بولۇشقا قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ساياھەت-چىلىكنىڭ تەرەققىياتى تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنى قوغداش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى، تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرمۇ ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم روللارنى ئوينىدى. 2006-يىلىغىچە دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسى جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرىدىن 302 نى تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 88ى دۆلەتلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرىنىڭ 29.1 پىرسەنتىنى، مەملىكەتلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ 80.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دۆلەتلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ نۇرغۇنى ياخشى ساياھەت شەھىرى بولۇشتەك ئىقتىدارنى ھازىرلىغان بولۇپ، كۆپ ساندىكىسى يەنە جۇڭگو ساياھەتچىلىكىنىڭ قىزىق نۇقتا شەھەرلىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، شاڭخەي، بېيجىڭ، چېڭدې، چۇڭچىڭ، خاڭجۇ، نەنجىڭ، گۇاڭجۇ، چېڭدۇ، شىئەن، سۇجۇ، گۈيلىن، كۇنمىڭ، دالى، لىجياڭ، فۇجۇ، لوياڭ، چۈفۇ، دۇنخۇاڭ، لاسا قاتارلىقلار. شەھەر ساياھەتچىلىكىدە نامى چىققان بۇ شەھەرلەر جۇڭگونىڭ كوزۇر ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. نۇرغۇن مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتى ساياھەتچىلىكىنى تەڭ يولغا قويۇپ، ھەم ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان، ھەم ساياھەتچىلەرنى سىرتقا چىقىرىدىغان جايغا ئايلىنىپ، شەھەر ساياھەتچىلىك كىرىمى ئومۇمىي ساياھەتچىلىك كىرىمىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ساياھەتچىلىك كەسپى گۈيلىن، چۈفۇ، دۇنخۇاڭ، فېڭخۇاڭ قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تايانچ كەسپىگە ئايلاندى. مەشھۇر شەھەرلەر ئاللىقاچان ساياھەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلىنىپ، جۇڭگو ساياھەت كەسپىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ، ساياھەت نىشانى

يىغىلىش ۋە تارقاقلاشتۇرۇش تورنى ۋە ساياھەت مەركىزىلىك ئىقتىدارنى ھازىرلاپ، جۇڭگونىڭ ساياھەت تورى سىستېمىسىدا ئالاھىدە ئورۇن ۋە قىممەتكە ئىگە بولدى.

ئەلۋەتتە، مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدىمۇ ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ساياھەتچىلىكنى ھەددىدىن زىيادە ئېچىش خاھىشى ساياھەت بايلىقى ۋە مۇھىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى

ساياھەتچىلىك قىزىق نۇقتا رايونلىرىدا، ساياھەتچىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە توپلىنىشى سەۋەبىدىن، ئاساسلىق سەيلىگاھ رايونلىرىدا قىستاڭچىلىق يۈز بېرىپ، ئادەم پېتىشمايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ خىل ھەددىدىن زىيادە پايدىلىنىش ۋە ئېچىش ساياھەت بايلىقى ۋە مۇھىتقا نىسبەتەن غايەت زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىپ، بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئادەملەرنىڭ قىستاش، دەسسەش، سىلاش، يامىشىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ساياھەتچىلەرنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن، ساياھەت رايونلىرىدا تۇرمۇش پاسكىنا سۇلىرى، ماشىنىلاردىن چىققان گاز، شاۋقۇن-سۈرەنلەرمۇ ئۈزۈلكسىز ئاشتى؛ بەزى ساياھەت رايونلىرىنىڭ ئەسلىدىنلا ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولمىغانلىقى ھەمدە ساياھەتچىلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولماسلىق سەۋەبىدىن، زور مىقداردىكى ئەخلەتلەر خالىغان يەردە چېچىلىپ يېتىش، دۆۋىلىنىپ تۇرۇش تۈپەيلى كېلىپ چىققان تازىلىق ئەھۋالى كىشىنى قايغۇغا سېلىپ، بۇ ساياھەت مەنزىرىگاھلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى سەيلىگاھلارنىڭ تۇپراق ۋە يەر ئۈستى سۈيىگە نىسبەتەن بۇلغىنىش پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا كۆپلىگەن تەبىئىي ۋە ئادىمىيەت سەيلىگاھلىرى چىرىپ، ساياھەت بايلىقىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىپ، ساياھەت ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ، ساياھەت مۇھىتى ۋە سەيلىگاھلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بېيجىڭدىكى

گۈگـۈلـ باشـتىن ـ ئـاخىر ھەددىـدىن زىيـادە پايـدىلىنىش ھالىتـدە بولـۇپ، يىللىق كۆتۈۋالغان ساياھەتچىلەر سـانى 15 مىليونـدىن ئېشىپ، كۈندىلىك ساياھەتچى سانى ئادەتتە 40 مىڭغا، ئەڭ كۆپ بولغانـدا 100 مىـڭ كىـشىگە يېتىـپ، سـارايدىكى نۇرغۇنلىغـان قىممەتلىـك بۇيـۇملار ئوخشىمىغان دەرىجىدە چىرىش، بۇلغىنىشقا ئۇچرىغان.

ئىككىنچى، ساياھەت ئەسـلىھە قۇرۇلۇشـى مەشـھۇر شـەھەرلەرنىڭ قىياپىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى

ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى يول قاتنىشى، مېھمانخانا قاتارلىق بىر قاتار يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەرگە ئېھتىياجلىق بولـۇپ، ئۇنى ياسـاش جەريانـىدا ھەمـىشە ئىقتىـسادىي مەنـپەئەت قوغلىـشىپ مەدەنـىيەت يادىكارلىق ئاتموسفېراسى ۋە شەھەرلەرنىڭ قەدىمىيلىك قىياپىتىگە سەل قارالدى. نۇرغۇنلىغـان زامانىۋى قۇرۇلۇشـلار سـاياھەت نـۇقتىلىرى يـاكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى بىـلەن مۇرىـدەپ ئورۇنلىـشىپ، بـۇ يېڭـى قۇرۇلۇشلارنىڭ گەۋدىسى، رەڭ، ئۇسلۇبلىرى قەدىمىي قۇرۇلۇشلار بىـلەن ماسلاشـماي، پۈتكـۈل سـاياھەت مۇھىتىنىـڭ كەيپىيـاتى بۇزغۇنچىلىققـا ئۇچراپ، بۇ خىل ساياھەت بايلىقىغا ۋاستىلىك بۇزغۇنچىلىـق كەلتۈرۈپ چىقارغـان ئـاقىۋەتلەر بىۋاسـىتە بۇزغـۇنچىلىقتىن كەم بولمـىدى. بەزى شەھەرلەر زامـانىۋى شـەھەرلەردىكى يۇقىرى سۈرئەت، قولايلىـق بولغـان موتورلۇق قاتناش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، تـارىخىي مەدەنىيەتـ ـلىك مەشـھۇر شـەھەرلەرنىڭ ئەسـلىدىكى ئورۇنلاشـتۇرۇلۇش قىيـاپىتىنى ئۆزگەرتىـۋەتتى، ھەتتـا مەدەنىـيەت يادىكـارلىقلىرىنى قـاراملىق بىـلەن چېقىۋەتتى ياكى يۆتكىۋەتتى.

ئـۈچىنچى، ئەنئەنـىۋى مەدەنىيەتنىـڭ تاۋارلىشىـشى ۋە ئويـۇن ـ تاماشالاشتۇرۇلۇشى كېلىپ چىقتى

ئـادەتتە سـاياھەتچىلەرنىڭ قوغلىـشىدىغىنى سـەزگۈ ئەزالارنىـڭ ھوزۇرلىنىشى، مۇۋاپىق پىكىر قىلىش ۋە رىغبەتلىنىش بولـۇپ، ھەرگىزمۇ تارىخىي، مىللىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ئويلىنىش ئەمەس. ساياھەتچىلىك كەسپىنى بازار ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇش، ئويۇن ـ تاماشالاشتۇرۇش ۋە ھوزۇرلىنىشنى بەكـرەك تەكىتلەش، ھەرقايـسى مەشـھۇر شـەھەرلەرنىڭ

ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى تاشقى، يۈزەكى نەرسىلەردىن كۆپرەك پايدىلىنىپ، شەكلەن تاۋارلىشىش، ئويۇن - تاماشالىشىشنى ئىپادىلەپ، مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا سەل قاراش نەتىجىسىدە مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ يۈزەكى ۋە چاكىنا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قايتا رېمونت قىلىش، قايتا قۇرۇش جەريانىدىكى يوشۇرۇن بۇزغۇنچىلىق

ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن جايلار سۇنۇپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياكى ئاللىقاچان ئىزى ئۆچكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىدۇ، قايتىدىن قۇرىدۇ. ئەمما، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قايتا رېمونت قىلغان ۋاقىتتا، ئەسلىي قىياپىتى ۋە مەدەنىيەت ئامىلىنى ساقلاپ قالماي، يوشۇرۇن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. بۇ خىل يوشۇرۇن بۇزغۇنچىلىق خاھىشى ھە دېگەندە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەتمەيدۇ. بەزىلەرنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى چېقىشتىن باش تارتماي، «يالغان يادىكارلىق» ياساش قىلمىشى تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرگە غايەت زور جاراھەت ئېلىپ كەلمەي قالمايدۇ.

بۇنداق ھەر خىل ئەھۋاللار بىزنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ساياھەتچىلىكنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەشھۇر شەھەرلەرگە قەدەم قويغان ھەربىر ساياھەتچىدىن تولۇق بىلىم تەييارلىقى ۋە ھېسسىيات تەييارلىقى بولۇشنى تەلەپ قىلىش بىلەن، ئۇلارنى مەشھۇر شەھەرلەرنى ھەقىقىي مەنىدىن چۈشىنىدىغان، قىزغىن سۆيىدىغان ۋە ئاسرايدىغانلاردىن بولۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر تەبىئەتنىڭ «چېۋەر قولى» ۋە نەچچە مىڭ يىللىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئورتاق ياراتقان گۈزەل نامايەندە. بىز مەشھۇر شەھەرلەرگە چوقۇم مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ۋە قەدىرلەيدىغان قەلب بىلەن قەدەم بېسىشىمىز، ئۇنى ھەقىقىي

نۇقتىدىن چۈشىنىشىمىز لازىم[1].

ھالبۇكى، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرچاغدا تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئىزچىل، مۇكەممەل ساقلىنىشىغا ئازدۇر - كۆپتۇر تەھدىت ئېلىپ كېلىپ، بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينايدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى. ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداش - باشقۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مانا بۇ خىل خېلى كۆپ ساندىكى كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، خېلى بۇرۇنلا بۇ ھەقتە بەس - مۇنازىرە باشلانغانىدى.

بەزى ئۆلىمالار تارىخىي مەدەنىيەتنى قوغداش بىلەن ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئېچىش ئوتتۇرىسىدىكى «بىللە مەۋجۇت بولۇش»نى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «بىللە مەۋجۇت بولۇش» ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ياپونىيەلىك ئالىم خېيچۇەن جىنجاڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىللە مەۋجۇت بولۇش ئىدىيەسى» دىن كەلگەن بولۇپ، زىددىيەت ۋە قارىمۇقارشىلىقنى ئېتىراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ۋە قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق نۇقتىنى تەشەببۇس قىلىپ، قىسمەن قارىمۇقارشىلىقنى تېخىمۇ چوڭ بوشلۇقتىكى ئورتاقلىققا ئايلاندۇرۇپ، زىددىيەت ئىچىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقى ۋە ھەممەيلەن نەپ ئېلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئورتاق ھالدا بىر پۈتۈن ۋە ئىناق گەۋدىنى قۇرۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىرقانچە پرىنسىپال مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈش زۆرۈر:

---

① جيا خۇگيەن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 21-، 23- بەتلەر.

## 1. قوغداش بىلەن ئېچىشنىڭ مۇناسىۋىتى

ساياھەت يېرىنىڭ پىلانىنى يولغا قويۇشتا، چوقۇم ئەسلىدە بار بولغان ئاساس ئۈستىگە ئىش قوشۇش ۋە ياخشىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرنى پىلانلاشتىكى ئەڭ گەۋدىلىك زىددىيەت قۇرۇش بىلەن قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگىمۇ، كۆز ئالدىدىكى پايدا ۋە يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتكىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇ زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشتا، ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى ۋە شەھەر پىلانلاش تارماقلىرى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە، شۇنداقلا شەھەر پىلانلىغۇچىلار ئالدىدىكى ئېغىر سىناق. لوياڭنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتى مەنبەسى ئاساسلىقى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر. مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن ۋاڭ دىڭگو، لو جېۋېن قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە: «ھازىرقى ساياھەت پائالىيەتلىرىدە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شەكسىز باش قەھرىمان بولىدۇ»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا نىسبەتەن: «بىرىنچىدىن، قوغداش؛ ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىش كېرەك.» ئېچىش بىلەن قوغداش ئوتتۇرىسىدا دىيالېكتىكىلىق بىرلىك بولۇپ، ئاكتىپ تەرەپتىن تەپەككۇر قىلغاندا، ئېچىش ئېخىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن، قوغداش ئېخىمۇ يۇقىرى قىممەتتە ئېچىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ھازىر بار ئېخىنىكا ۋە شارائىت ئاستىدا، قايسى مەنبەنى ئېچىشقا بولىدىغانلىقى، قايسى مەنبەلەرگە ئالدىراپ چېقىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۈلگە قىلىش كېرەك.

چوقۇم چوڭ بۇزماي تۈزۈپ، چوڭ قۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇپ، ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ئىناقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. 1999 - يىلى بېيجىڭ خەلقئارالىق قۇرۇلۇش كېڭەشنىڭ 20 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «بېيجىڭ نىزامنامىسى» دا مۇنداق كۆرسىتىلدى:

نۇقتىدىن چۈشىنىشىمىز لازىم[1].

ھالبۇكى، سایاھەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرچاغدا تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئىزچىل، مۇكەممەل ساقلىنىشىغا ئازدۇر - كۆپتۇر تەھدىت ئېلىپ كېلىپ، بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينايدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى. سایاھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداش - باشقۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مانا بۇ خىل خېلى كۆپ ساندىكى كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، خېلى بۇرۇنلا بۇ ھەقتە بەس - مۇنازىرە باشلانغانىدى.

بەزى ئۆلىمالار تارىخىي مەدەنىيەتنى قوغداش بىلەن سایاھەتچىلىك كەسپىنى ئېچىش ئوتتۇرىسىدىكى «بىللە مەۋجۇت بولۇش»نى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «بىللە مەۋجۇت بولۇش» ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ياپونىيەلىك ئالىم خېيچۇەن جىجاڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىللە مەۋجۇت بولۇش ئىدىيەسى» دىن كەلگەن بولۇپ، زىددىيەت ۋە قارىمۇ-قارشىلىقنى ئېتىراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ۋە قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق نۇقتىنى تەشەببۇس قىلىپ، قىسمەن قارىمۇقارشىلىقنى تېخىمۇ چوڭ بوشلۇقتىكى ئورتاقلىققا ئايلاندۇرۇپ، زىددىيەت ئىچىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقى ۋە ھەممەيلەن نەپ ئېلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئورتاق ھالدا بىر پۈتۈن ۋە ئىناق گەۋدىنى قۇرۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىرقانچە پرىنسىپال مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈش زۆرۈر:

---

[1] جيا خۇگېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى، 21-، 23- بەتلەر.

## 1. قوغداش بىلەن ئېچىشنىڭ مۇناسىۋىتى

ساياھەت يېرىنىڭ پىلانىنى يولغا قويۇشتا، چوقۇم ئەسلىدە بار بولغان ئاساس ئۈستىگە ئىش قوشۇش ۋە ياخشىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرنى پىلانلاشتىكى ئەڭ گەۋدىلىك زىددىيەت قۇرۇش بىلەن قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگىمۇ، كۆز ئالدىدىكى پايدا ۋە يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتكىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇ زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشتا، ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى ۋە شەھەر پىلانلاش تارماقلىرى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە، شۇنداقلا شەھەر پىلانلىغۇچىلار ئالدىدىكى ئېغىر سىناق. لوياڭنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتى مەنبەسى ئاساسلىق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىلەردىن ۋاڭ دىڭگو، لو جېۋېن قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە: «ھازىرقى ساياھەت پائالىيەتلىرىدە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شەكسىز باش قەھرىمان بولىدۇ»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا نىسبەتەن: «بىرىنچىدىن، قوغداش؛ ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىش كېرەك.» ئېچىش بىلەن قوغداش ئوتتۇرىسىدا دىيالېكتىكىلىق بىرلىك بولۇپ، ئاكتىپ تەرەپتىن تەپەككۇر قىلغاندا، ئېچىش تېخىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن، قوغداش تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتتە ئېچىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ھازىر بار تېخنىكا ۋە شارائىت ئاستىدا، قايسى مەنبەنى ئېچىشقا بولىدىغانلىقى، قايسى مەنبەلەرگە ئالدىراپ چېقىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆلگە قىلىش كېرەك.

چوقۇم چوڭ بۇزماي تۇرۇپ، چوڭ قۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇپ، ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ئىناقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. 1999 - يىلى بېيجىڭ خەلقئارالىق قۇرۇلۇش كېڭەشمىنىڭ 20 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «بېيجىڭ نىزامنامىسى» دا مۇنداق كۆرسىتىلدى:

«20- ئەسىر ئىنسانىيەت ئەزەلدىن بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان ئۇلۇ
ۋە ئالغا باسقان دەۋر بولدى ھەممە يەنە تارىختا كۆرۈلمىگەن
ئېغىرچىلىقلار يۈز بەرگەن ۋە ئەنسىز (گاڭگىراپ قالغان) دەۋ
بولدى...... يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە يەرلىك
ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئاستا - ئاستا ئاجىزلىشىشى، يوقىلىشى، بىناكارلىق
مەدەنىيىتى ۋە شەھەر مەدەنىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئورتاق ئەھۋال ۋ
ئالاھىدە كىرىزىستۇر.» بىر مەزگىل قەدىمكىگە تەقلىد قىلىپ قۇرۇلۇش
قىلىدىغان ساختا ئەسەبىي قىزغىنلىق كۆتۈرۈلدى، كېيىن نۇرغۇن
يەرلىك ئورۇنلار سالغان ساراي - ئايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى مەغلۇبىيەت
بىلەن تاماملانغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭغا خەلقنىڭ نارازىلىقى كۆپ
ئۇنىڭ ئۈستىگە ساياھەتچىلەر قەدىمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان تەقلىد
قىلىنغان ئوخشاش قەدىمكى قۇرۇلۇشلار توپىغا ئانچە قىزىقىپ
كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا، سۈنئىي مەنزىرە - شەكىللەر ئاقىلانىلىك بىلەن
ئېچىش سادالىرى ئىچىدە يوقاپ كەتتى. ئارزۇ بىلەن رېئاللىق
ئوتتۇرىسىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئارىلىق مەۋجۇت. لوياڭنىڭ
ئالاھىدىلىكى قەدىمكى پايتەخت بولغانلىقىدا، بىراق ئاستانە بەربىر
ئابستراكت، ئومۇمىي ئۇقۇم، تارىختا مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، يەر ئۈستىدە يادىكارلىقلار ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.
ئەنئەنىۋى مەنزىرە نۇقتىلىرى قەدىمكى پايتەختنىڭ سەلتەنەتىنى تولۇق
نامايان قىلالمايدۇ. ئەڭ ئەھمىيەتلىك ساياھەت مەنبەسىنى تاللاشتا
تارىخنىڭ تەرەققىيات تومۇرىنى نامايان قىلىش ئاچقۇچلۇق مەسىلە
بىزنىڭ بارلىق قەدىمىي ئىمارەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن
ئەمەس. بىراق، ئۇقۇم ئالاھىدىلىكى بويىچە، ئۇنىڭغا يەنە ماددىي
نەرسىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى قوشۇپ قايتىدىن ئىشلەپ، مەدەنىيەت
تومۇرىنى ئۇلىساق بولىدۇ. ئەمما، شەھەر ئىمارەتلىرىنىڭ ئەمەلىي
گەۋدىسى ساقلىنىپ قېلىشى كېرەك. سىرتقى بوشلۇق، مۇھىتمۇ شۇنىڭغا
مۇناسىپ كەلگەن ئاساستا شەھەرنىڭ ۋاقىت بەلگىسى بولۇپ، تارىخىي
مەدەنىيەتلىك قەدىمىي شەھەرنىڭ قىياپىتى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى كېرەك. تارىخنىڭ چىنلىقى ۋە ئىلمىيلىكىنى

ئاشۇرغاندا، پۈتكۈل شەھەر قويۇق مەدەنىيەت كەيپىياتىغا چۆمگەن بولىدۇ. شەھەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى پىلانلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. لوياڭنىڭ ئالاھىدىلىكى قەدىمىي پايتەخت بولغانلىقى، بۇ يەرنى ساياھەت قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىمۇ قەدىمىي پايتەختنىڭ سېھرىي كۈچى. شۇڭا، شەھەر قىياپىتىنى پىلانلىغاندىمۇ بۇ خىل سېھرىي كۈچنى ھەقىقىي نامايان قىلىپ بېرىش كېرەك. بۇ دەل بىناكار ۋۇلياڭيوڭ تەشەببۇس قىلغان «ئابستراكت ۋارىسلىق قىلىش» بىلەن «ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر» دىن ئىبارەت.

## 2. چوڭ ساياھەتچىلىكنى ئېچىش پىرىنسىپىنى تۇرغۇزۇش

### 1. تەسەۋۋۇر بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلىكتۈرۈش كېرەك

ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى يېڭىلىغىلى بولمايدىغان بايلىقنىڭ خورىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پىلانلانغاندىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇ خىل ئەمەلىيەت ئالدىن يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن، ئۇزاق مۇددەتلىك نىشاننى تىكلەشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمكانىيەتلىك پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا غايىچىلىك بىلەن رېئالىزم بىر گەۋدىلەشكەن روھ بولۇشى كېرەك. تارىخىي مەدەنىيەتلىك قەدىمىي شەھەر ئەسلىدىنلا تاغ - دەريالىرى بىلەن داڭلىق شەھەرلەرگە ئوخشىمايدۇ، تارىخ بىلەن مەدەنىيەت ئۇنىڭ ئاساسلىق جەۋھىرى. بىلىم بۇلىقى ھېسابلانغان تارىخىي مەدەنىيەت مەنبەسى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى. بىز پىلانلاش بىلەن بىرگە چوقۇم ئىستراتېگىيەلىك كۆزقاراش ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالساق بولمايدۇ، شۇنداقلا يەنە ئاددىيغىنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا نامايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق تېخىمۇ بولمايدۇ، بەلكى تارىخىي ئەمەلىيەت ئاساسىدا بەدىئىي جەھەتتىن قايتا ئىش قوشۇپ، تارىخىي مەدەنىيەت مەنبەسىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئېچىپ پايدىلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بايلىق مەنبەسىنىڭ خورىشىمۇ تېزلىشىدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتىكى ئېھتىياج بىلەنلا

چەكلىنىدىغان ياكى قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان قارىغۇلارچە بۇزۇش خاراكتېرلىك ئېچىشنى قەتئىي چەكلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا «دادىللىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىسپات ئېلىش» روھى ئىنتايىن زۆرۈر.

لوياڭ مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك قەدىمىي شەھەر. ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتى بىلەن مەدەنىيەت قىممىتىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بارلىق ھاكىمىيەتلەرنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان» بۈيۈك قىياپىتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. پۇقرالارنىڭ مائارىپ ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ساياھەت قىلىش قىزغىنلىقى مەنزىرىلىك جايلاردىن بىلىم خاراكتېرلىك جايلارغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. لوياڭنىڭ قەدىمىي پايتەختتىن ئىبارەت تارىخىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىپ، ساياھەتچىلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت كەچۈرمىشلىرىدىن بەھرىلەندۈرۈش ئۈچۈن، يىراقنى كۆزلىگەن ئاساستا پىلانلاش روھى بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا يەنە لوياڭنى خەلقئارالىق قەدىمىي پايتەخت مەدەنىيەت ساياھەت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقىمۇ بولىدۇ.

2. تارماقلار ئارا ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ئېچىش كېرەك

بىرىنچىدىن، ئۇرغۇنلىغان تارماقلار ساياھەتچىلىك كەسپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، باغ، ئورمان، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەدەنىيەت، قاتناش، شەھەر پىلانلاش قاتارلىق تارماقلار. ساياھەتچىلەرنىڭ پائالىيىتى مەنزىرە ئوقتىلىرىدىن سىرت يەنە تۇرمۇش، سودا - سېتىق، ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرگىمۇ چېتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، رايونلار ئارا بايلىق مەنبەسىنى بىرلىكتە ئېچىش. مەسىلەن، لوياڭ شەھىرى شىئەن، جېڭجۇ شەھەرلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتسە بولىدۇ. بۇ ئۈچ شەھەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ساياھەت بەلبېغىغا جايلاشقان مەركەزلىك رايون بولغاچقا، شۇنداقلا يەنە قويۇق تارىخىي مەدەنىيەت كەيپىياتىغا چۆمگەن شەھەر بولغاچقا، قاتناش، تەرەققىيات قاتارلىق

جەھەتلەردە نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە؛ ئۈچىنچىدىن، مول ساياھەت مەنبەسى ئارا مەدەنىيەت مەنبەسى كۆپ ھاللاردا فىلولوگىيە، تەبىئەت، كەسىپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. گۈزەل شەھەر مۇھىتى تەبىئىي ھالدا تەبىئىي مۇھىت بىلەن تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئۇستىلىق بىلەن بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى، قاتنىشىشى ئىنتايىن زۆرۈر. شەھەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە قۇرۇلۇشلىرىغا ساياھەتچىلىك ئۇقۇمى سىڭگەن بولۇشى كېرەك. ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى شەھەر قۇرۇلۇشى بىلەن ماسلاشقان بولىدۇ. پىلانلاش داۋامىدا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىشلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، شەھەرنى ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى مۇجەسسەملەنگەن ئورۇن قىلىپ چىقىش كېرەك. شۇنىڭدا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ماسلاشتۇرۇپ، چوڭ ساياھەتچىلىكنىڭ چىقىش يولىنى تاپقان بولىمىز[1].

---

① جاۋ شيا، جاڭ يەنخۇڭ: «لوياڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھىرى ۋە ساياھەتچىلىكنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش» («شەھەر تەرەققىيات تەتقىقاتى»، 2000- يىلى 5- سان، 48 - ، 49- بەتلەر).

# ئىككىنچى باب

# قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

## 1. تارىختىكى قەشقەر

### 1. قەشقەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، قەشقەر دەرياسى (قىزىل دەرياسى باشلىنىش مەنبەسىدىن قەشقەرگىچە قىزىلسۇ دەرياسى، ئاياغ قىسمى قەشقەر دەرياسى دەپ ئاتالغان. ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇنىڭ «شىمالىي پامىر دەرياسى» دەپمۇ ئاتالغانلىقى خاتىرىلەنگەن) ۋادىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75°56′ — 76°04′ بىلەن شىمالىي كەڭلىك 59°25′ — 59°35′ قا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1285 مېتىر. ئومۇمىي يەر تۈزۈلۈشىدىن ئالغاندا، شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس، غەربىي تەرىپى تاغلىق، شەرقىي تەرىپى تۈزلەڭلىك. دەريالىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆز ئېقىنىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ، قەشقەرنىڭ يەر شەكلىدە مۇرەككەپ شەكىل، ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئىككى دەريا شەھەر ئىچىگە ئېقىپ كىرگەندە سۇ بۆلۈنىدۇ. شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 59 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، كۆچمە مۇز - قار ئېرىمىسىدىن باشلىنىدۇ ۋە ھۆل-يېغىن، بۇلاق سۇلىرىنىڭ توپلىنىشى بىلەن كۆپىيىدۇ. سۈيى لاي، دەريا قاشلىرى لاتقىلىق ھەم پەلەمپەيسىمان، ئەگرى - بۈگرى، شىمالىي

تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس. تۈمەن دەرياسى تېپىك بۇلاق سۈيى ئېقىنى بولۇپ، غەربتىن شەرققە ئېقىپ، شەھەر مەركىزى رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 126 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. دەريا قاشلىرى پەلەمپەيسىمان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى جەنۇبىي تەرىپىدىن پەسرەك. شەھەرنىڭ مەركىزى تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبى، قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمالىي تەرەپتىن شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە ساقىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىسى ئېگىزرەك، جەنۇب - شىمال تەرىپى پەسرەك.

قەشقەر شەھىرى ئىسسىق بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا ياتىدۇ. تۆت پەسلى ئېنىق، ياز ئۇزاق، قىش قىسقا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃؛ 1- ئاي ئەڭ سوغۇق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5℃-، ئەڭ ئىسسىق چاغ 7- ئاي بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.9℃، قىشتىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 24.4℃-، يازدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.1℃. يىللىق قىروۋسىز مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 215 كۈن، يىللىق ئومۇمىي كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2822 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 62.7 مىللىمېتىر، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 26.33 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. كۆپ ھاللاردا غەربىي شىمال قىيپاش شامىلى چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە چاڭ - توزان ۋاقتى 10.2 كۈن بولىدۇ[1].

قەشقەر دەريا ۋادىلىرىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسى بۇ ۋادىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ياپيېشىل ئورمانلىقلارنى، كەڭ كەتكەن ئوتلاق، تېرىلغۇ يەر بەلباغلىرىنى بەرپا قىلغان. نۇرغۇنلىغان باغلار ئەھيا قىلىنىپ، دۇنياغا داڭلىق بولغان مېۋە

[1] «قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، قەشقەر شەھەرلىك يەر - جاي ناملىرى كومىتېتى، 1984- يىلى 10- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـــ 5- بەتلەر؛ مەمەتئىمىن غوپۇر: «قەدىمكى شەھەر، مەشھۇر سەيلىگاھ ـــ قەشقەر»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيەسى»، 1998- يىلى 1- سان، ئۇيغۇرچە، 75 ـــ 76- بەتلەر.

سورتلىرى يېتىشتۈرۈلگەن. قەشقەردە تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە، جىگدە، ئاكاتسىيە، چىنار، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىق دەرەخلەر، شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈزۈم، ئامۇت، توغاچ، بېھى، ئالما، بادام، ئەنجۈر، ئانار، گىلاس قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، شال، قىچا، زىغىر، كۈنجۈت، ئارپىبەدىيان، بېدە، زىرە قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە ھەر خىل كۆكتاتلار تېرىلىدۇ. چۈچۈكبۇيا قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى چىقىدۇ. كۆندۈرۈلگەن نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار بېقىلىدۇ.

قەشقەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر بولۇپ، تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان. قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن سودا ـ تىجارەتلىرى بىلەن نام چىقارغان، خەلقى زىچ، كوچا ـ رەستىلىرى ئاۋات ئىدى. شۇڭا، تارىختا «ئەزىزانە قەشقەر» دەپ نام ئالغان. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ يەر «قەلئەسى، بازىرى بار، غەربىي يۇرت بويىچە ھەممە دۆلەتلەردىن چوڭراق» ھەمدە «كوچىلىرى گىرەلەشكەن، بازارلىرى تۇتاشقان»، بازىرىدا «رەڭگارەڭ ئۈنچە ـ مەۋايىتلار ھەمىشە تېپىلىدىغان، چارۋا، مېۋە ـ چىۋىلەر ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ» ئاۋات جاي بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان، سودىسى ئىنتايىن گۈللەنگەن قاتناش تۈگۈنى ئىدى[1]، بولۇپمۇ ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا يول لىنىيەسى ئۆزئارا ئۇچراشقان جاي بولۇش بىلەن بىللە، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. قەدىمدە بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى مۇشۇ جاي ئارقىلىق شىنجاڭغا، ئاندىن باشقا جايلارغا تارقالغان.

---

[1] نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىلى 11ـ ئاي نەشرى، 58ـ بەت.

## 2. قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى

قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادىيە 220 ـ يىللار) دىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «سۇلى» (疏勒، سۇللۇغ) دەپ خاتىرىلەنگەن[1]. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى تاكى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەرگىچە مۇشۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان. بىراق، يېقىنقى يىللاردىكى قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن، «سۇلى» نامى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى[2]، بولۇپمۇ «سۇلى» نامىنىڭ كېيىنكى قوللىنىلغان يىل دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ بارلىققا كەلگەن يىل دەۋرى مەسىلىسىدە ئىلگىرى شەكىللەنگەن «مىلادىيە 8 ـ ئەسىر» دېگەن قاراشقا نىسبەتەن يېڭىچە بىر تونۇش، يەنى مىلادىيە 970 ـ يىلى ئۇدۇن ساك تىلىدا يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىگە بولغان يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيە 727 ـ يىلى مۇشۇ شەھەردىن ئۆتكەن چاۋشيەنلىك ساياھەتچى خۇي چاۋ ئۆز خاتىرىسىدە «سۇلى» (سۇللۇغ) دېگەن بۇ شەھەرنى يەرلىك خەلق «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. بۇ «قاشقارا» دېگەن شەكىل خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە «سۇلى» (سۇللۇغ) نامى ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت دېگەنلىك بولاتتى...... بۇنىڭدىن «قەشقەر» نامىنىڭ مىلادىيە 5 ـــ 7 ـ ئەسىرلەردىكى يەرلىك خەلق تىلىدا ئاللىقاچان «قاشقارا» ياكى

---

[1] بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 882 ـ بەت.

[2] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «سۇلى نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىلى 3 ـ سان، 113 ـــ 118 ـ بەتلەر.

«قەشقەرى» شەكلىگە مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ[1]. قاراخانىيلار دەۋرى (مىلادىيە 850 — 1218- يىللار) گە كەلگەندە، «ئوردۇكەنت» دېگەن بىر نام بارلىققا كېلىپ[2]، «قەشقەر» نامى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولدى ھەمدە قەشقەرنىڭ «خان تۇرىدىغان شەھەر» ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ «سۇلى» (سۇللۇغ)، «قەشقەرى» (قاشقارا)، «ئوردۇكەنت» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. بۇنىڭدا «قەشقەر» دېگەن نام قەدىمدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ھەق نام سۈپىتىدە مۇشۇ بىر زېمىننىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.

### 3. قەشقەر شەھىرى مەمۇرىي رايونىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى

بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن مىلادىيە 7- ئەسىرگىچە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان سۇلى بەگلىكىگە تەۋە ئىدى. مىلادىيە 8- ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ، «سۇلى» دېگەن نام ئاستا - ئاستا «قەشقەر» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، مىلادىيە 648- ۋە 658- يىللىرى تاڭ سۇلالىسى قەشقەردە ئىككى قېتىم ئەمىر مەھكىمىسى قۇرغان. مىلادىيە 850- يىلى قۇرۇلۇپ، 1218- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. 1218- يىلى چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن، قەشقەر دەسلەپتە چىڭگىزخاننىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، كېيىن ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىقىغا ئايرىلغان. 14- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قەشقەرنىڭ شەرقىي قىسمى چاغاتاي خانلىقىغا (موغۇلىستان

[1] قۇربان نىياز: «ئودۇن ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997- يىلى 2- سان، 41- بەت.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى 8- ئاي نەشرى، I توم، 168- بەت.

دەپ ئاتالغان) تەۋە بولغان، كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان ھاكىمىيەت ئىلكىگە ئۆتكەن. 1488- يىلى قەشقەر مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەر سۇلتانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. 1513- يىلى سەئىدخان قەشقەر سۇلتانىنى ئاغدۇرۇپ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ، دەسلەپتە قەشقەرنى پايتەخت قىلغان، كېيىن پايتەخت يەكەنگە كۆچۈرۈلگەچكە، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالغان. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولغان؛ 1678- يىلىدىن كېيىن قەشقەر ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، 17- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ، قەشقەر يەنە جۇڭغارلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1759- يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىگىلىگەن. 1760- يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەردە ئامبال مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر ئىلىغا قارىغان. 1766- يىلى قەشقەر ئامبال مەھكىمىسى ئۇچتۇرپانغا كۆچكەندىن كېيىن قەشقەر ئۇچتۇرپانغا قارايدىغان بولغان. 1788- يىلى ئامبال مەھكىمىسى قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز چوڭ شەھەر (قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر) نى ئىدارە قىلىدىغان بولغان. 1826- يىلى قەشقەر ئامبال مەھكىمىسى «خۇيۋۇ» (قەشقەر يېڭىشەھەر) غا كۆچكەن. 1865- يىلى قوقەندتىن كەلگەن مۇھەممەت ياقۇپبەگ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ «يەتتە شەھەر دۆلىتى» نى قۇرۇپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. ياقۇپبەگ 1877- يىلى 5- ئايدا كورلىدا نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 26- كۈنى ليۇ جىنتاڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە كىرگەن. گۇاڭشۈينىڭ 7- يىلى (1881- يىلى) 3- ئايدا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلغان. كونسۇلخانىنىڭ ئىككى باشلىقى، بىر تەرجىمانى، بىر دوختۇرى، 47 ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسى بار ئىدى.

1884- يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ باشقۇرۇش

دائىرىسى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 990 يول، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 564 يول كېلەتتى. بۇ دائىرىدە توققۇز چوڭ يۇرت، 560 كىچىك يۇرت بار ئىدى. شۇ مەزگىللەردە، قەشقەر شەھىرىدە كوناشەھەر ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان. 1902- يىلى (گۇاڭشۈيىنىڭ 28- يىلى) كوناشەھەر ناھىيەسى قەشقەر ۋىلايىتى سۇلى مەھكىمىسىگە قارىغان (مەھكىمە ئورگىنى يېڭىشەھەر ناھىيەسى مەركىزىدە بولغان). 1909- يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلغان. 1912- يىلىدىن كېيىن، كوناشەھەر ناھىيەسى قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان. 1952- يىلى قەشقەر شەھىرى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىگە بىۋاستە قارايدىغان، قەشقەر ۋىلايىتى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولغان. 1954- يىلى 8- ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىدە بولغان. قەشقەر شەھىرى يەنىلا ئۆلكىگە بىۋاستە قارايدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋاكالىتەن رەھبەرلىك قىلىدىغان بولغان. 1956- يىلى 4- ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىباشتىن قەشقەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورنى يەنىلا مۇشۇ شەھەردە بولغان. 1990- يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 853 مىڭ 634 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 2 مىليون 606 مىڭ 382گە يېتىپ، 91.3 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن[1].

### 4. قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئورنى ۋە مەركىزىي شەھىرى

قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەھۋالى توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك تارىخىي ئەسەرلىرىدىن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇلى (سۇللۇغ) بەگلىكى، مەركىزىي سۇلى شەھىرى بۇ يەردىن چاڭئەن شەھىرىگىچە 9350 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1510 تۈتۈن، 18 مىڭ 647 كىشى

① نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 11- ئاي نەشرى، 60-، 61-، 62- بەتلەرگە قارالسۇن.

بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 2000 نەپەر. بىر نەپەردىن قەشقەر بېگى، ھۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، نائىببەگ، كاھبەگ، ئوڭ ۋە سول تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. بۇ بەگلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2210 چاقىرىم، جەنۇبىدىن ساكارائۇلغا 560 چاقىرىم كېلىدۇ، بازارلىرى بار. ئۇ غەربتە ئۇلۇغ تۇخرىلار، پەرغانە ۋە كانگا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان»[1] دېگەن خاتىرە ئۇچرايدۇ. بۇ ھازىرغىچە بىز قەشقەر ھەققىدە ئىگە بولغان يازما مەنبەلەردىكى تۇنجى ھەم بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بولۇپ، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) نىڭ خەن دەۋرىدىكى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

«خەننامە» دىكى غەربىي يۇرت خانلىق - بەگلىكلىرى ھەققىدە بېرىلگەن جۇغراپىيەلىك ئارىلىقلارنىڭ كۆرسىتىلىشى ۋە غەربىي يۇرت تارىخ، جۇغراپىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ ئورنى «ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلغان، ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوندا ئىدى.»[2] «ئۇ شەرقتە كۇسەن بەگلىكى بىلەن، شەرقىي شىمالدا قۇم، ئۇچ، سەپەرباي بەگلىكلىرى بىلەن، شىمالدا ئۇيسۇن (ئاسىيۇ) خانلىقى بىلەن، غەربتە ئەركەشتام، ئۇلۇغچات بەگلىكلىرى بىلەن، غەربىي جەنۇب ۋە جەنۇبتا تاشقورغان، ۋۇلىي، ئىناي، ساكارائۇل بەگلىكلىرى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا پاسىيان، ئۇدۇن، نىيە بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشاتتى. شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتىكى بىر قىسىم بەگلىكلەردە ئۆزگىرىش بولۇپ[3]، بۇ بەگلىكنىڭ زېمىن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن ئىدى.

---

① بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 882- بەت.

② «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، قەشقەر ۋىلايەتلىك يەر - جاي ناملىرى كومىتېتى، 1987- يىلى 7- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 8- بەت.

③ «جۇڭگو تارىخى خەرىتىلەر توپلىمى»، جۇڭخۇا خەرىتىچىلىك جەمئىيىتى، 1975- يىلى خەنزۇچە نەشرى، II توم، 24-، 25- بەتلەر؛ 52-، 53- بەتلەر.

قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ مەركىزى سۇلى (سۇللۇغ) شەھىرى بولۇپ، دەسلەپكى قەدىمدە ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكسار كەنتىنىڭ شىمالىدىكى «ئەسكى-ھىسار قەدىمكى شەھەر خارابىسى» دا ئىدى دەپ بېكىتىلدى[1]. بۇ «ئەسكىھىسار» دېگەن نامدىكى «ئەسكى» تۈركىي تىلدا «كونا، قەدىمكى» دېگەن مەنىدە، «ھىسار» سۆزى «شەھەر، قەلئە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قەدىمكى شەھەر» ياكى «كونا قەلئە» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

1906 - يىلى 8 - ئايدا فىرانسىيەلىك ئارخېئولوگ پائول پېللىئوت قەشقەرگە كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش قىلغاندا، ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرىگە كېلىپ، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ سىزغان خەرىتىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى چاغدا بۇ شەھەرنىڭ خارابە ئىزى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئىزدا پەقەت شىمالىي تەرەپ ۋە غەربىي تەرەپتە ئىككى بۆلەك سېپىل تېمى قالغان. شىمالىي سېپىل تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 287 مېتىر، غەربىي سېپىل تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 205 مېتىر، تامنىڭ ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 7 مېتىر، ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 200 موغا يېقىن كېلىدىكەن. قەدىمكى شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە قىزىل دەرياسى، شەرقىي تەرىپىدە تۈمەن دەرياسى بار. قەدىمكى شەھەر دەل ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدىكى يەر شەكلى ئېگىز، سۇيى ئەلۋەك، شەھەر، قەلئە سېلىشقا ئەڭ باب كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان. چىڭ خاقانلىقىنىڭ شيەنپېڭ يىللىرى (1854 — 1861 - يىللار) دا، شۇ سۇڭ بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرگەندە، ئۇلتۇراق ئائىلىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن[2].

«كېيىنكى خەننامە» دىكى قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقىي خەن خاقانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر

---

[1] نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، 62 - بەت.
[2] «كېيىنكى خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 281 - 289 - ، 549 - بەتلەر.

(سۇلى) بەگلىكى ئىلگىرىكىدىن كۈچلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلە، نوپۇس ۋە ئەسكەر سانى تېزدىن كۆپىيىپلا قالماي، مەركىزىي شەھەرلىرىمۇ كۆپەيگەن.

«كېيىنكى خەننامە» نىڭ «بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ بىرقانچە شەھىرى — پەنتو (槃橐) شەھىرى، ۋۇجى (乌即) شەھىرى، سۇنجۇڭ (损中) شەھىرى، جېنجۇڭ (桢中) شەھىرى تىلغا ئېلىنغان[1].

ئىلمىي ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1929 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بۇ يەردە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم قەدىمكى پۇل ۋە ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. كېيىنچە بۇ جاي ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۇنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ھەر خىل قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلغان ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا قازغان يەر ئاستىدىن كۆل قاتلىمى، ھەر خىل سۆڭەك پارچىلىرى ھەمدە ھەر خىل گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ئون نەچچە ساپال پارچىسى تېپىلغان[2].

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان «ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى» ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى، بىنا قىلىنىشى ۋە ۋەيران بولۇشى قاتارلىق تارىخ-جۇغراپىيەگە ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ئوخشاش ئەمەس.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىگە كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرىنى «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جيادەننىڭ ‹يوللار خاتىرىسى› (道里记)» دە تىلغا ئېلىنغان، ئەنشىدىكى تۆت بازارنىڭ بىرى بولغان سۇلې بازىرىنىڭ

---

[1] «بۈگۈنكى قەشقەر»، شاگخەي سەنلىيەن نەشرىياتى 1992 - يىلى 5 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 33 - بەت.

[2] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 6 - بەت.

خارابە ئورنى بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغان[1].

«شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. تۇزۇلمە قۇرۇلۇشى»دا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى دۆلىتىنىڭ ۋۇجى شەھىرى كوناشەھەر (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى)نىڭ جەنۇبىدىن يەتتە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئەسكىھساردا بولغان، ئىزى ھازىرمۇ بار دەپ خاتىرىلەنگەن. يېقىنقى يىللاردا قەشقەر تارىخى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر ئىزدىنىشلەردە بولغان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ قاراشنى قوللاپ، ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى «شەرقىي خەن دەۋرىدىكى سۇلى بەگلىكىنىڭ ۋۇ جى (乌即) شەھىرى بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ[2].

ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ قالدۇق خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ۋە بۇ خارابىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەمدە ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى ھەققىدە قالدۇرۇلغان تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىنىڭ بىرى بولغان سۇلى بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ بىنا بولۇش تارىخى بۈنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا، قەدىمكى قەشقەر شەھىرى ھەققىدە: «سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 581 — 618 - يىللار) شەھەر سېپىلى بەش چاقىرىم بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇ شەھەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى، پۈتكۈل قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزىلا ئەمەس،

---

[1] قەشقەر شەھەرلىك يەر - جاي ناملىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قەشقەر شەھىرى يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (ئىچكى ماتېرىيال، 1984 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)، 226 - بەت.

[2] ۋاڭ شياڭ: «قەدىمكى شەھەردىكى ئۆزگىرىشلەر»، «قەشقەر گېزىتى» (خەنزۇچە)، 1986 - يىلى 26 - ئاۋغۇست سانى.

شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئالاقە تۈگۈنى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن[1].

ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا «تارىخى رەشىدىي» ۋە «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى»دە بىر قىسىم مەلۇماتلار بېرىلگەن:

«تارىخى رەشىدىي» دە بايان قىلىنىشىچە، سەئىدخان ھىجرىيە 920 - يىلى (مىلادىيە 1514 - يىلى) 3 - ئايدا سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ مىرزا ئابابەكرى ناھايىتى چوڭ بىر قۇرۇلۇشنى ياسىتىۋاتقان چاغ ئىدى، ئۇ قەشقەرنىڭ كونا قەلئەسىنى ۋە يېقىن ئەتراپلىرىنى ئاللىبۇرۇن ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ سەئىدخاننىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا يېڭى قەلئە سېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 50 جارىب (42 مىڭ 950 كىۋادرات مېتىر) كېلەتتى. سېپىلنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 گەز كېلەتتى. قەلئەنىڭ ھەر بۇرجىكىدە بىردىن راۋاق بولۇپ، راۋاقنىڭ ئايلانمىسى 30 نەچچە گەز كېلەتتى. سېپىل ئۈستىدە تۆت قاتار ئاتلىق ئەسكەر ياندىشىپ ماڭالايتتى[2].

«قەدىمكى قەشقەر شەھىرى بۈگۈنكى شەھەرگە قارىغاندا كەڭ جاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر سېپىل بىلەن ئورالغانىدى. بۇ يەردە پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان يەر تەۋرەشلەردە زەخىم يېگەن قەدىمىي شەھەر سۇلتان سەئىدخان بىلەن مىرزا ئابابەكرى ئۇرۇشقان مەزگىلدە (ھىجرىيە 919 - يىلى يەنى مىلادىيە 1514 - يىلى) پۈتۈنلەي خاراب بولغان. بۈگۈنكى قەشقەر مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشرى، I توم (كىرىش سۆز قىسمى)، 4 - بەت.

[2] مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، I توم، 193 - بەت.

بىرلەشكەن جايىدىكى تىلغا ئوخشاش يەرگە قۇرۇلغانىدى. قىرغاقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي شىمال تەرىپى (ئىچكىرىكى شەھەر) بۈگۈنكى شەھەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەھەللىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»[1]

بۇ مەلۇماتلار بىزنى مۇنداق بىر ئۇچۇرغا ئىگە قىلىپ، ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى ھەققىدە يېڭى بىر تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ:

مەلۇمكى، قەدىمكى دەۋردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، شەھەرلەر كۆپىنچە دەريا بويىغا ۋە ئېگىزرەك جايلارغا سېلىنغان. بىر تەرەپتىن شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنىڭ گۈزەل، ھاۋاسىنىڭ ساپ بولۇشىنى ۋە شەھەرنى ئىچىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەشنى كۆزدە تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش مەزگىلىدە شەھەردە تۇرۇپ دۈشمەندىن ئەپلىك مۇداپىئەلىنىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ قات سېپىل بىلەن دائىرىلەنگەن. بۇ سېپىللارنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە خان ئوردىسى، ئاندىن ئاۋات رەستىلەر، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى جايلاشقان. ئۇنىڭ سىرتىدا بولسا تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئولتۇراقلاشقان. شەھەرنىڭ سىرتقى سېپىللىرى دەريا ۋە تىك يار لېۋىگە ياسالغاندىن تاشقىرى، بىر قىسىم جايلىرىنىڭ سېپىل سىرتىغا يەنە چوڭقۇر خەندەكلەرنى كولاش ئارقىلىق شەھەرنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلغان. تۇرپاندىكى يارغول، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ جايلىشىشى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ پېللىئوت سىزغان خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن قىسمى ئېھتىمال شەھەرنىڭ تۈمەن ۋە قىزىل دەريالىرىنىڭ قوشۇلغان جايىغىچە بولغان سىرتقى قىسمى بولۇپ، بۇ شەھەرمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇنداق ئۈچ قات سېپىل بىلەن

[1] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تۈركچە، 1987 ـ يىلى ئىستانبۇل نەشرى، 5 ـ توم «قەشقەر» ماددىسى.

دائىرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن[①]. بۇ شەھەرنىڭ ھازىر بىرگىچە يېتىپ كەلگەن خارابىسى، شۇنداقلا پېللىئوت خەرىتىگە ئالغان قالدۇق قىسمى ئەينى دەۋردىكى ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى بولۇپ، بۇ قالدۇق شەھەر خارابىسىنىڭ ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ قايسى بۆلىكى ئىكەنلىكى ھەمدە يوقىرىدا بايان قىلغان مۇھاكىمىنىڭ ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە، كۆپلەپ ئارخېئولوگىيەلىك يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىپ، ئىسپاتلىنىشىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى، بولۇپمۇ بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر نوپۇزلۇق ھەم مەلۇم ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە بولغان قاراشلاردا، بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

بۇ شەھەر ھەققىدە «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تارىخى ھەققىدە قىسسە»، «تەزكىرەئى سەيىد ئەلى ئارسلانخان» ناملىق قاراخانىيلار خانلىرىغا ئائىت قول يازما تەزكىرىلەر ۋە خەلق ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرگە كۆرە، مىلادىيە 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن ۋاقىتتا) قەشقەردە ئۇزاق مۇددەت پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان جوقتى رىشىت، نوقتى رىشىت قاتارلىق ئاكا - ئۇكا ئاقساقاللار باشچىلىقىدىكى بۇددىستلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىيلار خانلىقىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى بۇنىڭغا ئەلۋەتتە يول قويمايدۇ. قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بۇددىستلار بىر مەيدان ئېلىشىپ، نەتىجىدە نوقتى رىشىتنىڭ بۇددىست قوشۇنلىرى

---

① ئابدۇرەھىم مۇھەممەت: «قەشقەردىكى ‹ئەسكىھىسار› قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991- يىلى 4- سان، 56- بەت.

مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇلار قەشقەردىن قېچىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى خوتەن بۇددىست ھاكىمىيىتىدىن پاناھ تىلەيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي نوقتى رىشىت شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن خانى چىكالو خالخالنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا كۈچ توپلاپ كېلىپ، قاراخانىلار قوشۇنى بىلەن ھازىرقى يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇق (ئوردىخان پادىشاھىم) دېگەن يېرىدە قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇددىستلار قاراخانىلار ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى سەيىد ئەلى ئارسلانخاننى ئاشكارا ھۇجۇم بىلەن يېڭەلمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ، ئارسلانخان ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن نامازغا تۇرغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى قاتتىق قىرغىن قىلىدۇ. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تەييارلىقسىز تۇرغان سەيىد ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولىدۇ. نوقتى رىشىت ئارسلانخاننىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنىمۇ بېسىۋالىدۇ ھەمدە ئارسلانخاننىڭ بېشىنى شەھەر سېپىلىغا مىخلاپ، مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولىدۇ. قاراخانىلارنىڭ پامىرنىڭ غەربىدە تۇرۇشلۇق ئاساسىي قوشۇنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ئەسكىھىسار شەھىرىگە بېكىنىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. قاراخانىلار قوشۇنلىرى بۇ جاينى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بۇددىست قوشۇنلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىدۇ ۋە سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بەش ئاي داۋاملاشقان مۇشۇ قېتىمقى مۇھاسىرە نەتىجىسىدە ئاخىر بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوق - دورىلىرى تۈگەپ، شەھەرنى تاشلاپ خوتەن تەرەپكە قاچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نوقتى رىشىت ئۆز قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرۈپ سېپىل ئۈستىدە ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان قاراخانىلار قوشۇنلىرى ئارسلانخاننىڭ بېشىنى تېپىپ كېلىپ، شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بىر دۆڭلۈككە دەپنە قىلىدۇ. ھازىر «ئارسلانخان» دەپ ئاتالغان مازار ئەنە شۇ. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى رىۋايەت ئاساسسىز بولماستىن، بەلكى رېئال

تارىخنىڭ خەلق ئاغزىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت.

قاراخانىيلار قوشۇنلىرى بىلەن خوتەن بۇددىست دېمەك، قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن شۇ قېتىمقى شىددەتلىك ئۇرۇشتا، ئەسكىھىسار شەھىرى ئېغىر ۋەيران بولۇپ كەتكەچكە، تاشلىنىپ قېلىپ، قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. بۇ خارابىلىكنىڭ 1949- يىلىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىستانلىقىدىن تارتىپ قىزىل دەرياسى بويىغىچە بولغان بىر كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يولنىڭ چېتىدە تۈپرىقى قاتتىق، تۈپتۈز كەتكەن بىر تۆت چاسا شەكىلدىكى مەيدان بار بولۇپ، 1940- يىللىرىدىن ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى ۋە بىر قىسىم چەت ئەللىك سودىگەرلەر مۇشۇ جايغا كېلىپ ئات ئۈستىدە ئەگرى كالتەك توپ ئوينىغان. بەزى ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەسكىھىسار قاراخانىيلار قوشۇنلىرى قارىغا ئېتىش، ئات كۆندۈرۈش، قىلىچۋازلىق قىلىش قاتارلىق ھەربىي مەشىقلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مەيدان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن[①].

بۇ قەدىمكى شەھەرنى يەرلىك كىشىلەر يەنە «نوقتى رىشت شەھىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن ۋاقىتتا (مىلادىيە 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10- ئەسىرنىڭ باشلىرى) بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەشقەر ھۆكۈمرانى نوقتى رىشت شەھەردىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى باشلاپ ئىسلام قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ خوتەنگە قېچىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي نوقتى رىشت يەنە قايتا ئىسلام قوشۇنى بىلەن ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ھاراپ دېگەن يېرىدە قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئىسلام قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئارسلانخاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭ

---

① ئابدۇرەھىم مۇھەممەت: «قەشقەردىكى (ئەسكىھىسار) قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991- يىلى 4- سان، 57-، 58- بەتلەر.

تېنىنى ھاراپتا قالدۇرۇپ، بېشىنى كېسىپ كېلىپ، «نوقتى رېشىت شەھىرى»نىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويغان (كېيىن بۇ كاللا ئەسكىسار شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئارسلانخان قەبرىسىگە دەپنە قىلىنىپ، ئىسلامىيەتچىلەرنىڭ خاتىرە جايى بولۇپ قالغان) ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام قوشۇنى يەنە بىر قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بۇ شەھەرنى ئۈچ ئايغا يېقىن قورشاپ تۇرغان. نوقتى رېشىت يەنە شەھەرنى تاشلاپ قاچقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان بولغانىكەن[①].

خەن دەۋرىدىكى قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ ئورنى ۋە مەركىزى شەھىرى ھەققىدە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆزقارىشى بىردەك ئەمەس. بۇ يەردە مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا قەدىمكى قەشقەر (پۈتكۈل غەربىي يۇرت) ھەققىدىكى بازما ماتېرىياللار بەك كەمچىل بولغانلىقى ۋە قەدىمكى قەشقەر تەۋەسىدە يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەك كۆپ، مۇرەككەپ بىر خىل ئارقا كۆرۈنۈش قالدۇرغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇپ، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمىز پەقەت ۋاستىلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئوخشىمىغان قاراشتىكىلەرگە قارىتا قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك ئېنىق بىر جاۋاب بېرەلمىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسىگە ئائىت يەنى «خەننامە» ۋە «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى تارىخ، جۇغراپىيە مەسىلىلىرىگە ئېنىقلىما بېرىلگەن تەتقىقات ئەسەرلىرى بارلىققا كېلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرگە، جۈملىدىن قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) نىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە

---

① نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 63 ـ بەت.

ئىنتقلىما بېرىپ، بىر قىسىم يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى[1]. يېقىندا يەنە بەزى ئالىملار ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى شەھەرلىرى توغرىسىدا يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتتى. ھالبۇكى، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ قاراشلارمۇ ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ ئورنى ۋە مەركىزى شەھەرلىرى ھەققىدە يېڭى بىر كەسكىن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاۋۋال يەنىلا مول بولغان تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتقا ئىگە بولۇش زۆرۈر ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدۇق.

## 2. قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

### 1. ئىراق قەدىمكى زاماندىكى قەشقەر

قەشقەر ئىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپ قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تۇپرىقىدا قەدىمكى ئىنسانلارغا ئائىت بولغان ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق مول ۋە رەڭگارەڭ، ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەشقەردە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە گۇۋاھ بولۇش ئارقىلىق بىزنىڭ

---

[1] سىن جۇڭمىيەن: «‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھ»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1981- يىلى بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، «سۇلى بابى»؛ جۇ لىيەنكۇەن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ، جۇغراپىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1981- يىلى بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، «سۇلى بابى»؛ جۇ لىيەنكۇەن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ، جۇغراپىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1984- يىلى خەنزۇچە نەشرى، «قەشقەر بابى».

قەشقەردە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇشىمىزنى مول ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قەدىمدە قەشقەردە بارلىققا كەلگەن ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆلتۈراق ئۆي ــ تۇرالغۇ ـ ماكانلار ۋە مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن ھەم تەرەققىي قىلغان تۇرالغۇ ـ ماكان قۇرۇلۇش بىناكارلىقى، بىناكارلىق سەنئىتى ئوخشاشلا بىزنىڭ قەشقەرنىڭ قەدىمكى تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىمىزنى، سىستېمىلىق بايان قىلىشىمىزنى ئىنتايىن پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قەشقەر ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان، ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا ئىگە بولغان قەدىمكى بوستانلىق بولۇپ، بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن بىناكارلىق ۋە بىناكارلىق سەنئىتى قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا ماس ھالدا بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلغان ۋە ئۆزگىچە بولغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت تىپىنى ياراتقان.

ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تەبىئىي تۇرالغۇ ماكانلار (ئۆڭكۈر، چوڭ دەرەخلەرنىڭ كاۋىكى، دەرەخ ئۈستى، قېلىن ئورمانلىق ئىچى، تەبىئىي شەكىللەنگەن گەمىلەر......) ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىنى بەلگىلىگەن. بۇ، شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا «پاناھ جاي» ياساشنى بىلمىگەنلىكتىن، جان بېقىشقا قولايلىق جايلارنى يەنى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر، چوڭ ئورمانلار، تەبىئىي يېمەكلىكلەر (مەسىلەن، مېۋىلەر، ياۋايى ھايۋانات كۆپ بولغان جايلار) گە باغلىنىپ ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەنە ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بوستانلىقلاردا بىخ سۈرگەنلىكىنى ۋە شۇ جايلاردا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان چاغلاردا تېخى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئىگە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل كۈرەش قاينىمىدا ئۆتەتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش قىلىپى تاش قوراللارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. چۈنكى، تاش قوراللار ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن تەجرىبە - ساۋاقلار جۇغلانغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تەجرىبىلىك بىر ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكى ئالدى بىلەن ئۇۋچىلىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئاندىن ئۇنىڭ «پاناھ جاي» ى — تۇرالغۇنىڭ پۇختا ۋە چوڭلۇقى جەھەتتە نامايان بولغان[①].

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا بۇنىڭدىن 10 — 20 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەدىمكى ئىنسانلار ياشىغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىدىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە تەۋە بولغان بىرمۇنچە ئىز - خارابىلەر تېپىلدى. بۇلار ئىچىدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى جىرغال كەنتىگە جايلاشقان كونا تاش قورال دەۋرى خارابىسى تېپىلغان ۋاقتىنىڭ ئەڭ بالدۇر، تېپىلغان بۇيۇمىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىيلىقى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھىمى، كونا تاش قورال دەۋرىدە بۇ يەردە ياشىغان ئىنسانلار ئوتنى ئىشلىتىشنى بىلىش بىلەن بىرگە، تاغ باغرىدىكى جىرالارغا ئۆڭكۈر كولاپ ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى «پاناھ جايى» بولغان تۇرالغۇ — ئىپتىدائىي ئۆيلىرىنى ياسىغان[②]. مانا بۇ، قەشقەردە بارلىققا كەلگەن تۇنجى تۇرالغۇ جاي — ئىپتىدائىي بىناكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن تاكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىرگىچە بولغان «تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت دەۋرى» دە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 78- ، 79- بەتلەر.

② ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006- يىلى 6- ئاي نەشرى، 4- بەت.

ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن. گەرچە قەشقەر تەۋەسىدىن ھازىرغىچە تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرىدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە — يېڭى تاش قورال دەۋرى، بىرونزا (مىس) قورال دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئائىت بولغان ئىز - خارابىلەر ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىز - خارابىلەردىن شۇ دەۋرگە ئائىت بولغان، شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى كۆپلەپ تېپىلغىنىغا قارىماي، شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تۇرالغۇ جاي — ئىپتىدائىي ئۆيلەرنىڭ قالدۇق خارابىلىرى ئانچە كۆپ تېپىلمىدى ياكى تېپىلغان ئاز بىر قىسىملىرىدا مۇنتىزىم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى، ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى بېكىتىلمەي، مەدەنىيەت - سەنئەت جەھەتتىكى قىممىتىنى نامايان قىلىشقا ئىمكان بولمىدى. ئەمما، قەشقەر تەۋەسىدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى (ھازىر شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 — 700 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ دېگەن قاراش بىرقەدەر نوپۇزلۇق قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[1]) گە تەۋە قەدىمكى ئىز - خارابىلەر، قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش - تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ دەۋردە تۆمۈر ۋە مىس قوراللار ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپ قالغان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. مۇشۇ دەۋرگە ئائىت خارابىلەر ئىچىدە زور كۆلەمدىكى قەبرىستانلىق، شەھەر - قەلئە، تۇرالغۇ - ئىمارەت ئىزلىرى ۋە بۇ ئىزلاردىن تېپىلغان تۇرمۇش - ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، قول

[1] يۈتەيشەن: «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ مياۋ پۇشىڭ، تيەن ۋېيجياڭ: «شىنجاڭ تارىخى تېزىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىپەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي نەشرى، 13 -، 14 - بەتلەر.

مۇنەرۋەنچىلىك مەھەسسۇلاتلىرى ھەممىدە بىناكارلىق دېتاللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن تاللىنىپ، كەسىپلىشىشكە قەدەم قويغان. كىشىلەر نىسپىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان ئەھۋال چارۋىچىلىق رايونلىرىغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالغان.

يىغىلىق دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 475- يىلىدىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221- يىلغىچە) دىن چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221- يىلىدىن، مىلادىيە 220- يىلىغىچە) گىچە بولغان نەچچە يۈز يىللىق ئۇزاق جەرياندا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب-شىمالى، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى كەڭ بوستانلىق ۋە گۈزەل يايلاقلارنى ئاساس قىلىپ، نۇرغۇن شەھەر - كەنتلەر بارلىققا كەلگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك بولۇپ، نوپۇسى ئاۋۋغانلىرىنىڭ ئادىمى 80 مىڭغا يەتكەن. كىچىكلىرىنىڭمۇ 1000 چە نوپۇسى بولغان. ئۇلارنىڭ تۈزلەڭ، دەريا بويلىرىغا جايلاشقانلىرى دېھقانچىلىق قىلغان، سودا بىلەن شۇغۇللانغان. تاغ - ئېدىرلار، ئوتلاقلارغا، ئورمانلارغا، سۇ بويلىرىغا جايلاشقانلىرى چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئېلىمىزنىڭ «خەننامە» قاتارلىق تارىخىي كىتابلىرىدا دەل مۇشۇ ئەھۋال — شۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرت تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ «شەھەر - قەلئە بەگلىرى» دەپ ئاتالغان[①].

**2. خەن - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قەشقەر**

قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېگىز تاغ باغرى، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7- ئەسىرگە ئائىت ئارسال قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى 10 مىڭ كىۋادرات مېتىر)، ئايىۋلۇڭ

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 80- ، 81- بەتلەر.

قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر)، يۇقىرىقى ئاقتېرەك، تۆۋەنكى ئاقتېرەك قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى ھەر بىرى 30 مىڭ كۋادرات مېتىر)، يۇقىرىقى كۆلىڭدىر، تۆۋەنكى كۆلىڭدىر مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر)...... قاتارلىق ئولتۇراق رايونلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر ۋە شىمالدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، خەن دەۋرىگە ئائىت ئولتۇراق رايون ئىزلىرىدىن خانئۆي (كۆلىمى 19 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ كۆلەم خانئۆي قەدىمىي ئىزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ياۋۇلۇق خارابىسى (كۆلىمى 405 مىڭ كۋادرات مېتىر) قاتارلىق ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ كۆلىمى، تېپىلغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۆيلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن قارىغاندا[1] بۇ جايدىكى ئاھالىلەر قەدىمدىنلا تىپىك مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئەنئەنىسىگە، شۇنداقلا ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ مەھەللىۋى تۇرمۇش كەچۈرگەن. تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ شەكلى ئاساسەن چاسىغا مايىل بولۇپ، تاش، لاي ۋە نەم توپىنى خامداش ئارقىلىق ئۆي تېمى قوپۇرۇلغان. بۇ خىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەرقايسى جايلارنىڭ ماتېرىيال جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن تاللانغان، ئەلۋەتتە. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار تامنىڭ پۇختىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بولۇڭلارغا مەلۇم ئارىلىقتا چىغ، تال چىۋىق ياكى قومۇش باستۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. كېسەكنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇلاردىن كېيىنرەك بولغان[2].

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 128- يىلىدىن بۇرۇن قەشقەر غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، ئاستانىسى (پايتەختى) سۇلى (سۇللۇغ) بولغان. تىلشۇناسلار:

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 22-، 23-، 33-، 34-، 294-، 298- بەتلەر.

[2] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 90-، 92- بەتلەر.

«سۇلى» قەدىمكى تۈركچە سۆز بولۇپ، «سۇلۇق يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، تارىختىكى سۇلى بەگلىكىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى دەپ قارايدۇ. «خەننامە» دە سۇلى توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «سۇلى ...... ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 5 چاقىرىم كېلىدۇ، چوڭ شەھەردىن 12 سى، كىچىك قەلئەلىرىدىن نەچچە ئونى بار». دېمەك، كەم دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا قەشقەر ئاھالىسى شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەن[1].

تىلشۇناسلار «بالىق — قەدىمكى تۈرك تىلىدا شەھەر، قەلئە، ساراي دېگەنلىك بولۇپ، ئەسلىدە سېغىز توپا، سېغىز لاي مەنىسىدىكى بالچىق دېگەن سۆزدىن كەلگەن. كۆچمەن چارۋىچى خەلق شەھەرنى «بالچىق» دەپ ئاتىغان» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[2]. بەزىلەر «بالىق» كەنت (قەدىمكى پارس تىلىدا شەھەر - بازار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) بىلەن ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، تۈركلەر «كەنت» نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ ئىبارە قەدىمكى ساك تىلىدا «غاررى» دەپ، توخرى تىلىدا «رى» دەپ ئاتالغان. «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «غار» (خەنزۇچە تېكىستتە 城 دەپ يېزىلغان) نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلىپ، «كاشغەر» نى «كەش بالىق» دەپ ئىپادىلىگەن[3].

---

[1] ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئۇلتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001- يىللىق 2- سان.

[2] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» 1967- يىلى (ئىستانبۇل)، 5- توم، 132- بەت (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 98- بەتتىكى نەقىل).

[3] ئىبراھىم مۇتىئى: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1996- يىلى 1- سان.

تاڭ دەۋرىدە ھىندىستانغا بارغان شۈەنزاڭ قەشقەرنى چۈشاگو (去沙国) دەپ يازغان. سىڭقۇ سەلى تۈتۈڭ بۇنى «كەش بالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىكى بىرىنچى سۆز قاشتاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىككىنچى سۆز شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[①]. دېمەك، قەشقەر دېگەن نام كەم دېگەندىمۇ تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان ۋە يىراق - يېقىنغا تونۇلغان. شۇ دەۋردە قەشقەر شەھىرى مەشھۇر بۇددا دىنى مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان «خانئۆي» قەدىمىي شەھەر خارابىسىدا ئىدى. شەھەردە «مورا» ناملىق ئۈچ قەۋەتلىك، پەلەمپەيسىمان مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شەھەر تاشقىرىقى شەھەر، ئىچكىرىكى شەھەر، يۇمىلاقشەھەردىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان ئىدى. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، خانئۆي قەدىمكى شەھىرىنىڭ ھازىرقى پەرق ئەتكىلى بولىدىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 19 مىڭ كىۋادرات مېتىر بولۇپ، نۇرغۇن قىسمى نەچچە مىڭ يىللىق تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەرنىڭ زەربىسىدە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يەنە ياۋۇلۇق قەدىمىي ئىزى (كۆلىمى 405 مىڭ كىۋادرات مېتىر)، چوڭتۇز (كۆلىمى 21 مىڭ كىۋادرات مېتىر)، تامساراي (كۆلىمى 700 مىڭ كىۋادرات مېتىر)، تۇگمەنبېشى (كۆلىمى 25 مىڭ كىۋادرات مېتىر) قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئولتۇراق رايون ۋە شەھەرلەر بولغان. قارىغاندا، خانئۆي مەركىزىي شەھەر سۈپىتىدە ئايرىم بىنا قىلىنغان خان تۇرىدىغان شەھەر بولسا كېرەك. مىلادىيە 893- يىلى چاقماق دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ خانئۆي شەھىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ شەھەر بۇددىزىمنىڭ مەركىزى دەپ قارالغاچقا، ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنغان ۋە تاشلىۋېتىلگەن

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى.

بولۇشى مۇمكىن[①].

بۇددا دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى يالغۇز قەشقەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكىللىرىدە ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى قەشقەرنىڭ قۇرۇلۇش-بىناكارلىق سەنئىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى بىلەن، بۇددا دىنى ئەقىدىسىگە ماس كېلىدىغان ۋە بۇددا دىنى ئېتىقاد شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن بىناكارلىق ئۇسلۇب، سەنئىتىمۇ قەشقەر تەۋەسىگە سىڭىپ كىرىشكە، تارقىلىشقا باشلاپ، قەشقەرنىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ئۇسلۇب، سەنئىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، يېڭىچە بولغان قۇرۇلۇش - بىناكارلىق سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ بولسىمۇ قەشقەرنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق سەنئىتىنى تۈۋرۈك قىلغان ھالدا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بۇددىزم بىناكارلىق سەنئىتى ئاساسىدىكى «قەشقەرنىڭ بۇددىزم بىناكارلىق سەنئىتى» ئىدى.

قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىقى قەشقەر بىناكارلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ ئۆز زامانىسىدا لايىھەچىلىك، ماتېرىيالچىلىق، ئويمىكارلىق ۋە پەرداز-چىلىق...... تىن ئىبارەت بىناكارلىق كەسپىي ئىش تۈرلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كەسىپ بولۇپ شەكىللىنىپ، بىناكارلىق ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئەينى دەۋر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى بېيىغان. ئۆي - ئىمارەتلەرنى بۇددا تام رەسىملىرى بىلەن زىننەتلەش، بۇددا

① ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2001- يىللىق 2- سان.

مۇنارلىرىنىڭ ياسىلىشى، مىڭئۆيلەرنىڭ قېزىلىشى، ئادەم ۋە ھايۋانات رەسىملىرى بىلەن گۈل - گىياھ نۇسخىلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن نەققاشلىق ئۇسلۇبىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى ۋە نېلۇپەر نۇسخىلىق نەقىش - شەكىللەر (نېلۇپەر بۇددىزىمدا پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان) نىڭ بىناكارلىق ۋە نەققاشلىقتا ئىشلىتىلىشى مۇشۇ دەۋر بىناكارلىقىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇلار بۇددا دىنى تەرغىباتى ۋە بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان①.

قەشقەرنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى مىڭئۆيي، تاشكېمىر سەنئىتى دېگەندە، پەقەت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال توققۇز قازناق بۇددىزىم خارابىسى، توققۇز ھۇجرا بۇددا مىڭئۆيي خارابىسى ۋە قاغىلىق چوپان مىڭئۆيي خارابىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇلار گەرچە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ياسىلىش جەھەتتىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى، قالدۇق سەنئەت شەكىللىرى بىلەن شىنجاڭدىكى باشقا مىڭئۆيلەرگە ئوخشاشلا، قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋر بۇددىزىم مىڭئۆيي سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى (9- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە) دە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، يەنى دىنىي ئېتىقادى يېڭىلاندى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپ يۈكسەلدى. مانا شۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا تۇرالغۇلار، ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار، شۇنداقلا قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى جايلاشقان ئوردا - قەسىرلەر بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە زامان ۋە ماكانغا خاس ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل سۇلالە شەھەرلىرىدە ئۆزگىچە «شەھەر مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن بىلىشىمىزچە، ئەينى دەۋرلەردە تامچىلىق، كاھىشچىلىق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شەھەرلەر خىشتىن ۋە گۈللۈك خىشلاردىن

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 150- ، 151- بەتلەر.

ياسالغان، كاھىش بىلەن بېزەلگەن ئوردا ـ خانىقا، مەدرىسە، مەسچىت، ساراي، رەستە ۋە رەتلىك كوچىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. دېرىزىلەرگە ئەينەك قويۇپ ئۆي ئىچىنىڭ يورۇقلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ــ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىق ئىشلىرىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر يېڭىلىق ئىدى[1].

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، يەنى دىنىي ئېتىقاد يېڭىلاندى. دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپ يۈكسەلدى. مانا شۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا تۇرالغۇلار، ئاممىۋى سورۇن قۇرۇلۇشلىرى، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى جايلاشقان ئوردا ـ قەسىرلەر ۋە شەھەر مۇئەسسەسەلىرى بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە زامان ۋە ماكانغا خاس ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل سۇلالە دائىرىسىدە ئۆزگىچە «شەھەر مەدەنىيىتى» ئومۇملاشتى. قەشقەر (ئوردۇكەنت)، بارچۇق، يەكەن قاتارلىق مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركەزلىرى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرى بىلەن يىراق ـ يېقىندا تېخىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ دەۋردە تامچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، سىرچىلىق، ئەينەكچىلىك ھۈنەر-كەسىپلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر مەيلى ئىشلىتىشچانلىق جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئېستېتىك قىممەت جەھەتتىن بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرىنى قاندۇرالايدىغان دەرىجىدە ياسىلىش سەۋىيەسىگە يەتكەنىدى.

بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئىلگىرىكى بۇددا، مانى دىنلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بىر تارىخىي دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن تەرەپلەردىن ئۆزلىرىنىڭ

---

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرى، 699 ـ، 702 ـ، 700 ـ، 698 ـ بەتلەر.

پائالىيەت دائىرىسىنى ۋە ھۆنەر - سەنئەت ئەنئەنىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرغانىدى. تامچىلىق، سۇۋاقچىلىق، نەققاشلىق ئىش تۈرلىرى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە تەرەققىي قىلدى، بەلكى بۇتخانىلار چېقىلىپ مەسچىتلەر؛ بۇددا مۇنارلىرى چېقىلىپ مەنزەر ۋە ئەزان مۇنارلىرى؛ بۇت تەكچىلىرى ۋەيران قىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قويىدىغان تەكچىلەر، مەرەپ، لىمتاقلار، مېھراب ۋە مېھرابچە نەقىشلەر ياسالدى. بۇلار شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ مەزمۇنىدا بەزى پەرقلەر بولغان، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگەرمىگەن. بۇددىزم دەۋرىدىكى ياپىلاق كۆپ بوغۇملۇق قۇببىلەر يۇمىلاق ئاز بوغۇملۇق، چوققىسىغا ھىلال ئاي، يۇلتۇز شەكىللىرى ئورنىتىلغان قۇببىلەرگە ئۆزگەرگەن. خىش - كاھىشچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ، راۋاق، مەسچىت، مەدرىسە ۋە ئوردا - سارايلارنىڭ گۈمبەزلىرى كاھىش بىلەن پەردازلىنىدىغان بولغان، ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى روناق تېپىپ، ئىلگىرى ئەينەك قويۇلمايدىغان پەنجىرىلىك دېرىزىلەر ئەينەكلىك دېرىزىلەرگە قاراپ ئۆزگەرگەن. ئومۇمەن، قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئارخىتېكتورلىرى بىناكارلىق سەنئىتىدە يېڭى مەزمۇن يارىتىش، يېڭى ئۇسلۇب بەرپا قىلىش ئۈچۈن قەدىمكىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئىسلام دىنى تۈسىگە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دەۋر بولدى①.

ئومۇمەن، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى بۇددىزم ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى ياكى ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىنىڭ چەكلىمىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىندى، نەتىجىدە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيە-

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 9-، 10- بەتلەر.

ـتى»گە ئۆزگەردى، جۈملىدىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىمۇ «ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى»گە ئۆزگەردى[①].

تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، تۇرالغۇلار، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى (مەسچىت، مەدرىسە، مازار، قەلئە ـ قورغان)، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەنـ ـدىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. تۇرالغۇ

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ماسلاشقان، يۆتكەپ يۈرۈشكە ئەپلىك چېدىر (كىگىز ئۆي)لار؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا باب كېلىدىغان سوقما ـ كېسەك تاملىق ئاددىي ئۆيلەر؛ دېھقانچىلىق-باغۋەنچىلىك كەسىپلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان ھويلىلىق قۇرۇلۇشلار؛ ھۆكۈمران ۋە بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى بولغان چوڭ دەرۋازىلىق، بىر يۈرۈش كاتتا ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان پېشايۋىنى، ھويلىسى، كۆندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياسالغان قوشۇمچە قۇرۇلۇشلار (باغ ئىچىدىكى سايىسى ئوبدان جايغا ياسالغان سۇپا، سىرتتىن كىرگەندە دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ ھويلىنىڭ چېتىگىرەك ياسىلىدىغان شىپاڭ قاتارلىقلار) بولغان ھويلىلىق قۇرۇلۇشلاردىن ئىبارەت بىرقانچە خىل شەكىلدە بولغانىدى[②].

شۇنىسى ئايانكى، ئۆي ـ ئىمارەتلەر تارىختىكى تەبىئىي ۋە

---

① ئالىمجان مەخسۇت: «قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان، 47 ـ بەت.

② ئالىمجان مەخسۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005 ـ يىللىق 6 ـ سان، 96 ـ بەت.

سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلار سەۋەبىدىن ئۇزاق يىللار ساقلىنىپ تۇرالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قاراخانىيلار دەۋرىگە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت ئىمارەتلەر، بولۇپمۇ تۇرالغۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىزگىچە ساقلىنىپ كېلەلمىگەن. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئەينى دەۋرلەردىكى تۇرالغۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورنى ۋە ئۇزۇنى ئارا مۇناسىۋىتىنى دەلىللەپ بەرسىمۇ، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىغا ئائىت بايانلاردىن قاراخانىيلار دەۋرىدە تۇرالغۇلار مېھمانخانا، ھويلا، باغ، دەرۋازا، تار كوچا، لىمتاق - مەرەپ، بالىخانا، تەكچە، تۈڭلۈك، سۇپا، زەگۇندە، ئېغىل - قوتان قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ دەۋردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكى بار: ئۆيلەرنىڭ ئالدى غەربىي جەنۇبقا قارايدىغان بولۇپ، ھەممىلا قورۇ - جاينىڭ دەرۋازىسى، قوي ۋە باشقا ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ئۈچۈن سوقما تاملىق ياكى چىۋىق - بادرىلاردىن توقۇپ ياسالغان ئېغىل - قوتانلىرى بار ئىدى؛ ھويلىدا ئۈستى يېپىلغان (پېشايۋانلىق) ۋە يېپىلمايدىغان (باراڭلىق) سۇپىلار بىلەن بالىخانا بار بولۇپ، بۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياسىلاتتى؛ بەزى ئۆيلەر گۈمبەز ياكى كېمىر تورۇسلۇق قىلىپ ياسىلىپ، ئىچكى قىسمىغا سۇپا چىقىرىلاتتى ۋە ئۈستىگە كىگىز - پالاس سېلىنغاندىن باشقا يەنە تامغا گۈللۈك رەختلەردىن زەدىۋال تارتىلاتتى؛ ئاشخانا ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئوچاق ياسىلاتتى؛ مېھمان كۈتىدىغان ئۆيلەر ئالاھىدە بېزىلەتتى، تامنى ئويۇپ مەرەپ - لىمتاق ۋە تەكچە ياسىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك، كىتاب، چالغۇ ئەسۋابلار ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلاتتى......

قاراخانىيلار دەۋرىدىن ئىلگىرى ئۆيلەرنىڭ يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئاساسەن تۈڭلۈك ۋە پەنجىرە - روجەكلەردىن ئىبارەت ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئەينەكچىلىك كەسپى تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، ئۆيلەرگە ئەينەكلىك دېرىزە بىلەن تۈڭلۈك ۋە پەنجىرە-

روجەكلەرنى قويۇش ئومۇملاشتى[1].

بۇ دەۋردە ئۆيلەر سېغىز لاي بىلەن سوۋىلىپ، ھاك ياكى گەج بىلەن ئاقارتىلاتتى. ئاھالىلەرنىڭ ھويلا - ئارانلىرى ئالدى - كەينىنىڭ بولۇشى، يوللارنىڭ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ مېڭىشىغا توسقۇن بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئازادە بولۇشى خانلىق تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى ۋە مەخسۇس مۇشۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان «مۇھتەسىپ»لەر بەلگىلىنەتتى[2]. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆينى چوڭ يولغا يېقىن سېلىۋېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۆي سېلىش ۋە ئۆي سېتىۋېلىشتا قاراخانىيلار جامائىتىگە ئالاھىدە نەسىھەت قىلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز، ئالدى- كەينى مەلۇم دەرىجىدە يانتۇ (ھۆل - يېغىن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ رايونلاردا)، ئەگمىلىك (تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق ئىسسىق جايلاردا گۈمبەز، كېمىر شەكىللىك) بولۇپ، بۇ تەكلىماكاننى چۆرىدىگەن بوستانلىقلارنىڭ قۇرغاق، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق كىلىماتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئىجادىي يوسۇندا بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى بىناكارلىق شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆي ئىچىگە تەكچە - مەرەپ چىقىرىش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا بار بولۇپ، ئۇ چاغلاردا بۇت قويۇلاتتى. بۇ خىل ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ۋاستىسى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەر (يوتقان - كۆرپە، چالغۇ ئەسۋاب، قاچا- قومۇچ، كىتاب قاتارلىقلار)نى قويىدىغان ئورۇن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى ھەرقايسى جەھەتلەردىن

---

[1] ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994- يىللىق 4- سان، 117- ، 118- بەتلەر؛ ئالىمجان مەخسۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005- يىللىق 6- سان، 96- بەت.

[2] رىشات گەنىج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاساسەن شەكىللىنىپ بولغان دېيىشكە بولىدۇ[1].

2. جامائەت (ئاممىۋى) قۇرۇلۇشلىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىم - مەرىپەت، سودا - سېتىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى راۋاجلانغان، كىشىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى شەھەرلەردىكى جامائەت سورۇنلىرىغا مەركەزلەشكەنىدى. مانا شۇنداق تەرەققىيات ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى شەھەر - بازارلاردا خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيىتى ھەمدە يېقىندىن ئومۇملاشقان ئىسلام دىنى تەرغىباتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رەستە - بازار، مەسچىت، مەدرىسە، سەيلىگاھ، مازار...... قاتارلىق جامائەت قۇرۇلۇشلىرى كۆپلەپ قۇرۇلغان ۋە ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلگەن[2].

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە مەسچىتلەر بىنا قىلىنىشقا باشلىغان. ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، قاراخانىيلار زېمىنىدا مەسچىت ئومۇميۈزلۈك سېلىنغان[3]. ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى قاراخانىيلار جامائىتىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئاساسەن مەسچىتلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، سۇلالىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەسچىت بىنا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم ئورنى. مەسچىت ئادەتتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىبادەت زالىدىن تەشكىل تاپقان. چوڭ مەسچىتلەر مەدرىسە، قازىخانا، سەراپخانا قاتارلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005- يىللىق 6- سان، 95-، 97- بەتلەر.

[2] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 202- بەت.

[3] ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995- يىلى 11- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 70- بەت.

بولـۇپ، شـەرق - غەرب يۆنىلـىشى بـويىچە ئورۇنلاشـتۇرۇلغان. چـوڭ دەرۋازىـسىنىڭ ئىچىدە ئىشىك زالـى بولـۇپ، دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىـپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئىككى يان تەرىپىگە ئەگـمە ئىـشىك ئېچىلغـان. پەشـتاق مۇنـارى بىـلەن چـوڭ دەرۋازىـسى قوشۇلۇپ پۈتۈن مەسچىتكە نىسبەتەن گـۈزەل مەنزىـرە هاسـىل قىلغان. ئىبادەت زالى مەسچىت ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولـۇپ، غەرب تەرەپ ئوتتۇرىسىغا مېهراب ۋە مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تاشقىرىقى قىسمى كەڭ كەتكەن ئالدى ئوچـۇق پېشايۋان ۋە كايۋانـدىن تەشكىل تاپقـان. جامە مەسـچىتلەر مەسـچىت ۋە مەدرىـسە دەپ ئىككـى قـىسىمغا بۆلـۈنگەن. ئىچكىرىكى قىسمىغا مەسچىت، تاشقىرىقى قىسمىغا مەدرىسە ئورۇنلاشـتۇرۇلغان.

مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپنى بەلگىلەش ئۈچۈن قىبلە (شىنجاڭغا نىسبەتەن غەربىي جەنۇب) تەرەپتىكى تامغا مېهراب ياسـالغان، مېهـراب يېنىغـا ئىمـام قىـرائەت قىلىـدىغان مـۇنبەر (سۇپا) ياسالغان. دەسلەپكى مەسـچىتلەر تـۆت چاسا شەكىلدە تـۈز ئۈگزىلىك قىلىـپ ياسـىلىپ ئالـدىغا پېشايۋان چىقىرىلغـان. مەسـچىت كـۆلىمىنى چوڭـايتىش ئۈچـۈن كېيىـنچە قاتـار تـۈۋرۈكلەر ئـارقىلىق لىمنـى تىـرەپ، بوشـلۇق هاسـىل قىلىـش ئـارقىلىق مەسـچىتلەرنىڭ ئىككـى يېنىغمۇ پېشايۋان چىقىرىلىدىغان بولغـان. تاهـارەت ئېلىش ئۈچـۈن سۇ بىـلەن تەمىنلەيـدىغان كـۆل (كـۆلچەك) يـاكى قۇدۇقمۇ تەييارلانغـان. كېيىـنچە هامـام - سـەراپلار بۇنىـڭ ئـورنىنى ئىگىلىگەن. مۇسۇلمانلارنى نامازغا چـاقىرىش ۋە نامـاز ۋاقتىنـى ۋاقتـى - ۋاقتىـدا مەلـۇم قىلىـپ تـۇرۇش ئۈچـۈن، دەرۋازا ئۈسـتىگە يـاكى مەسـچىتنىڭ قىـبلە تېمىـدىن باشـقا تەرىـپىگە پەشـتاق (ئەزان توۋلايـدىغان مۇنـار) ياسـالغان. ئىسلامىيەتتە «هـۈنەر - سـەنئەتنىڭ بىرىنچـى ۋەزىپىـسى «قۇرئـان كەرىـم» نـى، مەسچىتلەرنى زىننەتلەش» بولغاچقا، مەسـچىتلەر هە دېگەنـدىلا ئېسىل نەقىشلەر بىـلەن بېـزەلگەن. كېيىـنچە كىشىلەر ئارىـسىدا ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ۋە ئىسلام دىنىنـى تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىش، مەسچىتلەرگە قويۇق دىنىي تـۈس كىرگـۈزۈش ئۈچـۈن ئەرەبچە

ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى مەسچىتنىڭ مېھراب ئەتراپىغا ۋە باشقا تاملىرىغىمۇ نەقىش قاتارىدا چۈشۈرۈلىدىغان بولىدى. بىناكارلار ئەڭ ياخشى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن مەسچىتلەرنى پۇختا ۋە كۆركەم قىلىپ ياسىدى، نەققاشلار ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مۇنەۋۋەر نۇسخىلار بىلەن مەسچىتلەرنى بېزىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى نەتىجىسىدە مەسچىتلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان بولغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مېمارچىلىق سەنئىتى راۋاجلىنىپ، مەسچىت ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى، يەنى مەسچىتلەر ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقى، مۇقەددەسلىكىنى چىقىش قىلىپ لايىھەلەندى ۋە بېزەلدى. ئىسلام پەيلاسوپلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە ئەدىبلىرى مەسچىتنىڭ «جامال»ى — گۈمبىزىنى ئاللانىڭ گۈزەللىكىگە؛ «جالال»ى — مۇنارىنى ئاللانىڭ مۇقەددەسلىكىگە؛ «سۈپىتى»نى — سىرتقى تام يۈزىدىكى نەقىش ۋە ئايەتلەرنى — ئاللانىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقان. مانا بۇ تەرىپىمۇ مەسچىتلەرنىڭ مۇنار، گۈمبەز ۋە ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەرىپلەيدىغان ئەرەب ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدىكى ئايەتلەرنىڭ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان. روشەنكى، بۇلار ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە، ھەم ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان[①]. بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام مەسچىتى ئارتۇچ (ئاتۇش)نىڭ مەشھەد دېگەن جايىدىكى سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا سېلىنغان مەسچىت ئىدى. مىلادىيە 955 - يىلى سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇشۇ مەسچىت يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

قاراخانىيلار تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت توغرىسىدا جەمال قارشىنىڭ

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 205 - ، 207 - بەتلەر.

«مۇلھەقاتى سۇرراھ» (سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: «ناسىر شاھزادە ئاتۇشنىڭ ھۆكۈمدارى بولغاندىن كېيىن، ئاتۇش ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى يىغىلىدىغان سودا مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ سودىگەرلەر ھەر خىل ماللارنىلا ئېلىپ كەلمەستىن، يەنە ئىسلام دىنىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن. بىراق، بۇ چاغدا ئاتۇشتا تېخى مەسچىت بولمىغاچقا، ئۇلار ئوغۇلچاقتىن بۇ جايغا مەسچىت ياساشقا ئىجازەت قىلىشنى ھەمدە پەقەت كالىنىڭ تېرىسىچىلىك چوڭلۇقتىكى يەر بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئوغۇلچاق ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى ئىنچىكە قىلىپ تىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر پارچە يەرنى دائىرىگە ئېلىپ شۇ جايغا مەسچىت ياسىغان[1]».

ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار زېمىنىدا ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، خانلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قەشقەر بوستانلىقىنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەر سېلىنىشقا باشلىغان. يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردا ئىككى مەسچىتنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. بىرى، يەكەن رابول كەنتىدە بولۇپ، «ئىساق جارۇپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى، يەكەننىڭ سىمناس كەنتىدە بولۇپ، «يەھيا ئىنار ئەر ھاجىپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى مەسچىتنىڭ يىل دەۋرى ھىجرىيە 474 — 494 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1082 — 1101 ـ يىللىرى)غا، كېيىنكىسى ھىجرىيە 515 — 525 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1121 — 1136 ـ يىللىرى)غا توغرا كېلىدۇ. بۇ يىل دەۋرلىرىنى ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا، يەكەندىكى بۇ مەسچىتلەرنىڭ ياسالغان يىل دەۋرىنى مىلادىيە 1005 — 1006 ـ يىللار دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ ھەم

---

[1] «يىپەك يولىغا ساياھەت»، خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ سان، 16 ـ بەت (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 208 ـ بەتتىكى نەقىل).

بۇ مەسچىتلەر ئىلمىي تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەسچىتلەر قاتارىغا كىرىدۇ[1].

قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى — مەدرىسەلەر ئىدى. مەدرىسە ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىسلام ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، پادىشاھ نامىدىكى مەدرىسەلەر چوڭ، كۆركەم ياسالغان. شەخسلەر نامىدىكى مەدرىسەلەر نىسبەتەن كىچىك ياسالغان. مەدرىسەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن مەسچىتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشى ۋە تالىپلارنىڭ ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان دەرسخانا، مەسچىت، قىرائەتخانا، مۇدەررىس ئىشخانىسى، ياتاق، سەراپخانا قاتارلىق بىر يۇرۇش ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاتاقلىق مەدرىسە بىنالىرى، مەيلى كىچىكرەك مەدرىسە بىنالىرى بولسۇن، ناھايىتى مول نەقىشلەر ۋە بېزەك - كۆرۈنۈشلەر بىلەن پەردازلىناتتى. تاملىرى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، گۈمبەزلىرى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزىلەتتى. دېرىزىلىرىگە ئەينەك قويۇلاتتى. ئادەتتە چوڭ مەدرىسەلەردە نۇرغۇن تالىپ سىغىدىغان دەرسخانىلار، ئىشخانىلار، ياتاق ئۆيلەر، سەراپ، ئاشخانا ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانىلار بولغانىدى. ئەينى دەۋرلەردە قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خاقانلار تەرىپىدىن «ساچىيە مەدرىسەسى» ۋە «ھەمدىيە مەدرىسەسى»، «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» قاتارلىق مەدرىسەلەر قۇرۇلغان. بۇ مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزلىرىگە ئايلانغان. شۇڭا، جەمال

---

① لىن مېيسۇن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى 1992- يىللىق 4- سان، 114-، 115- بەتلەر؛ لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995- يىلى 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 481-، 488- بەتلەر.

قارشى شۇ دەۋردىكى قەشقەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئىلىزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر» دەپ يازغان[1].

بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بۇرۇنقى بوتخانىلارنىڭ ئورنىغا خانىقا ۋە مەكتەپلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تاكى تاغقا تۇتاشقىچە تۇرار جاي ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار تاغقا چىقىپ مەشھەد يېزىسىدىكى ئالتۇن مۇنارلىق بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى. ھازىرقى قەشقەر كوناشەھىرىنىڭ ئورنىدىمۇ «تۈمەن» ناملىق بىر چوڭ سەيلىگاھ بولۇپ، بۇ جاي دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سەيلىگاھى ئىدى، شۇنداقلا چەت ئەل ئەلچىلىرى چۈشىدىغان چوڭ ساراي، مەسچىتلەرمۇ مۇشۇ جايدا ئىدى[2]. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بۈيۈك ئۆيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە «سۇلتانباغ» (خان بېغى)، تەكيەگاھ (ئەلچىلەرنى كۈتىدىغان مېھمانخانا) ۋە «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىسە بولغان[3].

مازار ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق خان - پادىشاھ، مەشھۇر دىنىي زاتلار ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرى دەپنە قىلىنىدىغان ئورۇن بولۇپ، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. يەر ئاستىغا قەبرە ئىگىسى دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستىگە قەبرە قاتۇرۇلغان ۋە خاتىرە ئىمارەت ياسالغان. پادىشاھ، خان ئەۋلادى، ئالىم ۋە ئۆلىما كىشىلەرنىڭ مازىرى چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان بولۇپ، پۇقرالارنىڭ قەبرىسى ئۇلارنىڭ مازىرىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازار ئادەتتە مازار چوڭ دەرۋازىسى ۋە روزى مەرىكىسى (قەبرىگاھى) دىن تەشكىل تاپقان.

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 - يىللىق 3 - سان، 100 - ، 101 - بەتلەر.

[2] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى.

[3] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 - يىللىق 3 - سان، 100 - ، 101 - بەتلەر.

كۆلىمى چوڭ بولغان مازارلاردا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، مەسچىت، مەدرىسە قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەر كېڭەيتىپ ياسالغان ۋە قەبرىگاھنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئۆز ئورنىنىڭ ئۆلتۈرۈشلۈق قورۇ-جاي بىناكارلىقىدىكى «ئايۋان - ساراي»، «باغ - ھويلا» شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىچكىرى - تاشقىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاساسلىق ئىمارەتلەر بىلەن قوشۇمچە ئىمارەتلەر بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر يۈرۈش ئىمارەتلەر توپىنى تەشكىل قىلغان. سىرتقى مۇھىت شارائىتىنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئىچىگە كۆل ياكى قۇدۇق قېزىش، ئەتراپىغا دەل - دەرەخ قويۇپ كۆكەرتىش، باغ ياساش ئارقىلىق گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان ۋە ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولۇپ، ئۇ يالغۇز مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ساياھەت، دەم ئېلىش ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى ئورۇنغا ئايلانغان①.

قاراخانىيلار دەۋرىدە بىنا قىلىنغان مازارلار ئاساسەن «غازات»تا شېھىت بولغان ياكى ئىسلامىيەت يولىنى تۇتۇپ ۋاپات بولغان ھۆكۈمدارلارنىڭ قەبرىگاھى ئورنىغا ياسالغان. تەبىئىيكى، مازار ئىگىسى بولغۇچى ئەمدىلا ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا كىرگەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زور تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن كاتتا مازار بىنا قىلىشقان ھەمدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئاسراپ، رېمونت قىلىپ ساقلىغان. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مازار قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن تۆت چاسا شەكىلدە، تۈز

① ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 1- سان، 40- بەت.

تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تاملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۈلىنىڭ سىرتقى يۈزىگە گۈللۈك خىش ئىشلىتىلگەن. ئۈگزىسىگە رەڭلىك كاھىش چاپلانغان، تام يۈزىگە رەڭلىك كاھىش ياكى گۈللۈك خىشلارنى بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان گېئومېترىيەلىك نۇسخىدىكى ۋە گۈل - گىياھ نۇسخىسىدىكى نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. مازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يەنە ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرىمۇ نەقىشلەر بىلەن بىر قاتار ئىشلىنىپ، تامنىڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە «گۇمبەزەتۇل خاقانىيە» ناملىق خانلار قەبرىستانلىقى بولغاندىن سىرت، يەنە سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئارسلانخان مازىرى، سۇبۇق تېكىن مازىرى، ئالىپ تېكىن مازىرى، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى، قىلىچ بۇغراخان مازىرى، ئىماملىرىم مازىرى، بۇۋى رابىيەم مازىرى (بۇ مازارلارنىڭ تولىسى ئوپالدا) قاتارلىق نۇرغۇن مازارلار بىنا قىلىنغان. ئەمما، 1000 يىلدىن بۇيانقى ئۇزاق جەرياندا بۇلارنىڭ بەزىلىرى تاشلىنىپ قالغان، بەزىلىرى بىرنەچچە قېتىملاپ قايتا ياسىلىپ، ئەسلىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالالمىغان بولغاچقا، بىناكارلىق ئۇسلۇبى، سەنئىتى، ماتېرىيالى، نەقىش بېزىكى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىزمىز[①]. ھالبۇكى، ھازىر قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يېگانە نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدىغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى، ئاپاق خوجا مازىرى، يەكەن ئالتۇنلۇق مازىرى ۋە سۇتۇق بۇغراخان مازارلىرى گەرچە قايتا ياساپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ۋاقىت جەھەتتىن بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كەلگەن مازارلار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ۋارىسچانلىقىغا، ئىزچىللىقىغا ئىگە بولغان ۋەكىللىرى بولۇپ، تا ھازىرغىچە خەلقىمىز

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 212-، 214- بەتلەر.

ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن دەسلەپكى ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ داۋاملىشىشى، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3. شەھەر قۇرۇلۇشى

قەدىمكى قەشقەر «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا قاتارلىق جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ھەمدە تارىم ۋادىسىدىكى مۇھىم مەركەزلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئەينى چاغلاردا قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا شەھەر - بازارلار بارلىققا كېلىپ، خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە شەرق - غەرب سودىگەرلىرى «يىپەك يولى»نى بويلاپ بۇ خانلىقنىڭ شەھەر - بازارلىرىغا كەلگەچكە ۋە ئۆتكەچكە، قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى شەھەر - بازارلاردا چوڭ - كىچىك سودا كارۋانلىرى چۈشىدىغان سارايلار ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان زور كۆلەملىك رەستە - بازارلار ياسالغانىدى. ئەينى دەۋردە قەشقەر خانلىقنىڭ مەركىزىي شەھىرى ۋە دىنىي مەركىزى بولۇش سۈپىتىدە شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىغا ماسلاشقان جامائەت قۇرۇلۇشلىرى جەھەتتىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، شەھەر مۇئەسسەسەلىرى ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپ — خان جەمەتى، ئەمەلدارلار، يۇقىرى تەبىقىدىكى دىنىي زاتلار ۋە باشقا ھۆكۈمران سىنىپلار، باي سودىگەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوردا - قەسىرلەر، مەيدان - باغچىلار، مەسچىت - مەدرىسەلەر ۋە ساراي - بازارلارنىڭ سانى كۆپەيگەن. خانلىقتىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى تۈپەيلىدىن، شەھەر - بازارلارنىڭ بارلىققا كېلىشى تېز، كېڭەيتىپ قۇرۇش، كەسپلىشىشى يۇقىرى بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردە قەشقەرنى مەركەز قىلغان «شەھەر مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلگەنىدى.

قاراخانىيلار تەۋەسىدە قەدىمىي ۋە يېڭى شەھەرلەردىن ئوردۇكەنت (قەشقەر)، بالاساغۇن، ياركەنت (يەكەن)، ئۇدۇن (خوتەن)، بارچۇق، ئاقسۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر بار ئىدى. قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەھىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. يازما مەنبەلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە شەھەرلەر ئوردۇ، كەنت ۋە بالىق دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي جەھەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغان، يەنى ئوردۇ (ئوردا) دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرلەر مەخسۇس خانلار تۇرىدىغان پايتەخت شەھەرگە قارىتىلغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە «ئوردۇ — خان شەھىرى، بۇنىڭدىن ئىلىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر ‹ئوردۇ كەنت› دېيىلىدۇ» دەپ يازغان[1]. بۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي پايتەختى بولغان بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇز (شىمال) ئوردۇ» دەپ ئاتالغان.

كەنت دېگەن بۇ سۆزنى ئۇيغۇرلار قەدىمدە شەھەر مەنىسىدە قوللانغان. ئوغۇزلار بولسا «يېزا» دېگەن مەنىدە قوللىناتتى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «كەنت — شەھەر، شۇنىڭدىن ئىلىپ قەشقەر ‹ئوردۇكەنت› دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان[2]. قاراخانىيلار زامانىسىدا شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق ۋە باغلارنىڭ «كەنت كۆكى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «بۇ شەھەر (ئوردۇكەنت) نىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» دەپ قەيت قىلىشى ۋە ئۆزكەنت (ئۇزكەنت)، چىمكەنت، ياركەنت دېگەن قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يەر ناملىرىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، كەنت مەنزىرىسى گۈزەل، تەبىئىي ئورمان بىلەن قاپلانغان ھاۋالىق شەھەرلەرگە قارىتىلغان

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى 8- ئاي نەشرى، I توم، 168- بەت.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى 8- ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 447- بەت.

بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرىكى زامانلارغا ئوخشاشلا شەھەرلەر سېپىل بىلەن قورشىلىپ، دېھقان - چارۋىچى ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرى شەھەر دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ئۈستىگە تۇر ياسىلىدىغانلىقى، بۇنداق سېپىللارنىڭ «قوقتا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، «تام» سۆزى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا سېپىل، قەلئە ۋە تام مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقى، بۇ تۇرلارنىڭ شەھەر سىرتىدىكى تاغ ياكى دۆڭلۈكلەرگە ياسالغان «قارغۇي» ياكى «قارغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قوروُلۇشلار بىلەن ئوت يېقىش ياكى ئىس قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق خەۋەرلىشىدىغانلىقى مەلۇم[①].

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سۇتۇق بۇغراخان ھازىرقى بۇلاقبېشى دېگەن جاينىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈكتە ئوردا قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ جاينى مەركەز قىلىپ ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىدە ھازىرقى خام بازىرىنى، شەرقتە ئاۋاتقاي (ئوراتقاي) مەھەللىسى، ھېكىم ئاغىچام كوچىسىنى، شىمالدا جانقورغان مەھەللىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 4 — 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئايلانما سېپىل سوقتۇرۇپ، شەھەر مەركىزى (ئوردا) نى سېپىل ئىچىگە ئالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر ئوردۇكەنت دەپ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھلىشىچە، «ئوردۇكەنت» دېگەن سۆز «خان تۇرىدىغان شەھەر» دېگەنلىك بولىدىكەن. شەھەرنىڭ شەرق، شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىدىن بىردىن دەرۋازا ئېچىلغان. بۇ دەرۋازىلار ئوردا

---

① ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 4 - سان، 119 - 120 - بەتلەر.

ئىشىكى، قارىقىر دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى ۋە توققۇزاق دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان[①]. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، قەشقەر (ئوردۇكەنت) ئۇزاق مەزگىل پايتەخت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر كۆلىمى كېڭىيىپ، شەھەر قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېزىشىچە، قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، مۇھىتى گۈزەل بولغاچقا، خان بۇ يەرنى پايتەخت قىلىپ تاللىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كەنت — شەھەر، قەشقەر ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ. بۇ، خان تۇرىدىغان شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ جاينىڭ ھاۋاسى ساپ بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ بۇ جايدا تۇرغان» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 448-بەت). بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر شەھىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەرق تەرىپىدە خانىقا ۋە مەدرىسەلەر سېلىنغان، ئۇنىڭ ئەتراپلىرى تاغقا تۇتاشقىچە تۇرالغۇ جاي بولغان. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار مەشھەد يېزىسىدىكى ئالتۇن مۇنارلىق بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىنى كۆرەلەيتتى. ھازىرقى قەشقەر كونا شەھىرىنىڭ ئورنىدىمۇ «تۇمەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ سەيلىگاھ بولۇپ، بۇ جاي دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سەيلىگاھى بولغان، چەت ئەل ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى چۈشىدىغان چوڭ ساراي ۋە مەسچىتلەرمۇ مۇشۇ جايدا ئىدى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ غەرب تەرىپىدىمۇ «سۇلتانباغ» (خاننىڭ بېغى ياكى خانلىق باغ دېگەن مەنىدە) نامىلىق بىر چوڭ باغ بولۇپ، شەھەرگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. شەھەردىكى مەسچىت، مەدرىسە، ئوردا، سارايلار پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان، ئىمارەتلەرنىڭ ئالدى ۋە يانلىرىغا، گۈمبەز مۇنارلىرىنىڭ سىرتىغا رەڭلىك كاھىشلار چاپلانغان. بازار كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار - قاتار سېلىنغان دۇكانلار، ئاشخانىلار، سەراپ - هامماملار، رەستە - سارايلار بىلەن تولغان بولۇپ، شەھەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھايات ئىنتايىن جانلانغان.

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى.

قەشقەر ئەينى دەۋردە پەن - مەدەنىيەت گۈللەنگەن، خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئالىملار، شائىرلار، ئۆلىمالار ۋە مەشھۇر تېۋىپلار توپلانغان داڭلىق ئىلىم مەركىزىگە ئايلانغان. شۇڭا، جامال قارشى قەشقەرنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي»[①].

1264 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدە شەھەر رايونى ئاساسىي جەھەتتىن خارابىلىككە ئايلانغان.

### 3. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى قەشقەر

1514 - يىلىدىن 1678 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى يەكەننى پايتەخت قىلغان يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر قوشۇمچە پايتەخت قىلىنىپ، ھازىرقى ئورنىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ھەمدە شەھەر قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى تېخىمۇ تولۇقلانغان كاتتا شەھەر رايونى بارلىققا كەلگەن. شەھەر ئىچىدە رەستە - كوچىلىرى ئاۋات، قەۋەتلىك بىنالىرى رەتلىك تىزىلغان ھەيۋەتلىك شەھەر شەكىللىنىپ، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 25 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مۇشۇ دەۋردە قەشقەرنىڭ مۇستەھكەم، مەزمۇت سېپىلى بولۇپ، بوستان ئۆتۈش قىيىن ئىدى. يېزا - قىشلاقلىرى ئاسايىش، ئاھالىسى تەرتىپ - ئىنتىزاملىق، باغىۋارانلىرى ناھايىتى كۆركەم، مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالىرىنىڭ ھېسابى يوق، ساخاۋەتخانا، دارىلشىپاخانىلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى[②]. «تارىخى رەشىدىي» دىكى «يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقانلار قەشقەرنى چىرايلىق ۋە نازاكەتلىك شەھەر دېيىشىدۇ، چۆل - جەزىرىلەردىن كەلگەنلەردىن سورىساڭ

[①]، [②] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 204 - ، 252 - بەتلەر.

قەشقەرنى جەنـنەتكە ئوخشىتىدۇ»[1] دېـگەن بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ دەۋردىكى شەھەر قىياپىتى ئىنتايىن گۈزەل بولغان[2].

ھىجـرىيە 940- يىلـى (مىلادىـيە 1533- يىلـى) مىـرزا ھەيـدەر تەرىپىدىن ھازىرقى قەلئەنىـڭ بىـر قىـسمى بولغان ئورۇنغا يۆتكىلىپ، ئاۋات قىلىنغانـىدى. شـەھەرنىڭ ئـورنى نىسبەتەن ناھـايىتى كىچىك ئىدى. بۇنىڭدىن «ئىچكىرىكى شەھەر» دەپ ئاتالغان قىسمى ساقلىنىپ كەلگەن. «توققۇز دەرۋازا»، «قارىقى دەرۋازا» دېـگەن نـاملار دائىرىـسى ئىچىدىكى ئورۇن ئەنە شۇ بۇرۇنقى شەھەر قەلئەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ شەھەر كىچىك سېلىنغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرنىڭ تەلپى كېڭەيتىشنى خالىمىغانلىقتىن، كېڭەيمەي قېلىۋەرگەنىدى[3].

#### 4. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر

چىـڭ سۇلالـىسى دەۋرىـدە قەشـقەر «كونـا شـەھەر» ۋە «يېڭـى شـەھەر» دەپ ئىككـى قىـسىمغا بۆلـۈنگەن. كونـا شـەھەردە ئۇيغـۇرلار ئولتۇراقلاشـقان. يېڭىـشەھەر ئەسـلىي چىـڭ سۇلالـىسىنىڭ ھەربىـي گازارمىـسى جايلاشقان يەر بولـۇپ، كېيىن تەدرىجىي شـەھەر بولغان. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىـڭ ھەربىي ئەمەلـدارلىرى ۋە ئۇلارنىـڭ ئـائىلە تاۋابىئـاتلىرى، ئەسـكىرىي قوشـۇن، سـودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر ۋە بىر قىسىم پۇقرالار تۇرغان. «يېڭىشەھەر» بىلەن «كونا شەھەر» ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك مال ئالماشتۇرىدىغان بازار بولغان.

1760- يىلـى چىـڭ سۇلالـىسى ھۆكـۈمىتى قەشـقەردە مەسلىھەتچى ۋەزىر تۇرغۇزغاندىن كېيىن، بۇ يەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىنىي مەركىزىگە ئايلانغان، نوپۇسى كۆپىيىپ

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 267- بەت.

[2].[3] ئـابلىكىم تـوختى: «قەدىمـىي شـەھەر قەشـقەرنىڭ شـەھەر قۇرۇلۇشـى تـارىخى ۋە ئەنئەنـىۋى ئولتـۇراق ئـۆي سـەنئىتى»، «شـىنجاڭ ئىجتىمـائىي پەنـلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001- يىللىق 2- سان.

ئەسلىدىكى شەھەرگە پاتماي، بوگۇنكى ئازادلىق يولىنىڭ غەربىگە كېڭىيىشكە باشلىغانىدى. 1760 ـ يىلى ئەسلىدىكى كونا شەھەرگە 1000 مېتىر كەلمەيدىغان يەرگە يېڭىدىن يۇمىلاقشەھەر بىنا قىلىنغان. 1839 ـ يىلىغىچە يۇمىلاقشەھەر بىلەن كونا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئاھالىلەر ئۆيلىرى سېلىنغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرغۇزغان ھاكىمبېگى شەھەرنى كېڭەيتىش قورۇلۇشىغا باشچىلىق قىلىپ، شەھەرنىڭ غەربىي سېپىلىنى بوگۇنكى يۇمىلاقشەھەر يولىغىچە ئاپىرىپ، يۇمىلاقشەھەر بىلەن ئۇلاپ، ھازىرقى كونا پوچتىخانا ئورنىدىكى يېڭىدىن ئېچىلغان «قۇمدەرۋازا»نى شەكىللەندۈرگەنىدى. 1898 ـ يىلىغا كەلگەندە يۇمىلاقشەھەر شەھەر چەمبىرىكى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. سېپىل ئايلانمىسى 12.7 لى بولۇپ، ئەسلىدىكى شەرقىي شەھەر سېپىلىگە تېگىلمىگەن، شىمالىي قىسمى بوگۇنكى يارباغ يولى ئاغزىدىكى 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ ھازىرقى قەشقەر تاموژناسىنىڭ ئورنىغىچە بېرىپ بىر دەرۋازا قويۇلغان، جەنۇبقا ئېگىلىپ بوگۇنكى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سېپىلنى ئايلىنىپ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە 41 ـ تۇەن مېھمانخانىسىنىڭ شىمالىي ياقىسىغىچە كەلگەن. ئاندىن غەربىي خەلق يولىنى بويلاپ جەنۇب تەرەپتە ھازىرقى شەھەرلىك پارتكوم بىناسى تۇرۇشلۇق ئورۇنغىچە سوزۇلۇپ كونا سېپىل بىلەن تۇتاشقان. بۇ بىر بۆلەك سېپىل 1949 ـ يىلىغىچە پۈتۈنلەي مەزمۇت تۇرغان. شۇ چاغدىكى كونا قىياپىتىدىن قارىغاندا، كۆلەم جەھەتتە جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنىڭ ئىچىدە چوڭى ھېسابلىناتتى. شەھەر ئىچىدىكى كوچىلىرى ئۆزئارا كېسىشىپ، بازار رەستىلىرى ھەممە يەردە بار ئىدى[1].

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى رەتلەنگەن. بازار ـ رەستىلەر، قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ

---

① جالالىددىن... 

دۇكانلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك مۇلازىمەت سورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، شەھەر قىياپىتى يېڭىلانغان. شەھەر ئاھالىسىمۇ تېزدىن كۆپەيگەن. مۇشۇ مەزگىلدە ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەر ئوتتۇرىسىغا ئېلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مەركىزىي سورۇنغا ئايلانغان ۋە «ھېيتگاھ جامەسى» دەپ ئاتالغان. شەھەر سېپىلى پۇختىلانغان ۋە كېڭەيتىپ سوقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆت دەرۋازا قويۇلغان. شەھەرنىڭ شەرقتىكى «تۆشۈك دەرۋازا» دەپ ئاتىلىدىغان دەرۋازىسىغا شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن نورۇز ئاخۇن كاتىپنىڭ بۇ شەھەر ۋە شەھەر سېپىلى توغرىسىدا يازغان شېئىرى ئويۇلغان[1]. قەشقەر شەھەر قۇرۇلۇشىمۇ تارىختىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ماس ھالدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن، شەھەر قۇرۇلۇشىدا قويۇق ئىسلام دىنىي تۈسىنى ئالغان بىنالار (مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا......) شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان ھالدا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تولىمۇ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئولتۇراق ئۆيلەر، چوڭ يولغا تۇتاشتۇرۇلغان قاتار - قاتار كوچىلار، چوڭ يول بويلىرى ۋە دوقمۇشلارغا سېلىنغان ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار بىرلىشىپ بىر پۈتۈن شەھەر گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇلاردا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى ئۇستىلىق بىلەن جانلىق ھالدا قوللىنىلغان بولغاچقا، قەشقەرنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئۆزىگە خاس مىللىي پۇراققا ئىگە شەھەر قىياپىتى روشەن ھالدا گەۋدىلەنگەن[2].

بۇ ھەقتە شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى، مۇتەپەككۇر شائىرى ئابدۇرەھىم نىزارىي ئۆز شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغاندى:

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى، 274- بەت.

② ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001- يىللىق 2- سان.

كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەش تارىخى پەيغەمبەر،
بىنا ئەتتى شەھەرنى شاھ زوھۇرىددىن بەلەند ئەختەر.
دىيارى خەلقىنىڭ ھالىغا رەھمە ئەيلەپ ھىدايەتتىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم ئۇل گوياكى سەددى ئىسكەندەر.

نورۇز ئاخۇن كاتىپمۇ ئۆز شېئىرىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنى ئەنە شۇ مەزمۇندا مۇنداق ئۇلۇغلاپ كۈيلىگەنىدى:

شاھ زوھۇرىددىن سولۇي ئامبال قىلىپ شەھەرنى بىنا،
ھىممەت ئالغان بۇ شاھقا بارىكاللا مەرھابا.
ئەلئەدەر سائادىت ۋە قىلمىشتۇر پەلەكتىن بىر نىشان،
بۇ بىنا تەمىرىنىڭ تارىخىغا ئەختەر ئىدا.

يۇقىرىقى شېئىرلاردىن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ شەھەرنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە ئالاھىدە كۈچ چىقارغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ بۇ قېتىمقى سېپىلىنى سوقۇشتا تولىمۇ تېز تۈگۈش قىلغانلىقتىن، بىرقانچە ئاي ئىچىدىلا ياسىلىپ بولغان. يۇقىرىقى شېئىرلاردىن سېپىلنىڭ ئوخشاشمىغان يىللار ئىچىدە ياسالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئابدۇرەھىم نىزارىي ھىجرىيە 1255 ـ يىلنى كۆرسىتىدۇ. نورۇز ئاخۇن كاتىپ «ئەختەر ئىدا» سىدا ھىجرىيە 1256 ـ يىلنى كۆرسىتىدۇ. قارىماققا ئارىلىقتا بىر يىل پەرق بارلىقى ناھايىتى روشەن. لېكىن، بۇنى تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ھەر ئىككىسىنىڭ توغرا بولۇپ، سېپىلنىڭ قۇرۇلۇشى 1255 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، 1256 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا پۈتكەنلىكى مەلۇم.

بۇ قېتىملىق شەھەر پىلانى ئەسلىدە شىمالدا تۈمەن دەرياسى، جەنۇبتا قىزىل دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يانداشتۇرۇپ سىلىنماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ چوڭ مولۇللىرىدىن بولغان موللا سادىق ئەلەم ۋە تۆردى شەيخ دېگەنلەرنىڭ ئارقىدا غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ قارشى چىقىشى بىلەن پىلان

ئۆزگەرتىلىپ، كىچىكلىتىلگەن. بۇلار ئۆز شىكايەتلىرىدە: «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۆزى تۇرپانلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ قەبرىسىنى شەھەر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرمەكچى......» دېگەن سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتقان. بۇ سۆزلەردىن رەنجىگەن ھاكىمبەگ، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ گۈمبىزىنى شەھەر سىرتىدا قالدۇرۇپ، موللا سادىق ئەلەمنىڭ شىمال تەرەپتىكى (تۆرە يارباغ دېگەن جايدىكى) بېغى بىلەن تۇردى شەيخنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى (قۇم دەرۋازىدىكى) بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئانا تارتىپ، شەھەر دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ، سېپىلنى ئۇلارنىڭ بېغى ئۈستىگە سېلىپ جازالىغان. شەھەرنىڭ ئاشۇ ھالىتى تاكى 1950 - يىللارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

قەشقەر شەھىرى گەرچە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭىدىن قوشۇلغان جايلىرى بىردىنلا ئاۋات بولۇپ كېتەلمىدى، بولۇپمۇ غەرب تەرەپتىكى سازلىق بىلەن گۆرىستانلىق كىشىلەرنى كۆڭۈلكتۈرەلمىدى. پەقەت بىرقانچە يىللاردىن كېيىن جەنۇبتا قوزغالغان راشىدىن خوجا قوزغىلىڭى ئەسناسىدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرەپتىكى يېڭى قىسمى ئاۋاتلاشتى، بولۇپمۇ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ كېڭەيتىپ قايتا ياسىلىشى ۋە بارلىق ھېيت - بايرام مۇراسىملىرىنىڭ بۇ جايدا ئۆتكۈزۈلۈشى بۇ قىسمىنىڭ تېخىمۇ ئاۋات بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ياقۇپبەگنىڭ ئوردىسى دەپ ئاتالغان باش مەمۇرىي ئورگانىنىڭ دەرۋازىسى شۇ تەرەپكە قارىتىلغانلىقتىن، «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتالدى. ھېيتگاھ مەيدانى بىلەن ئوردا ئالدى ئارىلىقىدىكى جاي چەت ئەللىكلەر تۇرىدىغان ئورۇن بولغانلىقتىن «ئەلچىخانا» دەپ ئاتىلىپ، شەھەرنىڭ ئاساسىي مەركىزى بولۇپ قالدى. 1878 - يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى.

قەشقەرگە كېلىپ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان لى جۇيا بەزى جايلارنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ھېيتگاھ مەيدانى ئۆز رولىنى يوقات-

-مىغانىدى. ھىجرىيەنىڭ 1315 — 1317 - يىللىرى (مىلادىيە 1898 - يىلى) لۈيجى دارىن شەھەرنىڭ غەربىگە يانداپ سالدۇرغان كىچىك قەلئە شەھەر دائىرىسىنى يەنىمۇ زورايتتى. بۇ كىچىك قەلئە يۈملاق دائىرىلىك سېپىل ئىچىگە ئېلىنغانلىقتىن، خەلق بۇنى «يۈملاقشەھەر» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ غەربىگە قۇرۇلغان دەرۋازىسى بۇ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يېزىلارغا قاتنايدىغان ئېغىز بولۇپ قالغانلىقتىن، خەلق ئۇنى «يېڭى دەرۋازا» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى تۆتكە يېتىپ، شەھەر قاتنىشىدا خېلىلا ئوڭايلىق تۇغۇلدى.

ھىجرىيەنىڭ 1326 - يىلى (مىلادىيە 1909 - يىلى) لوشەنتۈي تەرىپىدىن يۈملاقشەھەرگە چوڭ بىر يامۇل سالدۇرۇلدى. خەلق بۇنى «شەتەي يامۇلى» دەپ ئاتىدى. 1912 - ، 1923 - يىللىرى قەشقەردە دەۋر سۈرگەن ھەربىي قوماندان شەتەي لۈيجاڭ ماجىنۇ مۇشۇ جايدا تۇرغانىدى. ماجىنۇ سېپىلنىڭ ئۈستىگە يانداپ تۆت قەۋەتلىك راۋاق سالدۇرۇپ، شەھەرگە سۈرلۈك تۈس پەيدا قىلدى. راۋاقنىڭ تۆت ئەتراپى ئەينەكتىن ياسالغاچقا، ئالاھىدە كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلدى. راۋاق خېلىلا ئېگىزلىككە ياسالغانلىقتىن، ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغان كىشى شەھەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىلالايتتى. شۇنىڭدەك راۋاقنىڭ ئالدىدىكى «يۈملاقشەھەر كۆلى» دەپ ئاتالغان چوڭ كۆلنىڭ ھاۋاسى ۋە مەنزىرىسىدىن كۆڭۈل ئاچالايتتى.

بۇ قورغانچىنىڭ ئەسلىي نامى كونا گۈلباغ بولۇپ، مىلادىيە 1554 - يىلى قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ھەيدەر ياساتقان تۆت باغنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئۇ جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. شۇنداق بولسىمۇ، مانجۇلار بۇ يەردە يەنە ھەربىي قىسىم تۇرغۇزدى. بۇ جاي ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە يەنە تاشلىنىپ قالدى، كېيىن زورۇڭتاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كەلگەندىن تارتىپ يۈملاقشەھەر ھەربىي لاگېر بولۇپ قالدى.

قەشقەر شەھىرى يېقىنقى بىر ئەسىر داۋامىدا «كونا شەھەر»، «يېڭى شەھەر» دېگەن ئىككى قەلئەگە بۆلۈندى. يېڭى شەھەرنى تۇڭ دارىن دېگەن كىشى 1854 - يىلى بىنا قىلدۇردى. يېڭى شەھەر

قەلئەسى كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىغا 9 كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاندى، بۇ قەلئە شۇ زاماندىن تارتىپ ھەربىي لاگېر بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، ياقۇپبەگنىڭ «قوش بەگلىك مەھكىمىسى»، جىن شۇرېننىڭ «سىنجاڭ يامۇلى»، گومىنداڭنىڭ «جەنۇبىي سىلىڭبۇسى» مۇشۇ شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا تارىخنىڭ ئۆزى شاھىت[①].

## 5. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قەشقەر

قەشقەر شەھىرى 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گوۋۇيۇەننىڭ تەستىقى بىلەن كوناشەھەر ناھىيەسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ «شەھەر» بولۇپ تەسىس قىلىنغان. قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ بۈگۈنكى گەۋدىسى سابىق كوناشەھەر ناھىيە بازىرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 12.7 چاقىرىم بولۇپ، كۆلىمى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىن چوڭ ئىدى. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا شەھەر كۆلىمى 4 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دائىرىسى ھېيتگاھ جامەنى مەركەز قىلىپ جەنۇبتا بۈگۈنكى غەربىي خەلق يولىغىچە، غەربتە بۈگۈنكى يۇمىلاقشەھەر يولىغىچە، شىمالدا بۈگۈنكى سەمەن يولىنىڭ شەرقىي ئۇچى ۋە يارباغ يولىغىچە، شەرقتە بۈگۈنكى چاسا يولىنىڭ شەرقىدىكى سېپىلغىچە يېيىلغانىدى. بۈگۈنكى ئۆستەڭبويى يولى بىلەن ئەنجان رەستىسى سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر توپلاشقان جايلار ئىدى. بۈگۈنكى چاسا يولى بىلەن شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كونا قۇمدەرۋازا يولىنىڭ غەربىي تەرىپى مىللىي ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركەزلەشكەن جايلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىزنالىرىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. يامۇل ۋە باي ـ سودىگەرلەرنىڭ تۇرار جاي ۋە سودا سارايلىرى، شۇنىڭدەك چەت ئەللەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق

---

① ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئۇلتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان.

كونسۇلخانىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتىكى ئۆي - ئىمارەت ۋە دۇكانلارنىڭ ھەممىسى خام خىشلىق پاكار ئۆيلەر ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى توپا يوللار بولۇپ، ھەم تار، ھەم ئەگرى - بۈگرى، ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كوچىلار باستۇرما قىلىپ يېپىلغاچقا، باشقا شەھەرلەردىن روشەن پەرقلىنىپ شەھەرگە كۆركەم ۋە سىرلىق تۈس بېرەتتى[①].

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر رايونى كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىغا خەلق يولىنى پاسىل قىلىپ يېڭىدىن بىنا قىلىندى، بولۇپمۇ 1986 - يىلى تەستىقلانغان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئومۇمىي پىلان لايىھەسى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرىدە كونا، يېڭى ئىككى شەھەر رايونى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

قەشقەر كونا شەھەر رايونىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كۆلىمى تەخمىنەن 4 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دائىرىسى جەنۇبتا خەلق يولىغىچە، غەربتە يۇمىلاقشەھەر يولىغىچە، شىمالدا چىنباغ يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بىلەن يارباغ يولىغىچە، شەرقتە چاسا يولىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كونا سېپىل تېمىغىچە بولۇپ، ھېيتگاھ مەيدانىنى مەركەز قىلغان ئۆستەڭبويى يولى بىلەن ئەنجان رەستىسى ئەتراپىغىچە بولغان دائىرە شۇ ۋاقىتتىكى سودا مەركىزىي رايونى ئىدى. قەدىمكى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش رايونى ئاساسلىقى چاسا يولى بىلەن قۇمدەرۋازا يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، شەھەر ئىچىدە باي ئەمەلدارلارنىڭ سارايلىرى بىلەن ئەلچىخانا قۇرۇلۇشلىرىدىن باشقا، ئادەتتىكى قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى روشەن سىلىشتۇرما ھالەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ

---

① زۇنۇن رەھىم: «قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش خاتىرىسىدىن پارچە»، «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» (3 - توپلام)، 1996 - يىلى 7 - ئاي ئۇيغۇرچە باسمىسى، 57 — 59 - بەتلەر.

چوڭ - كىچىك كوچىلىرى، يول - مەيدانلىرى ئېگىز - پەس بولۇپ، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ھالەت مەۋجۇت ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۈزۈلمەي ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق شەھەر مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

ئۇزاق مۇددەتلەر داۋامىدا كونا شەھەر رايونىدا 70 نەچچە مەسچىتنى مەركەز قىلىپ تورسىمان ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەھەللە - كوچىلار تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، بازار، سودا - سارايلار، ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى كوچىلار ئارقىلىق مەسچىت بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ كوچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھۈنەر - كەسىپ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شەھەر ئىگىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. سىرلىق ئوردا شەكلىدىكى كوچىلار، شەكلى ھەر خىل بالىخانىلار، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى مەسچىتلەر، ئاجايىپ نەپىس بېزەلگەن ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ تاملىرى قارىماققا، توپا رەڭگى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، قارا سۇۋاق ئۈستىدىكى ھەر خىل رەڭدىكى گۈل - گىياھلار نەقىشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

قەشقەر كونا شەھەر رايونى ئاساسلىقى، چاسا بىلەن ئۆستەڭ بويىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 4.25 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەھەر رايونى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئولتۇراقلاشقان نوپۇس سانى 25 مىڭ 800 ئەتراپىدا بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 41.9% نى ئىگىلەيدۇ. نوپۇس زىچلىقى ھەر كىۋادرات كىلومېتىرغا تەخمىنەن 30000 — 35000 دىن توغرا كېلىدۇ①.

① ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001- يىللىق 2- سان.

## 3. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرى

قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان يەنە بىر ئامىل، مۇشۇ كوچىلاردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئۇسلۇبى، شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە تەكشى يۈزدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدۇر. بىزگە مەلۇمكى، ئولتۇراق ئۆيلەر بىناكارلىقتىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئاساسلىق بىر تۈر بولۇپ، ئۇ شۇ جاينىڭ تەبىئىي مۇھىتى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە. قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن. قەشقەر ئولتۇراق ئۆيلىرى يەر شەكلىگە ئاساسەن جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ يېپىق ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش: بىر تەرەپتىن كىلىماتى قۇرغاق، ھۆل - يېغىنى ئاز، قۇم - بورىنى كۆپ، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق بولۇشتەك ئامىللارغا نىسبەتەن، تەبىئەت مۇھىتىنىڭ ئۆي ئىچى مۇھىتىغا بولغان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماستىن، كۆلەڭگە، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھويلىغا سېپىلگەن سۇ، تار كوچا ۋە ئېگىز تاملىق ھويلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ھاۋا بېسىمىدىن شەكىللەنگەن ھاۋا ئېقىمى قاتارلىقلار تەبىئىي ھاۋا تەڭشىگۈچ رولىنى ئويناپ، مۇستەقىل بىر كىچىك مۇھىت ھاسىل قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا تۇرمۇشى كۆپ بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، سىرتقا نىسبەتەن يېپىق، ئىچكى جەھەتتىن ئۆي ئىچى بىلەن ھويلا، پېشايۋاندىن ئىبارەت يېرىم ئوچۇق ھالەتتىكى بوشلۇق ئارقىلىق ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھويلىنى مەركەز قىلغان تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە ناھايىتى ماس كەلگەن. پېشايۋان ۋە ھويلىلار توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا مېھمانخانا ئۆيگە ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ. ھويلا بىلەن ئۆيلەرنىڭ بوشلۇق ئۆلچەملىرى مۇۋاپىق، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىخچام، گۈل - گىياھلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ئۆزگىچە بولۇپ، يېقىملىق، ئازادە بولغان مۇھىت يارىتىلغان. ھويلا ئىچىدىن قارىغاندا، ھەر خىل بوشلۇقلار كىرىشىپ، بىر - بىرىگە سىڭىپ كەتكەن ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئوخشاش بولمىغان قەۋەت سانى، قەۋەت ئېگىزلىكى، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن پېشايۋان، پەلەمپەي، مەنزەر، ئۆتۈشمە كارىدور سالاسۇنلىرىنىڭ ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھويلا بوشلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئاساسلىق ئۆيلەرنى ئۈستىلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن.

قەشقەر ئولتۇراق ئۆيلىرىدە، بىز دائىم پەلەمپەي ئاستىنىڭ ھاجەتخانا، قازناق قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى، تاملارغا ئەپچىل ۋە كۆركەم ئويۇق تەكچىلەر چىقىرىلىپ ئۆي ئىچى زىننەتلىنىش بىلەن بىرگە، يوتقان - كۆرپە، قاچا - قۇچا ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ تىزىپ قويۇلغانلىقىنى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىش ياكى تار كوچىلار ئۈستىگە بالىخانىلار ياسىلىش ئارقىلىق ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇلار قەشقەر شەھىرىدىكى قىستا - قىستاڭچىلىق بىلەن تولغان تار كوچىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ بوشلۇقتىن پايدىلىنىشتا ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى ئويلاپ تاپقانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ زىننەتلىنىشى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى بىلەن قۇرۇلۇش ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ بىرىكمىسىدۇر. قەشقەر ئولتۇراق ئۆيلىرىدە پېشايۋان بىلەن مېھمانخانىنىڭ بېزىلىشى ئالاھىدە، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى ھەم ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، ھەم زىننەتلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، تۈۋرۈك بېشى، تۈۋرۈك گەۋدىسى، تۈۋرۈك ئاستى قاتارلىق بۆلەكلىرى ئۆزىگە خاس نەپىس شەكىل ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. پېشايۋان سەرقەلەملىرىگە چىقىرىلغان خىش تىزما نەقىشلەر، ئۆي تاملىرىغا چاپلانغان خىشتىن چىقىرىلغان گېئومېترىيەلىك نۇسخىلار ۋە گەج نەقىشلەر، ياغاچ ئىشىك - دېرىزىلەرگە، لىم - تۈۋرۈكلەرگە ئويۇلغان ھەر خىل نۇسخىدىكى

گۈل ـ گىياھ نەقىشلىرى، ھويلىغا ياتقۇزۇلغان خىشلار ھويلىدا ئۆستۈرۈلگەن گۈللەر بىلەن بىرىكىپ، رەڭ ۋە شەكىللەر ماسلاشقان قويۇق ئەنئەنىۋى تۇسكە ئىگە ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان.

بۇ خىل ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنسېرى ئېشىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ بارماقتا. زامانىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كىشىلەرنىڭ ئاستا ـ ئاستا يېڭىلىنىۋاتقان ئىستېتىك گۈزەللىك تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، قەشقەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىدا بىر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ قەشقەر شەھىرىدەك ئاھالىسى كۆپ، دائىرىسى كىچىك، ئىجتىمائىيلاشقان سانائەت كارخانىلىرى كەمچىل بولغان شەھەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ۋە قاتناش شارائىتىنىڭ نىسبەتەن ناچار بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شەھەردە بىر خىل قىستاڭچىلىق، مۇھىت بۇلغىنىشى ئېغىرلىشىش ۋە شەھەر قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋاللار روشەنلەشمەكتە. قەشقەردەك بىر تىپىك ئەنئەنىۋى قەدىمىي شەھەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ساقلاپ قېلىش، دۇنياغا تونۇتۇش، زامانىۋى مىللىي ئۇسلۇبتىكى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا، بۇ مەسىلەرنى ئالدى بىلەن ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ[①].

## 4. قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يول ـ كوچىلىرى

قەشقەردىكى كونا شەھەر رايونى ئىچىدە 20 دىن ئارتۇق قەدىمىي

---

① ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان.

كوچا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ كوچىلاردا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت قاتلىمى ھازىرغىچە دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ تولۇق ساقلانغان بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئالاھىدىلىكلىرىمۇ چوڭقۇر سىڭگەن. بۇ سىرلىق ئوردا شەكىلدىكى كوچىلاردىكى زەنجىرسىمان تۇتاشقان تار كوچىلار، رەت - رېتى بىلەن سېلىنغان چوڭ - كىچىك ئۆيلەرنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدى-كەينى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىر - بىرىگە ناھايىتى ماسلاشقان بولۇپ، تەكشى يۈزى ئىنتايىن جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھېيتگاھ جامەسىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆمۈچۈك تورى شەكىلدىكى كوچىلار ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئۆيلەرنى بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى راۋان تۇتاشتۇرغان. بۇ مەھەللىلەردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، ھەتتا بەزى تۇرالغۇلارنىڭ ياسالغىنىغا 360 يىلدىن ئاشقان.

قەشقەردە نۇرغۇن كوچىلار كەسپلەر بويىچە ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، شۇ كەسىپنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇنداق كوچىلار قەشقەر شەھىرىدە 30 دىن ئاشىدۇ. شۇنداق ئوخشىتىشقا بولىدۇكى، تارىختا كاتتا مەدەنىيەت بەلبېغى بولغان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى — قەشقەر شەھىرى چوڭ بىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى، ھەربىر كوچا - مەھەللە بىر سېخ، ھەربىر ئائىلە بىر گۇرۇپپا، ھەربىر ئائىلە ئەزاسى بىر ئۇستىكار ياكى شاگىرت بولۇپ، ھۈنەر-كەسىپ رىسالىسىدە تىلغا ئېلىنغان 72 خىل ھۈنەرنىڭ ھەممىسى قەشقەردە تېپىلىدۇ. ئاز دېگەندە شەھەردىكى ھەر بەش ئائىلىنىڭ ئۈچى ھۈنەرۋەن ئائىلىسى، قالغان ئىككىسى تىجارەتچى ياكى باشقا كەسىپدار. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ مۇشۇ شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ كەسپىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە پىسخىك ئۇدۇمى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. قەشقەر شەھىرىدە ھۈنەر - كەسىپ ۋە سودا - تىجارەت

ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ كەتكەن. كاسىپلار ۋە تىجارەتچىلەر ئۆز كەسىپى بويىچە مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن ھۆنەر كەسىپلەرنى مەركەز قىلغان بازار - رەستىلەر پەيدا بولغان ھەمدە نىسبەتەن مۇقىم بولغان سودا - تىجارەت سورۇنلىرى قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى، تەبىئىكى، سىپتىلىدىغان ياكى ئالماشتۇرۇلىدىغان سودا - بازار تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. نەتىجىدە نوپۇس كۆپەيگەن، ھايات جانلانغان، ئىجتىمائىي ئالاقە كۈچەيگەن[1].

تۆۋەندە قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچا - بازارلىرى ۋە قەدىمىي يوللىرى كوچا باشقارمىلىرى ۋە رايونلارنى ئاساس قىلغان ھالدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## بىرىنچى، چاسا كوچا باشقارمىسى (رايونى)

«چاسا» دېگەن نامنىڭ مەنبەسىگە قارىتا قاراشلار مۇنداق: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن ھازىرقى چاسا يولىنىڭ تۆت يول دوقمۇشىدا تاشتىن ياسالغان تاختاي تورۇسلۇق بىر راۋاق بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە ياسالغان. راۋاق تۆت چاسا (كۆلىمى 25 كىۋادرات مېتىر) بولغاچقا، بۇ رايون شۇنىڭغا ئاساسەن «چاسا» دەپ ئاتالغان.

**سائىيە**

ئورنى: قارقىدەرۋازا يولىدا بولۇپ، چاسا كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، 1962 - يىلى ئەۋرىشىمكار

[1] ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001 - يىللىق 2 - سان.

ئاھالىلەر كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ساقىيە ئاھالىلەر كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان.

ساقىيە دېگەن نامنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، «ساقى» ئەرەب تىلىدا «چىراغقا ماي قۇيغۇچى» دېگەن بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى ۋاقىتتا خان ئوردىسىدىكى مەھرەملەر مۇشۇ جايدا يىغىلىپ ئولتۇراقلاشـ ـقانلىقتىن «ساقىيە» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

## ئەۋرىشىمكار كوچىسى

غەربىي شىمال تەرەپتە چاسا يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى قارقىدەرۋازا يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ. ئەۋرىشىمكار پارسچە «ئەبرىشىم» دېگەن سۆزدىن ياسالغان بولۇپ، مەنىسى «يىپەك، شايى» دېگەن بولىدۇ. ئەبرىشىمكار يىپەكچى، شايى توقۇغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئورۇندا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يىپەك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

## قوناق بازىرى

چاسا كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، 1956 - يىلى قۇرۇلغان. بۇ جايدا قوناق سودىسى بولىدىغان بازار بولغاچقا قوناق بازىرى دەپ ئاتالغان.

## شەرقىي ئارقا ئوردا كوچىسى

غەربىي تەرەپتە شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرەپتە قوناق بازىرى يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر كېلىدۇ. ئورنى بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ كەينىدە بولغاچقا ئارقا ئوردا دەپ ئاتالغان.

## ياغ بازىرى

ئورنى: ئارايار يولىدا بولۇپ، چاسا كوچا باشقارمىسى ئورۇنلاشقان

جايىنىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. شەھەر ئىچىدىكى سۇ يېغى سودىسى تارىختىن بېرى مۇشۇ ئورۇندا بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### يىلقىچى كوچىسى

شەرقىي تەرەپتە ئارايار يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبقا ئېگىلگەندىن كېيىن قوناق بازىرى يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. يىلقىچىنىڭ مەنىسى «ئات باققۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇرۇنىسىدا شەھەر ـ يېزىلاردىكى بايلارنىڭ ئاتلىرى مۇشۇ يەردە بېقىلغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### شامچى كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى

ئورنى: ئارايار يولىدا بولۇپ، چاسا كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇرۇن ئاساسەن شام ياساش ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### ئازاد كوچا

شىمالىي تەرەپتە چاسا يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرەپتە ئەگلەكچى كوچىسىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ. ئەسلىي ئىسمى مىرزى (كاتىپ)لار كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ مىرزىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. 1953 ـ يىلى ئازاد كوچا دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

### ئەگلەكچى كوچىسى

شەرقىي تەرەپتە كونا دەرۋازا يولىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرەپتە قارقىدەرۋازا يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 550 مېتىر،

كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. ئەگلەك توقۇغۇچىلار بۇرۇن مۇشۇ جايدا تۈپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### قازانچى ياربېشى كوچىسى

ئارايار يولىدىن باشلىنىپ، يەنە ئارايار يولىدا ئاخىرلىشىدىغان ياي شەكىللىك كوچا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ جايدىكى ئاھالىلەر زاماندىن ـ زامانغا چويۇن قازان قۇيمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، شۇڭا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### بورىچى كوچىسى

شىمالدىن ئارايار يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرىپى شەھەرلىك ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىگىچە بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 220 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. قىسمەن ئاھالىلەر بورا توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

### كوزىچى يارېشى كوچىسى

غەربىي تەرىپى تۇمەن يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى شەھەرلىك كۆچەتخانىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. بۇ جايدىكى ئاھالىلەر كوزىچىلىق (كۈلالچىلىق) بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### گۈزەر

ئورنى: ھەزرەت يولىدا بولۇپ، چاسا كوچا باشقارمىسى ئورۇنلاشقان جاينىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. 1956 ـ يىلى تۆشۈك دەرۋازا ئاھالىلەر كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان. 1960 ـ يىلى گۈزەر ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. «گۈزەر» ئەسلىي پارسچە سۆز بولۇپ، كوچىلارنىڭ كېسىشكەن جايىدا بولىدىغان ئاۋات بازار دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ «يول» دېگەن يەنە بىر دىيالېكتال مەنىسى ۋە «مەھەللە» دەيدىغان ۋارىيانتىمۇ

بار. ئىلگىرى بۇ ئورۇندا شەھەر ئەتراپى سودا بازىرى بولۇپ، مال زاپىسى مول، تۈرلىرى ھەر خىل، بازار مۇھىتى گۈزەل بولغانلىقتىن ئاشۇ نامدا ئاتالغان.

## ئۆرۈك بازىرى

ئورنى: ھەزرەت يولىدا بولۇپ، چاسا كوچا باشقارما تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. 1981- يىلى گۈزەر ئاھالىلەر كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆرۈك بازىرى ئاھالىلەر كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان. ئۆرۈك، قوغۇن قاتارلىق ھۆل مېۋىلەر سېتىلىدىغان بازار مۇشۇ يەردە بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

## پايناپ

ئورنى: پايناپ يولىدا بولۇپ، چاسا كوچا باشقارمىسى ئورۇنلاشقان جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. 1981- يىلى سابىق شامالباغ گۇڭشې پايناپ دادۈيى ئاساسىدا پايناپ مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان. «پايناپ» سۇ چىقمايدىغان ئېگىز يەر دېگەن مەنىدە. ئورنى ئېگىز، سۇ چىقىرىش قىيىن بولغانلىقتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

## ئارسلانخان

ئورنى: ئارسلانخان يولىدا بولۇپ، چاسا كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. 1981- يىلى قۇرۇلغان. ئارسلانخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئەسلىي ئاتىلىشى ئارسلان قاراخان. خەلق ئېغىزىدا قىسقارتىپ ئارسلانخان دېيىلگەن. قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇنجى قېتىم بەيئەت قىلغان قاراخانى سۇلتان سۇتۇقنىڭ نەۋرىسى، مۇسانىڭ ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ئەلى بىننى مۇسا ئەش شوھوت (998- يىلى خوتەنلىك بۇددىستلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا شېھىت بولغان) نىڭ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىشى بىلەن مازار جايلاشقان بۇ جاي ۋە ئەتراپ ئاشۇ

نام بىلەن ئاتالغان.

**توقۇمىچىلىق فابرىكىسى رايونى**

ئورنى: دۆلەتباغ يولىدا بولۇپ، دائىرىسى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1958 ـ يىلىدىن بۇيان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بۇ رايوندا قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق 10 نەچچە كەسپىي كارخانا ئورۇنلار قۇرۇلۇپ، بىر تارماق رايون شەكىللەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايون توقۇمىچىلىق فابرىكىسى رايونى دەپ ئاتالغان.

**چاسا يولى**

ئەسلىدە نام بېكىتىلمىگەن كونا يول بولۇپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جامائەت يولى دەپ ئاتالغان. 1964 ـ يىلى شەرقىي بۆلىكى چاسا يولى، غەربىي بۆلىكى غەربىي تەرەپ چاسا يولى دەپ ئاتالغان. 1982 ـ يىلى شەرقىي ـ غەربىي بۆلەكلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ «چاسا يولى» دەپ ئاتالغان. ئەسلىي بۇ يولدا چاسا ئاھالىلەر كومتېتى ئورۇنلۇق بولغاچقا، چاسا يولى دېيىلگەن. غەربىي تەرىپى ئوردا ئالدى كوچىسىدىن باشلىنىپ، شەرقى ئارايار يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1080 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر ئەتراپىدا. يول بويىدا شەھەرلىك سىياسىي مەكتەپ، شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، چاسا كوچا باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

**قارقىدەرۋازا يولى**

شەھەرنىڭ قەدىمىي كوچىسى. بۇرۇن قاقۇللىلىقلار دەرۋازىسى دەپمۇ ئاتالغان. 1958 ـ يىلى قۇرۇلۇش يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1964 ـ يىلى شىمالىي قىسمىدىن بېرىمى ساقىيە يولى، جەنۇبىي قىسمىدىكى يېرىمى ئارايار يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982 ـ يىلى يۇقىرىقى ئىككى يول بىرلەشتۈرۈلۈپ، قارقىدەرۋازا يولىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا شەھەرنىڭ قارقىدەرۋازىسى بولغانلىقتىن شۇ نام بىلەن

ئاتالغان. جەنۇب تەرىپى شەرقىي خەلق يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي چاسا يولىغىچە سوزۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر. يول يۈزىگە تاش ياتقۇزۇلغان. يول بويىدا شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇلازىمەت شىركىتى، 6 - ئاشلىق ماگىزىنى، چاسا كوچا باشقارمىسى ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، 14 - باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## قوناق بازىرى يولى

ئەسلىي نامى بېكىتىلمىگەن كونا يول، بۇ يول قوناق بازىرىنى كېسىپ ئۆتكەچكە، 1964 - يىلى قوناق بازىرى يولى دەپ نام بېرىلگەن. غەربىي تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى ئارايار يولىغا ئۇلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، توپا يول بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بار.

## ئارايار يولى

ئەسلىي نامى بېكىتىلمىگەن كونا يول. 1958 - يىلى ئالغا يولى دەپ نام بېرىلگەن، 1964 - يىلى نۇرلۇق يولى، 1982 - يىلى ئارايار يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاينىڭ ئەسلىي ئىككى قاسنىقى ئېگىز يار بولۇپ، يول دەل ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، يار ئارىسىدىكى يول دەپ ئاتالغان. غەربىي تەرىپى ئوردا ئالدى كوچىسىدىن باشلىنىپ، شەرقى تۇمەن يولىغىچىلىك سوزۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، يۈزىگە تاش ياتقۇزۇلغان. يولنىڭ جەنۇبىدا چاسا ج. خ ساقچىخانىسى بار. غەربىي قاسنىقىدا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى بار.

## خەلق شەرقىي يولى

قەشقەر شەھىرى خەلق يولى شەھەر رايونىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان يول بولۇپ، شەرق تەرىپى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا

تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى سەمەن مېھمانخانىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3970 مېتىر، كەڭلىكى 32 مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل يولى 12 مېتىر، ئىككى تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولى 8 مېتىر، كۆكەرتىش بەلبېغى 12 مېتىر)، يول يۈزى بېتون. بۇ يول ئازادلىق يولى بىلەن كېسىشىدۇ. تۆت كوچىنى چېگرا قىلىپ (بۇرۇنقى ماي تىياتىرخانىسى دوقمۇشىدىكى)، شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. تۆت كوچىدىن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغىچە بولغان قىسمى خەلق شەرقىي يولى دېيىلىدۇ.

خەلق شەرقىي يولى قەشقەر شەھەر بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېچىلغان بولۇپ، ئىككى قاسنىقىدا شەھەر دەرىجىلىك بەزى ئاساسلىق مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار بار (قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، شەھەرلىك سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىقلار). يولنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، كۆلىمى 512.5 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان يىغىن رەئىس سەھنىسى بار، رەئىس سەھنىسىنىڭ ئارقىسىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سېمونت بىلەن قاتۇرۇلغان ئېگىزلىكى 24 مېتىر كېلىدىغان ھەيكىلى بار. يولنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە شەھەرلىك خەلق مېھمانخانىسى، شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، پاساژىرلار بېكىتى، شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، شەھەرلىك خەلق مەيدانى، 4- باشلانغۇچ مەكتەپ، جەنۇبىي تەگىرتاغ مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار. يولنىڭ جەنۇبىدا مەنزىرىسى گۈزەل خەلق باغچىسى بار. خەلق باغچىسىنىڭ ئىشىكى بىلەن رەئىس سەھنىسى ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقىي خەلق يولنىڭ شەرق قىسمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياسالغان، كۆلىمى 600 مودىن ئارتۇق كېلىدىغان ساياھەت ئورنى — تۈمەنكۆل باغچىسى بولۇپ، قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە يېڭى تۈس كىرگۈزگەن.

بۇ يول قەشقەر شەھىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە،

كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى مەركەزلەشكەن ئاساسلىق جاي.

### جەنۇبىي تەڭرىتاغ يولى

1960 - يىلى ياسالغان، 1966 - يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان ھەمدە جەنۇبىي تەڭرىتاغ يولى دەپ نام بېرىلگەن. 1978 - يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلغان. يولنىڭ شىمالىي بېشىدا جەنۇبىي تەڭرىتاغ مېھمانخانىسى بولغاچقا مۇشۇ نام بېرىلگەن. شىمالىي تەرىپى شەرقىي خەلق يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى جەنۇبىي ئازادلىق يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1370 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر. ماشىنا يولى، پىيادىلەر يولى ئايرىم ياسالغان. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا جەنۇبىي تەڭرىتاغ مېھمانخانىسى، قەشقەر يولۇچىلار قاتناش بېكىتى، شىنجاڭ 6 - تىرانسپورت شىركىتى قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇن بار. بۇ يول قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيەلەر ئارا ماڭىدىغان يولۇچىلار ماشىنىلىرىنىڭ شەھەر رايونى ئىچىگە كىرىشتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى.

### جەنۇبىي ئازادلىق يولى

قەشقەر شەھىرى ئازادلىق يولى شەھەر رايونىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسلىق يول بولۇپ، شىمالى يارباغ كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ، جەنۇبى قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 4180 مېتىر كېلىدۇ. يول يۈزىنىڭ ھەممە يېرى بېتون، يولنىڭ كەڭلىكى 32 مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل يولى 12 مېتىر، ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولى 8 مېتىر، كۆكەرتىش بەلبېغى 12 مېتىر)، بۇ يول خەلق يولى بىلەن كېسىشىپ تۆت كوچىنى چېگرا قىلىپ جەنۇب، شىمال ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىدۇ. قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگىچە بولغان تەرىپى جەنۇبىي ئازادلىق يولى، تۆت كوچىدىن يارباغ كۆۋرۈكىگىچە بولغان تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولى دېيىلىدۇ.

جەنۇبىي ئازادلىق يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قەشقەردىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئاساسلىق مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ۋە كارخانىلار مەركەز-

لەشكەن. ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، قەشقەر شەھەرلىك غوجام كۆلبېشى باشلانغۇچ مەكتەپ، تاشيول باش ئۆچاستىكىسى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى، شۆبە ھەربىي رايون، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك ئاممۇۋى سەنئەت سارىيى، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى، ۋىلايەتلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسى، تېببىي تېخنىكوم، قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك 1 - ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ 6 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1 -، 6 -، 7 - ئاپتوموبىل كالونلىرى قاتارلىق ئورۇنلار جايلاشقان. جەنۇبىي ئازادلىق يولىنىڭ ئاخىرىسى قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە تۇتىشىدۇ، بۇ كۆۋرۈك قىزىل دەرياسىغا سېلىنغان بولۇپ، قەشقەر شەھىرى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىنى تۇتاشتۇرىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 115 مېتىر، كەڭلىكى 11.5 مېتىر. پۈتۈن قۇرۇلمىلىق تۈز كۆۋرۈك بولۇپ، قەشقەردىن يېڭىشەھەر تەرەپكە ئۆتىدىغان ئاساسلىق كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇبىي ئازادلىق يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەشقەر شەھەر رايونى بويىچە ئەڭ ياخشى كۆكەرتىش بەلبېغى، تۆت كوچىدىن گېزىتخانىغىچە ئىككى قاسناقتا باراقسان ئۆسكەن شەھەر مەنزىرە دەرەخلىرى بار، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدىن 42 - تۆەن مېھمانخانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىنار، 42 - تۆەن مېھمانخانىسىدىن قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ تېرىكى قويۇلغان.

### ھەزرەت يولى

1954 - يىلى ياسىلىپ، ئالغا يولى دەپ نام بېرىلگەن. 1964 - يىلى ئاپاق خوجا يولى، 1966 - يىلى شەرق شاملى يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ھەزرەتكە (ئاپاق خوجا مازىرىغا) ماڭىدىغان يول بولغانلىقى ئۈچۈن، 1982 - يىلى ھەزرەت يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. غەربىي تەرىپى تۇمەن يولىدىن باشلىنىپ شەرقتە ھەزرەتتە ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3100 مېتىر، كەڭلىكى 16 مېتىر. يول ياقىسىدا شەھەرلىك ھەزرەت ئوتتۇرا مەكتىپى، تۆشۈك دەرۋازا ئوتتۇرا مەكتىپى،

(ھازىرقى شەھەرلىك 10 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، شەھەرلىك مېتال بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى، شىنجاڭ 6 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ 8 - ئاپتوموبىل كالونى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### كونا نەزەرباغ يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان، بىر مەزگىل پىلال يولى دەپ ئاتالغان. ھازىر بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە يېڭىدىن نام بېرىلگەن. «نەزەرباغ يولى» دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدىغا «كونا» سۆزى قوشۇلۇپ، «كونا نەزەرباغ يولى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. جەنۇبىي تەرىپى ھەزرەت يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرەپتە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 950 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر. يول ياقىسىدا شەھەرلىك تۆمەن بويى باشلانغۇچ مەكتەپ (شەھەرلىك 7 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### ئاۋات يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان. كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاۋات يېزىسىغا بارىدىغان يول بولغانلىقتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. غەربىي تەرىپى ھەزرەت يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى ئاۋات يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 17 مىڭ 250 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك ئۆپكە تۇبېركۇليوز دوختۇرخانىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### پايناپ يولى

1965 - يىلى ياسالغان. پايناپ ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدە بولغاچقا، 1982 - يىلى پايناپ يولى دەپ نام بېرىلگەن. شىمالىي تەرىپى شەرقىي خەلق يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتە قىزىل دەريا كۆۋرۈكى ۋە جەنۇبىي ئازادلىق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2235 مېتىر، كەڭلىكى 14 مېتىر. يول ياقىسىدا

شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 - ئاشلىق ماگىزىنى، شەھەرلىك ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتى، شەھەرلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، شەھەرلىك پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## ئارسلانخان يولى

1964 - يىلى ياسالغان. 1982 - يىلى كېڭەيتىلگەن. ئارسلانخان ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدە بولغاچقا، ئارسلانخان يولى دەپ نام بېرىلگەن. شىمالىي تەرەپتە تاربوغۇز يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرەپتە دۆلەتباغ يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1430 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر، يول ياقىسىغا ئارسلانخان ئاھالىلەر كومىتېتى ئورۇنلاشقان.

## دۆلەتباغ يولى

1958 - يىلى ياسالغان. 1964 - يىلى قۇرۇلۇش يولى دەپ نام بېرىلگەن. سابىق دۆلەتباغ گۆڭشېغا بارىدىغان يول بولغانلىقتىن، 1982 - يىلى دۆلەتباغ يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. غەربىي تەرىپى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى دۆلەتباغ يېزىسىغىچە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3250 مېتىر، كەڭلىكى 14 مېتىر. يول ياقىسىدا شىنجاڭ 6 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1 - ئاپتوموبىل كالونى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئالدىن ياساش زاۋۇتى، گېئولوگىيە 2 - ئەترىتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك پېشقەدەم كادىرلار ئىستىراھەت ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## ساغلاملىق يولى

1980 - يىلى ياسالغان. شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بارىدىغان يول بولغانلىقتىن، 1982 - يىلى ساغلاملىق يولى دەپ نام بېرىلگەن. غەربىي تەرىپى پايناپ يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى

شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 520 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر. يول ياقىسىدا شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك ئۆلچەم بىرلىكىنى باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### تەنتەربىيە يولى

1957 ـ يىلى ياسالغان. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان مەيدانلار بولغانلىقتىن، 1981 ـ يىلى تەنتەربىيە يولى دەپ نام بېرىلگەن. غەرب تەرىپى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرق تەرىپى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 370 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە سارىيى، شەھەرلىك رادىيو ئۇزېلى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، شەھەرلىك 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### تاربوغۇز يولى

1976 ـ يىلى ياسالغان. بۇ يول تاربوغۇز كەنتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغانلىقتىن، 1982 ـ يىلى تاربوغۇز يولى دەپ نام بېرىلگەن. شىمالىي تەرىپى ھەزرەت يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرەپتە شەرقىي خەلق يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1210 مېتىر، كەڭلىكى 9 مېتىر، ئاسفالت يول. يول ياقىسىدا قەشقەر مېھمانخانىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### تۆشۈك دەرۋازا بازىرى

تۆشۈك دەرۋازا ــ قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى، بۇ بازار نۆۋەتتە قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدۇر. بازار ئورنى تۆشۈك دەرۋازىغا يېقىن بولغاچقا، «تۆشۈك دەرۋازا بازىرى» دېيىلىدۇ. بازار ھەزرەت يولىنىڭ جەنۇبىغا، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىگە، ئاۋات يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئورۇنلاشقان، ئىگىلىگەن

يېرى 152 مو (100 مىڭ كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق). شەھەر مەركىزىگە 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بازار 1979 - يىلى ئېچىلغان، ھەر يەكشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بىر قىسىم تىجارەتمۇ بولىدۇ. لېكىن، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلارنىڭ يەككە تىجارەتچىلىرى كۆپرەك. ئاساسلىقى ئاشلىق، پاختا، ماي، گۆش، توخۇ - تۇخۇم، كۆكتات، يەم - بوغۇز، ھۆل - قۇرۇق مېۋە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يېمەك - ئىچمەك، چوڭ - كىچىك چارۋا ھەم چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ياغاچ ۋە ياغاچتا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، شۇنداقلا بورا، قومۇش، ئوتۇن - سامان، تۇلۇق تاش، تۈگمەن تېشى، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى قاتارلىق 25 چوڭ تۈر بويىچە 500 خىلدىن ئارتۇق تاۋار ماللارنىڭ سودىسى بولىدۇ.

بۇ بازار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ھەمدە ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا سودا بازىرى دەپ ئاتالغان.

## ئىككىنچى، يارباغ كوچا باشقارمىسى (رايونى)

«يارباغ» دېگەن سۆز «يار ئۈستىگە جايلاشقان باغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كوچا باشقارمىغا تەۋە جايلارنىڭ شىمالىي ھەم شەرقىي تەرىپىنى تۈمەن دەرياسى ئوراپ تۇرىدۇ. 300 — 400 يىل بۇرۇن، شۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەر بىنا قىلغان يار ئۈستىدىكى باغ نامى بىلەن بۇ جاينىڭ ئىسمى ئاتالغان.

### يارباغ كوچىسى

غەربىي تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمال تەرەپتە يارباغ يولىغىچە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر. بۇ جاي دەريا قىرغىقىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، بۇرۇن يار ئۈستىدە باغ بولغان، شۇڭا ئىسمى يارباغ دەپ ئاتالغان.

شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 520 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر. يول ياقىسىدا شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك ئۆلچەم بىرلىكىنى باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## تەنتەربىيە يولى

1957 - يىلى ياسالغان. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان مەيدانلار بولغانلىقتىن، 1981 - يىلى تەنتەربىيە يولى دەپ نام بېرىلگەن. غەرب تەرىپى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرق تەرىپى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 370 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە سارىيى، شەھەرلىك رادىيو ئۇزېلى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، شەھەرلىك 12 - باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## تاربوغۇز يولى

1976 - يىلى ياسالغان. بۇ يول تاربوغۇز كەنتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغانلىقتىن، 1982 - يىلى تاربوغۇز يولى دەپ نام بېرىلگەن. شىمالىي تەرىپى ھەزرەت يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرەپتە شەرقىي خەلق يولىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1210 مېتىر، كەڭلىكى 9 مېتىر، ئاسفالت يول. يول ياقىسىدا قەشقەر مېھمانخانىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## تۆشۈك دەرۋازا بازىرى

تۆشۈك دەرۋازا — قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى، بۇ بازار نۆۋەتتە قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدۇر. بازار ئورنى تۆشۈك دەرۋازىغا يېقىن بولغاچقا، «تۆشۈك دەرۋازا بازىرى» دېيىلىدۇ. بازار ھەزرەت يولىنىڭ جەنۇبىغا، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىگە، ئاۋات يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئورۇنلاشقان، ئىگىلىگەن

يېرى 152 مو (100 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق). شەھەر مەركىزىگە 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بازار 1979 - يىلى ئېچىلغان، ھەر يەكشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بىر قىسىم تىجارەتمۇ بولىدۇ. لېكىن، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلارنىڭ يەككە تىجارەتچىلىرى كۆپرەك. ئاساسلىقى ئاشلىق، پاختا، ماي، گۆش، توخۇ - تۇخۇم، كۆكتات، يەم - بوغۇز، ھۆل - قۇرۇق مېۋە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يېمەك - ئىچمەك، چوڭ - كىچىك چارۋا ھەم چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ياغاچ ۋە ياغاچتا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، شۇنداقلا بورا، قومۇش، ئوتۇن - سامان، توللۇق تاش، تۇگمەن تېشى، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى قاتارلىق 25 چوڭ تۈر بويىچە 500 خىلدىن ئارتۇق تاۋار ماللارنىڭ سودىسى بولىدۇ.

بۇ بازار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ھەمدە ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا سودا بازىرى دەپ ئاتالغان.

## ئىككىنچى، يارباغ كوچا باشقارمىسى (رايونى)

«يارباغ» دېگەن سۆز «يار ئۈستىگە جايلاشقان باغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كوچا باشقارمىسى تەۋە جايلارنىڭ شىمالىي ھەم شەرقىي تەرىپىنى تۈمەن دەرياسى ئوراپ تۇرىدۇ. 300 — 400 يىل بۇرۇن، شۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەر بىنا قىلغان يار ئۈستىدىكى باغ نامى بىلەن بۇ جاينىڭ ئىسمى ئاتالغان.

### يارباغ كوچىسى

غەربىي تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمال تەرەپتە يارباغ يولىغىچە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر. بۇ جاي دەريا قىرغىقىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، بۇرۇن يار ئۈستىدە باغ بولغان، شۇڭا ئىسمى يارباغ دەپ ئاتالغان.

### چاۋاك مەھەللىسى

غەربىي تەرىپى تۆمەن يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى تۆمەن دەرياسىغىچە تۇتىشىدۇ. بۇرۇن بۇ ئورۇندىكى بىر قىسىم دېھقانلار قوشقاچنىڭ شال، تېرىقلارنى يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چاۋاك چېلىپ قوشقاچ قورقۇتقاچقا، چاۋاكچىلار دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام كوچىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

### تۆرە يارباغ كوچىسى

غەربىي تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى جانقورغان كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 450 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر. بۇ يەردىكى تۆمەن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئىلگىرى باي - تۆرىلەرنىڭ بېغى بولغانلىقتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### بۇلاقبېشى كوچىسى

غەرب تەرىپى ئوردا ئىشكى يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى تۆمەن يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر. يەر تۈزۈلۈشى پەس - ئويمان بولغاچقا شۇ نام بېرىلگەن.

### ئوي كوچا

غەرب تەرىپى بۇلاقبېشى كوچىسىدىن باشلىنىدۇ، شەرق تەرىپى ئېتىك (خالتا كوچا). ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر. يەر تۈزۈلۈشى پەس - ئويمان بولغاچقا شۇ نام بېرىلگەن.

### دۆڭ مەسچىت كوچىسى

جەنۇبىي تەرىپى ئوردا ئىشكى يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمال تەرىپى بۇلاقبېشى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. بۇ ئورۇندا ئېگىز دۆڭدە بىر مەسچىت بولغانلىقتىن كوچا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### زەيتاپ كوچىسى

جەنۇبىي تەرىپى توققۇزاق دەرۋازىسى كوچىسىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى جانقورغان كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر. «زەيتاپ» دېگەن ئاتالغۇ «زەي - تاناب» نىڭ ئېغىزدىكى قىسقارتىپ ئېيتىلىشى، بۇ كوچىدا ئىلگىرى پاختا ئاتىدىغان دۇكانغا سالىدىغان زەيتاناب ياسايدىغان كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن زەيتاپ كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### توققۇزاق دەرۋازىسى كوچىسى

شەرقىي تەرىپى دۆڭ مەسچىت كوچىسىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرىپى ئوردا ئىشىكى يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر بولۇپ، بۇرۇن شەھەرنىڭ دەرۋازىسى توققۇزاق تەرەپكە قارىغاچقا ۋە ئورنى مۇشۇ جايدا بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### ئوردا ئالدى كوچىسى

شەرقتە چاسا يولىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرىپى ئەلچىخانا كوچىسىغا ئۇلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر. بۇ جاي قەدىمكى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدى بولغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### تۇماق - دوپپا بازىرى كوچىسى

شىمالىي تەرىپى ئوردا ئىشىكى كوچىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرىپى ئوردا ئالدى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 70 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر. بۇ ئورۇندا دوپپا - تۇماق قاتارلىق باش كىيىملىرى سېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### ئەلچىخانا كوچىسى

غەربىي تەرىپى ھېيتگاھ مەيدانىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى ئوردا ئالدى كوچىسى بىلەن ئۇلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر. بۇرۇن چەت ئەللىكلەرنىڭ سودا ئەلچىلىرىنىڭ سارايلىرى مۇشۇ ئورۇنغا جايلاشقانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### بەشئېرىق كوچىسى

جەنۇبىي تەرىپى چاسا يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى ئوردا ئىشكى يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 260 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. ئىلگىرى مۇشۇ ئورۇندا سۇ ئاقىدىغان بەش ئېرىق بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### زەرگەرلەر كوچىسى

شىمالىي تەرىپى ئوردا ئىشكى يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرىپى چاسا يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. ئىلگىرى زەرگەرلەرنىڭ كۆپرەكى مۇشۇ ئورۇندا توپلىنىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن كوچا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### قۇرۇق كۆلبېشى كوچىسى

شەرقىي تەرىپى زەرگەرلەر كوچىسىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرىپى بەشئېرىق كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر. كوچا قۇرۇق كۆل يېنىدا بولغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### جانقورغان كوچىسى

غەربىي شىمال تەرىپى يارباغ يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى بۇلاقبېشى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىلگىرى بۇ ئورۇن مازارلىق بولۇپ، جەڭ بولغاندا كىشىلەر مۇشۇ ئورۇندىكى مازارلىققا يوشۇرۇنۇپ جېنىنى ئاما

ساقلاپ قالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مازارلىق جاينىڭ قورغىنى
دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، قەدىمىي نام.

## ئوردا ئىشىكى كوچىسى

غەربىي تەرىپى ئوردا ئىشىكى يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى
غوجا گۆزىرى كوچىسى بىلەن تۇتاشقان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر،
كەڭلىكى 2.5 مېتىر. كوچا بۇرۇنقى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا
بولغاچقا نامى شۇنداق ئاتالغان.

## زىلچا كوچىسى

جەنۇبىي تەرىپى ئوردا ئىشىكى كوچىسىدىن باشلىنىپ، شىمالىي
تەرىپى بۇلاقبېشى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 150
مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر. زىلچا ـ گىلەم توقۇغۇچىلار مۇشۇ كوچىدا
كۆپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا كوچىنىڭ نامى شۇنداق ئاتالغان.

## غوجا گۆزىرى كوچىسى

جەنۇب تەرىپى چاسا يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى كونا
ئوردا كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى
3.5 مېتىر. بۇرۇن بۇ يەردىكى كوچا ئاغزىدا غوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى
ئولتۇراقلاشقانلىقتىن كوچىنىڭ نامى شۇنداق ئاتالغان.

## ئارا كوچا

جەنۇب تەرىپى چاسا يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى
كونا ئوردا كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، كەڭلىكى
3 مېتىر. بۇ كوچا كونا دەرۋازا كوچىسى بىلەن كونا ئوردا كوچىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، ئارا كوچا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، قەدىمىي نام.

## تاختا مەسچىت كوچىسى

جەنۇب تەرىپى چاسا يولىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى ئەگلەك

بازىرى كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر. ئىسمى كوچا ئىچىدىكى تاختاي پەلەمپەيلىك مەسچىتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئەگلەك بازىرى كوچىسى

غەرب تەرىپى ئوردا ئىشىكى يولىدىن باشلىنىپ، شەرق تەرىپى غوجا گۈزىرى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 70 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. تارىختىن بۇيانقى ئەگلەك ئېلىم - سېتىم بازىرى مۇشۇ ئورۇندا بولۇپ كەلگەنلىكتىن، كوچىنىڭ نامىمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن.

### كونا دەرۋازا كوچىسى

ئورنى: ئوراڭقاي كوچىسىدا بولۇپ، يارباغ كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، 1956 - يىلى قۇرۇلغان. كومىتېت ئورۇنلاشقان جاي كونا دەرۋازا كوچا دائىرىسىدە بولغاچقا، نامى كونا دەرۋازا كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

شەرق تەرىپى ئارايار يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى چاسا يولىغا تۇتىشىدۇ. جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر. قەدىمدە مۇشۇ ئورۇندا شەھەرنىڭ بىر قەدىمىي دەرۋازىسى بولغان. بۇ شۇنىڭدىن قالغان كونا نام.

### ئوراڭقاي كوچىسى

جەنۇب تەرىپى ھېكىم ئاغىچام كوچىسىدىن باشلىنىپ، شىمالغا ئىچكىرىلىگەندىن كېيىن ئېگىلىپ، ئاخىرى يەنە جەنۇبتا كونا دەرۋازا كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 431 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر. «ئوراڭقاي» موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان ئادەم ئىسمى. بۇرۇن موڭغۇل ھەربىي ئەمەلدارى ئوراڭقاي مۇشۇ كوچىدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، كوچىنىڭ نامىمۇ ئوراڭقاي كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### ھېكىم ئاغىچام كوچىسى

غەرب تەرىپى كونا دەرۋازا كوچىسىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى ئوراڭقاي كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر. «ھېكىم ئاغىچام» ھاكىم ئاغىچىسى (ئايىلى) دېگەن سۆزنىڭ ئاغزاكى ئېيتىلىشى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاغىچىسى پۇل يىغىپ، مۇشۇ ئورۇندا بىر مەسچىت ياساتقان. كېيىنچە ھاكىم ئاغىچىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ كوچىغا ھاكىم ئاغىچام كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن.

### كونا ئوردا كوچىسى

شەرقىي تەرىپى ئوراڭقاي كوچىسىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى ئوردا ئىشىكى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 290 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر. بۇرۇنقى قەشقەر ۋاڭى ئابلاخان ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسى مۇشۇ ئورۇندا بولغاچقا كوچىنىڭ نامى شۇنداق ئاتالغان.

### ئوردا ئىشىكى يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان. 1959 ـ يىلى قۇرۇلۇش يولى دەپ نام بېرىلگەن. 1964 ـ يىلى چاسا يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئوردا ئىشىكى ئاھالىلەر كومىتېتى مۇشۇ ئورۇندا بولغاچقا، 1982 ـ يىلى ئوردا ئىشىكى يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. غەرب تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرققە ئېگىلىپ ئېگىلگەندىن كېيىن جەنۇبىتا چاسا يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 835 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر. غەربىي ئۇچىدا 20 مېتىر ئارىلىققا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، قالغان قىسمى تاشيول، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كىچىك تىپتىكى قول سانائەت دۇكانلىرى ۋە يەككە تىجارەتچى، يايمىكەشلەرنىڭ يايما دۇكانلىرى بار. ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان. يارباغ كوچا باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ، شەھەرلىك ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ يولنىڭ قاسنىقىغا جايلاشقان.

## يارباغ يولى

1964 ـ يىلى شەرقىي تۈمەن يولىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يارباغ تەۋەسىدىكى يول بولغاچقا، 1982 ـ يىلى يارباغ يولى دەپ ئۆزگەرتىلـگەن. غەرب تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شەرق تەرىپى تۈمەن يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 550 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك سودا شىركىتى، شەھەرلىك 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## شىمالىي ئازادلىق يولى

قەشقەر شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى شەھەر رايونىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسلىق يول. شىمالى يارباغ كوۋرۈكى، جەنۇبى قىزىلنىڭ كوۋرۈكىگىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4180 مېتىر كېلىدۇ. يول يۈزىنىڭ ھەممە يېرى بېتون، يولنىڭ كەڭلىكى 32 مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل يولى 12 مېتىر، ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولى 8 مېتىر، كۆكەرتىش بەلبېغى 12 مېتىر) بولۇپ، خەلق يولى بىلەن كېسىشىپ تۆت كوچىنى چېگرا قىلىپ جەنۇب، شىمال ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىدۇ. قىزىلنىڭ كوۋرۈكىگىچە بولغان تەرىپى جەنۇبىي ئازادلىق يولى، تۆت كوچىدىن يارباغ كوۋرۈكىگىچە بولغان تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولى دېيىلىدۇ.

شىمالىي ئازادلىق يولىغا قەشقەر شەھىرىدىكى مەدەنىيەت، كەسپىي ئورۇنلار ۋە سودا تورلىرى مەركەزلەشكەن بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ئاۋات كوچا ھېسابلىنىدۇ. قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مۇشۇ يول بويىغا ئورۇنلاشقان. ئەسلىدە بۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە «1 ـ ماي» تىياتىرخانىسى، ھېيتگاھ كىنو ـ تىياتىرخانىسى، يارباغ كىنوخانىسى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، ۋىلايەت بويىچە ئەڭ چوڭ شىنخۇا كىتابخانىسى، شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن باشقا، ئىلمە توقۇلماماللار سودا بىناسى، مېتال بۇيۇملىرى ماگىزىنى، ئوردا ئالدى بازىرى، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ھېيتگاھ سودا سارىيى،

يەرلىك مەھسۇلات ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان نۇرلۇق سودا سارىيى ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى، قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ۋە يەرلىك مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ساتىدىغان قول سانائەت بىناسى ۋە كىيىم ـ كېچەك سودا بىناسى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان ھېيتگاھ يېمەكلىكلەر بىناسى، يەنە 1982 ـ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىناۋەتلىك سودا سارىيى قاتارلىقلار بار ئىدى. يېقىنقى چاغلاردا شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى بەزىلىرى چېقىۋېتىلىپ، يېڭى زامانىۋى قۇرۇلۇشلار سېلىندى ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلدى.

شىمالىي ئازادلىق يولىنىڭ ئاخىرىسى يارباغ كۆۋرۈكى بولۇپ، بۇ تۈمەن دەرياسىغا سېلىنغان. ئالاھىدە بېتون قۇرۇلمىلىق چوڭ كۆۋرۈكتۇر. ئۇزۇنلۇقى 58 مېتىر كېلىدۇ، 73 توننا ئېغىرلىق كۆتۈرەلەيدۇ. بۇ كۆۋرۈك ئۆرۈمچى ـــ قەشقەر يولىنىڭ جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان لىنىيەسىنىڭ شەھەرگە كىرىدىغان بوغۇزى ھېسابلىنىدۇ. يولنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپى ھېيتگاھ مەيدانى بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى بار ھېيتگاھ جامەسى بۇ مەيداننىڭ غەربىي بۇرجىكىگە جايلاشقان. بۇ يەردە تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ تۈن نىسپىگىچە ئېلىم ـ سېتىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئايلىنىپ يۈرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە بۇ يەر ئادەمتىن تاشقىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا كەم ئۇچرايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ دىن، مەدەنىيەت ۋە سودا مەركىزى بولۇپ كەلگەچكە، قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە.

### ئايرودروم يولى

1953 ـ يىلى ياسالغاندا غالىبىيەت يولى دەپ نام بېرىلگەن، 1981 ـ يىلى كېڭەيتىپ ياسىلىپ ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. بۇ يول ئايرودروم رايونىغا تۇتىشىدىغان بولغانلىقتىن، 1982 ـ يىلى نامى ئايرودروم يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. جەنۇب تەرىپى يارباغ كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى ئايرودروم رايونىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي

ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسى، نېفىت شىركىتى، قەنت ـ شېكەر، تاماكا، هاراق مەخسۇس سېتىش شىركىتى، 1 ـ ترانسپورت شىركىتى، شەهەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك تېرە زاۋۇتى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ئورۇن بار. قاتناش تەرەققىي قىلغان، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن تۇرۇشى ناهايىتى زىچ بولۇپ، ئۈرۈمچى ــ قەشقەر يولىدا قاتنايدىغان ماشىنىلارنىڭ شەهەر رايونىغا كىرىشتىكى مۇهىم قاتناش تۈگۈنى هېسابلىنىدۇ.

### نەزەرباغ يولى

1977 ـ يىلى ياسالغان. 1982 ـ يىلى نەزەرباغ يولى دەپ نام بېرىلگەن. جەنۇب تەرىپى هەزرەت يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى ئايرودۇرۇم رايونى يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1730 مېتىر، يول ياقىسىدا كادىرلار ساناتورىيەسى، نەزەرباغ خىش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### تۈمەن يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى هارۋا يولى ئىدى. 1964 ـ يىلى كېڭەيتىپ ياسىلىپ تاشيول قىلىنغان هەمدە شەرقىي تۈمەن يولى دەپ نام بېرىلگەن. تۈمەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغاق بويىدىكى يول بولغاچقا، 1982 ـ يىلى تۈمەن يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. غەربتە يارباغ كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتە خەلق شەرقىي يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1700 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. يول ياقىسىدا يارباغ كۆۋرۈكى ماي قاچىلاش پونكىتى، سابىق چاسا زىيالىي ياشلار كىنوخانىسى، ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئورنى، جەنۇبىي تەڭرىتاغ ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، تۆشۈك دەرۋازا مېهمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### ئوردا ئالدى بازىرى

ئورنى: يارباغ كوچا باشقارمىسىغا تەۋە رايوندا بولۇپ، تۈماق ـ

دوپپا بازىرى كوچىسىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا توغرا كېلىدۇ. شەھەر مەركىزى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىگە 50 مېتىر كېلىدۇ. ئىگىلىگەن يېرى 4000 كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق. قەدىمدە پادىشاھلار ئوردىسىنىڭ ئالدى بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ بازار ئۇزاق تارىخقا ئىگە، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئىزچىل ھالدا شەھەر ئىچىدىكى ئاۋات بازار بولۇپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىللەردە قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 1976- يىلىنىڭ بېشىدا يېزا سودا ئېلىم - سېتىمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 1978- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كەچلىك بازار بولۇپ ئەسلىگە كەلگەن، 1979- يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن.

بۇ بازار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىلىشكە باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن.

## ئۇچىنچى، ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى (رايونى)

«ئۆستەڭبويى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇنداق قاراش بار: بۇنىڭدىن خېلى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى شەھەرنىڭ شىمالىي رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەرلىك كىشىلەر تۈمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن بىر سۇ كىرىش ئۆستىڭى قېزىپ سۇ باشلاپ كەلگەن ھەمدە بىر قىسىم سۇنى يۇمىلاقشەھەر كۆلىگە قاچىلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆستەڭ بويىدىكى كەڭ زېمىنغا نۇرغۇن كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ بۇ رايوننى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «ئۆستەڭبويى» دەپ ئاتالغان.

### ياغاچچى كوچىسى

جەنۇب تەرىپى ئۆستەڭبويى يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى كوچىنىڭ ئاخىرىغىچە سوزۇلغان خالتا كوچا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئىلگىرى مۇشۇ كوچىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەردىن ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن

شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپرەك بولغاچقا، كوچىنىڭ نامى ياغاچچى كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### باغ كوچا

شەرق تەرىپى ئېگىز ئېرىق يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى باغچا كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر ئىلگىرى باغلىرى بار ئورۇن بولغاچقا، كوچىنىڭ نامى باغ كوچا دەپ ئاتالغان.

### ئېگىز ئېرىق

ئورنى: نوربېشى كوچىسىدا بولۇپ، ئۈستەڭبويى كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. 1956 - يىلى قۇرۇلغان. ئىلگىرى بۇ ئورۇننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، سۇ ئاقىدىغان ئېرىق ئېگىز بولغاچقا، نامى ئېگىز ئېرىق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كومىتېت شۇ مەھەللىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن مەھەللە نامىنى قوللانغان.

### داموللا ھاجىم كوچىسى

جەنۇبىي تەرىپى نوربېشى يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى كوچىنىڭ ئاخىرىغىچە خالتا كوچا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى دىنىي ئۆلىما داموللا ھاجىم مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇراقلاشقاچقا، كوچىنىڭ نامىمۇ داموللا ھاجىم كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### غوجا ئەلا ئاخۇنۇم كوچىسى

جەنۇب تەرىپى نوربېشى يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى شۇ كوچىنىڭ ئاخىرىغىچە خالتا كوچا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. بۇرۇن ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات غوجا ئەلا ئاخۇنۇم مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇراقلاشقاچقا، كوچىنىڭ نامىمۇ غوجا ئەلا

ئاخۇنۇم كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### ئەنجان كوچىسى

جەنۇب تەرىپى نور بېشى يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى ئەنجان رەستە كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ. ئەنجاندىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئۆزبېك بايلىرى مۇشۇ كوچىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇڭا، كوچىنىڭ نامىمۇ ئەنجان كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### ئەنجان رەستىسى

جەنۇب تەرىپى نوربېشى يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي قىسمى ئەنجان كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر كېلىدۇ. رەستە — بازار بولىدىغان كوچا دېگەن مەنىدە. بۇ ئورۇن ئىلگىرى قەشقەرنىڭ سودا مەركىزى بولغان. تەچچە يىللاردىن بېرى بۇ يەر يەككە تىجارەتچىلەر زىچ ئورۇنلاشقان بازار بولۇپ، كوچىنىڭ نامىمۇ ئەنجان رەستە كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### تۈمەن بويى كوچىسى

شەرقىي تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرىپى كوچىنىڭ ئاخىرىغىچە خالتا كوچا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئورۇن تۈمەن دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقانلىقتىن تۈمەن بويى كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### نوربېشى

ئورنى: نوربېشى كوچىسىدا بولۇپ، ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. «نوربېشى» سۇ ئۆتكۈزىدىغان كۆتۈرمە نورنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى دېگەن مەنىدە، ئەسلىدە بۇ ئورۇندا سۇ ئۆتكۈزىدىغان كۆتۈرمە نور بولغانلىقتىن كوچىنىڭ نامى شۇنداق ئاتالغان.

**دۆلا كوچا**

جەنۇب تەرىپى نوربېشى يولىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرىپى كوچىنىڭ ئاخىرىغىچە خالتا كوچا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى بۇ ئورۇننىڭ يەر شەكلى ئېگىز دۆڭلۈك بولغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**سېپىل تۈۋى كوچىسى**

شىمال تەرىپى نورىبېشى يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى باغچا كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ كوچىنىڭ ئورنى سېپىلنىڭ تۈۋى بولغاچقا، سېپىل تۈۋى كوچىسى دەپ ئاتالغان.

**باغچا كوچىسى**

جەنۇب تەرىپى ئۆستەڭبويى يولىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى نورىبېشى يولىغا تۇتىشىدۇ. كوچىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى بۇ جايدا داڭلىق باغچا بولغاچقا، كوچا نامى شۇنداق ئاتالغان.

**يۇمىلاقشەھەر كوچىسى**

شىمال تەرىپى يۇمىلاقشەھەر يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى تاغارچى كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىردىن 4 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئىلگىرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ مۇشۇ ئورۇنغا تاشقىرىقى شەھەر ياسىغان. شەھەرنىڭ شەكلى يۇمىلاق شەكىلدە بولغاچقا كوچا شۇ نامنى قوللانغان.

**ئۆستەڭبويى يولى**

ئەسلىدە نامى بېكىتىلمىگەن كونا يول. 1959 ـ يىلى ئۆستەڭبويى مانتىخانىسىدىن تارتىپ، ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىغىچە بولغان

ئارىلىقتىكى يولغا «ئاۋات يول» دېگەن نام بېرىلگەن. 1964 ـ يىلى ھېيتگاھ مەيدانىدىن يۇمىلاقشەھەرگىچە بولغان يولنىڭ نامى ئۆستەڭبويى يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. يول ئۆستەڭبويى تەۋەسىدە بولغانلىقتىن مۇشۇ نام بېرىلگەن. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى 14 مېتىر كېلىدۇ. يول يۈزىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. يول ياقىسىغا ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى، ئۆستەڭبويى ج خ ساقچىخانىسى ئورۇنلاشقاندىن باشقا، سودا دۇكانلىرى مەركەزلەشكەن، ئادەم زىچ، بازىرى ئاۋات جايدۇر.

## ئېگىزئېرىق يولى

ئەسلىي نامى بېكىتىلمىگەن كونا يول بولۇپ، 1982 ـ يىلى ئېگىز ئېرىق يولى دەپ نام بېرىلگەن. جەنۇب تەرىپى ئۆستەڭبويى يولىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى نوربېشى يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئىككى ياقىسىغا ئاھالىلەر ئۆيلىرى ئورۇنلاشقان.

## نوربېشى يولى

كونا يول بولۇپ، 1959 ـ يىلى نۇرلۇق يول دەپ نام بېرىلگەن. 1964 ـ يىلى نوربېشى يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. نوربېشى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەۋەسىدە بولغاچقا، نوربېشى يولى دەپ نام بېرىلگەن. شەرق تەرىپى ھېيتگاھ مەيدانىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى سەمەن يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 580 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىغا شەھەرلىك نوربېشى باشلانغۇچ مەكتەپ، 8 ـ ئاشلىق ماگىزىنى ئورۇنلاشقان.

## يۇمىلاقشەھەر يولى

1977 ـ يىلى ياسالغان. بۇ يول يۇمىلاقشەھەر ئاھالىلەر كومىتېتى ئورۇنلاشقان تەۋەدە بولغاچقا، 1982 ـ يىلى يۇمىلاقشەھەر يولى دەپ نام بېرىلگەن. شىمال تەرىپى سەمەن يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى خەلق

غەربىي يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 760 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىغا قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ كۆكەرتىش ئەترىتى، يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيە سودا مەركىزى ئورۇنلاشقان بولۇپ، يولدا ماشىنىلار كۆپ قاتنايدۇ.

### سەمەن يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان. 1958 - يىلى دېموكراتىيە يولى دەپ نام بېرىلگەن. 1964 - يىلى غەربىي تۈمەن يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ يول قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ سابىق سەمەن گۇڭشېسىغا بارىدىغان يول بولغانلىقتىن، 1982 - يىلى سەمەن يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شەرق تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى سەمەن گۇڭشېسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2900 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي ئازادلىق يولىدىن تارتىپ سەمەن مېھمانخانىسىغىچە بولغان ئارىلىققا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، قالغان قىسمى تاشيول ئىدى. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى، مېتال بۇيۇملىرى ۋە ئېلېكتىر سايمانلىرى شىركىتى، تۇرۇبا سۈيى شىركىتى، توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى، شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، چىنىباغ مېھمانخانىسى، تاموژنا، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى شىركىتى، شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، سەمەن مېھمانخانىسى، قەشقەر ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، يىپەك زاۋۇتى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئورۇن بار.

### كونا شامالباغ يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان، شامالباغ يېزىسىغىچە تۇتىشىدىغان كونا يول. 1982 - يىلى كونا شامالباغ يولى دەپ نام بېرىلگەن. جەنۇب تەرىپى سەمەن يولىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتىغىچە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800

مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىدا يۈك ـ تىۋىت، ئۈچەي زاۋۇتى. شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. ياسالغان ۋاقتىغا ئاساسەن، شامالباغ يولىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «كونا شامالباغ يولى» دەپ نام بېرىلگەن.

### شامالباغ يولى

1963 ـ يىلى ياسالغان، شامالباغ يېزىسىغىچە تۇتىشىدىغان يول. 1982 ـ يىلى شامالباغ يولى دەپ نام بېرىلگەن. شەرق تەرىپى خەلق غەربىي يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى شامالباغ يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر، كەڭلىكى 14 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى شىركىتى، ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ۋىلايەتلىك ئۆي ھايۋانلىرىنى نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## تۆتىنچى، قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى (رايونى)

«قۇمدەرۋازا» دېگەن بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇنداق قاراش بار: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن (1839 ـ يىلى ئەتراپىدا) شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان قىزىل دەرياسى ئېقىن يولىنى ھەمىشە ئۆزگەرتىپ، يىل بويى تۇپراقنى ئېقىتىپ كەتكەچكە، بۇ رايوننىڭ غەربىي قىسمىغا كۆپ مىقداردا قۇم تاشلاپ، قۇم دۆۋىلىرىنى ھاسىل قىلغان. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ يەرلىك كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بۇ جايدا سېپىل ياساتقان ھەم شەھەر دەرۋازىسى ئاچقان (بۇ قەشقەر كونا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى قۇمدەرۋازا يولى بىلەن خەلق غەربىي يولىنىڭ تۇتاشقان ئورنىغا توغرا كېلىدۇ). شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەۋە «قۇمدەرۋازا» دەپ ئاتالغان.

### پاختا بازىرى كوچىسى

شەرق تەرىپى تاش بازىرى كوچىسىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى

غەربىي يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 760 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىغا قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ كۆكەرتىش ئەترىتى، يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە سودا مەركىزى ئورۇنلاشقان بولۇپ، يولدا ماشىنىلار كۆپ قاتنايدۇ.

### سەمەن يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان. 1958- يىلى دېموكراتىيە يولى دەپ نام بېرىلگەن. 1964- يىلى غەربىي تۈمەن يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ يول قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ سابىق سەمەن گۇڭشېسىغا بارىدىغان يول بولغانلىقتىن، 1982- يىلى سەمەن يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شەرق تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى سەمەن گۇڭشېسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2900 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي ئازادلىق يولىدىن تارتىپ سەمەن مېھمانخانىسىغىچە بولغان ئارىلىققا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، قالغان قىسمى تاشيول ئىدى. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى، مېتال بۇيۇملىرى ۋە ئېلېكتىر سايمانلىرى شىركىتى، تۇرۇبا سۇيى شىركىتى، توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى، شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، چىنىباغ مېھمانخانىسى، تاموژنا، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى شىركىتى، شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ، سەمەن مېھمانخانىسى، قەشقەر ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، يىپەك زاۋۇتى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئورۇن بار.

### كونا شامالباغ يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان، شامالباغ يېزىسىغىچە تۇتىشىدىغان كونا يول. 1982- يىلى كونا شامالباغ يولى دەپ نام بېرىلگەن. جەنۇب تەرىپى سەمەن يولىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتىغىچە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800

مېتر، كەڭلىكى 6 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىدا يۆلۈك ـ تىۋىت، ئۇچەي زاۋۇتى، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. ياسالغان ۋاقتىغا ئاساسەن، شامالباغ يولىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «كونا شامالباغ يولى» دەپ نام بېرىلگەن.

**شامالباغ يولى**

1963 ـ يىلى ياسالغان، شامالباغ يېزىسىغىچە تۇتىشىدىغان يول. 1982 ـ يىلى شامالباغ يولى دەپ نام بېرىلگەن. شەرق تەرىپى خەلق غەربىي يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى شامالباغ يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر، كەڭلىكى 14 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى شىركىتى، ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ۋىلايەتلىك ئۆي هايۋانلىرىنى نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

## تۆتىنچى، قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى (رايونى)

«قۇمدەرۋازا» دېگەن بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇنداق قاراش بار: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن (1839 ـ يىلى ئەتراپىدا) شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان قىزىل دەرياسى ئېقىن يولىنى ھەمىشە ئۆزگەرتىپ، يىل بويى تۇپراقنى ئېقىتىپ كەتكەچكە، بۇ رايوننىڭ غەربىي قىسمىغا كۆپ مىقداردا قۇم تاشلاپ، قۇم دۆۋىلىرىنى ھاسىل قىلغان. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ يەرلىك كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بۇ جايدا سېپىل ياساتقان ھەم شەھەر دەرۋازىسى ئاچقان (بۇ قەشقەر كونا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى قۇمدەرۋازا يولى بىلەن خەلق غەربىي يولىنىڭ تۇتاشقان ئورنىغا توغرا كېلىدۇ). شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەۋە «قۇمدەرۋازا» دەپ ئاتالغان.

**پاختا بازىرى كوچىسى**

شەرق تەرىپى تاش بازىرى كوچىسىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى

قىزىلدۆۋە يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئورۇن ئەزەلدىن پاختا، چىگىت ئېلىم-سېتىم بازىرى بولۇپ كەلگەنلىكتىن مۇشۇ نام قويۇلغان.

### يېڭى جاي كوچىسى

شىمال تەرىپى پاختا بازىرى كوچىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى مەدەنىيەت يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئورۇن ئازادلىقتىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ شەكىللەنگەن. 1956- يىلى يېڭى جاي كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن.

### تاش بازىرى كوچىسى

جەنۇب تەرىپى مەدەنىيەت يولىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى پاختا بازىرى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئورۇندا تارىختىن بېرى تۈگمەن تېشى بازىرى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تاش بازىرى كوچىسى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

### قايماق بازىرى كوچىسى

شەرقتە قۇمدەرۋازا يولىدىن باشلىنىپ، ئىچكىرىلىگەندىن كېيىن ئېگىلىپ، جەنۇبىي تەرەپتە ياچى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ. سۈت، قايماق قاتارلىق سۈتتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ - ساتىدىغان بازار بولغانلىقتىن، كوچىنىڭ نامى قايماق بازىرى دەپ ئاتالغان.

### موفاك كوچىسى

شەرق تەرىپى قۇمدەرۋازا يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى چەكمەنچى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر،

كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتتا بۇ ئورۇندا ماش ئۆنى تارتىدىغان بىر موفاڭ بولغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن كوچىنىڭ نامىمۇ موفاڭ كوچىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## ياچى كوچىسى

غەرب تەرىپى ئاتۇش كوچىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى خەلق غەربىي يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 130 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. «ياچى» ئەگمە يا ياسايدىغان ئۇستا دېگەن مەنىدە. ئىلگىرى مۇشۇ جايدا بىرنەچچە ئائىلىلىك يا ياسايدىغان ئۇستىلار ئولتۇراقلاشقان. كوچىنىڭ نامىمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ «ياچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## كېپەكچى كوچىسى

جەنۇب تەرىپى قايماق بازىرى كوچىسىدىن باشلىنىپ، شىمالدا موفاڭ كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى مۇشۇ ئورۇندىكى ئاھالىلەر ئىچىدە كېپەك ئېلىم - سېتىم قىلىدىغان كىشىلەر كۆپرەك بولغاچقا، بۇ كوچىنىڭ نامىمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن.

## ئىمىن خەلپىتىم كوچىسى

جەنۇب تەرىپى قايماق بازىرى كوچىسىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى موفاڭ كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. دىندىن ساۋاق بەرگۈچى ئىمىن خەلپىتىم دېگەن كىشى مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن كوچىنىڭ نامىمۇ شۇ خەلپىتىمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## چەكمەنچى كوچىسى

شەرق تەرىپى موفاڭ كوچىسىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى جىڭچى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى

3.5 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى مۇشۇ جايدا چەكمەن توقۇيدىغانلار ۋە چەكمەن چاپان تىكىدىغانلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، كوچىنىڭ نامىمۇ چەكمەنچى كوچىسى دەپ ئاتالغان.

## ئاتۇش كوچىسى

شىمالىي تەرىپى موفاڭ كوچىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى ياچى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 360 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇرۇن بىر بۆلەك ئاتۇشلۇق كۆچۈپ كېلىپ مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن كوچىنىڭ نامىمۇ ئاتۇش كوچىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## جىگچى كوچىسى

غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان. غەربىي شىمال ئۇچى تاغارچى كوچىسىغا، شەرقىي جەنۇب ئۇچى ياچى كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئورۇندىكى ئاھالىلەر ئەزەلدىن چوكا جىگ ياساشنى ئاساسىي كەسىپ قىلىپ كەلگەن. كوچىنىڭ نامىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جىگچى كوچىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## تاغارچى كوچىسى

شەرق تەرىپى ئۆستەڭبويى يولىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرىپى جىگچى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى تاغار توقۇيدىغان سوپۇر ئاخۇن قاتارلىق ئۇستىلار مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشلۇق بولغاچقا، كوچىنىڭ نامىمۇ تاغارچى كوچا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## سەي بازىرى

ئورنى: قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ، 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇ يەردە ئەزەلدىن

تارتىپ كۆكتات ئېلىم - سېتىم بازىرى بولۇپ كەلگەچكە، كوچىنىڭ نامى شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن.

### قۇرۇق تېرەك كوچىسى

شىمال تەرىپى سەي بازىرى يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرىپى كوچىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغان خالتا كوچا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى بۇ ئورۇندا بىر تۈپ قۇرۇپ قالغان يوغان سۇۋادان تېرەك بولغان. كوچىنىڭ نامىمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ قۇرۇق تېرەك كوچىسى دەپ ئاتىلىپ قالغان.

### جانان كوچىسى

شىمال تەرىپى ئۆستەڭبويى يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى سەي بازىرى يولىغا ئۇلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ. «جانان» سۆزى گۈزەل، چىرايلىق دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ كوچىنىڭ مۇھىتى گۈزەل، ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك، تىنچ - ئىناق بولغانلىقتىن پۈتۈن شەھەرگە تونۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كوچا جانان كوچىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

### گوداڭ كوچىسى

شىمال تەرىپى ئۆستەڭبويى يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى سەي بازىرى يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 140 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. «گوداڭ» سۆزى «كۇدۇڭ» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. كۇدۇڭ — خام (ماتا) سوقىدىغان ياغاچ توقماق. ئىلگىرى بۇ يەردە خام سوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. كېيىنچە «كۇدۇڭ» سۆزى «گوداڭ» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

### خەزىنىچى بەگ كوچىسى

شىمال تەرىپى سەي بازىرى يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى تۇرۇمتاي كۆلبېشى كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250

مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ. خەزىنىچى بەگ — خەزىنە ۋەزىرى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىلگىرى بۇ ئورۇندا خەزىنە ئەمەلدارى ئولتۇ-راقلاشقان. كوچا نامى شۇ ئەمەلدارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### قاسقان بازىرى

ئورنى: قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. 1956-يىلى قۇرۇلغان. ئىلگىرى بۇ جايدا قاسقان ياساش دۇكانلىرى ۋە ئېلىم - سېتىم بولىدىغان بازار بولغاچقا، نامى قاسقان بازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

### تۇرۇمتاي كۆلبېشى كوچىسى

كوچا ياي شەكىللىك بولۇپ، كوچىنىڭ بېشى بىلەن ئايىغى غەربىي ئارقا ئوردا كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 120 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. تۇرۇمتاي — بىر قىرغىزنىڭ ئىسمى. ئىلگىرى قىرغىزلارنىڭ باشلىقى تۇرۇمتاي دېگەن كىشى جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ مۇشۇ ئورۇندا بىر كۆل كولىتىپ، جامائەتنىڭ سۇ ئىشلىتىشىگە قولايلىق ياراتقان. كوچا كۆل يېنىدا بولغاچقا، كوچىنىڭ نامىنى تۇرۇمتاي كۆلبېشى كوچىسى دەپ ئاتىغان.

### غەربىي ئارقا ئوردا كوچىسى

غەرب تەرىپى قۇمدەرۋازا يولىدىن باشلىنىپ، شەرق تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر كېلىدۇ. ئەسلىدىكى ئوردىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقتىن، ئارقا ئوردا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1958-يىلى شىمالىي ئازادلىق يولىنى ياساش ۋاقتىدا، ئارقا ئوردا كوچىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ تەرىپى يولنىڭ غەربىدە بولغاچقا غەربىي ئارقا ئوردا كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### دەڭ كوچا

شىمال تەرىپى ئارقا ئوردا كوچىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى

قۇمدەرۋازا ج خ ساقچىخانىسىغىچە بارىدىغان خالتا كوچا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى بۇ ئورۇندا ئات، ئېشەك قويىدىغان بىرنەچچە دەڭ بولغان. شۇنىڭدىن بېرى كوچىنىڭ نامى دەڭ كوچا دەپ ئاتالغان.

### ئارىپ ھاجىم كوچىسى

غەرب تەرىپى قۇمدەرۋازا يولىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەرىپى كوچىنىڭ ئاخىرىغا تۇتىشىدىغان خالتا كوچا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 130 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ كوچىدا ئولتۇراقلاشقان ئارىپ ھاجىمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

### قۇمدەرۋازا يولى

بۇ كونا يول بولۇپ، 1975 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. ئورنى قۇمدەرۋازا يولىدا بولغاچقا، 1982 ـ يىلى قۇمدەرۋازا يولى دەپ نام بېرىلگەن. شىمال تەرىپى ئۆستەڭبويى يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇب تەرىپى خەلق غەربىي يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ. قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق ئۆستەڭبويى مانتىخانىسى بۇ يولنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئورۇنلاشقان. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۆمۈرچىلىك، تۇنىكىچىلىك دۇكانلىرى ۋە ھەر خىل يايما دۇكانلار بار.

### سەي بازىرى يولى

بۇ كونا يول بولۇپ، تارىختىن بۇيان بۇ يەردە ئاۋات بازار بولغاچقا، 1959 ـ يىلى «ئاۋات يول» دەپ نام بېرىلگەن. 1982 ـ يىلى «سەي بازىرى يولى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شەرق تەرىپى شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى ئۆستەڭبويى يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 340 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي قىسمىدا مىللىي ئالاھىدە بۇيۇملار بازىرى، غەربىي

قىسمىدا كۆكتات بازىرى بولىدۇ.

### مەدەنىيەت يولى

ئەسلىدە بۇ كونا كوچا بولۇپ، 1981 - يىلى كېڭەيتىپ ياسىلىپ قوش لىنىيەلىك ماشىنا يولى قىلىنغان، 1982 - يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلغان. بۇ كوچىدا مەدەنىيەت، مائارىپ ئورگانلىرى بىرقەدەر كۆپ بولغاچقا، كوچىغا مەدەنىيەت يولى دەپ نام بېرىلگەن. شەرق تەرىپى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى قىزىلدۆۋە يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 860 مېتىر، كەڭلىكى 32 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى، سابىق ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى، قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاپتونوم رايونلۇق تاش يول ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### توققۇزاق يولى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى توپا يول ئىدى. بۇ يول توققۇزاق (كوناشەھەر ناھىيەسى)گە بارىدىغان يول بولغاچقا، 1964 - يىلى توققۇزاق يولى دەپ نام بېرىلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «داجەي يولى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982 - يىلى «توققۇزاق يولى» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شەرق تەرىپى خەلق غەربىي يولىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى تەلۋىچۇك كۆۋرۈكىگىچە تۇتىشىدۇ (يولنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغىچە بارىدۇ). ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3000 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ. يول يۈزىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. ئۆز ۋاقتىدا يول ياقىسىدا ۋىلايەتلىك توك ئېنېرگىيە شىركىتى، ياغاچ شىركىتى، توڭلىتىش زاۋۇتى ۋە ئېتىزلىقلار، يېزا - كەنت ئاھالىلىرى بار ئىدى.

### قىزىلدۆۋە يولى

بۇ ئەسلىدە بىر كىچىك كوچا بولۇپ. 1973 - يىلى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، شېغىل ياتقۇزۇلۇپ تاشيول قىلىنغان. يول قىزىلدۆۋە كەنت

كومىتېتى تەۋەسىدە بولغانلىقتىن، 1982- يىلى قىزىلدۆۋە يولى دەپ نام بېرىلگەن. شىمال تەرىپى خەلق غەربىي يولىدىن باشلىنىپ جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ، ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسى ئالدىدا شەرققە بۇرۇلۇپ، ئاخىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2165 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىسىدا سابىق ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى، قەشقەر سوپۇن زاۋۇتى، قىزىل دەريا باشقارمىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ئورۇن بار.

## 5. قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمكى سېپىل ۋە دەرۋازىلىرى

قەشقەر شەھىرى «ئېچكىرىكى شەھەر»، «تاشقىرىقى شەھەر»، «يېڭىشەھەر» دەپ ئۈچ بۆلەك بويىچە ئاتىلىپ كەلگەن.

مىلادىيەنىڭ 893- يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قۇمالتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى چاقماق دەريا سۈيىنىڭ ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، خاقان ئابدۇكېرىم سۇتۇق بۇغرا قاراخان بۇ جاينى تاللاپ پايتەختنى يۆتكەپ كىرىپ، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ كوچا باشقارما تەۋەسىدىكى بۇلاقبېشى دېگەن جاينىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈككە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە شۇ جاينى مەركەز قىلغان ئاساستا غەربتە «خام بازىرى» (ئوردا ئالدى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ بەشئېرىق مەھەللىسى)، شەرقتە ئوراڭقاي، ھېكىم ئاغىچام كوچىلىرى، شىمالدا جانقورغان مەھەللىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4 — 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئايلانما سېپىل سوقتۇرۇپ، دائىرە ئىچىگە ئېلىپ شەھەرنى بىنا قىلغان. بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «ئوردا كەنت» دەپ ئاتىغان. شەھەرنىڭ غەرب، شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىدىن «ئوردا ئىشىكى»، «قاراقىر دەرۋازىسى»، «سۇ دەرۋازىسى» ۋە «توققۇزاق دەرۋازىسى» دىن ئىبارەت تۆت دەرۋازا قويغان، بۇ دەرۋازىلارنى بۇنداق ئىسىم بىلەن ئاتاشنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىسى بار ئىدى.

### ئۇردا ئىشىكى

بۇ دەرۋازا ئۇردىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە يەنى ھازىرقى ئۇراڭقاي، ھېكىم ئاغىچام كوچىلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان مەركىزىي كوچا ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇ دەرۋازىدىن ئاساسلىقى سۇلالە ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇردا لەشكەرلىرى كىرىپ چىقاتتى، شۇڭا بۇ دەرۋازا «ئۇردا ئىشىكى» دەپ ئاتالغان، كېيىنچە «كونا دەرۋازا» دەپ ئاتالغان. ئەينى چاغدىكى كونا ئۇردىدىن ئارا ئۇردىغا (جانقورغان تەرەپكە) چىقىدىغان بىر ئىشىك بار بولۇپ (ھازىرقى ئۇردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە چاپان بازىرى مەسچىتىنىڭ ئالدىدا)، بۇ ئىشىكمۇ «ئۇردا ئىشىكى» دەپ ئاتالغان. ھازىرغىچە بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ نامى مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

### قاراقىر دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپى يەنى ھازىرقى چاسا كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ «ساقىيە» ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدىكى كەتمەن بازىرى مەھەللىسىدە بولۇپ، دەرۋازا نامىنىڭ «قارا قىر» دەپ ئاتىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇنداق: قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ھازىرقى «قېچىچى»، «ئاراباغ»، «بارىن» قاتارلىق كەنتلىرىنىڭ نامى ئەينى يىللاردا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «قارا قىر» يېزىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىمۇ ئۆز يوپۇرىسىدىكى «قارا قىر» يېزىسىنىڭ نامى بويىچە «قارا قىر» دەۋرازىسى دەپ ئاتىغان. يەنە بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلار ۋە تارىخ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پېشقەدەملەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قوغداش قىسىملىرى مۇشۇ دەرۋازا ئارقىلىق شەھەر سىرتىدىكى مەشىق مەيدانىغا چىقىپ- كىرىدىغان بولغاچقا، قارىغا ئاتىدىغانلار چىقىپ ـ كىرىدىغان دەرۋازا، قىسقارتىپ «قارا قىر دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان دەپ دەلىللىشىدىكەن، بىراق ئۇزاق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جانلىق تىلدا ئۆزگىرىش بولۇپ،

بۇ دەرۋازىنىڭ نامى «قارقىدەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ دەرۋازا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاقىۋېتىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا يەنە ئېچىۋېتىلگەن. ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېنىدىكى يولنىڭ كەتمەن بازىرى دوڭلۈككىگە چىققىدىغان تۆت يولنىڭ توگۈنى ھازىرمۇ قارقىدەرۋازىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

### سۇ دەرۋازىسى

شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپى يەنى ھازىرقى ئوردا ئىشكى مەھەللىسىنىڭ زىلچا كوچىسى ئېغىزىدىن قويۇلغان، بۇ دەرۋازا ئوردا خادىملىرى ئاھالىلىرىنىڭ ۋە ئوردىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى، بۇلاق سۇلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ قويۇلغاچقا، كىشىلەر تا ھازىرغىچە «سۇ دەرۋازىسى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

### توققۇزاق دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپى يەنى ھازىرقى «خام بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان دوقمۇشتا ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئاساسەن يېزا ۋە بىرنەچچە ساراي، دەڭلەر بار بولۇپ، توققۇز ئاق (ھازىرقى كوناشەھەر ناھىيەسى) تەۋەسىدىكى 43 بەگلىككە قارايدىغان كىشىلەر سودا - سېتىق قىلىش ۋە ئالۋان - ياساق، باج - خىراج تۆلەش ئۈچۈن شەھەرگە كىرسە، ئاشۇ دەڭ - سارايلاردا قونۇپ، ئات-ئۇلاغلىرىنى قويۇشاتتى. ئاشۇ سەۋەبتىن بۇ دەرۋازىنىڭ نامى «توققۇزئاق دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

مانجۇ ئەمەلدارى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1839 - يىلى شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىن بۇلاقبېشى، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن (ھازىرقى تۆرەباغ، قازانچى يارېشى مەھەللىسى، جەنۇب تەرىپىدىن بورىچى كوچىسى، كېپەك بازىرى يولى)، غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن (ھازىرقى قۇمدەرۋازا كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى) چەكمەنچى كوچا؛ ئاتۇش مەھەللىسىنى بويلاپ غەربتىن نورېشى، شىمال تەرەپتىن (ھازىرقى

يارباغ كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى) جانقورغان، تۆرە يارباغ ئاھالە كومىتېتلىرىنى دائىرە ئىچىگە ئېلىپ، 12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئايلانما سېپىل سوقتۇرۇپ، شەھەرنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىش بىلەن بىرگە يەنە ئېگىزلىكى 8 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدىغان ئەگمە شەكىللىك، ئىككى يان تەرىپىگە قاراۋۇلخانا چىقىرىلغان ئىككى دەرۋازا يەنى يارباغ دەرۋازىسى بىلەن قۇمدەرۋازىسىنى ياسىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر شەھىرىنىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ كېڭەيتىپ ياسىغان قىسمى «تاشقىرىقى شەھەر»، ئەسلىدىكى شەھەر ئورنى «ئىچكىرىكى شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

## يارباغ دەرۋازىسى

ھازىرقى «ئەنجان رەستە» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ كوچىنىڭ شىمالىي ئېغىزى يەنى تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يارلىققا جايلاشقان. بۇ دەرۋازىنىڭ «يارباغ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىپ كېلىشىدىكى سەۋەب، ھازىرقى تۆرە يارباغ ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى قازىلىرىدىن تۇردۇش قازى ئاخۇنۇم قاتارلىق بىرنەچچە كىشىنىڭ ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن تولغان شىپالىق ھەشەمەتلىك باغلىرى بولۇپ، ئۇلار زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ زۇلۇم - زالالەت بىلەن يۇرت سورىغانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ ئۈستىدىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئەرز-شىكايەت سۇنغان. بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قالغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ ئەرز قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئېلىپ، شەھەرنى كېڭەيتكەندە شەھەرنىڭ سېپىلىنى ئۇلارنىڭ بېغى ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلتۈرۈپ، بۇ باغلارنى ۋەيران قىلغان، باغلار يارلىققا ئايلانغان. شۇڭا، بۇ جايغا ئېچىلغان دەرۋازىنى كىشىلەر يار باغرىدىكى دەرۋازا دەپ ئاتىغان. كېيىنچە «يارباغ دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. ھازىر شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى بىر كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى شۇ دەرۋازىنىڭ نامى بىلەن يارباغ كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. دېمەك، «يارباغ دەرۋازىسى»

«يارلىققا ئايلانغان باغ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

### قۇمدەرۋازا

قۇمدەرۋازا تاشقىرىقى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى سوت - قايماق بازىرى كوچىسى يېنىدىكى (هازىرقى پوچتا - تېلېگراف بىناسى) ئورنىغا جايلاشقان. ئەينى چاغدا شەھەرنىڭ هازىرقى ئۈستەڭبويى دەپ ئاتىلىدىغان جايىدا غەربتىن شەرققە قاراپ قۇم ئارىلاش قىزىل سۇ ئاقىدىغان بىر ئۈستەڭ بار بولۇپ، ئۈستەڭ پات - پات چېپىلىپ قاشقا چىقىرىلغان قۇم دۆۋىلىرى دەرۋازىغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر بۇ دەرۋازىنى «قۇمدەرۋازىسى» دەپ ئاتىغان. هازىر بىر كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ نامى مۇشۇ دەرۋازىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

### تۆشۈك دەرۋازىسى

شەھەر كېڭەيتىلىپ سېپىل سوقتۇرۇلغان چاغدا بۇ دەرۋازىغا ئورۇن قويۇلماي قالغان. كېيىنچە شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان يۇرتلاردىكى خەلق ئاممىسى شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىنمۇ بىر دەرۋازا ئېچىپ بېرىش توغرىسىدا زوھۇرىددىن هاكىمبەگكە كۆپ قېتىم تەلەپنامە سۇنغان. ئوردىنىڭ باش كاتىپى، تالانتلىق شائىر، تىلشۇناس ئابدۇرەھىم نىزارىي خەلقنىڭ بۇ تەلىپىنى يوللۇق دەپ قارىغان ھەمدە بەگكە تەكلىپ بېرىپ، سېپىلنى تېشىش ئارقىلىق بۇ دەرۋازا ئورنىنى ئاچقان. سېپىلنى تېشىپ دەرۋازا ئورناتقۇچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر شەھەرگە شۇ تۆشۈك ئارقىلىق كىرىپ - چىقىپ تۇرغان. دەرۋازا بېكىتىلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر بۇ دەرۋازىنى تۆشۈك دەرۋازا دەپ ئاتىغان، بۇ نام هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### يۇملاقشەھەر قەلئەسى

1898 - يىلى مانجۇ ئەمەلدارى لۇيجى شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىگە مەخسۇس ئۆزى تۇرۇش ئۈچۈن بىر قەلئە ياساتقان. بۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇرغان. بۇ قەلئە شار شەكىللىك يۇملاق بولۇپ،

كىشىلەر بۇ قەلئەنى «يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى» دەپ ئاتاشقان. بۇ قەلئەنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىن ئىككى دەرۋازا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەر شەرق تەرەپتىكىسىنى «يۇمىلاقشەھەر دەرۋازىسى»، غەرب تەرەپتىكىسىنى «يېڭى دەرۋازا» (گۈلباغ دەرۋازىسى) دەپ ئاتاشقان. بۇ دەرۋازىلارمۇ شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى باردى - كەلدى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا «يۇمىلاقشەھەر» مەھمۇد مۇھىتى (مەھمۇد سىجاڭ) قوماندانلىقىدىكى 6 - شىنىڭ (دىۋىزىيەنىڭ) قوماندانلىق ئىشتابىغا ئايلىنىپ، بۇ يەرنىڭ دەرۋازىلىرىدىن يۇقىرىلارنىڭ ئەركىن كىرىپ - چىقىشى مەنئى قىلىندى ۋە «يۇمىلاقشەھەر» نىڭ شىمالىدىكى 500 مېتىر نېرى جايدىن بىر دەرۋازا ئېچىلىپ، ئۇ «يېڭى دەرۋازا» ياكى «نور - بېشى دەرۋازىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ دەرۋازا ھازىرقى شەھەرلىك 5 - باشلان - غۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ غەرب تەرەپ سېپىلىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سېپىل - شەھەر دەرۋازىلىرى ئەينى چاغلاردا دەۋر سۈرگەن ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولۇپ، دەرۋازىلارنىڭ ئېچىلىش، تاقىلىش ۋاقتىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بەلگىلەيتتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالسا كىشىلەر شەھەرگە كىرەلمەيتتى ياكى شەھەردىن چىقالمايتتى. تۈرلۈك خىلاپلىق قىلغۇچىـ - لاردىن جەرىمانە ئېلىناتتى. دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىش، دەرۋازىنى ئېچىش - تاقاش ئۈچۈن تولۇپ ئېتىپ بەلگە بېرىلەتتى. تۈرلۈك بويسۇنمىغانلار دەرۋازا يېنىدىكى قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولاپ قويۇلۇپ جازا قوللىنىلاتتى. بۇ ھال تاكى ئازادلىققا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەنىدى.

1953 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بۇ دەرۋازىلارنى ئېلىپ تاشلاپ سېپىلنى چېقىشنى باشلىغانىدى. 60 - يىللارغا كەلگەندە قەشقەر شەھىرىنى ئوراپ تۇرغان بۇ ئايلانما سېپىلنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار سېلىندى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سېپىلنى سوقۇشتا توپىسى كۆپ ھاللاردا سىرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، بىر قىسىم

توپىلىرى سېپىلنىڭ ئارقىسىدىن ئېلىنغان. بۇ توپنى سېپىل سىرتىدىن ئېلىشتا مۇنداق ئىككى خىل پايدىلىنىش قىممىتى بولغان: بىرسى، توپنى قېزىپ سېپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقىش جەريانىدا سېپىل ئېگىزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەندەك كولىنىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەن قارشى كۈچلەردىن مۇداپىئەلىنىشتە پايدىلانغان. سېپىلغا توپا ئالغان ئازگال مۇداپىئە ئاكوپى شەكلىدە چوڭقۇرلۇقى 2 — 3 مېتىر، كەڭلىكى 3 — 4 مېتىر ئويۇلغان ھەم چۆرىسىگە 2 مېتىر چامىسىدا قوختا تام قوپۇرۇلغان. بۇ تامنىڭ ۋە خەندەكنىڭ (ئازگالنىڭ) ئايلانما ئۇزۇنلۇقى سېپىلنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇ مۇداپىئەلىنىش خاراكتېرىدە بولۇپ، بىرەر شەپە بولسىلا، خەندەككە سۇ تولدۇرۇپ ئۆزىنى قوغداپ قېلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. سېپىل - خەندەكلەرنىڭ ئاز بىر قىسىم ئىزلىرى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ ئەتراپىدا شاھىت بولۇپ ساقلىنىپ تۇرماقتا[①].

## 6. قەشقەر شەھىرىدىكى قەدىمكى دەريا ۋە كۆۋرۈكلەر

### قىزىل دەريا كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي ئازادلىق يولىغا جايلاشقان بولۇپ، قىزىل دەرياسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 115 مېتىر، كەڭلىكى 7.5 مېتىر (ئىككى يانىدا 1.5 مېتىرلىق پىيادىلەر يولى بار)، سەككىز ئەگمىلىك T شەكىللىك بېتون كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىدىن يېڭىشەھەر، يېگىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، خوتەن، شىرالى قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ

---

① قىممەرجان قابىل، ئابدۇرېھىم رازى، ئۇچقۇنجان ئۆمەر: «قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل دەرۋازىلىرى ۋە قەۋەتلىك ئىمارەت، خەندەكلىرى»، «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» (2 - توپلام)، 1994 - يىلى 5 - ئاي ئۇيغۇرچە باسمىسى، 104 - ، 112 - بەتلەر.

كۆۋرۈك ئەسلىدە ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، 1965 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ ياسالغان. يارباغ كۆۋرۈكى بىلەن بولغان ئارىلىقى يەتتە چاقىرىم بولغاچقا، خەنزۇ تىلىدا «يەتتە چاقىرىملىق كۆۋرۈك» دەپ ئاتالغان. قىزىل دەرياسىغا ياسالغانلىقى ئۈچۈن «قىزىل دەريا كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ھازىرقى ھالىتى 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان.

## تۇتۇرگە كۆۋرۈكى

بۇ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى قوغان يېزىسى تەۋەسىدىكى چاقماق دەرياسى كۆۋرۈكى بولۇپ، ئەسلىدە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى، 1968 ـ يىلى بېتون قۇرۇلمىلىق مۇستەھكەم كۆۋرۈككە ئۆزگەرتىلدى، كۆۋرۈك تۈزۈلۈشى قوش ئەگمىلىك بولۇپ، جەمئىي 8 تۈشۈكلۈك، ھەربىر تۈشۈكنىڭ چات ئارىلىقى 18 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 165.4 مېتىر، كۆۋرۈك ئېگىزلىكى 2.7 مېتىر، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر، يۈزىگە قوش قەۋەتلىك ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ قۇرۇلمىسى قوش ئەگمىلىك، ئاستىنقى قىسمى V شەكىللىك كۆۋرۈك سۇپىسى بولۇپ، قوش تۈۋرۈك شەكىللىك كۆۋرۈك گۈندىسى ياسالغان. ئېغىرلىق كۆتۈرۈشچانلىقى: ئاپتوموبىل 13 دەرىجە، پىرتسېپ 60 دەرىجە، ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى 0.5 مېتىردىن كېلىدۇ. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ھازىرقى ھالىتى 2006 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان.

## يارباغ كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، شىمالىي ئازادلىق يولى بىلەن ئايرودۇرۇم يولىنىڭ چېگراسىدىكى تۈمەن دەرياسىغا سېلىنغان. تاشيول مۇساپە قوزۇق نومۇرى K1473+573 لىق ئورنىغا توغرا كېلىدۇ، ئەسلىدە ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ، «تىنچلىق كۆۋرۈكى» دەپ ئاتالغان. 1964 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي چىقىش ئېغىزىدىكى قاتناش مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئەترىتى بېتون

قۇرۇلمىلىق مۇستەھكەم كۆۋرۈك قىلىپ ياسىدى. ئۇزۇنلۇقى T شەكىللىك بولۇپ، ئۈچ تۈشۈكلۈك، ھەربىر تۈشۈكنىڭ چات ئارىلىقى 16.8 مېتىر. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 56.4 مېتىر، كۆۋرۈك ئېگىزلىكى 4.7 مېتىر، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 9 مېتىر، يۈزى بېتون بىلەن قويۇلغان. ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ قۇرۇلمىسى T شەكىلدە، ئاستىنقى قىسمىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم كۆۋرۈك سۈپىسىدىن ئىبارەت، تۈۋرۈك شەكىللىك كۆۋرۈك گۈندىسى بار. ئېغىرلىق كۆتۈرۈشچانلىقى: ئاپتوموبىل 13 دەرىجە، پىرىتسېپ 60 دەرىجە. ئىككى تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر. كۆۋرۈك شەھەرنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولغاچقا «شىمالىي كۆۋرۈك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ھازىرقى ھالىتى 1999 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ ياسالغان.

### بەش چاقىرىم كۆۋرۈكى (تىكەنبېشى كۆۋرۈكى)

بۇ كۆۋرۈك قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قىزىل دەرياسىغا سېلىنغان بولۇپ، تاشيول مۇساپە قوزۇق نومۇرى K1479+900 لىق ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. 1968 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان. كۆۋرۈك شەكلى بېتون قۇرۇلمىلىق، T شەكىللىك، جەمئىي 11 تۈشۈكلۈك، ھەر تۈشۈكنىڭ چات ئارىلىقى 16.8 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 189.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.2 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر، كۆۋرۈك يۈزىگە قوش قەۋەتلىك ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ قۇرۇلمىسى T شەكىللىك، ئاستىنقى قىسمىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا كۆۋرۈك سۈپىسىدىن ئىبارەت، تۈۋرۈك شەكىللىك كۆۋرۈك گۈندىسى بار. ئېغىرلىق كۆتۈرۈشچانلىقى: ئاپتوموبىل 13 دەرىجە، پىرىتسېپ 60 دەرىجە. ئىككى تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى 0.75 مېتىر. بۇ كۆۋرۈك 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان.

### تۈشۈك دەرۋازا كۆۋرۈكى

شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۈمەن دەرياسىغا ئەسلىي 1928 ـ يىلى ياسالغان، تۈشۈك دەرۋازىسىغا تەۋە جايدا بولغىنى ئۈچۈن تۈشۈك دەرۋازا

كۆۋرۈكى دەپ ئاتالغان. شەرقىي، غەربىي ئىككى كۆۋرۈكتىن تەركىب تاپقان. شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 مېتىر، كەڭلىكى 11 مېتىر، 4 ئارىلىقتىن؛ غەرب تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33 مېتىر، كەڭلىكى 9 مېتىر، ئارتىلىش ئارىلىقى 20 مېتىر؛ 3 ئارىلىقتىن تەركىب تاپقان. ئېغىرلىق كۆتۈرۈشچانلىقى 30 توننا بولۇپ، ئىككى كۆۋرۈكنىڭ ئارىلىقى 40 مېتىر، شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان.

### دۆلەتباغ كۆۋرۈكى

1928 ـ يىلى ياسالغان. دۆلەتباغقا ئۆتىدىغان كۆۋرۈك بولغاچقا، دۆلەتباغ كۆۋرۈكى دەپ ئاتالغان. بۇ كۆۋرۈك دۆلەتباغ يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆمەن دەرياسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شەرقىي، غەربىي ئىككى كۆۋرۈكتىن تەركىب تاپقان، ئارىلىقى 70 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 45 مېتىر. ئېغىرلىقى كۆتۈرۈشچانلىقى: 30 توننا. توقۇمىچىلىق رايونى ۋە دۆلەتباغ يېزىسى بىلەن شەھەر ئىچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان.

# ئۈچىنچى باب

# قەشقەردە قەدىمكى مەدەنىيەت

## 1. قەشقەردە دىنىي ئېتىقاد

### 1. ئىپتىدائىي دىن

قەشقەر ئىنسانلار پائالىيىتى ئەڭ بالدۇر باشلانغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، خۇددى باشقا جايلارغا ئوخشاش يىراق قەدىمكى دەۋردە قەشقەردىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر ئىچىدە ئىپتىدائىي دىنىي قاراش پەيدا بولغان. ئۇلار ئادەمدە تەندىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان «روھ» نىڭ بارلىقىغا، بەلكى بۇ روھنىڭ تەنگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ «روھى» تېنىدىن ئاجراپ باشقا دۇنياغا بېرىپ، ئۇ جايدا ھازىرقى رېئال دۇنيادىكىگە ئوخشاش ياشايدۇ دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئۆلگەنلەرنى كۆمگەندە ئۆلگۈچى ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى، ھەتتا زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ تەڭ كۆمۈۋېتەتتى. بۇنىڭ مەنىسى ئۇ دۇنيادىمۇ شۇ نەرسىلەرنى داۋاملىق ئىشلەتسۇن دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىن تېپىلغان يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى قەبرىلەردىن ئوخشاش بولمىغان مىقداردا ھەر خىل ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىقتى. كېيىن ئىنسانلار تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا ھەر خىل ھادىسىلەرنى چۈشىنەلمەي، خاتا ھالدا تەبىئەت دۇنياسىنىمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش «روھى» بار دەپ قارىغان ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەبىئەتنىڭ روھىنى ئىنسانلاشتۇرۇپ

ۋە ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ خۇشاللىقى، خاپىلىقى بار، بەلكى كۈچ - قۇدرىتى چەكسىز، دەل شۇلار تەبىئەت دۇنياسىنى كونترول قىلغانلىقى ۋە چاڭگىلىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسى سىرلىق ھەم چۈشىنىكسىز، ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ھەر خىل چارە - ئاماللار ئارقىلىق تەبىئەتنى ئىدارە قىلىدىغان ئىلاھلارغا ياخشىچاق بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان، بۇنىڭ بىلەن تەبىئەتكە چوقۇنۇش پەيدا بولغان.

قەشقەردىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئوبيېكتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاسمان، يەر، قۇياش، ئاي، بوران، يامغۇر، گۈلدۈرماما، دەريا، تاغ قاتارلىق شەيئىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلار چوقۇنىدىغان ئوبيېكت بولغان.

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرمۇ قەشقەردىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر چوقۇنىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئوبيېكت بولغان. ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرى ئىچىدە بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولسا، چارۋىچىلار ئىچىدە ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئومۇملاشقان. تەڭرىتاغ، كۇئىنلۇن تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىدا كالا، قوي، تۆگە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان نۇرغۇن قىيا تاش رەسىملىرى بار، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا بىرقەدەر ئېغىر زىيان سالىدىغان ھايۋانلار، مەسىلەن بۆرە قاتارلىقلارغا كىشىلەر تېخىمۇ بەك ساداقەتمەنلىك بىلەن چوقۇنغان.

توتېمغا چوقۇنۇش قەدىمكى قەشقەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ۋە «تاغ - تىزمىلار قۇرئى» دا خاتىرىلىنىشىچە، مۇتيەنزى غەربتىكى كۇئىنلۇن تېغىغا چىقىپ «ئوماي» بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدىكەن، چىشى يىلپىزنىڭكىدەك، قۇيرۇقى يولۋاسنىڭكىدەك ئىكەن، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئوماي» بەلكىم يىراق قەدىمكى دەۋردە كۇئىنلۇن تېغى ئەتراپىدا ياشىغان يولۋاس ۋە يىلپىزنى توتېم قىلغان ماترىئارخاللىق قەبىلىنىڭ سەردارى بولۇشى مۇمكىن.

توتېمغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەسىل قالدۇرۇشنى چۈشەنمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان خاتا تونۇشىنىڭ مەھسۇلى. كىشىلەر ئاستا - ئاستا نەسىل قالدۇرۇش ھادىسىسىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن نەسىل قالدۇرۇشقا چوقۇنۇشقا باشلىدى. قۇتۇبىدىكى مەشھۇر قامجاي تاش ئىشىكىگە چېكىلگەن نەسىل قالدۇرۇشقا چوقۇنۇش سۈرىتىدە، ئەينى چاغلاردىكى كىشىلەرنىڭ نەسىل قالدۇرۇشقا چوقۇنۇشقا دائىر كۆرۈنۈشلەر جانلىق خاتىرىلەنگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاياللار نەسىل قالدۇرۇشنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالغۇچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى كىشىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەر ئىچىدىن ئۇرغۇن ياغاچ ئويما ۋە تاش ئويما ھەيكەللەر چىقتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ماترىئارخاللىقتىن پاترىئارخاللىق جەمئىيىتىگە كۆچكەندە، ئەرلەر ئاستا - ئاستا ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، چوقۇنۇشنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. مورىنىڭ چىداۋگۇ دېگەن يېرىدىكى يېغىلىق دەۋرىدىن قالغان قەبرە ئىچىدىن ئەرلەرنىڭ تاشتىن ياسالغان جىنسىي ئەزاسى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى راستتەك كۆرۈنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەشقەردىمۇ بۇ خىل تاش بۇيۇم تېپىلدى.

### 2. بۇددا دىنى

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6- ئەسىردىن 5- ئەسىرگىچە ھىندىستاندا پەيدا بولغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1- ئەسىردە ھىندىستان، كەشمىر ئارقىلىق ئالدى بىلەن قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي - شىمالىي يولى ئارقىلىق خوتەن، كۇسەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، شىنجاڭ دەل قۇللۇق جەمئىيەتتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان باسقۇچتا ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرقانچە ئون تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەر ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، توختىماي جەڭ قىلىشاتتى، جەمئىيەت تۇراقسىز ئىدى. بۇددا دىنى سەۋر - تاقەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولغاچقا،

هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ دەل مۇشۇنداق دىندىن پايدىلىنىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى بېسىشقا موھتاج ئىدى. ئەمگەكچى خەلق ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى، نەتىجىدە بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن جايلاردىكى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەدەپ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز ئومۇملاشتى. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە بۇددا دىنى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا بۇددا دىنىنى ئاساسىي دىن قىلىپ كۆپ خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

ئەينى زاماندا ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى شەھەر بەگلىكلىرىدە قىرىدا بەگ ـ ئەمەلدارلار، تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى گۇدەك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىبادەتخانا سېلىش، مۇنار ساش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىمارەت كۆلىمىمۇ ناھايىتى چوڭ، بېزىلىشى ئىنتايىن كاتتا بولغان. شىنجاڭدىكى مەشھۇر قىزىل مىڭئۆيى، ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيلىرى دەل شۇ مەزگىلدە ياسالغانىدى.

مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا راھىب فا شيەن شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا نوم ئەكېلىشكە بارغاندا، يول ئۈستىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇددا دىنىنىڭ دىنىي مەزھەپلىرى، ئىبادەتخانىلار، راھىبلارنىڭ سانى، بۇددا دىنى پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشىنى «بۇددا ئەللىرىگە ساياھەت» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا فا شيەن ئەينى زاماندا شىنجاڭدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان ئىككى خىل بۇددا دىنى پائالىيىتىنى ئىنتايىن تەپسىلىي ۋە جانلىق خاتىرىلىگەن. بۇنىڭ بىرى، ئۇدۇندىكى «بۇتنى نامايىش قىلىش» مۇراسىمى؛ يەنە بىرى، قەشقەردىكى «راھىبلارغا زىياپەت بېرىش» بولۇپ، بۇتنى نامايىش قىلىش بۇتنى ھارۋىغا تىكلەپ نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل بۇددا دىنى پائالىيىتى ئىدى.

قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا بولسا «راھىبلارغا زىياپەت بېرىش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنداق مۇراسىم ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، مۇراسىمغا پادىشاھ رىياسەتچىلىك قىلاتتى. جايلاردىكى راھىبلار تەكلىپ قىلىناتتى؛ پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر راھىبلارغا «خىلمۇخىل قىممەت باھالىق نەرسىلەر ۋە ئىبادەتخانىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەر» نى سەدىقە قىلىپ بېرەتتى.

مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا كەلگەن ئاتاقلىق راھىب شۈەنزاڭ جايلاردا كۆرگەن ئەھۋاللار ئاساسىدا «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان ۋە قەشقەر ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرە قالدۇرغان.

### 3. خىرىستىيان دىنى

بۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپىنىڭ جۇڭگودىكى نامى، نېستورى دىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەڭ بالدۇر شىنجاڭغا ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن بىر دىنىي مەزھىپى. بۇ دىن قۇرغۇچىسى نېستورىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دىن بولۇپ، يەنە «پىراۋوسلاۋىيە دىنى»، «مىشكا دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نېستورى دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى ئاساسەن مانى دىنى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولۇپ، مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپتە ئۇ ئاساسەن تۇرپاندا تارقالغان، نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئاساسلىقى جۇڭگوغا كەلگەن سۈرىيەلىكلەر، سوغدلار ۋە پارسلار ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىگىچە دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، نېستورى دىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېز تارقىلىپ، گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. ئەينى زاماندا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردە نېستورى دىنىمۇ خېلى تەرەققىي

قىلغان بولۇپ، قەشقەر نېستورى دىنىنىڭ 25 دىنىي رايونىنىڭ 19- رايونى بولۇپ قالغان. ئىتالىيەلىك ئاتاقلىق ساياھەتچى ماركوپولو شىنجاڭغا كەلگەندە، يول ئۈستىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، بۆگۈر، ئىلى، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ئەينى زاماندىكى نېستورى دىنىنىڭ چېركاۋلىرىنى ۋە نېستورى دىندارلىرىنى يولۇقتۇرغان.

#### 4. ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى «ئاللا» نى بىردىنبىر ئىلاھ دەپ بىلىدىغان بىر ئىلاھلىق دىندۇر. ئۇ بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ مىلادىيە 7- ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككە شەھىرىدە بەرپا قىلىنغان. «ئىسلام» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى بويسۇنۇش يەنى «ئاللا»نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش دېگەنلىك بولىدۇ. شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار «ئاللا» نى پارس تىلىدا «خۇدا» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كىتابى «قۇرئان كەرىم»، ئۇنىڭدىن قالسا «ھەدىس» بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقىنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنى 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن. 962- يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەن قارا خانىيلار سۇلالىسى خوتەندىكى بۇددا خانلىقىغا دىنىي ئۇرۇش يۈرگۈزۈش قىلىپ، 1006- يىلى خوتەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى خوتەن رايونىغا تارقاتقان. تەخمىنەن 1346- يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسىي كۈچىگە تايىنىپ، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتكەن. 16- ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاساسىي دىن بولۇپ قالغان. ھازىر شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، تاجىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

# 2. قەشقەردە قەدىمكى تىل - يېزىق

قەشقەر قەدىمدە «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغاچقا، تارىختا غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۆۋرۈكى بولغان. قەدىمكى چاغدا غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا غەرب ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۇچراشقان ھەمدە دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت — قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب - پارس مەدەنىيەتلىرى؛ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى؛ ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى — ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى قەشقەردە ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولغان، كۆپ خىل يېزىق قوللىنىلغان ھالەت بارلىققا كەلگەن.

قەشقەردە ھازىرغىچە بايقالغان ۋە قوللىنىلغان قەدىمكى يېزىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي، دىنىي، تارىخ، ئەدەبىيات، قانۇن، تېبابەتچىلىك، تەقۋىمچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ - مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. قەشقەردىن تېپىلغان بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى ئاساسەن دىنىي مەزمۇندىكى يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن قەشقەرنىڭ قەدىمكى تىل - يېزىق ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى قەشقەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى، مۇھىمى بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى قەشقەر رايونىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

قەدىمكى قەشقەر ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ قوللانغان تىل - يېزىقى ھەققىدە قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. پەقەت بىر قىسىم خانلىق-

بەگلىكلەرنىڭ خەلقىگە باغلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاسىتىلىك ئۇچۇرلا يەنى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى ئازغىنە بايانلار بار. گەرچە «خەننامە»دىن كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتە بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىرقەدەر كۆپرەك مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن يەنىلا ئېنىق بىر يەكۈن چىقارغىلى بولمايتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، تارىم ئويمانلىقىدىن كەڭ كۆلەمدە بايقالغان يېزىققا دائىر ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە بۇ ھەقتە تىلشۇناسلارنىڭ ئېلىپ بارغان جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىقاتلىرى تارىختا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى خانلىق - بەگلىكلەردە ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى بىرقانچە خىل تىللارنىڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسەتتى. بىراق، كۇسەن، ئاگنى ۋە قوچۇ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان توخرى تىلى بىلەن خوتەنگە تارقالغان ساك تىلى ھەققىدە بىرقەدەر ئىشەنچلىك ماتېرىياللار تېپىلىپ ئېنىق بىر خۇلاسە چىقىرىلغان بولسىمۇ، قەشقەر دەريا ۋادىسى (قىزىل دەريا ۋە تۈمەن دەريا ۋادىلىرى)دىكى قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىدە قايسى خىل تىلنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق بولماي كەلگەنىدى.

ھازىرغىچە بايقالغان ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، مىلادىيە 3-ئەسىردىن 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن (ئۇدۇن)، غەربىدىكى بارچۇق (قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن) ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئىران تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر خىل دىيالېكتىنى قوللانغان. ھازىر تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى تاجىكلار قوللانغان شىغنان (shignan) تىلى، ۋاخان تىلى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر سىستېمىغا تەۋە[1] بولغان.

[1] جى شيەنلىن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› نىڭ شەرھىيسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1985-يىلى 2-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 997-بەت.

19- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر رايونىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت كىشىلەرگە بىلىنىشكە باشلىدى. 1897- يىلى ئەتراپىدا چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي قەشقەردە بىر تۈركۈم بىراخما يېزىقىدىكى بۇددا نوم پارچىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلار قەشقەر ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن تېپىلغانىكەن. دەسلەپتە بۇ يادىكارلىقلار «سۇلى يېزىقى» دەپ بېكىتىلگەن. كېيىن چاررۇسىيەنىڭ داڭلىق سانسكرىتشۇناس ئالىمى ئولدېنبۇرگنىڭ بېكىتىشىچە، بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرى سانسكرىت يېزىقىدىكى نوم پارچىلىرى ئىكەن[①].

ئېلىمىز ئالىملىرىدىن لىن مېيسۈن 1989- يىلى ۋە 1991- يىلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك يولىنىڭ بويلىرىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنى تەكشۈرگەن. ئۇ پېللىئوت ۋە لېكوكلار ئۆزلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەگە ئائىت ئەسەرلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرىدىغان مارالبېشى ناھىيە-سىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى بىلەن تۇمشۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىگە كەلگەن ھەمدە بۇ قەدىمكى ئىزلارنىڭ جايلاشقان ئورنىغا ئالاھىدە دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى قەشقەر دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلار جايلاشقان قەشقەر دەرياسى ۋادىلىرىنىڭ قەدىمكى قەشقەر (سۇلى)گە تەۋە زېمىنلار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ مەسىلىنى ئېنىق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، تۇمشۇق ئەتراپىدىكى جايلارغا ئائىت بولغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ۋە قەشقەر (سۇلى)گە مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ ئىزدەنگەن، بولۇپمۇ بۇ يەردىن تېپىلغان ئۆلگەن يېزىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدە

---

① لىن مېيسۈن: «سۇلى ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90- يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇنبىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1990- يىللىق 1- سان، 26- بەت.

ئەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئەسلىي تۇمشۇق ئەتراپىغا تارقالغىنى قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي قىسىم دىيالېكتى ئىدى. بۇ خىل دىيالېكت بىلەن قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ دائىرىسىگە تارقالغان ساك تىلى بەك يېقىن بولۇپ، نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك ھالدا ئۇنى «تۇمشۇق تىلى» (Tumshuqese) دەپ ئاتىماقتا. لىن ئەپەندىم تۇرغۇن ئەكشۇرۇش ۋە دەلىللەش ئارقىلىق، توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ خەن، تاڭ دەۋرىدە قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى مۇھىم بازار (شەھەر) ئىكەنلىكىگە، بۇ ئەتراپقا تارقالغان قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي دىيالېكتىنىڭ باشقا تىل ئەمەس، دەل كىشىلەر ئىزچىل ئىزدەپ كېلىۋاتقان قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) تىلى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان[①].

گېرمانىيە ئالىمى كېلىنكىيتىنىڭ قارىشىچە، مىلادىيەنىڭ ئەك دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىرىدىن باشلاپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھار رايونىدا ئىشلىتىلگەن تىل خوتەن رايونىدىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق تىلى بولغان، مىلادىيە 330 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە، ساك تىلى (خوتەن ساك تىلى ياكى خوتەن تىلى) يېزىقتا ئىشلىتىلىدىغان (كىتابىي) تىلغا ئايلانغان. بۇ خىل كىتابىي تىلدا ئىشلىتىلگەن يېزىق بولسا ھىندىستاننىڭ بىراخما يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى بولغان[②]. ئادەتتە «خوتەن يېزىقى» دېگەن ئۇقۇم «خوتەن ساك يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىپ، ئۇ تۇرپان، خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ خوتەن، مارالبېشى، تۇرپان ئەتراپىدىكى جايلارغا تارقالغان. «بەزى ئالىملار ساك تىلىنى بۇرۇنقى (دەسلەپكى) خوتەن (ئۇدۇن) ساك تىلى، كېيىنكى (ئاخىرقى) خوتەن (ئۇدۇن) ساك تىلى، مۇرتۇق ساك تىلى (بۇ

---

① لىن مېيسۈن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 234 ـ، 236 ـ بەتلەر.

② شاۋ جۇگىي: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ بەت.

تۇرپاندىكى مۇرتۇقنى كۆرسىتىدۇ)، تۇمشۇق ساك تىلى، ھىندى ساك تىلى، كېلويا ساك تىلى، قەشقەر ساك تىلى قاتارلىقلارغا ئايرىيدۇ»[1]. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان خوتەن (ئۇدۇن) ھۆججەتلىرى ئىچىدە تۇمشۇقتىن تېپىلغىنى ئەڭ قەدىمكىسى ئىكەن[2].

ئىلگىرى بىزنىڭ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز «شىنجاڭنىڭ قەشقەر، مارالبېشى، خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدىن قېيىن قوۋزىقى، تارىشا، تېرە، قەغەزلەرگە يېزىلغان سانسكرىتچە بۇددىزم ئەسەرلىرى تېپىلدى. ھازىر بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 3-ئەسىردىن 8-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا مەنسۇپ دەپ قارىماقتا، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى مەزھەپلەرنىڭ ئەسەرلىرى بار» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى[3]. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يىراق قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا قەدىمكى زامانغىچە بولغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى «شەھەر دۆلەتلىرى»نىڭ ئاھالىسى ئاساسلىقى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان توخرىلار ۋە ساكلار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كۇچا، كىنگىت (قارا شەھەر، تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەتراپىغا كىنگىت - كۇسەن تىلى (خاتا ھالدا توخرى A، B تىلى دەپ ئاتالغان) تارقالغان بولۇپ، يېزىقى ھىندىستاندىن تارقالغان بىراخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىيپاش (يانتۇ) شەكلى ئىدى. سۇلى (قەشقەر)، ساكارائۇل (يەكەن) ئەتراپىغا تارقالغان يېزىق

[1] شاۋ جوگيى: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىلى 3- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 63-، 65- بەتلەر.
[2] شاۋ جوگيى: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىلى 3- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3-، 4- بەتلەر.
[3] «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 131- بەت.

بىراخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىك (تۈز) شەكلى ئىدى[1].

ئېلىمىز ئالىمى گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بارچۇق — مارالبېشىدىن تېپىلغان 10 نەچچە پارچە ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى بىلەن خوتەن ساك تىلى ئوتتۇرىسىدا بىرقەدەر چوڭ پەرق بولۇپ، ئالىملار ئۇنى «بارچۇق ساك تىلى (تۇمشۇق ساك تىلى)» دەپ ئاتىغان. بەزى ئالىملار (مەسىلەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى رۇڭ شىنجياڭ) ئۇنى «جۇشىد (据史德) تىلى» دەپ ئاتاشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى، بارچۇق ساك تىلى تىل تەۋەلىكىدە ساك تىلىغا تەۋە بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت جەھەتتىن (مەسىلەن، يېزىق، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىن) شىمالىي قىسىم كۇسەن مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە. ئۇنىڭدىن باشقا. تاڭ دەۋرىدىكى شۇەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، خۇيلىننىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ۋە 11- ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى جۇرلاردىن قارىغاندا، ئەينى چاغدا قەشقەر رايونىدىكى ئاھالىلەر قوللانغان تىلمۇ بىر خىل ساك تىلى ئىدى[2]. دېمەك، قەدىمدە قەشقەرگە تارقالغان تىل «تۇمشۇق — قەشقەر ساك تىلى» بولۇپ، بۇنىڭغا ئائىت يېزىق ماتېرىياللىرى قەشقەر دائىرىسىدىن كۆپلەپ تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردە سانسكرىتچە يېزىقمۇ قوللىنىلغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن، قەشقەر تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگە بولغان يېزىق ماتېرىياللىرى ئىچىدە سانسكرىتچە ھۆججەت - ماتېرىياللار بار.

1983- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى

---

① شاۋ جۇگيې: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىلى 3- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3-، 4- بەتلەر.

② گېڭ شىمىن: «قەدىمكى خوتەن ساك تىلى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 2004- يىللىق 2- سان، 98- بەت.

ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى، شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى ئۈستىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش خىزمىتى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى جايلاشقان موللام تېغى ئېتىكىدىن (تاغنىڭ شەرقىي يان باغرىدىن) بىر بۆلەك چالمىغا يېپىشىپ قالغان يېزىق ماتېرىياللىرىنى تاپقان ھەم بۇ يېزىق ماتېرىياللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە «بىراخما يېزىقى» دەپ قارىغان (بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى يېزىلغان قەغەز پارچىسى چالمىغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەز ئېرىپ ياكى چالمىغا سىڭىشىپ كېتىپ، چالما يۈزىدە يېزىق شەكلى قالغان. لېكىن، يېزىقنىڭ بەزى جايلىرى بەك ئوچۇق بولمىغاچقا، ئۇنى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر «سانسكرىت يېزىقى» دەپ قارىماقتا. بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى ھازىر قەشقەر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنى يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتىش زۆرۈر).

1992- يىلى كۈز ۋە 1993- يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسى يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى تۇتۇرگە دېگەن جايدا قەشقەر ئايرودورۇم رايونىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، بۇ جايدىكى ياۋلىق ئىز خارابىسىدە قۇتقۇزۇش، تازىلاش خاراكتېرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چاقماق دەرياسى قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتىن بىر تۇركۇم بۇددىزم يادىكارلىقلىرى بىلەن بىراخما، سانسكرىت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى تاپقان (بۇ يادىكارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى تېخى ئېلان قىلىنمىدى).

1997- يىلى 9- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش- باشقۇرۇش ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەبىسى خاڭدى يېزىسىنىڭ 6.9 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا يەنى ئۈرۈمچى — قەشقەر تاش يولىنىڭ چاقماق دەرياسى كۆۋرۈكى يېنىغا، ياۋىلىق ئېزىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان «دەقيانۇس بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى»دا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، چالمىغا چاپلىشىپ قالغان يېزىق پارچىسى ئۇچرىغان (قەغەز چالمىغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەز تەدرىجىي چالمىغا سىڭىشىپ كېتىپ، قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان خەت چالما يۈزىدە قېتىپ قالغان، بۇيۇم ئەۋرىشكە نومۇرى 1 : 8 ②T). ئۇنىڭ تەرەپلىرى ئۆلچەمسىز بولسىمۇ، بىرقەدەر چوڭراق پارچىسى (ئۇزۇنلۇقى 11.2 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 0.6 مىللىمېتىر كېلىدۇ)نىڭ يۈزىدىكى خەت ئېنىقراق بولۇپ، قىسقا بەش قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. بۇ دەسلەپكى قەدەمدە بىراخمى يېزىقىنىڭ قىيپاش (يانتۇ) خەت شەكلىدە يېزىلغان كىنگىت - كۇسەن تىلى دەپ قارالدى①.

قەدىمكى قەشقەردە قوللىنىلغان تىل ھەققىدىكى قاراشلار بىرقەدەر ئومۇمىيراق بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئەھۋالى بىرئاز مۇرەككەپ. ئوخشاش بىر دەۋر ئىچىدە تىل ۋە يېزىقنىڭ بىرقانچە خىل ھالەتتە بولۇشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) دائىرىسىدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئىلگىرى تەتقىق قىلىنغانلىرى بىلەن كېيىن تېپىلىپ تېخى رەسمىي تەتقىق قىلىنمىغانلىرى (ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ۋە قەشقەردىن

① شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى: «قەشقەر ياۋىلىق ئېزىنى قېزىش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1997- يىللىق 3- سان، 52-، 55- بەتلەر.

تېپىلىپ باشقا جايلاردا ساقلىنىۋاتقان يېزىق ماتېرىياللىرى) ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىشى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق يەكۈن چىقىرىلىشى كېرەك[1].

قەدىمكى قەشقەر رايونىدىن تېپىلغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ھەر خىل تىل - يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى بولۇپ، ھازىرغىچە قەشقەر رايونىدىن مۇكەممەلرەك ساقلانغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرى تېپىلغىنى يوق. قەدىمكى قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى يازما يادىكارلىقلىرى دېگەندە، پەقەت بۇددىزم دەۋرىدىكى قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇددا ئالىمى خۇي لىننىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق ئەسىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ئىسلام مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى — مەدەنىيەت - سەنئەت، ئەدەبىي ئىجادىيەت نەمۇنىلىرى ئۇز دەۋرىنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىگە ۋەكىل بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قاراخانىيلار دەۋرىگە تەۋەلىرىدىن، 1908-يىلى 12- ئايدا يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىلەن، 1959-يىلى ۋە 1970 - يىللىرى مارالبېشىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.[2]

## 3. قەشقەردە قەدىمكى پۇللار

قەدىمكى پۇللار — قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىدىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 25- بەت.

[2] ئادىل مۇھەممەت: «قەدىمكى قەشقەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008- يىلى 11- ئاي نەشرى.

ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان مۇھىم يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر قەدىمدە «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغاچقا، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. مۇشۇ مەزگىللەردە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد - مەدەنىيىتى قەشقەردە ئۇچراشقان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن، بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەركىبلىرى بىلەن چەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئامىللىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋال قەشقەرنىڭ قەدىمكى پۇللىرىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قەدىمدە قەشقەردە يەرلىك پۇللاردىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ، غەربتىكى ئەللەرنىڭ پۇللىرى ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ھازىرغىچە قەشقەردىن تېپىلغان قەدىمكى پۇللار قەشقەرنىڭ قەدىمكى تارىخ - مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىپ كەلمەكتە.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ پۇللىرى قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى خارابىلەر ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلدى. ئەڭ دەسلەپ مارالبېشى توققۇزساراي خارابىسىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقى تېپىلدى. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يىپەك يولى سودىسى ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پۇللىرى شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، پېرسىيەنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرىمۇ ئۆتىدۇ، كۇسەن، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارنىڭ بازارلىرىغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن. مېتال پۇل تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭدا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە رەختلەرمۇ پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىدىقۇت، كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق جايلاردا كۈمۈش تەڭگە، تىللا، كىچىك مىس يارماق قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. 7 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوچۇ قاتارلىق جايلاردا ھەر خىل مېتال پۇللار بىللە ئىشلىتىلگەن ھەم كۈمۈش پۇللار ئاساسلىق

ئورۇندا تۇرغان، كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن شىنجاڭنىڭ پۇللىرى ئوخشاش ئىشلىتىلگەن. مۇشۇ چاغلارغا ئائىت ئىز - خارابىلەر-دىن كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى، چيەنيۈەن جۇڭباۋ يارمىقى، دالى يۈەنباۋ يارمىقى، جيەنجۇڭ تۇڭباۋ يارمىقى كۆپلەپ بايقالدى. 10 - ئەسىردىن كېيىن سۇڭ، لياۋ، جىن، غەربىي شيا سۇلالىلىرى تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى شىنجاڭدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەغەز پۇلىمۇ شىنجاڭغا تارقالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلى ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا تارقالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا تىيىزا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا قەغەز پۇل ياسالغان، شىمالىي شىنجاڭدا مىتال پۇل قويۇلغان.

## 1. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىسى

قاراخانىيلار سۇلالىسى شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇلالىدۇر. شۇڭا، قاراخانىيلارنىڭ پۇللىرى بىلەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ پۇللىرى مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولغان، يەنى دىنىي مەزمۇندىكى ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن، ئادەم باش سۈرىتى ياكى ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمىگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى شىنجاڭدا كۆپ مىقداردا پۇل قۇيدۇرغان بولۇپ، ئاساسلىقى مىس تەڭگە، ئاز بىر قىسمى كۈمۈش تەڭگە ئىدى. ئاتۇش، قەشقەردىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان جايلاردىن بۇ خىلدىكى پۇللار دائىم تېپىلىپ تۇرغان. ئاساسلىقى ئىككى قېتىم بولۇپ، بىرى 1980 - يىلى 3 - ئايدا ئاتۇشتىن ئورەكتە ساقلانغان 18 مىڭ دانە، 130 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى تەڭگە تېپىلغان؛ يەنە بىرى شىنجاڭ پۇلشۇناسلىق جەمئىيىتى تۇرپان داخىيەندە پوسكامدىن ئېلىپ كېلىنگەن 4000 دانىدىن ئارتۇق تەڭگىنى سېتىۋالغان. قاراخانىيلار پۇلىنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ئارسلانخان دەۋرىدىكى پۇل ئەڭ كۆپ بولۇپ، %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. سۇلايمان قادىر تابغاچخان دەۋرىدىكى پۇل 1000 دانىدىن ئارتۇق كېلىدۇ.

1980 - يىلى 3 - ئايدا ئاتۇش ناھىيەسىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىغا

ئائىت نۇرغۇنلىغان مىتال پۇلنىڭ بىر قېتىمدىلا تېپىلىشى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلگەن مۇھىم نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۇللار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئەينى زاماندا قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا تېخىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك ماددىي تارىخىي ماتېرىيالدۇر.

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن بۇ خىل پۇللار دائىم تېپىلىپ تۇرىدۇ. ئازادلىقتىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى ۋە مەكىت، گۇما قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلغان ئىدى①.

**2. چاقا**

چاقا چىلىق سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقالغان پۇل بولۇپ، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە سوقۇپ ياسالغان، قىزىل مىس ماتېرىيال قىلىنغان، سەل سوزۇنچاق، بىر تەرىپى ئۇچلۇقراق، تتۈرىسى قېلىن، تۆشۈكى يوق، ئوڭ يۈزىگە تود موڭغۇل يېزىقىدا

① مو شۈيىڭ، ۋاڭ مىڭجې: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، ئۇيغۇرچە، 1985 - يىلى 7 - ، 8 - سان، 63 - ، 64 - بەتلەر؛ جياڭ چىشياڭ: «ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (2 - قىسىم)، 1982 - يىلى 11 - ئاي، 1060 - ، 1062 - بەتلەر؛ جياڭ چىشياڭ: «ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (2 - قىسىم)، 1982 - يىلى 11 - ئاي، 1045 - ، 1047 - بەتلەر.

جۇڭغار تەيجىسىنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. سول يۈزىگە پارس يېزىقىدا پۇل ياسالغان جاينىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. ئادەتتە «قىزىل چاقا» دەپ ئاتالغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) ئاۋۋال يەكەندە تىيزا ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، كونا پۇللارنى يىغىپ ئۆزگەرتىپ يېڭى پۇل ياسىغان. ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 2 مىسقال بولۇپ، يۇمىلاق، دىيامېتىرى 24 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار، قىزىل مىس خام ئەشيا قىلىنغان. ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت، سول يۈزىگە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە تىيزا ئىدارىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان. بىر پۇل بەش يارماققا، 50 پۇل 1 سەر كۈمۈش تەڭگىگە باراۋەر بولغان. يېڭى پۇل يەنىلا قىزىل چاقا دەپ ئاتالغان. يارماق قارا چاقا دەپ ئاتالغان. سودىگەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا توقسۇندا پۇل ئالماشتۇرغان، قايتقاندىمۇ شۇنداق قىلغان.

### 3. داچەن

1) چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قىزىل مىستىن قۇيۇلغان مىس پۇللار ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل بولغاچقا، خەنزۇچە «قىزىل پۇل» دەپ ئاتالدى، ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە «پۇل» ياكى «يېڭى پۇل» دەپ ئاتىدى. داچەن يارماقنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ ياسالغان، شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈك بار، ئوڭ يۈزىگە «تۇڭباۋ» دېگەن خەنزۇچە خەت، ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە، مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا پۇل قۇيغان جۇجۇقنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ بۇرۇنقى داچەن چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) يەكەن جۇجۇقىدا قۇيۇلغان «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» پۇلى بولۇپ، تەتۈر يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يەكەن»، سول تەرىپىگە مانجۇچە «يەكەن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 2 مىسقال كېلىدۇ.

داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى

تىنچىتىش ئۈچۈن ھەربىي تەمىناتنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدا دەرھال داچەن قۇيغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئىلى جۇجۇقىنغا داچەن قۇيدۇرۇپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ ئىشلەتتى.

2) چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى) دىن گۇاڭشۈ 15- يىلى (1884- يىلى) غىچە، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، داچەنىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق بەككىز شەھەر - رايونلاردا يارماققا داچەن ئالماشتۇرۇلغان. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە داچەن پۇل ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىدى. داۋگۇاڭنىڭ 23- يىلى (1897- يىلى) ئىلىدا يارماق ئاز بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىن داچەن يۆتكەپ ئوبوروت قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ داچەن جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ، شىمالىي شىنجاڭدىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئوبوروت قىلىنىدىغان بولغان.

### 4. شىنجاڭ داچىنى

شيەنفېڭ 1- يىلى (1851- يىلى) تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى پارتلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي خىراجىتى تېزدىن ئېشىپ كەتتى. مالىيە يېمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مالىيە كرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شيەنفېڭ خان داچەن قۇيۇشنى قارار قىلدى. شيەنفېڭ 3- يىلى (1853- يىلى) «50 يارماق»لىق، «100 يارماق»لىق، «500 يارماق»لىق، «1000 يارماق»لىق داچەن ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى.

مەملىكەت بويىچە داچەن قۇيۇش دولقۇنىدا، شىنجاڭنىڭ يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىدىكى ئالتە پۇل قۇيۇش جۇجۇقى ئىلگىرى قۇيۇلغان «بەش يارماق»لىق، «10 يارماق»لىق داچەندىن تاشقىرى، يەنە يېڭىدىن «50 يارماق»لىق، «100 يارماق»لىق ئىككى خىل داچەن قۇيۇشقا باشلىدى.

«50 يارماق»لىق پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شىيەنفېڭ تۇڭباۋ» ؛ «100 يارماق»لىقنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شىيەنفېڭ جۇڭباۋ» ؛ «100 يارماق»لىقنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شىيەنفېڭ يۈەنباۋ» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئەتۇر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «X يارماق»لىق، سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە جۇجۇق نامى، جاي نامى چۈشۈرۈلگەن.

### 5. ياقۇپبەگنىڭ پۇللىرى

1865 - يىلى 1 - ئايدا قوقەندلىك ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1867 - يىلى ئەكسىيەتچى «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرغاندىن كېيىن، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ئۈچ خىل پۇل قۇيدۇردى. ئالتۇن پۇل «تىللا»، كۈمۈش پۇل «تەڭگە»، مىس پۇل «پۇل» دەپ ئاتالدى.

#### ياقۇپبەگ تىللاسى

ياقۇپبەگ قۇيدۇرغان تىللارنىڭ سىرتقى دىيامېتىرى 2.1 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.76 گىرام بولۇپ، ئوڭ يۈزىنىڭ چۆرىسىگە ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۈل نۇسخىسى، ئىچىگە چاغاتاي يېزىقىدا «سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ چەمبەر سىرتىغا يەنە بىر خىل ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۈل نۇسخىسى، چەمبەر ئىچىگە چاغاتاي يېزىقىدا «پايتەخت قەشقەردە قۇيۇلدى، ھىجرىيە 1297 - يىلى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

ياقۇپبەگ تىللاسى ناھايىتى نەپىس قۇيۇلغان. بۇ تىللارنىڭ بىر دانىسىنىڭ قىممىتى 20 كىچىك تەڭگىگە تەڭ بولۇپ، 1 سەر ساپ كۈمۈشكە سۇندۇرۇلاتتى. بۇ تىللا ھازىرغىچە ئانچە كۆپ قېپقالمىغان، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچى تېپىلدى[①].

---

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى، 59 - توم، پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 175 - بەت.

### ياقۇپبەگ تەڭگىسى

كۈمۈش پۇل «تەڭگە» دەپ ئاتالغان، بۇ پۇل قوقەند خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىنىپ، سوقۇپ، چىڭداپ ئىشلەنگەن. كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئوڭ تەرىپىگىمۇ، ئارقا تەرىپىگىمۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن. ئوڭ تەرىپىگە «ئابدۇلئەزىزخان»، ئارقا تەرىپىگە «قەشقەردە ئىشلەنگەن، بەختلىك بولۇڭ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. تەڭگىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1291 — 1294 - يىللىرى (مىلادىيە 1874 — 1877 - يىللىرى) ئىكەنلىكى ئەرەب رەقەملىرى بىلەن ئۇيغۇرچە چۈشۈرۈلگەن ۋاقىت ئوخشاش ئەمەس. بەزىلىرىنىڭ ئوڭ يۈزىگىمۇ، ئارقا تەرىپىگىمۇ ۋاقىت چۈشۈرۈلمىگەن. كۈمۈش تەڭگە كۈمۈش پارچىلىرىدىن ياسالغان بولغاچقا، ئىنتايىن قوپال بولۇپ، شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى، قېلىنلىقىمۇ بىر خىل ئەمەس ئىدى. خەتلىرىمۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن تۇرقىنى تولۇق كۆرگىلى بولمايتتى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ بىر دانىسى بەش پۇڭ كۈمۈشكە، 20 دانىسى 1 سەر كۈمۈشكە تەڭ ئىدى.

### ياقۇپبەگ پۇللىرى

ياقۇپبەگ قويدۇرغان مىس پۇل — يارماقنىڭ سىرتقى دىيامېتىرى 17 — 18.5 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 4 گىرام كېلىدۇ، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى كۈمۈش تەڭگە پۇل بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئەمما ئۇ سەل قېلىنراق بولۇپ، ياسىلىشىمۇ قوپال ئىدى. مىس پۇلنىڭ قىرغىقىغا ئۈچ قۇر چەمبىرەك چىقىرىلغان. ئوڭ يۈزىگە ئۇيغۇرچە «ئابدۇلئەزىزخان»، تەتۈر يۈزىگە «قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇل شۇ چاغدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ داچېنى بىلەن تەڭ ئوبوروت قىلىنغان، بىراق داچەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا ياقۇپبەگ پۇلىنىڭ ھەجىمى كىچىك ھەم يېنىك ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ ئېغىرلىق

دەرىجىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ پۇل ئۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپ قويۇلمىدى ھەم كەڭ ئومۇملاشمىدى. ئۇنىڭغا، بازارغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭ ئەمەس. بازاردا كەڭ خەجلەنگىنى تەڭگە پۇل ۋە چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى داچەن بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ پۇلى پەقەت قوشۇمچە پۇل سۈپىتىدە خەجلەندى.

## 6. گۇاڭشۇ تەڭگىسى

گۇاڭشۇ 3- يىلى (1877- يىلى) 10- ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرى كۇچانى قايتۇرۇۋالغاندا، شۇ يەردىكىلەر تەڭگە ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، شۇلارنىڭ ئادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە قوماندانى چياڭ ياۋ زەرگەرلەرنى يىغىپ كۈمۈش تەڭگە ياساتتى. ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ تەڭگىگە تەقلىد قىلىنىپ كۈمۈش تەڭگە ياسالغان. جايلار ئۆز ئالدىغا پۇل قويغانلىقى، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم ۋە ئەندىزە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سۈپىتى تولىمۇ ناچار ئىدى. يۇيۇمسلاقلىرى بەك ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتلىرى تۇتۇق، قالايمىقان، خەنزۇچە خەتنىڭ سىزىقلىرى قىڭغىر - سىڭغىر ئىدى. ئويۇلغان نەقىش - خەتلەر ھامان بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شەكلى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى تەڭگىنى تېپىشمۇ تەس ئىدى. شۇ مەزگىلدە قويۇلغان تەڭگىنىڭ زادى قانچىلىك نۇسخىسى بارلىقىنى ھېسابلاش بەك تەس. بەزىلىرىنىڭ قىممىتى بەش پۇڭ بولۇپ، 20 دانىسىنىڭ قىممىتى 1 سەر كۈمۈش بولسا، بەزىلىرىنىڭ قىممىتى 1 مىسقال بولۇپ، خىللىرى كۆپ ئىدى. بىراق، ئاساسىي جەھەتتىن تۆت خىلغا بۆلۈنەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى خىلى قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قويۇلغانىدى.

بۇ خىلدىكى گۇاڭشۇ كۈمۈش تەڭگىسى قەشقەر، يەكەن، خوتەن-لەردە قويۇلغان بولۇپ، بۇ تەڭگىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، كۈمۈش تەڭگىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى «بەش پۇڭ» دېگەن خەت چۆشۈرۈل-گەننىڭ سىرتىدا يەنە يۈزىدىكى قىممىتى «بىر مىسقال» دېگەن

خەتلەرمۇ بار ئىدى. بۇ تەڭگىنىڭ قۇيۇلغان سانى كۆپ بولمىغاچقا، كۆپ ئۇچرىمايدۇ. قەشقەردە قۇيۇلغان بەش پۇڭلۇق كۇمۇش تەڭگە ئىككى خىل ئىدى. بىر خىلىنىڭ ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە خەنزۇچە «بەش پۇڭ»، سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەر» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. «بەش» ئارىسىغا چاسا شەكىللىك سىلىنىپ، چاسا تۆشۈككە سىمۇول قىلىنغان، ئەمما تۆشۈك قويۇلمىغان، يەنە بىر خىلىغا «بەش پۇڭ» دېگەن رەقەم خەتچە يېزىلغان، قالغان شەكىللىرى ئالدىنقى خىلىغا ئوخشايدۇ.

## 7. چوڭ - كىچىك كۇمۇش تەڭگە

گۇاڭشۇ 12- يىلى (1886- يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ نويۇس پىرقىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەكلىپىنى تەستىقلاپ، ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا داچەن قۇيۇپ خەلققە قولايلىق تۇغدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يامان ئىللەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەڭگە خەجلەشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تەڭگە ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، پارچە - پۇرات خىراجەتكە داچەن ئىشلىتىلگەنىنىڭ سىرتىدا، چوڭ - چوڭ ۋە پۈتۈن - پۈتۈن خىراجەتلەرگە يەنىلا كۇمۇش نوكچە ئىشلىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. گۇاڭشۇ 13- يىلى (1887- يىلى) دىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نەشقەر ئايمىقىدا ئايماق چوپاندارى خېرىدارلارغا ۋاكالىتەن بىر مەزگىل نەڭگىنى يىغىپ سىناق تەرىقىسىدە چوڭ - كىچىك كۇمۇش نوكچە قۇيدۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە يىل، ئايلارنى، ناھىيە نامىنى ۋە ھۈنەرۋەنىنىڭ ئىسمىنى ئويۇپ قويغان. پېچ مەھكىمە يېنىغا سېلىنغان. نوكچىنىڭ ئېغىرلىقى 1 سەردىن 10 سەرگىچە بولغان. كۇمۇش نوكچە قۇيۇلۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى تەڭگە تاپشۇرغۇچىغا قايتۇرۇپ بەرگەن. قۇيۇش ھەققىنى سەر بويىچە ئالغان، كىچىك كۇمۇش نوكچە قۇيدۇرغۇچىلاردىن ھەر 50 سەر ئۈچۈن 1.5 سەر كۇمۇش، چوڭ كۇمۇش نوكچە قۇيدۇرغۇچىلاردىن ھەر 50 سەرگە 1 سەر كۇمۇش ئىش ھەققى ئالغان. قۇيۇش ھەققى بەك يۇقىرى بولغاچقا، بىرنەچچە ئايدىن كېيىنلا

ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشكە توغرا كېلەتتى. بۇنداق قىلىش تولىمۇ قولايسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازاردا داچەنمۇ بەك كەملەپ كەتتى. شۇڭا، تەڭگىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىنى پۈتۈنلەي چەكلىگىلى بولمىدى.

گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) ئىچكىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەر غەرب ئەللىرىنىڭ تەڭگە نۇسخىسىغا تەقلىد قىلىپ ئەجدىھا سۈرەتلىك تەڭگە قۇيدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ئۆلكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تەڭگە قۇيۇشىغا رۇخسەت قىلدى. بىراق، شىنجاڭدا قۇيۇلغان تەڭگىنىڭ ئېغىرلىقى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردە قۇيۇلغان تەڭگىنىڭ دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 7 مىسقال 2 پۇڭ (بىر جو) ئىدى، شەكلى غەربنىڭكىگە ئوخشايتتى. شىنجاڭ تەڭگىسىنىڭ ئېغىرلىقى بولسا 5 مىسقال، 3 مىسقال، 2 مىسقال ۋە 1 مىسقاللىقتىن ئىبارەت تۆت خىل ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەڭگىسىدە يۈەن، جو، پۇڭ تۈزۈمى قوللىنىلغان، شىنجاڭ تەڭگىسىدە بولسا، سەر، مىسقال، پۇڭ تۈزۈمى قوللىنىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە شىنجاڭ تەڭگىسىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر تەڭگىسىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمىدى، پەقەت شەكلىلا ئوخشىتىلدى. شىنجاڭدا خەلق ئىچىدە يەرلىكتە قۇيۇلغان كۈمۈش پۇل «تەڭگە» دېيىلىپ، ئېغىرلىقى 1 سەر كېلىدىغانلىرى «چوڭ تەڭگە»، 1 سەردىن كىچىكلىرى «كىچىك تەڭگە» دەپ ئاتالدى.

1889 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك تەڭگىلەر ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلاردا قۇيۇلدى.

## 8. شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا قەشقەردە قۇيۇلغان كۈمۈش تەڭگىلەر

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھەربىي تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالدى. مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆپىيىپ كەتتى. بۇ ئۆكسۈكلۈك ئاساسلىقى تېگىشكىلى بولمايدىغان ئۆلكە پۇلى بىلەن تولۇقلاندى. لېكىن، يەنە بىر قىسىم كۈمۈش تەڭگىمۇ

قويۇلۇپ ئوبوروت قىلىندى. بۇ مەزگىلدە تەڭگە ئۇرۇمچى ۋە قەشقەر (خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئىبارەت ئىككى جايدا قويۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە خەزىنىدە ساقلانغان كۈمۈش بىرقەدەر مول بولغانلىقتىن، قويۇلغان تەڭگىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولدى. ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسىمۇ ئۈرۈمچىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. بازاردا شىنجاڭ تەڭگىسى بىلەن ئىچكىرىنىڭ تەڭگىسى تەڭ ئوبوروت قىلىندى. شىنجاڭ تەڭگىسى سەر، مىسقال بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەر بىرى 36.13 گىرامغا سۇندۇرۇلاتتى. ئىچكىرىنىڭ تەڭگىسى بولسا، خەزىنە تارازىسىدا 7 مىسقال 2 پۇڭ بولۇپ، 26.86 گىرامغا سۇندۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلىق دەرىجىسىمۇ پەرقلىق بولدى.

مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قويۇلغان تەڭگىلەر قويۇلۇش نۇسخا پەرقى بويىچە «رېنزى يىللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى»، «ئۈرۈمچى بىر سەرلىك كۈمۈش تەڭگىسى» ۋە «قەشقەرنىڭ مىڭگو ھەربىي تەمىنات بەش مىسقاللىق تەڭگىسى» دىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنگەن. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا تەڭگە دەپ ئاتالغان.

قەشقەرنىڭ مىڭگو ھەربىي تەمىنات 5 مىسقاللىق تەڭگىسى مىڭگونىڭ 2- يىلىدىن 5- يىلىغىچە (1913- يىلىدىن 1916- يىلىغىچە) قەشقەر جۇجۇقىدا قويۇلغان. بۇ كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدە پۇتۇنلەي خەنزۇچە يېزىق بولۇپ، چەمبەر ئىچىگە «جۇڭخۇا مىڭگو»، چەمبەر سىرتىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى بەش مىسقال»، ئاستى تەرىپىگە «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر، ئوڭ ۋە سول چەتلىرىگە بىردىن كىچىك يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن؛ ئارقا تەرىپىدە ئىككى بايراق كىرەلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈستى قىسمىدىكى بوش ئورۇنغا «جۇڭخۇا مىڭگو»، ئاستى تەرەپتىكى بوش ئورۇنغا «ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى بەش مىسقال» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

### 9. قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھاكىمىيىتى قويدۇرغان كۈمۈش تەڭگە

مىڭگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) قەشقەردە، ئەنگلىيەنىڭ

قولىنىشى ئاستىدا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى قەپەستىن چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان كۈمۈش تەڭگە، مىس پۇل ۋە قەغەز پۇللارنى ياسىدى ۋە قالايمىقان تارقاتتى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ دىيامېتىرى 2.9 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.5 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 7.5 گىرام. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ ئۇيغۇرچە يېزىقتا «بىر مىسقال، ھىجرىيە 1352» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستى تەرىپىگە قارىتىپ ھىلال ئاي، ھىلال ئاينىڭ ئەگمىسى ئىچىگە «قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن. ئۇ خەتنىڭ ئۈستىدە سەككىز بۇرجەكلىك يۇلتۇز، ھىلال ئاينىڭ ئاستىدا سايىقى گىرەلەش-تۈرۈلگەن ئىككى يوپۇرماق سۈرىتى بار ئىدى.

## 10. شىنجاڭ مىس تەڭگىسى

گۇاڭشۈ 33-، 34- يىللىرى (1907-، 1908- يىللىرى) ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مىس تەڭگىسىنىڭ نۇسخىسىغا تەقلىد قىلىپ مىس تەڭگە (شىنجاڭ خەلقى «توگپۇر» دەپ ئاتىغان) قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەڭ بۇرۇنقى مىس تەڭگە «گۇاڭشۈ يۈەنباۋ» سى بولۇپ، ئۇنىڭ داچەن بىلەن چېتىلىدىغان يۈزىگە «X داچەن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلۈپ، داچەن بىلەن تەڭ ئوبوروت قىلىنغان. كۈمۈش بىلەن تېگىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مىس تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىگە «X پۇڭ X لى كۈمۈش» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا، شىنجاڭ مىس تەڭگىسى ھەم داچەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەم كۈمۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئەمما، ئىچكىرىنىڭ مىس تەڭگىسى بىلەن ئۆزئارا ئوبوروت قىلىنمىغان. ئۇ شىنجاڭ داچەن سىستېمىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ مىس تەڭگىسىنىڭ «گۇاڭشۈ يۈەنباۋ»، «شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ» دېگەن ئىككى خىلى بولغان. «گۇاڭشۈ يۈەنباۋ» نىڭ ئىككى نۇسخىسى بولۇپ، بىرى «ئىككى پۇڭ بەش لى كۈمۈش» لىك تەڭگە، يەنە بىرى «بىر پۇڭ

بەش لى كۇمۇش»لىك تەڭگە ئىدى. «شۋەنتۇڭ يۈەنباۋ»نىڭ ئۈچ خىل ئۇسخىسى بولۇپ، بىر خىلىنىڭ ئۈستىگە يىل نامى يېزىلمىغان. ئۇنىڭ يۈزىگە «شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، ئون داچەنلىك، شۋەنتۇڭ يۈەنباۋسى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، تەتۈر يۈزىگە ئەجدىھا سۈرىتى، ئۇيغۇرچە «ئون داچەنلىك» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى خىلىنىڭ يۈزىدە «گۇاڭشۈ يىلى ئىشلەندى» دېگەن خەت، ئۈچىنچى خىلىنىڭ يۈزىدە «شىنخەي يىلى ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر بار.

مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ مىس تەڭگىسى مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) قۇيۇلۇشقا باشلاپ، مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) قۇيۇلۇشتىن توختىتىلغان. بۇ پۇللار ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلاردا قۇيۇلغان.

قەشقەر پۇل قۇيۇش زاۋۇتىدا مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) شىنجاڭ مىس تەڭگىسى قۇيۇلۇشقا باشلاپ، مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)نىڭ ئاخىرى توختىتىلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 23 يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم، جەمئىي 11 يىل پۇل قۇيۇلمىغان، ئەمەلىي پۇل قۇيۇلغان ۋاقتى 12 يىل، قۇيۇلغان پۇل تۈرلىرى بىرقەدەر كۆپ.

1) تاق بايراقلىق مىس تەڭگە. ئۇنىڭ يۈزىگە «جۇڭخۇا مىنگو» دېگەن خەتلەر، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە «مىس پۇل» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، خەتتىن باشقا نەقىش يوق، تەتۈر يۈزىدىكى ئىچكى چەمبەرنىڭ مەركىزىدە بىر بايراق بولۇپ، بايراقنىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇرچە «جۇڭخۇا مىنگو»، «بەش داچەنلىك» ياكى «ئون داچەنلىك مىس پۇل»، «قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن ھالقىسىمان خەتلەر؛ سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە خەنزۇچە «X داچەنلىك»، ئاستى تەرىپىدە «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر بار.

2) قوش بايراقلىق مىس تەڭگە. ئۇنىڭ يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىدە «جۇڭخۇا مىنگو»، چەمبەر سىرتىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئايرىپ توغرىسىغا يېزىلغان «مىس پۇل»، يۇقىرى تەرىپىدە «بەش داچەنلىك» ياكى «ئون داچەنلىك»، تۆۋەن تەرىپىدە «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى»، «بەش داچەنلىك» ياكى «ئون داچەنلىك

مس پۇل، ھىجرىيە 1331 ـ يىلى» دېگەن خەتلەر بار.

3) قەشقەردە ئىشلەنگەن كاتتا مىس تەڭگە. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىدە «كاتتا مىس پۇل»، چەمبەر سىرتىدا «ئون داچەنلىك»، «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر؛ تەتۈر يۈزىگە گىرەلەشكەن قوش بايراق سۈرىتى، ئاستى ـ ئۈستىگە «قەشقەردە ئىشلەندى، ھىجرىيە 1334 ـ يىلى»، «ئون داچەنلىك مىس پۇل» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

4) قەشقەردە ئىشلەنگەن «جۇڭخۇا مىنگو»، «گوبيو»، «ئون داچەنلىك» دېگەن خەتلىك قوش بايراقلىق مىس تەڭگە.

5) قەشقەردە ئىشلەنگەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»، «20 داچەنلىك» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن مىس تەڭگە. بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر؛ تەتۈر يۈزىدە گىرەلەشكەن قوش بايراق، سول تەرىپىدە گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقى، ئوڭ تەرىپىدە «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك دۆلەت بايرىقى، بايراق ئۈستىدە ئىسلام گېربى بولغان ئاي، يۇلتۇز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

### 11. ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان مايلىق لاتا پۇل

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۋۇ ھەربىي تەمىناتقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 1 سەرلىك ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان مايلىق لاتا پۇل باستۇرغان. بۇ پۇل قەشقەر پۇلى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر خەنزۇ شەھىرىدە ئوبوروت قىلىنغان. بۇ پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 1 سەرلىك بولۇپ، مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) بېسىشتىن توختىتىلغان، تارقىتىلغان مىقدارى ئېنىق ئەمەس.

### 12. قەشقەر پۇلى

1) ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل (400 داچەنلىك). چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل بولۇپ، مىنگونىڭ 1 ـ يىلىدىن 8 ـ

يىلىغىچە پەيدىنپەي قەشقەر، خوتەن ئەتراپلىرىدا مەركەزلىك ئوبوروت قىلىنغان.

2) قەشقەر پۇلى. بۇ يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك 1 سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلىدىغان ئاساسىي پۇل بولۇپ، مىنگونىڭ 9- يىلىدىن 21- يىلىغىچە (1920- يىلىدىن 1932- يىلىغىچە) قەشقەر، خوتەن ئەتراپلىرىدا ئوبوروت قىلىنغان.

3) كىچىك قەشقەر پۇلى (قىممىتى 100 داچەنلىك). بۇ پۇل مىنگونىڭ 8- يىلىدىن 21- يىلىغىچە (1919- يىلىدىن 1932- يىلىغىچە) قەشقەر، خوتەن ئەتراپلىرىدا ئوبوروت قىلىنغان.

4) ئۈچ سەرلىك ۋە بەش سەرلىك قەشقەر پۇلى. بۇ پۇلنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىنگونىڭ 21- يىلى تارقاتقان. مىنگونىڭ 21- يىلىدىن 23- يىلىغىچە (1932- يىلىدىن 1934- يىلىغىچە) قەشقەر رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان.

## 4. قەشقەردە قەدىمكى يېمەك - ئىچمەك

يېمەك - ئىچمەك ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئېھتىياجى، ئۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مۇقەررەركى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەربىر مىللەت ئۆزلىرى شۇغۇللانغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، تۇرمۇش شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەنئەنىۋى كۆزقارىشى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمكى ئەجدادلارنى ئالساق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى جەريانىدا، تەبىئىي نەرسىلەرنى يىغىپ ئوزۇقلىنىشتەك ئىپتىدائىي ھالەتتىن تەدرىجىي ھالدا ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويۇپ، گۆش، سۈت قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىدىغان بولغان، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى ئەجدادلار ئۆتتىن پايدىلىنىپ

يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ (پىشۇرۇپ) ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلـ-
دۈرگەن. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارنىڭ
ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ پىششىق ئوزۇقلۇق تەييارلاشتىكى ئەڭ
دەسلەپكى ئۇسۇلى خام گۆشنى قىزىتىلغان تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ
قاقلاپ پىشۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، قەدىمكى ئەجدادلارمۇ ئوۋچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلىدە گۆشنى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قاقلاپ
پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغان، كېيىنچە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ،
بىۋاستە ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇشتىن زىخلىق كاۋاپ بارلىققا كەلگەن.

ھەممىگە ئايانكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى
شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە
ياشاش مۇھىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، كۆچمەن
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا،
گۆش ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛
دانلىق زىرائەت يېمەكلىكلىرى ۋە كۆكتات قاتارلىقلار قوشۇمچە
يېمەكلىكلەر قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەمما، دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر دانلىق زىرائەت، كۆكتات ۋە مېۋە - چىۋە
قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قاتارىدا
ئىستېمال قىلىپ، گۆش، سۈت قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى
قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارىدا ئىستېمال قىلىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلارمۇ
ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردە گۆشنى
ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىپ، دانلىق زىرائەتلەر ئىستېمالىنى قوشۇمچە
ئورۇنغا قويغان. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتقا ئاساسەن، مۇقىم
ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دەۋرگە قەدەم
قويغاندىن كېيىن، دانلىق زىرائەت يېمەكلىكلىرىنى ئىستېمال قىلىش
ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن.

قەدىمكى قەشقەر رايونىدا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشىغان
جۇغراپىيەلىك مۇھىت ئاساسىدا، ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش،
تۇرمۇش شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ قەشقەرنىڭ غەربىي
جەنۇب، جەنۇب، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى تاغلىق - ئېدىرلىقلارغا

جايلاشقانلىرى چارۋىچىلىقنى ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، قەشقەر بوستانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىغا يەنى دەريا - ئېقىن بويلىرىغا، تۈزلەڭلىكلەرگە ئولتۇراقلاشقانلىرى دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تاغ - ئېدىرلىقلار بىلەن دەريا - ئېقىن، تۈزلەڭلىكلەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى بىللە ئېلىپ بارغان. قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقلارغا جايلاشقان كىشىلەر بولسا چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان ھەمدە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

قەشقەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قەشقەردە يېمەك - ئىچمەكنىڭ تۈرى كۆپ، تەمى ئۆزگىچە بولۇپ، بۇلار ئىچىدىن نان، سامسا، پولۇ، كاۋاپ، ئۆپكە - ھېسىپ، چەينەك شورپىسى، قورداق، ھالۋا، پوشكال، لەغمەن، مانتا، ئۇگرە، چۆچۈرە، چۆپ، شويلا، قۇيماق، يوبدان، موكاۋا، يارما، ساڭزا، مورابا، دوغاپ ۋە جولاپ قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

## 5. قەشقەردە قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

### 1. خانئۆي قەدىمكى شەھىرى

خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا يەنى خانئۆي كەنتىگە جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 1.9 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ (بۇ كۆلەم خانئۆي ئىزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

خانئۆي قەدىمكى شەھىرى سېرىق توپىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە 65 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سېپىل تېمىنىڭ بىر بۆلىكىلا ساقلىنىپ قالغان، تام ئۇلى ۋە

ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ھەممىدە بۇ ئىزلاردا قارا رەڭلىك، قىزغۇچ رەڭلىك ساپال پارچىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. 1907 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە چەت ئەل ۋە ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ تۆشۈكلۈك ۋە تۆشۈكسىز يارماق پۇللارنى، ھەر خىل رەڭدىكى ساپال پارچىلىرىنى تاپقان ھەممىدە بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگىچە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

خانئۆي قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا «مورا بۇددا مۇنارى» بار. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ۋەيران بولۇشى خانئۆي قەدىمكى شەھىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چوڭ بۇددا مۇنارى ھېسابلىنىدۇ.

### 2. ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى

ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى ئەسكىھسار كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 59 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىكى بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 8 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋردىكى سۇلى (疏勒) بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولغانىكەن.

ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى خېلى بۇرۇنلا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئارخېئولوگلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان. 1907 ـ يىلى فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوت بۇ جايغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەممىدە شەھەر خارابىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ساقلىنىپ قالغان سېپىل تېمىغا ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ قالدۇقلىرىغا ئاساسەن، شەھەرنىڭ تۇنجى خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىمۇ 1929 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە بۇ يەردە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم قەدىمكى پۇل ۋە ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. كېيىنچە بۇ جاي ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۇنىڭ دائىرىسى ئىچىدە

ھەر خىل قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلغان ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا قازغان يەر ئاستىدىن كۆل قاتلىمى، ھەر خىل سوڭەك پارچىلىرى ھەمدە ھەر خىل گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ئون نەچچە ساپال پارچىسى تېپىلغان.

### 3. ئۈچ بۇرھان بۇددا غارى

ئۈچ بۇرھان بۇددا غارى 4 — 8- ئەسىرلەردىكى سۇلى بەگلىكىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ 18 كىلومېتىر شىمالىغا، چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تىك يار تۈۋىگە جايلاشقان. ئۈچ غار قاتار تىزىلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى غارنىڭ ئىككى تېمىغا ئايرىم-ئايرىم ئىشىك ئويۇش ئارقىلىق ئۈچ غار بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇلغان. غارلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئالدى - كەينى ھۇجرىلىق بولۇپ، ئالدى ھۇجرىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئىشىك ئېچىپ كەينى ھۇجرىغا تۇتاشتۇرۇلغان. ئوتتۇرىسىدىكى غارنىڭ كەينى ھۇجرىسىنىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تاشتىن ئويۇلغان ساكيامۇنى ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان، ھەيكەلنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي ۋە غەربىي غارنىڭ ئالدى ھۇجرىسىنىڭ ئىككى تېمىدا ئايرىم - ئايرىم بۇت تەكچىسى بار. غار ئىچىدە تام رەسىملىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي تەرەپتىكى غارنىڭ ئالدى ئەگمە تورۇسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى كۆكۈچ رەڭلىك چاسا رامكا ئىچىگە يۇلتۇز، ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رەسىملىرى، رامكىنىڭ چۆرىسىگە تۆت دانە يېرىم چەمبەر سىزىلىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاق نۇر ئايلاندۇرۇپ سىزىلغان. يېرىم چەمبەرنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان بۇتتىن 14ى سىزىلغان. كەينىدىكى ھۇجرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تېمى، ئىشىك ماڭلاي ياغىچى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا بىردىن بۇددا، ئىككىدىن بودساتۋا سىزىلغان. ئوتتۇرا غارنىڭ ئالدى ھۇجرىسىنىڭ تېمىدا (بۇددانىڭ) قويۇق رەڭ بىلەن سىزىلغان باش نۇرى، گەجگە نۇرى ۋە بەدەن نۇرى بار. تام رەسىملىرىگە رەڭ بېرىشتە سۇس رەڭ ئاساس قىلىنغان. رەسىملەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى ئاددىي،

ئۆزگىرىشى ئاز بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددىزم تام رەسىملىرى ئۇسلۇبىغا ئىگە.

#### 4. مورا بۇددا مۇنارى

مورا بۇددا مۇنارى 5 — 8- ئەسىرلەردىكى سۇللاغ بەگلىكىنىڭ بۇددا ساغرامى خارابىسى. قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ كەپتەرخانا كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ. هازىر بۇت قەسرى، راھىبلار ھۇجرىسى خارابىلىرى ۋە جەنۇب - شىمالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇشى ساقلىنىپ قالغان. شىمال تەرەپتىكى بۇددا مۇنارى دۈم قىلىنغان كۇرە شەكلىدە بولۇپ، ئۇلى پۇتەي ھەم چاسا شەكىللىك، كېسەكتە قوپۇرۇلغان مۇنار گەۋدىسىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي يۈزىدە بۇت تەكچىسى قالدۇقى بار، ئەمما شامالدا ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە يالىنىپ كەتكەن. جەنۇب تەرەپتىكى بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى مۇكەممەلرەك، گەۋدىسى دۈم قىلىنغان چىنە شەكلىدە، كېسەكتە قوپۇرۇلغان بۇ مۇنارنىڭ سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. مۇنار ئۇلى چاسا شەكلىدە بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 14 مېتىر، تېگىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 12.5 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ پەلەمپەيسىمان ئۇلى بالداقسىرى قۇرۇلغان. مۇنار دائىرىسىدىكى يەر يۈزىدە لايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال ۋە سىرلانغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ.

#### 5. مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر تىلشۇناس، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى. «ھەزرىتى موللام مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ. تولۇق نامى «ھەزرەت موللا شەمسىددىن بىن مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى» . قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىغا جايلاشقان. 12- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا ۋە قەبرىلا ساقلىنىپ قالغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىغا تۇۋرۇك

شەكلىدە پەشتاق سېلىنغان، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتكە تەۋە. قەبرە دەرۋازىدىن 50 مېتىرچە يىراقتا، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۈگزىسى تۈز. تورۇسى رەڭلىك رەسىم ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، تۆت تېمىدا پارسچە يېزىلغان بېغىشلىمىلار بار، ھازىر تونۇغىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ سول تەرىپىدە بىر خارابە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بىر مەدرىسەنىڭ خارابىسى ئىكەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدىكى مۇشۇ مەدرىسەدە باش مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن. ئەسلىي بىر قەبرە تېشى بار بولۇپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن. ھازىر بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن مەلۇم بىر تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ مازارغا كىتاب ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا يازغان ئىسپات بار، ئىسپاتنىڭ ئاخىرىسىغا ھەدىيە قىلغۇچى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ قويغان ئىمزاسى بار. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەزكۇر مازار ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ زىيالىيلار زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىدىغان جاي بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن سوپىلارمۇ مۇشۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت ئىستىقامەت قىلىشىدۇ. مەزكۇر مازار يېقىنقى يىللاردا تولۇق رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى.

### 6. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى. ئورنى قەشقەر شەھىرىدە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەردە مەشھۇر ئىلمىي ھېكمەت خاراكتېرلىك داستان «قۇتادغۇبىلىك»نى يازغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىدىكى پايناپقا دەپنە قىلىنغان. كېيىنچە نەچچە قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە يولۇقۇپ، ھازىرقى جايغا كۆچۈرۈلگەن. مازار ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان، ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، قەبرە ئىچىدىكى تام يۈزىگە يېشىل رەڭلىك ساپال خىش چاپلانغان،

ئالدى قىسمى نامازخانا. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ خارابىگە ئايلىنىپ، كىشىلەر بىلەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، 50 - يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق- لىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تىزىملىكى»دە قەشقەر شەھىرى خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەردارى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەبرىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ خاتا بېكىتىپ قويغان. 1980 - يىللارغا كەلگەندىلا مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن. كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى دۆلەت دەرىجىلىك ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1980 - يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئەسلىي شەكلى بويىچە بۇرۇنقى ئورنىغا قايتا ياساتتى.

### 7. ئارسلانخان مازىرى

بۇ مازار قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىسى ئارسلانخان كەنتىگە جايلاشقان.

ئارسلانخان ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى بولۇپ، مىلادىيە 10 - ئەسىردە (998 - يىلى) بۇددا دىنى مۇرتلىرى بىلەن بولغان جەڭدە قازا قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، جەسىتى جەڭ مەيدانى بولغان ئوردام مازىرىغا، بېشى ھازىرقى ئارسلانخان مازىرىغا دەپنە قىلىنغانىكەن.

### 8. بۈۋى مەريەم خېنىم مازىرى

بۇ مازار قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسى بەش تۇغراق كەنتىگە يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 3.9 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە

شەكلىدە پەشتاق سېلىنغان، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتكە تەۋە. قەبرە دەرۋازىدىن 50 مېتىرچە يىراقتا، كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۆگزىسى تۈز. تورۇسى رەڭلىك رەسىم ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، تۆت تېمىدا پارسچە يېزىلغان بېغىشلىمىلار بار، هازىر تونۇغىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ سول تەرىپىدە بىر خارابە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بىر مەدرىسەنىڭ خارابىسى ئىكەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدىكى مۇشۇ مەدرىسەدە باش مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن. ئەسلىي بىر قەبرە تېشى بار بولۇپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن. هازىر بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن مەلۇم بىر تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ مازارغا كىتاب ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا يازغان ئىسپات بار، ئىسپاتنىڭ ئاخىرىسىغا ھەدىيە قىلغۇچى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قويغان ئىمزاسى بار. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەزكۇر مازار ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ زىيالىيلار زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىدىغان جاي بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن سوپىلارمۇ مۇشۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت ئىستىقامەت قىلىشىدۇ. مەزكۇر مازار يېقىنقى يىللاردا تولۇق رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى.

### 6. يۇسۇپ خاس هاجىپ مازىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ قەبرىسى. ئۇرنى قەشقەر شەھىرىدە. يۇسۇپ خاس هاجىپ 11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ولتۇراقلاشقان، بۇ يەردە مەشھۇر ئىلمىي ھېكمەت خاراكتېرلىك داستان «قۇتادغۇبىلىك»نى يازغان. يۇسۇپ خاس هاجىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىدىكى پايناپقا دەپنە قىلىنغان. كېيىنچە نەچچە قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە يولۇقۇپ، هازىرقى جايغا كۆچۈرۈلگەن. مازار ئەرەب بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا ياسالغان، ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، قەبرە ئىچىدىكى تام يۈزىگە يېشىل رەڭلىك ساپال خىش چاپلانغان،

ئالدى قىسمى نامازخانا. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ خارابىگە ئايلىنىپ، كىشىلەر بىلەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. 50 - يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق-لىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تىزىملىكى»دە قەشقەر شەھىرى خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەردارى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەبرىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ خاتا بېكىتىپ قويغان. 1980 - يىللارغا كەلگەندىلا مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن. كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1980 - يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئەسلىي شەكلى بويىچە بۇرۇنقى ئورنىغا قايتا ياساتتى.

7. ئارسلانخان مازىرى

بۇ مازار قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىسى ئارسلانخان كەنتىگە جايلاشقان.

ئارسلانخان ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى بولۇپ، مىلادىيە 10 - ئەسىردە (998 - يىلى) بۇددا دىنى مۇرتلىرى بىلەن بولغان جەڭدە قازا قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، جەسىتى جەڭ مەيدانى بولغان ئوردام مازىرىغا، بېشى ھازىرقى ئارسلانخان مازىرىغا دەپنە قىلىنغانىكەن.

8. بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى

بۇ مازار قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسى بەش توغراق كەنتىگە يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 3.9 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە

جايلاشقان. مازارغا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كەنجى قىزى — نۇر ئەلا نۇر خېنىمنىڭ سىڭلىسى بۇۋى مەريەم خېنىم دەپنە قىلىنغانىكەن.

مازار پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قەبرە ئۆي (قەبرىگاھ)، گۈمبەز ۋە بوشۇكلۇك قەبرىدىن تەركىب تاپقان. گۈمبەزنىڭ ئاستى يۈزى چاسا شەكىلدە، تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 7 مېتىر، 5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تەكچە چىقىرىلغان، ئاستى ئۈلىنىڭ 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان جايىغا 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى چاسا ياغاچ باستۇرما قىلىنغان. گۈمبەزنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قاراپ تۇرىدۇ. ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر، كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر، خىشنىڭ ئۆلچىمى 28×13×5.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. غەربىي تامغا ەرەپ شەكىلدە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. گۈمبەزدىكى بوشۇكلۇك برە دەل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەزنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگە نۇرغۇن ساپال چىراغ ۋە چوڭ تاشلار قويۇلغان، دەرەخلەرگە رەخت پارچىلىرى ئېسىلغان. ھازىر ھەر چارشەنبە كۈنى ئاياللار كېلىپ، مازارغا تاۋاپ قىلىپ، چىراغ ياقىدۇ، تاشلارنى قۇچاقلايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشچە، بۇنداق تاۋاپ قىلىش تۇغماس ئاياللارنىڭ كېسىلىگە شىپا بولىدىكەن. بۇ مازار غەرب دۆلەتلىرىدىكى بىر قىسىم ساياھەتچىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇلار «بۇۋى مەريەم» دېگەن نامنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ.

### 9. ئوردا ئىشكى جامەسى

بۇ جامە قەشقەر شەھىرى يارباغ كوچا باشقارمىسى ئوردا ئىشكى ئاھالىلەر كومىتېتىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان "24'59°75، شىمالىي كەڭلىك "21'28°39 — "22'28°39 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 486 كۋادرات مېتىر، قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى يارباغ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ غەربىدە.

مىلادىيە 932- يىلى سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ

ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشلاپ، ئىسلام دىنى تۇغى ئاستىدىكى «غازات» ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتىدە قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان بۇتپەرەس خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئېتىقادلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە نوقۇل ئىلىم - پەن ۋە ئىسلامىيەت بىلىملىرىنى تەرغىب قىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەدرىسەلەرنى زور كۆلەمدە قۇرۇپلا قالماستىن، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ پەرز - ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن قەشقەردە كۆپلەپ مەسچىتلەرنىمۇ قۇرغان. ئىسلام دىنىغا يات بولغان ھەرقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى ۋەيران قىلىنىپ، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سانسىز ئىخلاسمەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ نوم - سۇترىلارنى قىرائەت قىلىش، بۇتلارغا چوقۇنۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتەك مەنزىرىلەر يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى يادلاپ ئوقۇيدىغان مۇڭلۇق قىرائەتلەر، مەزىنلەرنىڭ ئەزان توۋلاشلىرى، مۇسۇلمان ئابىت - مۆمىنلىرىنىڭ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە زىكرى - سانا ئېيتىشىدەك يېڭى مەنزىرىلەر ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە كۆپلىگەن مەسچىتلەر ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ ساقلىنىپ قالمىغان. لېكىن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى يۈسۈپ قادىرخان زامانىدا بىنا قىلىنغان مەسچىتلەردىن قەشقەر شەھىرىدىكى «ئوردا ئىشىكى مەسچىتى» تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تا بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

«ئوردا ئىشىكى مەسچىتى» قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن يۈسۈپ قادىرخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋرلەردە يەنى مىلادىيە 1019- يىلى بىنا قىلىنغان، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ ئۈنۈۋېرسال مەسچىت بولۇپ، ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغدىلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىسلام دىنى تۈسىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇش ھەم دىنىي

پائالىيەت سورۇنى. قەشقەردىكى ئوقۇمۇشلۇق زات، ئۆلىمالار «ئوردا ئىشكى مەسچىتى»نىڭ ئەينى دەۋرلەردە قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى خان ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن سېلىنغان خاس مەسچىت ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن «ئوردا ئىشكى مەسچىتى» دەپ ئاتالغانلىقىنى، يەنە ھەرقايسى مۇسۇلمان ئەللەردىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭمۇ مەخسۇس مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى؛ 12 - ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى، سەيياھ، سىياسىيون شەيخ سەئدىنىڭمۇ قەشقەردە ئەلچى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ، مەشھۇر ئەسىرى «گۈلىستان»نىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ مەسچىتتە يازغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ. «ئوردا ئىشكى مەسچىتى»نىڭ ئەسلىدىكى كۆلىمى 1560 كىۋادرات مېتىر، خانىقانىڭ كۆلىمى 86 كىۋادرات مېتىر بولغانلىقى مەلۇم. بۇ مەسچىت تارىختا 1613 - يىللىرى ئەتراپىدا يەكەن سەئدىيە خانلىقىنىڭ ۋەزىرى، ھەربىي سانغۇنى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان.

1875 - يىلى ياقۇپبەگ زامانىسىدا بىر قېتىم چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىنغان. 1904 - يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1968 - يىلى مەسچىتنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى نەقىشلىك پېشايۋان، دەرۋازا، پەشتاق، ئىشىك ئالدىدىكى مۇنار ۋە گۈمبەز قاتارلىق بۆلەكلىرى چېقىۋېتىلگەن. 1973 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك يارباغ كوچا باشقارمىسى مەسچىتنىڭ 760 كىۋادرات مېتىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان. مەسچىتنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 870 كىۋادرات مېتىر، ئىچكى قىسمىنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكى كۆلەم بىلەن ئوخشاش. 24 دانە نەقىشلىك تۈۋرۈك بار. مەسچىت قورۇسىدا بىر قېتىمدا 700 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. كېيىنكى زامانلاردا «ئوردا ئىشكى مەسچىتى» نىڭ ئالدىدا چاپان بازىرى شەكىللەنگەنلىكتىن، ھازىر «چاپان بازىرى مەسچىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسچىتنىڭ تاملىرى 21×37 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى پىششىق خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان.

«ئوردا ئىشكى مەسچىتى» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىلىرىنىڭ بىرى. گەرچە ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قىسمى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ساقلىنىپ

قالغان بۆلەكلىرىدىكى ئالاھىدە نەپىس ئويۇلغان نەقىشلەر، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ھۈنەر - ھېكمەتلىرىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ، شۇڭداقلا بۇ مەسچىت يەنە تارىخىي جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەھەر ئورنىنى ئەتتىقلاشتا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ دەلىللەشتە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تارىخىي مىراستۇر[1].

## 10. ساچىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى ساچىيە)

بۇ مەدرىسە قەشقەر شەھىرىنىڭ چاسا كوچا باشقارمىسى ساقىيە ئاھالىلەر كومىتېتىغا جايلاشقان.

ساچىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى ساچىيە) قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (مىلادىيە 955- يىللاردا ياشىغان) تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى ھەمدە ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىشنىڭ مەركىزىي ئوچىقى بولغان. بۇ يەردە يالغۇز دىنىي ئەقىدىلەر سۆزلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى تەرەققىياتلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە خەلقئارادىكى پەننىي ئىلىملەرنىڭ تەسىرى بىلەن دەرس مەزمۇنلىرى بېيىتىلىپ، چەت ئەل تىلى، يۇنان پەلسەپىسى، تىل ۋە ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، ئالگېبرا، لوگىكا، مۇزىكىشۇناسلىق، تارىخ، جۇغراپىيە، تىبابەت، ھەربىي ئىلىم قاتارلىقلار ئۆگىتىلگەن. جەمال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ ناھايىتى چوڭ كۇتۇپخانىسى بولغان. بۇ مەدرىسەدە، ئوبۇلھەسەن سەييىد ھاتەم ۋە سەييىد جالالىدىن باغدادىغا ئوخشاش دىنىي ئۆلىمالار ئىلاھىيەت ئىلمىدىن دەرس ئۆتكەن. مەھمۇد كاشغەرىيدەك تىلشۇناس، ئىمادۇددىن

---

[1] يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي — قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي نەشرى، 117-، 119- بەتلەر.

كاشغەرىيگە ئوخشاش تىبابەت ئالىملىرى مۇشۇ مەدرىسەدە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان.

جەمال قارشى ئۆزىنىڭ «سۇرراھ لۇغەتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەدرىسە نامىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۆزى جەۋھەرىينىڭ «سىھاھ»[1] لۇغىتىنى ئۇزاق ئىزدەپ، ئاخىر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ[2].

ساچىيە مەدرىسەسى قاراخانىيلاردىن كېيىن، بولۇپمۇ نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىر مەزگىل ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋالىيسى مەسئۇد بەگ 1260- يىلى بۇ مەدرىسەنىڭ خارابىسى ئورنىغا «مەسئۇدىيە» مەدرىسەسىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» كۇتۇپخانىسىنى سالدۇرغان. جەمال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەدرىسەگە «ھەممە ئىقلىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي بىلىملەرلا ئوقۇلۇش بىلەن قالماي، ئارىستوتېل، سوقرات، فارابى، ئىبن سىنا ۋە خارەزمى پەلسەپەلىرىمۇ ئوقۇتۇلغان.»

## 11. مەھمۇدىيە مەدرىسەسى

قاراخانىيلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى يازلىق سەيلىگاھى بولغان ئوپالدا، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى يېنىدا «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» ناملىق بىر مەدرىسە خارابىسىمۇ بار.

بۇ ئىز ئوپال يېزىسى موللام بېغى كەنتىدە يەنى يېزا مەركىزىنىڭ

---

① جەۋھەرىي (11- ئەسىردە فاراب شەھىرىدە تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان لۇغەتشۇناس) ئەسىرى، تولۇق ئىسمى «تاجۇللوغە ۋە سىھاھۇلئەرەبىيە».

② جەمال قارشى: «سۇرراھ لۇغەتىگە ئىلاۋە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى (قول يازما)، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى مەجمۇئەسى» نىڭ 1987- يىلى، 10-، 11- سانلىرىدا خەنزۇچە تەرجىمىسى بار.

غەربىي شىمالىدىن 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيە- لىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°30'39" بىلەن شىمالىي پاراللېل 46" — 39°18'45" قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1430 مېتىر، كۆلىمى 625 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا.

ئىز مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ھازىر قالدۇق تامنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان. تامنىڭ ئۇلى جەنۇب شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، قالدۇق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. خام كېسەك، لاي بىلەن ياسالغان، ئۇنىڭ جەنۇب ۋە غەرب تەرىپىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بار①.

مەزكۇر مازار تەزكىرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ مەدرىسە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتقاندىن كېيىن، ئوپالدا ئىلىم ئۆگىتىش مەقسىتىدە 11- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا ياساتقان مۇشۇ مەدرىسەدە سەككىز يىل مۇددەرىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نام ئالغان②.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»دە مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەدرىسە يىراق - يېقىندىن كېلىپ ئوقۇيدىغان تالىپلارغا ئىسلام ئەھكاملىرىدىن ئەتراپلىق بىلىم ئۆگىتىش بىلەن بىللە، ئەرەب - پارس تىللىرى، ھېساب، ئىلمىنۇجۇم (ئاسترونومىيە)، پارائىز (ئالگېبرا)، ئىلمى مەنتىقە (لوگىكا)، ئىلمى شىپاھىيە (تېبابەتچىلىك)، ئىلمى ھال (تەبىئەت)، ئىلمى تەجۋىد (فونېتىكا)، ئىلمى سىپاھىيە (ھەربىي تەلىم - تەربىيە) قاتارلىق پەنلەردىنمۇ چوڭقۇر تەلىم بېرىلگەن.

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 84 — 85- بەتلەر.

② «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1983- يىلى 2- سان.

«مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» نىڭ بىر يۈرۈش قائىدە - تۈزۈملىرى بار بولۇپ، مەدرىسەنىڭ ئوقۇش باشلاش، ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىملىرى تولا چاغلاردا تۈركىي خەلقلەرنىڭ باھار بايرىمى بولغان نورۇزدا ئۆتكۈزۈلگەن، پائالىيەتتە ئۇستاز ۋە تالىپلار «نورۇز بولاق»نى چۆرىدەپ تۇرۇپ نورۇز ناخشا - قوشاقلىرىنى ئوقۇشۇپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈشكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن تالىپلار ئۆز ئۇستازى ۋە ئاۋام خەلق ئالدىدا خەتمىدىن ئۆتكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن تالىپلارنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يۇرت چوڭلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئەلنەغمە، چاقپەلەك ئويناش، ئارغان تارتىشىش قاتارلىق تۈرغۇن تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان. ئەڭ ئاخىرىدا جامائەت بىر سورۇنغا يىغىلىپ، نورۇز ئېشى تارتىلىپ، مۇنەۋۋەر تالىپلارغا خەلق ئالدىدا ئىلمىي ئۇنۋان (ئەللامە، مۇدەررىس، مەۋلانا قاتارلىق — ئا) ياكى ئەمەل - دەرىجىلەر بېرىلگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي مەدرىسەسىنىڭ بارلىق سەرپىياتلىرى مەدرىسەگە تەۋە بولغان 500 مودىن ئارتۇق ۋەخپە يەردىن كەلگەن. بۇ مەدرىسە 1212 - يىلى نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكخان كىدانلار قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۈرخاندىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ھالاك قىلغان مەزگىللەردىكى ئۇرۇشتا بىر قېتىم ۋەيران قىلىۋېتىلىپ تاشلىنىپ قالغان. 1550 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1678 - يىلى جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرى تارىم ۋادىسىنى ئىستېلا قىلغاندا يەنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن رېمونت قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق[1].

## 12. خانلىق مەدرىسە

بۇ مەدرىسە قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ كوچا باشقارمىسى ئوردا

---

[1] يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي — قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2007 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 114 — 116 - بەتلەر.

ئىشكى ئاھالىلەر كومىتېتى (ھازىرقى ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ ئورنى)غا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى سەككىز مو ئەتراپىدا كېلىدۇ.

قەشقەر خانلىق مەدرىسەنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 1639- يىلدىن 1652- يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 8- سۇلتانى ئابدۇللاخان 1641- يىلى بىنا قىلغان. ئۇنىڭ ئورنىنى قەشقەرنىڭ پېشقەدەم قازىكالانى ۋە مۇشۇ مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى بولغان موللا مۇھەممەت سادىق ئەلەم كاشغەرىينىڭ بوۋىسى ۋەخپە قىلغان. بۇ مەدرىسە ئەينى زاماندا ئۇيغۇر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

ئەينى يىللاردا خانلىق مەدرىسەلەر ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلار خانلىقلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە جايلىشاتتى. مەدرىسەنىڭ تۈرلۈك خىراجەتلىرى پادىشاھلىق خەزىنىسىدىن چىقىم قىلىنىپ، كەم قىسمى ۋەخپە، ئەۋقاپ ئارقىلىق تولۇقلىناتتى. مەدرىسەنىڭ ئىقتىسادىنى مەدرىسە جامائىتى بەلگىلىگەن مۆتىۋەرلەر باشقۇراتتى. خانلىق مەدرىسە ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ئالاھىدە تەسىرى بار ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇپ قالماستىن، يەنە كەشمىر، پاكىستان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت، قوقەند، پەرغانە، نەمەنگان قاتارلىق جايلاردىنمۇ تالىپلار كېلىپ ئوقۇيتتى.

خانلىق مەدرىسەنىڭ يېنىدا يەنە قازانچى مەدرىسەسىمۇ بار ئىدى. بۇ ئىككى مەدرىسە بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى مەدرىسە ھازىرقى ئوردا ئىشىكى يولىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ئورۇنلاشقان. خانلىق مەدرىسە دەرۋازا، مۇنار، دەرۋازا ئۈستى مەنزەر، ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلا، پېشايۋان، كايىۋان، ھوجرىدىن ئىبارەت يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن. قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، كەڭلىكى 2.8 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىك ماشىنا بىمالال كىرىپ چىقالايدۇ. دەرۋازا ئۈستى مەنزەر مۇدەررىسلەرنىڭ دەرس تەييارلايدىغان، ئارام ئالىدىغان ئىچكىرى-تاشقىرى ھۇجرىلىرى ئىدى. ھۇجرىلارنىڭ پەنجىرىسى چوڭ يول تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. مەدرىسە دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ - سولىدىكى ئېگىزلىكى 13

مېتىر كېلىدىغان نەقىشلىك مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ھىلال ئاي شەكلى بار ئىدى. دەرۋازا بېشىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1.20 مېتىر، كەڭلىكى 90 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاختايغا سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى ھۆسنخەت يېزىلغان. مەدرىسە تاملىرىنىڭ ئۇلىغا ھاك لېيى بىلەن 13 قۇر تۆت بۇرجەكلىك خىش قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. تام ئۇلىنىڭ كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدۇ. مەدرىسەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1468 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، يېنىدىكى قازانچى مەدرىسەسىنىڭ كۆلىمىنى قوشقاندا، ئىككىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1787 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. خانلىق مەدرىسەنىڭ چوڭ ـ كىچىك 53 ھۇجرىسى بار. ھەربىر ھوجرىدا ئالتىدىن يەتتىگىچە تالىپ تۇراتتى. مۇدەررىس، جارۇپكەش (تازىلىق ئىشچىسى) لەرمۇ مۇشۇ ھۇجرىلاردا يېتىپ قوپاتتى. مەنقۇلاتلار مۇشۇ ھۇجرىلاردا ساقلىناتتى. 350 تىن ئارتۇق تالىپ ئوقۇيدىغان بۇ مەدرىسەدە تۆت يىللىق، بەش يىللىق، ئالتە يىللىق قەرەللەر بويىچە دەرس ئۆتۈلەتتى. مۇدەررىسلەر سۆزلەش، تالىپلار ئاڭلاش، تاپشۇرۇق بېرىش، تالىپلار سۇرىلەرنى يادقا ئوقۇش، مۇدەررىس ۋە تالىپلار ئۆزئارا تىڭشاش، ھەر يىلى بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىش، رامىزان مەزگىلىدە قىرائەت قىلىش ۋە يادلاش ئەھۋالىنى جامائەت باھالاش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلاتتى. لاياقەتلىك بولغانلىرىغا گۇۋاھنامە بېرىلەتتى. لاياقەتسىزلەر قايتا ئوقۇتۇلاتتى ياكى يۆتكەپ ئوقۇتۇلاتتى. ئوقۇتۇشتا دىنىي دەرس ئاساس، پەننىي دەرسلەر قوشۇمچە قىلىناتتى. «شەرھىي ۋىقايە»، «مۇختەسەر ۋىقايە»، «ھىدايە»، «تەپسىرى جالالەين»، «تەپسىرى ھەدىس»، «مەنتىقە»، «ئەدەبىيات»، «قازى بەيزاۋىي»، «مەسنەۋى شەرىف»، «سەھىھۇل مۇسلىم» قاتارلىق كىتابلار دەرسلىك قىلىناتتى. بۇ دەرسلەر ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك تىللىرىدا ئۆتۈلەتتى. تالىپلار ئاساسەن ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەيتتى. تالىپلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەرەب، پارس تىلى تەرجىمانلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى.

خانلىق مەدرىسەنى پۈتكۈزگەن تالىپلار ئىگىلىگەن مەلۇماتىغا قاراپ

ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشەتتى. ئاندىن ئۇلار ئەھۋالغا قاراپ ھەرقايسى مەھكىمە شەرئىيىلەردە، جامەلەردە قازى، ئەلەم، قازى رەئىس، داموللا، مۇپتى، مۇدەررىس، خاتىپ، ئوردا خادىمى، مىرزا (كاتىپ) قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنەتتى.

بۇ مەدرىسەنىڭ تالىپلىرى ئىچىدىن ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلار يېتىشىپ چىققان. ئابدۇرەھىم نىزارىي، ھىرقەتىي، تەجەللىي، زەلىلىي، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، سەبۇرى قاتارلىق مەشھۇر زاتلار قەشقەردىكى مۇشۇ ئالىي بىلىم يۇرتى — خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

1679- يىلى سەئىدىيە خانلىقى ئاخىرلىشىپ، قەشقەردە ھاكىمىيەت ئاپاق خوجىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر، يەكەنلەردىكى كۆپلىگەن بىلىم يۇرتلىرى «جەدىدلەرنىڭ ئوردىسى»، «بىدئەتچىلەرنىڭ مۇنبىرى» دەپ قارىلىپ تاقىۋېتىلگەن. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ چىققان نۇرغۇن ئەھلى ئىلىملەر، ئۆلىمالار، مۆتىۋەر زاتلار تۈرمىگە تاشلانغان. قالغانلىرى دەھشەتلىك خارۇزارلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن. خانلىق مەدرىسە ئاپاق خوجا ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەتلىك يىللاردا كۆپ قېتىم سوپى، ئىشانلارنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ «مەرىپەت ئوچىقى» لىق سۈپىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى.

خانلىق مەدرىسەنىڭ بىنا قىلىنغىنىغا بۇ يىل 356 يىل بولدى. ئۇ ھازىرغىچە تۆت قېتىم رېمونت قىلىنغان: 1- قېتىم، 1805- ، 1806- يىللىرى قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر مۆتىۋىرى ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس خەلپىتىم رېمونت قىلدۇرغان؛ 2- قېتىم، 1844- يىلى قەشقەرنىڭ قازىسى مۇھەممەت سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم رېمونت قىلدۇرغان؛ 3- قېتىم، 1905- ، 1906- يىللىرى (ھىجرىيە 1323- يىلى) قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن مۇسابايېۋ (موللا مۇسا شەيخ ھاجى، بۇ كىشى قەشقەرلىك باۋۇدۇن باينىڭ دادىسى) رېمونت قىلدۇرغان؛ 4- قېتىم، 1936- ، 1937- يىللىرى مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق كىشىلەر رېمونت قىلدۇرغان. بۇ مەدرىسەگە جەمئىي 18 ئۆلىما

مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇلار: ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، ئابدۇغوپۇر داموللام، مۇھەممەت سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم، موللا شېرىپ ئاخۇنۇم خەلپىتىم، ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم، موللا مۇھەممەدى ئاخۇنۇم، موللا ئابدۇقادىر داموللام، ئىسلام داموللام، ساۋۇت ئەلەم ئاخۇنۇم، شەمسىدىن ئاخۇنۇم (داموللام)، ساۋۇت داموللام، ھاشىم ئاخۇن داموللام (ھارۇنخان ھاجىمنىڭ دادىسى)، مىرەخمەتخان غوجام، ھامۇت داموللام، ئەپەندى مەخسۇم، ئىمىن مەۋلىۋى داموللام، توخسۇن ھاجى داموللام، سالى داموللاھاجى (ئەڭ ئاخىرقى مۇدەررىس) دىن ئىبارەت.

1959 ـ يىلىغىچە خانلىق مەدرىسە دىنىي مەكتەپ قىلىنىپ تالىپلار تەربىيەلەندى. 1959 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار بىرلەشمە كارخانىسى (ئارغامچا، چىگە ئارغامچا، بورا توقۇش، غەلۋىر، ئۆتكەمە توقۇش كارخانىسى) قىلىپ ئىشلىتىلدى. 1961 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى قىلىندى. 1963 ـ يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى قارىمىقىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك سىياسىي مەكتەپ قىلىنىپ، بىرلىكسەپ كادىرلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر، سودا ـ سانائەتچىلەر تەربىيەلەندى[①].

### 13. ساقىيە مەدرىسەسى

بۇ مەدرىسە قەشقەر شەھىرى چاسا كوچا باشقارمىسى ساقىيە ئاھالىلەر كومىتېتىغا جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە، بۇ مەدرىسەنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن بىرى بولغان «قىلىچخان» لەقەملىك مەھمۇدخان ياساتقان بولۇپ، مىلادىيە 1630 ـ يىلى باھائىددىن مەخدۇم دېگەن كىشىنىڭ ئابدۇقادىر ھاجىم دېگەن ئوغلى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياساپ رېمونت قىلدۇرغان.

---

① قەمەرجان قابىل: «قەشقەردىكى مەرىپەت بۆلىقى — خانلىق مەدرىسە»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، 79 ـ، 80 ـ، 92 ـ بەتلەر.

بۇ مەدرىسە ھازىرغىچە 360 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ مەدرىسە 1996- يىلى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شەھەر دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

## 14. قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى

قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر كاتتا مەسچىتى بولۇپ، قەشقەر شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولىغا جايلاشقان. «ھېيتگاھ» سۆزى ئەرەبچە «ھېيت» دېگەن سۆز بىلەن پارسچە «گاھ» دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ھېيت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەسچىت شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار يىغىلىش - مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدىغان كاتتا مەسچىت، دىنىي تەلىم - تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسچىتنىڭ قاچان سېلىنىشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا قولىمىزدا ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاباسىيلا سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى قۇتەيبە ئەرەبىستاندىن دىن تارقاتقىلى كەلگە ئىمامىنىڭ مازىرىنى كۆچۈرۈپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلغانىكەن. مىـ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ يىللىرىدا (1436 — 1449 - يىللىرى) قەشقەر ھۆكۈمرانى سانسىز مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مازارنىڭ يېنىغا بىر مەسچىت سالدۇرغانىكەن، شۇ مەسچىت مۇشۇ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئاساسى ئىكەن. 16- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەكەن خانلىقىنىڭ قەشقەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان ئەمەلدارلىرى بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ چوڭ جامەگە ئايلاندۇرغانىكەن. 1798- يىلى يېڭىسارلىق ئۇيغۇر قىزى زۇلپىيە خېنىم پاكىستانغا كېتىۋېتىپ، سەپەر ئۈستىدە قەشقەردە قازا قىپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قالغان سەپەر خىراجىتىنى ئىشلىتىپ، بۇ مەسچىتنى يەنە كېڭەيتىپ، ھېيتگاھ دەپ نام بېرىپتۇ. كېيىن يەنە

كۆپ قېتىم كېڭەيتىلىپتۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا (1821 — 1850 ـ يىللىرى) قەشقەر شەھىرى كېڭەيتىلگەندە، ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، تولۇق رېمونت قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلگەنىكەن. 1872 ـ يىلى قوقەندلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تېخىمۇ زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، مەسچىت ئۆيلىرى، ئىسسىق بۆلمىلەر، غۇسلىخانا، پەشتاق، سۇنئىي كۆللەرنى ياسىغاندىن باشقا، مەسچىت دەرۋازىسى، جاينامازلارنى ھازىرلاپ، مەسچىتنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەسچىتى ھازىرقى دائىرىگە ئىگە بولغان. مەسچىتنىڭ بارلىق ئىگىلىگەن يېرى 25 مو بولۇپ، بۇ ئاساسەن مەسچىت دەرۋازىسى، خانىقا، پەشتاق، مەسچىت ئۆيلىرى، سۇنئىي كۆل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالدىنقى دەرۋازىسى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، دەرۋازا ئالدىدا مەسچىتنىڭ نامىدىكى ھېيتگاھ مەيدانى بار. دەرۋازا مۇنارى ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، دەرۋازا چوققىسىدا قۇببە بار، ئۈستىگە كىچىك ئۈچلۈق مۇنار سېلىنغان. دەرۋازا ئىچىدە سەككىز بۇرجەك دەھلىز، دەھلىزنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە مەسچىت قورۇسىغا ئېچىلغان مېھرابسىمان ئىككى ئىشىك بار. ئېگىزلىكى 18 مېتىرچە كېلىدىغان، خىشتا قوپۇرۇلغان ئىككى تۈۋرۈكسىمان ئەزان ئېيتىش مۇنارى مەسچىتنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، مۇنار تۆۋەندىن ـ يۇقىرىغا ھەر قەۋەتتە ئاز ـ ئازدىن قورۇلۇپ، ھەر خىل نەقىش ۋە شەكىللەرنى چىقىرىپ قوپۇرۇلغان. مۇنار بىلەن دەرۋازا راۋىقى قىسقا تام بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. تام ۋە دەرۋازا راۋىقى ھەممىسى سۇس سېرىق رەڭدە سىرلانغان، خىشلارنىڭ ئارىلىقلىرى ۋە تامغا چىقىرىلغان ئويۇقلار ھاك بىلەن ئەنكاپلانغان، سىزىقلىرى ئېنىق ۋە راۋان بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك ئىستېتىكىلىق تۇيغۇ بېرىدۇ. خانىقا (نامازخانا) مەسچىت قورۇسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، خىش ۋە ياغاچ بىلەن قۇرۇلغان، ئۆگزىسى تۈز، ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، ئىشىكتىن غول تامغىچە 16 مېتىر. ئىچكى ـ تاشقى نامازخانا ۋە دەھلىزدىن تەشكىل تاپقان، نەقىش ئويۇلغان 158 تال تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ،

تۈۋرۈكلەر تورۇسنى تىرەپ تۇرىدۇ، تورۇسقا ھەر خىل گۈل ۋە گېئومېترىيەلىك شەكىللەر سىزىلغان. مەسچىت قورۇسى كۆركەم، ئازادە، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغاچقا، كىشىگە راھەتبەخش ئېتىدۇ. پۈتۈن مەسچىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، بىناكارلىق سەنئىتى نەپىس، بېزىلىشى ئاددىي - ساددا بولۇپ، كۆركەم كۆرۈنىدۇ، ئۇسلۇبى ئالاھىدە. نامازخانا، مەسچىت قورۇسى ۋە ھېيتگاھ مەيدانىنى قوشقاندا نەچچە ئون مىڭ كىشى بىمالال ناماز ئوقۇيالايدۇ. يېقىنقى زامانلاردىن تارتىپ ھېيتگاھ مەسچىتى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، مەسچىتنى يېڭىلاپ تۇردى. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىدا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

### 15. ئاپاق خوجا مازىرى

بۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ داھىيسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى. «ھەزرەت مازىرى»، «خوجا مەقبەرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زامانلاردا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ ئۇيغۇر توقال خانىشى ئىپارخان مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان دېگەن يالغان گەپ تارقالغانلىقتىن، كىشىلەر «ئىپارخان قەبرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ مازار قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، 1670-يىلى ياسالغان.

ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا يۈسۈپ دەپنە قىلىنغان چاغدا، بۇ مازارنىڭ دائىرىسى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىكەن. 1694-يىلى مازار قارا تاغلىقلارنىڭ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپاق خوجا نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، نەچچە ئون مىڭ مەدىكارنى ئىشقا سېلىپ بۇ مازارنى

ياساتقانىكەن. كېيىنكى يىلى ئاپاق خوجا قوزغىلاڭچى ئامما تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئاپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئىناۋىتى ھېسابقا ئېلىنىپ، مازار شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق-جەمەتىنىڭ جەسەتلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. 1811- يىلى كېڭەيتىلگەندە مەقبەرە چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دەرۋازا راۋىقى ياسالغان. 1874- يىلى قوقەندلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مازار ئوتتۇرا ئاسىيا مازارلىرىنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن گۈمبەز، مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا راۋىقى، مۇتىۋەللىنىڭ ياتىقى، سەراپ، سۇنئىي كۆل قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆز ئالدىغا بىر گەۋدە بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئۆزئارا جۈملىنىپ، بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مۇكەممەل، بىر پۈتۈن ئىمارەتنى تەشكىل قىلىدۇ. گۈمبەز بۇ ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مەقبەرىنىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئىمارەت ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا كىرىدۇ، ئاستى تۆت بۇرجەك، كەڭلىكى 35 مېتىر، بويىغا ئىچكىرىلىكى 29 مېتىر. ئۈستى قىسمىنىڭ دىيامېتىرى 71 مېتىر كېلىدىغان چوڭ گۈمبەز بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 26 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەزنىڭ ئاستى كەڭ قەبرىخانا بولۇپ، ئىچىدە ئاپاق خوجىنىڭ بەش ئەۋلاد جەمەتىدىن 72 كىشىنىڭ قەبرىسى (ھازىر ساقلانغىنى 58 قەبرە) رەتلىك تىزىلغان. گۈمبەزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە يېرىمى تامغا كىرگۈزۈپ سېلىنغان تۈۋرۈكسىمان پەشتاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوققىسىغىچە چىققىلى بولىدىغان پەلەمپەي بار. پۈتۈن گەۋدىسىگە ئاقۇچ يېشىل ئارىلاشقان كۆك رەڭلىك ۋە سېرىق رەڭلىك ساپال خىشلار چاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. چوڭ جامەسى مازارنىڭ غەربىدە، نامازخانىنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى يېتىنغۇ شەكىلدە بولۇپ، ئوتتۇرا نامازخانا ۋە ئوڭ - سول نامازخانىنىڭ ئوتتۇرىسى مېھرابسىمان ئىشىك بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، ئۆگزىسى 19 ياغاچ لىم قويۇلغان دۆگىلەك ئۆگزە، پۈتۈن قۇرۇلۇش خىش

بىلەن سېلىنغان، چوڭ نامازخانىنىڭ دەھلىزىدە ئۈچ قاتار قىلىپ قويۇلغان، نەقىش ئويۇلغان 70 تىن ئارتۇق تۈۋرۈك بار. ئۆگزىسى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان. مەزكۇر مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقى ئىچىدە بىرقەدەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. 1948- يىلى مازارنىڭ چوڭ گۈمبىزى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان.

بۇ مازار 1956- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتىلدى ھەم ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، 1874- يىلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ياساتتى. كېيىن يەنە ئۈزلۈكسىز رېمونت قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مازار جۇڭگو بىناكارلىقىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مۇسۇلمان قەبرىستانلىقىدۇر.

# تۆتىنچى باب

## قەشقەردە قەدىمكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

## 1. قەشقەردە قەدىمكى ئەدەبىيات

### بىرىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

**رىۋايەت**

رىۋايەت ـــ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ كۆپ تارقالغان ژانىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا مەلۇم بىر مىللەت ياكى رايونغا تەۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى، تارىخىي ۋەقەلەر، يەرلىك قەدىمكى ئىزلار، تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ھەم جەمئىيەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى مۇئەييەن تارىخىي پاكىتقا ئاساسەن، ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان تەپسىلاتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ تولىسى روشەن مىللەت ئالاھىدىلىكىگە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن ئەمەلىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ مۇئەييەن ئىشەنچلىك بولۇش ۋە بېقىنىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. رىۋايەتلەر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى بولغانلىقتىن ھەرقايسى مىللەتلەر-نىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىغان، بەدىئىي جەھەتتىمۇ

پېشقان. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتلىرى سان جەھەتتە ئىنتايىن مول بولۇپلا قالماي، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئىنتايىن رەڭگارەڭ. مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشىلەر ھەققىدىكى رىۋايەت، يەرلىك مەنزىرە - كۆرۈنۈش، تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەت، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلار ھەققىدىكى رىۋايەت قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇنداق كۆپ رىۋايەتلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىش داۋامىدا خەلق داستانلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق تىياتىر - ئويۇنلىرى قاتارلىق ژانىرلار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇزخان، قازاقلارنىڭ ئالپامىش، قىرغىزلارنىڭ ماناس، تاجىكلارنىڭ رۇستەمى داستان قاتارلىق ئەل ئىچى پالۋانلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى رىۋايەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، رىۋايەت باشقا ژانىرلار بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. رىۋايەتلەر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## ھېكايە - چۆچەكلەر

ئۇيغۇر خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرى مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، مۇھەببەت-نەپرەت قارىشىنىڭ روشەنلىكى، تۇرمۇش ئادىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ھېكايە - چۆچەك ئېيتىش ۋە ئاڭلاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر ھېكايە - چۆچەكلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى كۆپىنچە ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئەمگەكچى خەلققە سىمۋول قىلىنغان شەخسىي ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا ھېكايە-چىلىك ئادىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئوۋچى بوۋاي، پادىچى بالا، قېرى باغۋەن، يېتىم قىز - يېتىم ئوغۇل قاتارلىق شەخسلەرنى ئاقىل، دانىشمەن،

ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، يارمەن - ھالمەن، سەممىي - سادىق، كۆرەشچان، باتۇر، خەلقپەرۋەرلەرنىڭ سىمۋولى؛ باي - پادىشاھ، ئەجدىھا، جادۇگەر، يەتتە باشلىق يالماۋۇز قاتارلىقلارنى نائىنساپ، دۆتلەر، زالىم، قانخور، كاززاپ، ھىيلىگەرلەرنىڭ سىمۋولى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا، ھېكايە- چۆچەك ئېيتىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

ھېكايە - چۆچەك ئېيتىش ۋە ئاڭلاش ئائىلىلەردە، بولۇپمۇ كەڭ يېزا - قىشلاقلاردا بىر خىل مەنىلىك مەدەنىي پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن، كىچىك بالىلىرى بارلىكى ئائىلىلەردە ئاخشاملىرى بالىلارغا ھېكايە - چۆچەك، تېپىشماق ئېيتىپ بېرىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى پائالىيىتىگە ئايلانغان. كەڭ يېزا - قىشلاقلاردا بولسا، بالىلار، ياشلار، ھەتتا ياش قورامىغا يەتكەنلەرمۇ ياز، كۈز كۈنلىرى ئېتىز - ئېرىقتىن يېنىپ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۈگۈن بىرسىنىڭ، ئەتىسى يەنە بىرسىنىڭ دېگۈدەك ئىشىك ئالدى ياكى ھويلىسى ۋە ياكى ئۆيلەرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى خامانغا، كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلىپ ئاي يورۇقىدا ھېكايە ئېيتىشىدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا، ئارىلاپ نۆۋەت بىلەن بىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ھېكايە ئېيتىشىدۇ. قىزلار، ياش چوكانلارمۇ ياز كۈنلىرى تونۇر بېشى، ھويلا، باراڭ ئاستىلىرىدا جەم بولۇپ ھېكايە ئېيتىشىشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق ھېكايە ئېيتىش نۆۋەتلىشىپ ئېيتىشىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تەبىئىي ھالدا مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان.

مەلۇمكى، ھېكايە - چۆچەك ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىللىيلىقى كۈچلۈك بىر ژانىرى، شۇڭلاشقا مىللەتلەردىكى ھېكايە - چۆچەكلەرنىڭ تۈرى، ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ ھەر خىل بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئەپسانىۋى تۈس ئالغان ھېكايە - چۆچەكلەر، تۇرمۇش ھېكايە - چۆچەكلىرى، لەتىپە - چاقچاق، ھايۋانات، تاغ - دەريالار توغرىسىدىكى ھېكايە- چۆچەكلەر بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، «يېرىلىڭ تاشىم»،

«ئېچىل داستىخىنىم»، «ئۇر توقمىقىم»، «سۇلايمان قالپاق»، «كەمەك ھەييار»، «خاسىيەتلىك ھاسا ۋە يىڭنە»، «ئالتۇن شەمشەر»، «ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ»، «چېچەن كېلىن»، «كۆرەڭ بايۋەچچە بىلەن پەملىك ئايال»، «ئۈجمە سايىسى»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «بۇلبۇلگويا»، «بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە»، «قىرىق يالغان» قاتارلىق چۆچەكلەر شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. «ئالتۇن شەمشەر»، «چېچەن كېلىن»، «دوغداق، بېلىق ھەم توشقان» دېگەن چۆچەكلەرنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك، كەمسىتىش، كەمسىتىشكە قارشى مەنسىتمەسلىك، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىك، يارمەن - ھالمەنلىك، باتۇرلۇقى؛ باي-پادىشاھلارنىڭ دۆت، نائىنساپ، زالىم، قانخورلۇقى ۋە سېھىر-ئەپسۇنكەشلىك، ئادەملەرنىڭ دىۋىلەر بىلەن نىكاھلانغانلىقى؛ ھايۋانلارنىڭ «ۋاپادار - سادىقلىقى»، چىن مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى، ھالاۋىتى قاتارلىق ھەر خىل، مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر ئىنتايىن ئىخچام، يۇمۇرلۇق، ئورگانىك ھالدا ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭدەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىرىكچىلىك ئادىتى، ئەقىل - پاراسىتى، بىرلىك-ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈكى نامايان قىلىنغان[1].

ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان مەسەل، لەتىپە، چاقچاق ئادەتلىرىمۇ مەدداھلىق ئادەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. مەسەل كىچىككىنە بىر ئىشنى بايان قىلىش ئارقىلىق بىرەر قائىدىنى ئىپادە قىلىدىغان شەكىل بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەمەلىي قوللىنىپ كېلىنگەن. چوڭلار ياشلارغا نەسىھەت قىلىشتا، بىرەر كىشى باشقىلارغا ئۆز پىكرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈشتە، بىرسىنى بىرەر ئىشتىن توسۇشتا ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئۈندەشتە، شۇنداقلا خەلق ئىچىدىكى ئۇرۇش - ماجىرالارنى ھەل

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى 4- ئاي نەشرى، 420 — 423- بەتلەر.

قىلىشتا دائىم دېگۈدەك مانا شۇ مەسەل سۆزلەش ئادىتى قوللىنىلىدۇ. لەتىپە، چاقچاقلار ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ئادەت شەكلى. ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرى، توي، مەشرەپ پائالىيەتلىرى، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق ئاممىۋى سورۇنلاردا لەتىپە سۆزلەش خۇش چاقچاق ۋە يۇمۇرلۇق خاراكتېرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى پائالىيىتىدۇر.

## چاقچاق

چاقچاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ھەجۋىي تۈرىگە خاس ئاممىۋى ژانىردۇر. چاقچاق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنچىلىك كەڭ ئومۇملاشقانكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى چاقچاقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىنىڭ شەكلى بويىچە چاقچاق ئالاھىدە بىر خىل دىيالوگ بولۇپ، ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا قانات يايىدۇ. ئەمما، چاقچاق خاراكتېر جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۆھبىتى ئەمەس، چاقچاقنىڭ يادروسى جاراڭلىق كۈلكە بولغاچقا، ئۇ كىشىلەردە ئىختىيارسىز تەبىئىي كۈلكە قوزغاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىنسان كۈلكىگە موھتاج. شۇڭا، كىشىلەر «بىر قېتىم كۈلسەڭ ئون يىل ياشىرىسەن» دېيىشىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا چاقچاق بىر خىل مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە ئىنسان قەلبىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھايات مەشەتلىرىدىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار خۇش چاقچاق، يۇمۇرغا باي خەلق. شۇڭا، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ چاقچاقنى ئۆز تۇرمۇشىغا ھەمراھ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە گېپىنى چاقچاق بىلەن باشلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى توي - تۆكۈن، خاتىرە مۇراسىم-لىرى، مېھماندارچىلىق، سەيلى - ساياھەت، ھەمشىرىلەر سۆھبەت-لىرىنىڭ ھەممىسى چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. شۇڭا، كۈلكە- چاقچاقچى بولمىغان ئولتۇرۇشلارنى «راھىبلارنىڭ بۇتخانىدىكى تىلاۋىتى»گە

ئوخشىتىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارالغان «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دىن تارتىپ بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزغا كۈلكە بېغىشلاۋاتقان «ھېسام» قاتارلىق چاقچاق - لەتىپىچىلەرنىڭ خۇشخۇي ئوبرازلىرى ئۇيغۇرلاردىكى ئەنە شۇ چاقچاق ئادىتىنىڭ جانلىق سىماسى. ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز سەنئىتىدە چاقچاق ژانىرىنىڭ شۇنچىلىك ئەۋج ئېلىشى ئۇلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىدىكى يۇمۇرلۇق خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق يۇمۇرلۇق خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شارائىتى، تارىخىي شارائىتى، مەدەنىيەت قاتلىمى...... قاتارلىق ئىچكى - تاشقى ئامىللارنىڭ مىللىي خاسلىقى سەۋەب بولغان.

ئۇيغۇر چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ھازىر جاۋابلىق، مەنتىقىلىقلىق، دەلمۇدەللىك، قاراتمىلىق، يوشۇرۇن مەجازلىق، ئوبيېكتىپلىق (پىكىر مەزمۇنىنىڭ بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىشى) قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە مەركەزلىشىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا چاقچاق بىر تېمىغا، بىرەر نىشان (ئوبيېكت)غا مەركەزلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتسە چاقچاقنىڭ كۈچى بولمايدۇ ھەمدە كۈلكە پەيدا قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا چاقچاقنىڭ تۈرلىرى سورۇنغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۇچۇم قىلىش» خاراكتېرىدىكى چاقچاقلار يەنى كونكرېت بىر ماۋزۇ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغان چەمبەر ئىچىدە چاقچاقلىشىش. چاقچاقنىڭ بىر خىل شەكلىدە بىرەر شەخسنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىر ئېپىزوت ۋە قىزىق سۈپەتلىرىنى، خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى كۈلكىلىك تەسۋىرلەش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق غەيرىي «ئادەم» ياساپ چىقىش «ئۇچۇم قىلىش» دېيىلىدۇ. چاقچاقچى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئۆز ئوبيېكتىنى «ئۇچۇم» قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ قاتارغا قوشۇۋالىدۇ. نەتىجىدە چاقچاقنىڭ ئوبيېكتى، جۈملىدىن باشقىلارمۇ

بۇنىڭدىن ھېچقانداق غەيرىيلىك ھېس قىلمايدۇ.

«لەقەملىك چاقچاق» چاقچاقنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان تۈرى. ئۇيغۇرلاردا شەخسلەرنىڭ خاس ئىسىملىرىغا قانداقتۇر بىر لەقەمنى قوشۇپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. خەلق ئارىسىدا «لەقەمسىز كىشى بولماس» دېگەن ئىبارە بار. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلاردا شەخسىي لەقەمدىن باشقا ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئەۋلادلار لەقىمى، ھەتتا يۇرت ـ مەھەللىلەرگە ئورتاق يۇرت لەقەملىرى بولىدۇ. لەقەملىك چاقچاقتا چاقچاق ئوبيېكتىنىڭ لەقىمىنى توغرىدىن توغرا تىلغا ئالماي، خىلمۇخىل بوياق بىلەن پەردازلاپ ئىشارىلىك سۆرەتلەش ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. لەقەملىك چاقچاقتا چاقچاقچىنىڭ ھازىر جاۋاب بولۇشى، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللىك چاقچاقلار چاقچاقنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ۋپ ھاللاردا لەقەملىك چاقچاقلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ر كىشىنىڭ لەقىمى «تۆگە» بولۇپ، ئۇ بىرەر ئولتۇرۇشتا قوپال، املاشمىغان ئىش قىلىپ قويسا، بۇنى بايقىغان چاقچاقچى «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەن ماقالدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق چاقچاق باشلايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ماقال ـ تەمسىل پەيدا بولۇش جەھەتتىن قاراتمىلىققا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن چاقچاقچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن، نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن، خەلقنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

چاقچاقنىڭ «ئوخشىتىش» شەكلىدە، ئوبيېكت قىلىنىدىغان شەخسنىڭ قىياپىتىدە، خۇلق ـ مىجەزىدە كۆزگە چېلىقىدىغان غەلىتە كۆرۈنۈش ۋە غەيرىي ھالەتلىرىنى خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەرگە ـــ ھايۋانات، ئۇچار قانات ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىش، تەڭلەشتۈرۈش ۋە تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چاقچاق راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

قاپىيەلىك چاقچاق چاقچاقنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى. بۇنىڭدا

شېئىرىي شەكلىدە قاپىيە قوغلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. قاپىيەلىك چاقچاق ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە، كىشىلەرگە بەدىئىي لەززەت بېرىدۇ. خەلق ئارىسىدا «قاپىيەگە كەلگەندە ئاناڭدىن قايتما» دېگەن ئىبارە بار، بۇ قاپىيەلىك چاقچاق شەكلىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«سۆز ئويۇنى» مۇ چاقچاقنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سىمۋول، مېتافورا قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە تايىنىدۇ.

دېمەك، خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ يۈكسەك بىر ئىپادىسى بولغان چاقچاقتا خەلق تىلىنىڭ ھەقىقىي بايلىقى، رەڭمۇرەڭلىكى، ئەۋرىشىملىكى، مەنىدارلىقى، تەسۋىرىي قۇۋۋىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى نامايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەقىقىي مەنىدىكى چاقچاق بىلەن ئادەتتىكى مازاق قىلىش ماھىيەت جەھەتتە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى مازاق قىلىشتا، بىرىنچىدىن، مەنتىقە يوق؛ ئىككىنچىدىن، ئىجابىي مەزمۇندىن كۆرە، ئۇنىڭدا تەنە ۋە دوق قىلىش ئىپادىسى ياكى بىراۋنىڭ زىتىغا - غورۇرىغا تېگىش، شەخسنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاش سەلبىي مەزمۇندىكى پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەكسىچە، چاقچاق ئىلمىي بولىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ۋە ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، دىلىنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چاقچاق سورۇنغا ۋە ئوبيېكتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارغا، ئەرلەر ئاياللارغا چاقچاق قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. قىسقىسى، چاقچاق تۇرمۇشقا خۇشخۇي مەزمۇن بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## ماقال - تەمسىل

ماقال - تەمسىل خەلق تىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنى ئادەتتە كىشىلەر ئۆز سۆھبەتلىرىدە ۋە نۇتۇق پائالىيەتلىرىدە قوللىنىدۇ.

ئەمما، ئۇ خەلقنىڭ ئاددىي تىلى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئىنتايىن ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار تىلىدۇر. ماقال - تەمسىل كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدىكى قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق تەجرىبە - ساۋاقلار كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە ۋە قايتا-قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئۆلمەس ھەقىقەت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئەمما، ماقال - تەمسىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرىنى مەنتىقىلىق ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى كونكرېت، ھېسسىي، جانلىق نەرسىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوبرازلىق پەلسەپىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقال - تەمسىل يەنە ئاھاڭدارلىققا ئىگە. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى رەتلىك، ئاھاڭ تاۋۇشى يېقىملىقتۇر. ماقال-تەمسىللەر يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكرىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ۋە پىكىرنىڭ مەنتىقىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر «كونىلاردىن قالغان سۆز»، «ئاتىلار سۆزى» سۈپىتىدە دەۋردىن - دەۋرگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ماقال - تەمسىل بىلمەيدىغان ۋە ئۇنى ئۆز نۇتقىدا قوللانمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق دېيىش مۇمكىن. بولۇپمۇ ياشانغانلار ئۆز نۇتقىدا ماقال - تەمسىللەردىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىدە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ماقال-تەمسىللەر ئورۇن ئالغان[1].

ماقال - تەمسىل ئۇيغۇرلار سۆز - نۇتقىدا كۆپ ئىشلىتىدىغان ئادەت تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى، ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مول

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989- يىلى 7- ئاي نەشرى، 530 -، 531- بەتلەر.

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاددىي، ئىخچام، مەنتىقىلىق، ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەممە ساھەدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە»، «بەخت نەدە، پېشانەڭدىكى تەردە»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا»، «ياقا يۇرتنىڭ سۇلتانلىقىدىن، ئۆز يۇرتنىڭ قەلەندەرلىكى ئەلا»، «تەن ساقلىق — زور بايلىق»، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر»، «يىلان ئۆزۈم ئەگرى ئەمەس، يولۇم ئەگرى دەر»، «باي باينىڭ قاياشى، كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» ۋەھاكازا.

ماقال - تەمسىللەر شۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، شۇڭلاشقا كىشىلەر سۆز - نۇتۇقلىرىدا پىكىر - قاراشلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشتا، ھەتتا سالا - سۈلھى ئىشلىرىدا، كىشىلەرگە تەسەللى بېرىشتە ھۆرمەت - ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىدا «ئاتىلار سۆزى» دەپ ماقال - تەمسىلگە مۇراجىئەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە سۆز - نۇتۇقىدا ماقال - تەمسىل ئىشلەتمەيدىغان ئادەم ئاز ئۇچرايدۇ[①].

### تېپىشماق

تېپىشماق ئېيتىشمۇ نەزمى تىل ئادەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئەقىل- پاراسەتنى سىنايدىغان ۋە يېتىلدۈرىدىغان بىر خىل پائالىيەتتۇر. تېپىشماق ئېيتىش بىرەر سورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئومۇمەن، ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بار ھەرقانداق جايدا، ئىشلەۋېتىپ، يولدا كېتىۋېتىپ ۋە ئارام ئېلىۋېتىپ بەھۇزۇر ھالدا بۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېپىشماق ئېيتىش ۋە ئۇنى تېپىش ئىنتايىن قىزىقارلىق مەنىۋى مەشغۇلات بولغاچقا، ئۇنى بالىلارمۇ،

---

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى 4- ئاي نەشرى، 425-، 426- بەتلەر.

چوڭلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ[1].

## لەتىپە

لەتىپە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان، ئىخچام، قىسقا، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك كومېدىيەلىك تۈسكە ئىگە كىچىك ھېكايە. ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان خېلى كۆپ لەتىپىلەردە نەسىردىن ئەپەندى باش قەھرىمان قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر لەتىپىلىرىدە موللا زەيدىن، سەلەي چاققان قاتارلىق كاتتا چاقچاقچىلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىمۇ پات - پاتلا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. موڭغۇللارنىڭ خەلق لەتىپىلىرىدىكى ئارغىچ، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ لەتىپىلىرىدىكى ئالدار كوسا، تاجىكلارنىڭ لەتىپىلىرىدىكى موللا مۇشفىقلارنىڭ ھەممىسى خەلق ياخشى كۆرىدىغان پېرسوناژلاردۇر. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ لەتىپىلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا قىسقا، كىچىك، ئىخچام، تېما دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك قىزىقارلىق، ھەجۋىيلىك سەرگۈزەشتىلەر ئىچىدە بايان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدا رېئاللىق خۇسۇسىيەت كۈچلۈكرەك، خىيالىي ئامىللار ئازراق بولىدۇ، يۇمۇرلۇق ۋە كىنايىلىك بولۇش ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇن ئالاھىدىلىكىدۇر. لەتىپىلەردىكى ئوخشىتىش دائىم دېگۈدەك مۇبالىغە قىلىش، ياپتا سۆزلەر ئارقىلىق دارىتمىلاش قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە، كىنايە قىلىنىغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئۇنىڭغا زادىلا ماسلاشمىغان ھالدا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نەسىردىن ئەپەندى باش قەھرىمان قىلىنغان لەتىپىلەر ئەڭ كۆپ تارقالغان بولۇپ، ھەممە

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989- يىلى 7- ئاي نەشرى، 531-، 532- بەتلەر.

ئائىلە، ھەممە ئادەم بىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. نەسرىدىن ئەپەندى ھەمىشە ئۇچۇق - يورۇق، ئۈمىدۋار، ئەقىللىق ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا باي بەدىئىي ئوبرازدۇر. ئۇ ھەم باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ، قاراڭغۇلۇقنى، رەزىللىكنى پاش قىلىدۇ، ھەم ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، جەمئىيەتتىكى قالاقلىقتا ھەم نامۇۋاپىق ھادىسىلەرگە كىنايە قىلىدۇ. كىنايە ھەمىشە زېرەكلىك ۋە قىزىقچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى دائىم دۈشمەن كۈچلەرگە، سەلبىي ئىش - ھەرىكەتلەرگە ياكى جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرگە قارىتىلىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر قىسىم لەتىپىلەرنىڭ تۇراقلىق بەدىئىي ئوبرازى، روشەن كىنايە ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيىتىمۇ يوق. ئۇلار پەقەت بىر خىل كۈلكۈ ئېچىش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئادەملەرنى قانغۇچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس يۇمۇرلۇق تۇيغۇسىنى ۋە ساغلام ئېستېتىك ھەۋىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

### مەسەل

مەسەل شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پەند - نەسىھەت ئەھمىيىتىگە، شۇنداقلا يەنە مۇئەييەن پەلسەپىۋى قائىدىلەرگە ئىگە ژانىر. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىخچام، ھېكايە ۋەقەلىكىگە ئىگە. ئۇنىڭدا كۆپىنچە ئوخشىتىش ۋاستىسى قوللىنىلىپ، ئادەملەر ياكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ئۇچار قانات، ھايۋانلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بىرەر قائىدىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، مۇشۇ يول بىلەن ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ. مەسەلنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەيئىلەر ۋە قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈش، قايىل قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىنتايىن زور نەسىھەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت مەسەللىرىنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، كۆپىنچىسىدە ھايۋانلار باش قەھرىمان قىلىنىپ، ئۇلارنى ئادەملەرگە تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ئادەملەرگە ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، نەپسانىيەت-

ـچىلىك، قۇتراتقۇلۇق قىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ھەددىدىن ئاشماسلىق تەربىيەسى بېرىلىدۇ. مەسەلىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولىدۇ. ئادەتتىكى بايان ئارقىلىق كۆڭۈلدىكى سۆز بىۋاسىتە ئىزھار قىلىنىدۇ. شېئىر - قوشاق، نەسىرلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار، بەزى مەسەللەردە يەنە ئۆزئارا ئېيتىشىش شەكلىمۇ قوللىنىلىدۇ. يەنە بەزى مەسەللەرنىڭ ئاخىرىسىدا بىر جۈملە گەپ ياكى بىرەر ماقال - تەمسىل بىلەن ھېكايىدىن ئېنىق يەكۈن چىقىرىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «پالتا ۋە پالتا سېپى» ناملىق مەسەلىدە دەرەخ كېسىدىغان پالتىنىڭ سېپى ياغاچتىن ياسالغان دەپ كۆرسىتىلىپ، بۇ ئارقىلىق «بەخت بىلەن ئاپەت بىر - بىرىگە ھەمراھ» دېگەن قانۇنىيەت چۈشەندۈرۈلىدۇ.

## مەدداھلىق

مەدداھلىق ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەدداھلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى «مەدداھ» (ۋايىز) دەپ ئاتىلىدۇ. مەدداھلار خەلق ئارىسىدىكى تالانتلىق ۋە ئىقتىدارلىق سۆز سەنئەتكارلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى ئەنە شۇ مەدداھلىق ئادىتىدىن كېلىپ چىققان.

مەدداھلىق ناخشا، مۇزىكا ۋە دىراماتىك ھەرىكەتنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مەدداھلار خەلق ئارىسىدا زور ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن. مەدداھلىق ئادىتى ئاساسەن خوتەن، قەشقەر، يەكەن، دولان قاتارلىق جايلاردا كەڭ ئەۋج ئالغان. بازار كۈنلىرى ئاتاقلىق مەدداھلار تەرەپ-تەرەپتىن بۇ جايلارغا يىغىلىپ مۇۋاپىق سورۇندا بەس - بەس بىلەن مەدداھلىق قىلغان. چوڭ سورۇنلاردا مەدداھلىق قىلغۇچىلار بىرقانچە مەدداھتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرى ئاساسلىق رول ئالغۇچى باش

مەدداھ، بىر پاكى ئىككىسى «دوست تارتىپ بېرىدىغان» قوشۇمچە مەدداھ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بەرگۈچى سازەندە ئايرىم بولسا، بەزىدە باش مەدداھ ئۆزى ھەم مۇزىكا چالىدۇ، ھەم ناخشا ئېيتىدۇ، ھەم سۆزلەيدۇ. مەدداھنىڭ سۆزلەيدىغانلىرى كۆپىنچە قەدىمكى تارىخىي قىسسەلەر، مەشھۇر خەلق داستانلىرى، ئەپسانە - رىۋايەتلەر، قىزىقارلىق ھېكايە - چۆچەكلەر، جەڭنامىلەر ۋە بەزى داڭلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھېكايە قىلغاندا خۇددى دىراما ئارتىسلىرىدەك يالغۇز ئۆزى بىرقانچە پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، مەدداھ سورۇن تۈزمەكچى بولۇپ چاقىرىش دۇمبىقىنى ياكى ناغرىسىنى چالغان ھامان مەدداھنىڭ كېيىنى ئاڭلاشقا ئۈگىنىپ قالغان خەلق توپى ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەرھال يىغىلىپ، ئۆزلۈكىدىن چەمبەر شەكلىدە مەيدان ھازىرلايدۇ. مەدداھنىڭ سەنئەت ماھارىتىگە مەپتۇن بولغان خەلق ئۇنىڭ مەدداھلىق پائالىيىتى ئاخىرلاشقىچە بىرقانچە سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرىدۇ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك كەسىپلەشكەن مەدداھلىقتىن باشقا، يەنە بەزى رايونلاردا ياشانغانلار بىرەر ئۆيگە توپلىشىپ ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە قىسسە ياكى ھېكايە ئېيتىشىدىغان، قىزىقارلىق قەدىمكى كىتاب - رىسالىلەرنى ئوقۇپ ئاڭلايدىغان ئادەتمۇ بار. مەسىلەن، تۇرپان رايونىدىكى ياشانغانلار ئارىسىدا قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان «دادۇر مەشرىپى» ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە. بۇمۇ مەزمۇن ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدداھلىقنىڭ بىر خىل تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

مەدداھلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى مۇراسىم ۋە ھەر خىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. قەشقەرنىڭ «ھەزرەت سەيلىسى»، ئوپالدىكى «نورۇز بولاق سەيلىسى»، يېڭىسارىدىكى «ئوردام سەيلىسى»، خوتەندىكى «كوھمارىم سەيلىسى» قاتارلىق كۆلىمى چوڭ مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى مەدداھلىق بولۇپ، مۇشۇ سەيلە مەزگىللىرىدە يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن مەدداھلار تەرەپ - تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ، مىڭلىغان

سەيلىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ئىچىدە گەرچە ساغلام بولمىغان بەزى دىنىي تەركىبلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ خەلق سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تارقىتىش ۋە بېيىتىش، خەلقنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينىغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ[1].

مەدداھلارنىڭ سەييارە مەدداھلىق قىلىش ئادىتى ئۇلار ئۇچۇن ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىش، توپلاش، تارقىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە - چۆچەك، داستان - قىسسە قاتارلىقلار شۇلارنىڭ ئۆگىنىشى، توپلىشى، رەتلەپ قايتا ئىجاد قىلىپ تارقىتىشى ئارقىلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بىز مەدداھلىقنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ۋە رولىغا قاراپ، ئاغزاكى تىل ئادىتى بويىچە مەدداھلىقنى «مەدداھلىق ئەدەبىياتى» ياكى ئاممىۋى ئەدەبىي سەنئەت پائالىيىتى دەپ، مەدداھلارنى تالانتلىق ئەدىب ۋە سەنئەتكار، تەرغىباتچى دەپ ئاتىساق ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

مەدداھلىق ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ تىل ئىشلىتىش جەھەتتە بايان تىلىنى قوللىنىدۇ. مەدداھلىقتا قوللىنىلغان بايانىي تىل بىۋاسىتە ھالدا ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ھېكايە - چۆچەك قاتارلىقلارنى بايان قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

«مەدداھ» ماختىغۇچى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، مەدداھلارنىڭ نۇتۇق ماھارىتى يۇقىرى، ھېسسىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ھېكايە سۆزلىگەندە سۆزگە قوشۇپ ناخشا تولايدۇ، ئوقۇغان ناخشىلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇدارى ئەركىن ياكى 7/8

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ نىياز خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 197 - ، 198 - بەتلەر.

لىك ئۇدۇلدا بولىدۇ. ئاھاڭنىڭ شەكلى ھەم ئىپكىز، ھەم ئەۋرىشىم بولۇپ، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە. مەدداھلار ھېكايە ئېيتقاندا، بىر ياكى ئىككى كىشى «دوست» تارتىپ ماسلىشىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر دىنىي مۇزىكىلىرىنىڭ بەزىلىرىدە خوراپاتلىق ئامىللىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، شۇڭا ئۇنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى قىممىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ[①].

## ئىككىنچى، كىلاسسىك ئەدەبىيات[②]

كاشغەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غولى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرلىك، نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپى كاشغەردە ياشىغان ئەدىبلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان. كاشغەر ئەدەبىياتى بولمايدىكەن، بۈگۈنكىدەك بىر پۈتۈن، مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەسكە توختىغان بولاتتى. 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، 1000 يىللىق «كىلاسسىك ئەدەبىيات» ھادىسىسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىزچىللىقنى ئاساس قىلىپ تەرەققىي قىلىشىدا كاشغەر ئەدەبىياتى ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىرى يەكۈنلەپ چىققان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كاشغەردە ياشىغان ئەدىبلەر بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن: بىرىنچى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى يىراق دەۋردىن باشلانغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىزچىللىققا ئىگە؛

① سەپەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى دىنىي مۇزىكا»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان، 72 ـ، 73 ـ بەتلەر.

② بۇ تېما ئىچىدىكى مەزمۇنلار غەيرەتجان ئوسماننىڭ «قەشقەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدىن ئېلىندى. بۇ مەزمۇنلارنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئىزاھاتلىرى ئۈچۈن ئەسلىي كىتابقا قارالسۇن.

ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۈرنەك، خام ماتېرىيال قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئۇزاق يىل ساقلانغان؛ ئۈچىنچى، ئەدىبلەر قوشۇنىدا ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىش ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە، كۆپ خىل تىل - يېزىقتا ئەسەر يېزىش يانداشما ئىجادىيەت ئىزچىللىقىغا ئىگە قىلىنغان؛ تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىجادىيەت مېتودى قوللىنىلغان، ئەدەبىي ئېقىملار ھەر خىل بولغان؛ بەشىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مىللىي ئۇسلۇب يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئىستىل شەكىللەندۈرۈشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشتىن - ئاخىر ئىلغار ئىدىيەنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان؛ يەتتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن؛ سەككىزىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن؛ توققۇزىنچى، تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات مىللىي ئەدەبىياتنى بېيىتىشتىكى ئايرىلماس ئىجادىيەت يولى بولۇپ كەلگەن؛ ئونىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەرق - غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەنىۋى ياقتىن كۆزىتىدىغان مۇھىم كۆزنەك بولغان، دېگەن ئىلمىي بايانىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى كاشغەر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، 17 - ، 18 - ، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىرقەدەر سىستېمىلاشقان، ئىلمىيلاشقان ۋە تۇراقلاشقان ھالەتتە بارلىققا كەلگەن ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئالدى بىلەن كاشغەر ئەدىبلىرى ئەدەبىياتى ھادىسىسىدە كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ئەدىبلەر قوشۇنىنىڭ ھەربىر تارىخىي باسقۇچتا تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ قوشۇننى كېڭەيتىشى، دىۋان تۈزۈشنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى قىلىنىشى، ئەدەبىياتنىڭ نەسرىي شەكلى ۋە شېئىرىي شەكلى بويىچە ئايرىلىپ، تەڭ نىسبەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى، تەزكىرەئى ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات، تەرجىمە ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ تەڭ قەدەملىك ھالدا بارلىققا كېلىشى، گۇللىنىشى، گۇمانىزم، كىلاسسىزم ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاددىي قامۇسچىلىق، ھەمكارلىشىپ ئىجادىيەت ئېلىپ

بېرىش، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىش، نۇسخىلاش هادىسىسى[1] ۋە تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنىڭ ئىجادىيەتكە تەتبىقلىنىشى، ئاغزاكى ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ كىتابلاشتۇرۇش، يەرلىك بىر تۈركۈم مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ ئالغا سىلجىشىغا مەدەتكار بولۇشى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ هەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[2].

بۈگۈنكى زاماندا ياشىغان بەزى ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرى يەكۈنلەپ چىققان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ «ئۈچ ئالتۇن دەۋرى»نىڭ ئىككىسى يەنى يۈسۈپ خاس هاجىپ ۋەكىللىك قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتى، ئابدۇرەھىم نىزارىي ۋەكىللىك قىلغان 19- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى رېئالىزملىق ئەدەبىيات دېگەن «ئالتۇن دەۋر »لەر كاشغەردە يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى

---

[1] بۇ هەقتە ئابدۇشۈكۈر تۇردى يازغان «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن بىرنەچچە قول يازمىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىگە قاراشقا بولىدۇ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992- يىللىق 2- سانى.

[2] بۇ نۇقتىلار ئەڭ دەسلەپ غەيرەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987- يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 150- ، 151- ، 152- ، 186- ، 187- ، 188- ، 189- ، 190- ، 191- ، 192- بەتلىرىدە تەپسىلىي مۇهاكىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3- قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993- يىلى نەشر قىلىنغان)نىڭ بىرىنچى قىسىم «غوجىلار دەۋرى ئەدەبىياتى»، ئىككىنچى قىسىم، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ماۋزۇلىرى ئۈچۈن يازغان «ئومۇمىي بايان» قىسمىدا بۇ نۇقتىلار يەنىمۇ تولۇقلانغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر كىتابلار ۋە ماقالىلەردە بۇ نۇقتىلاردىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىلغان. جۈملىدىن ئىمىنجان ئەهمىدى قۇتلۇق، مۇهەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، هەبىبۇللا ئابدۇسالام، شاۋكەت ئىلاخۇن، مەهمۇدجان مۇهەممەد قاتارلىقلار يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3- قىسىم) نىڭ 6- ، 7- بەتلىرىدە بۇ نۇقتىلار ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

بولغان ئەلىشىر نەۋايى ۋەكىللىكىدىكى چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى گۈللەنگەن دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرى بولغان ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، مەۋلانا سەككاكىي قاتارلىقلار كاشغەر بىلەن يېقىن ياكى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر[1][2].

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولغان ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە كامالەتكە يېتىشىنى كاشغەر مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھېرىسمەن بەزى يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش ياكى ھەيدەكچىلىك قىلىش ھادىسىسى كاشغەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، بولۇپمۇ 18 ــ 19- ئەسىرلەردە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئەھۋال بولۇپ، بۇ ئەينى زاماندا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارغا ئومۇملىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

18- ئەسىردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلىسەك، ياركەند ھاكىمى ئىمىن قۇربانبەگ خەزىناچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم تەرجىمان 1706- يىلى «تارىخى بىناكەتى» ناملىق ئەسەرنى پارس تىلىدىن كاشغەر

---

[1] تارىخچى لىۋ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابى (مىللەتلەر نەشرىياتى 1988- يىلى نەشرى، 601- بەت)دا، لۇتفىينىڭ ئانا يۇرتى كاشغەر ئىدى، دەپ يازغان بولسا، يەنە بىر تارىخچى ۋاڭ شىشياڭ «قەشقەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» (王时祥著《喀什噶尔历史文化》) ناملىق ئەسىرى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 780- بەت) دە، لۇتفىي كاشغەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان دەپ يازغان.

[2] بۇ ھەقتە ئىمىن تۇرسۇن «نەۋايىنىڭ ئەسلىي نەسەبى توغرىسىدا» («جوڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» 1998- يىلى 1- سان، 256- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998- يىلى 7- ئاي نەشرى) ناملىق ماقالىسىدە مەۋلانا سەككاكىينىڭ ياركەند سەككاكىيلار (پىچاقچىلار) كەنتىدىن كۆچ - كۆچ قىلغانلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، «تارىخى خەزاناچى» دەپ ئاتىغان[1]. مولla مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ 1717- يىلى «كەلىلە ۋە دىمنە» ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ[1] چىقىشىغا كاشغەردىكى مۇھەممەد ئىمامبەگ سەۋەبچى بولغان، شۇڭا ئەسەرگە «ئاسار ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويۇلغان[1]. ئۆمەر قۇربانبەگ بىننى نىيازى (ئۆمەر قۇربانبەگ خەزاناچى بولسا كېرەك دېيىلىدۇ) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىرفازىل كىچىك ساقى دېگەن كىشى مىرخۇەندنىڭ «رەۋزەتۇسسەفا» ناملىق ئەسىرىنى 1737- يىلى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ «تارىخى خاۋەندىشاھ» دېگەن نام بىلەن كۆچۈرۈپ تارقاتقان[1]. شاھ ھىجران خوجا ياقۇپ ئەرشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1751-، 1752- يىللىرى ياركەند شەھىرىدە «شاھنامە»نى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا ئالغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي كاشغەر ھۆكۈمدارى مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بىكەنىڭ ئۆتۈنۈشى ۋە مىرزا ئوسمانبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1788- يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان. موللا مۇھەممەد ئەيسا ياركەند ھاكىمى كېپەك بەگنىڭ قىزى ئايشە خېنىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1790- يىلى «رىيازۇلمۇزەككىرىن» (ئاپتورى: ئاخۇن موللا كالان، ئەسەر 1770- يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابنى پارس

---

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058-، 1059- بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

[1] ئ. م. مۇگەنوپ: «ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ھەققىدە مەلۇماتلار»، 17- بەت؛ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058- بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

[1] ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق» 1980- يىلى 1- سان، 59- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى نەشرى.

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058-، 1059- بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

تىلىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان[1].

19 - ئەسىردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلىسەك، 1800 - يىللىرى خوجا ياقۇپ ياركەندىينىڭ ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىينىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان ياركەند ئەمىرى يۇنۇس ۋاڭ، 1813 - يىللىرى موللا سىددىق ياركەندىينىڭ «خەمسە نەۋايى» ناملىق ئەسەرنى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقىشىغا ۋە «بۇلبۇلى گۈلشەن نەۋايى» (قوشۇمچە ماۋزۇسى «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ») دەپ نام بېرىلىشىگە تەشەببۇسكار بولغان ياركەند ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ، 1830 — 1840 - يىللاردا ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇزئاخۇن زىيائىي، تۇردى ئاخۇن غەرىبى قاتارلىقلارنىڭ «ھېكايەتى غەرىب» («ھېكايەتى ئۈششاق» ياكى «مۇھەببەت داستانلىرى») ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمىنى رەتلەپ، كىتابەت قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن[2]، 1845 — 1846 - يىللىرى موللا مۇھەممەد نىياز ئابدۇلغەفۇرنىڭ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر پارسچە يازغان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسەرنى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ چىقىشىغا كۆرسەتمە بەرگەن ياركەند ھاكىمبېگى ئابدۇراخمان ۋاڭ ھاكىمبەگ قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىقى تارىخى ساھەسىدە ئەدەبىي تەخەللۇس، لەقەملەرنى ئىشلىتىش بىرقەدەر ئومۇملاشقان ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. مۇشۇ خىل ھادىسىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە كاشغەر ئەدىبلىرى ۋە مەدەنىيەت

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانىدىكى غەيرەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئايال ئاپتورلار» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

[2] زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ يەنە تۇردى ئاخۇن غەرىبىنىڭ «كىتابى غەرىب» ناملىق داستانىنىڭ يېزىلىشىغىمۇ كۆرسەتمە بەرگەن.

ئەربابلىرى باشلاپ بەرگەن ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى بىر خىل سىستېمىلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىۋال ئېلېمېنتىغا ئايلاندۇرغان. تارىخقا نەزەر ئاغدۇرۇلىدىغان بولسا، «كاشغەرىي» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ يۇرتسۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن نەچچە ئونلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ ئېتىنى ئېيتىش ئىلكىدە ساناشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ھۈسەيىن ئىبن خەلەف كاشغەرىي (مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇستازى[①]، 973 — 1093- يىللار)، ئىمادۇددىن كاشغەرىي (تېبابەت ئالىمى، 10- ئەسىر)[②]، راشىددىن كاشغەرىي (ئەللامە، تەخمىنەن 10- ئەسىردە ياشىغان)[③]، جامالىددىن كاشغەرىي (مۇدەررىس، 10- ئەسىر)[④]، ئەبۇ ئابدۇللا كاشغەرىي (باغداد نىزامىيە مەدرىسەسىگە 1025 ـ 1026- يىللىرى مۇدەررىس بولغان)[⑤]، مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى كاشغەرىي (تېبابەت ئالىمى، ۋاپاتى

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان)، 1 توم 456- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى نەشرى.

② مۇھەممەد ئوسمان: «ئۇيغۇرلار تېبىي ئىلىمگە قەدىمدىنلا ئەھمىيەت بەرگەندۇر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981- يىلى 2- سان، 21- بەت؛ ئىبراھىم مۇتىئى: «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن ۋاقىتتىكى ئىسلام مەدرىسەلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989- يىلى 3- سان، 107- بەت.

③ ئابدۇرېھىم ھاشىم: «ئاتۇش» (1)، 76- بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2005- يىلى نەشرى.

④ ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، 29- بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1983- يىلى نەشرى؛ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، 1- قىسىم، 263- بەت، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982- يىلى باستۇرغان؛ ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 1- توم، 283- بەت، 2007- يىلى نەشرى.

⑤ يۈسۈپ ئىگەمبەردى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2010- يىلى 5- سان، 84- بەت.

1083 ـ يىلى)[1]، مەھمۇد كاشغەرىي (تىلشۇناس «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى، 1008 — 1105 ـ يىللار)، مۇھەممەد مەجىد كاشغەرىي (11 ـ ئەسىر، كاشغەر ـ باغداد)، ئالىمائىي كاشغەرىي[2] (ئابدۇجاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرىي، ۋاپاتى 1082 ـ يىلى، «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئاپتورى)، رابىيە كاشغەرىي (شائىرە، 10 ـ ئەسىر)[3]، مۇھەممەد بىن سۇلايمان كاشغەرىي يىغان (سالجۇقىيلارنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە 1122 — 1124 ـ يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمدار)[4]، ئىبن مۇھەممەد خاكى.كاشغەرىي (12ـ ئەسىر، مۇدەررىس[5]، مىسىردا 1363 ـ يىلى «تاجۇلسەئادەت ۋە ئەنۋانۇلسىيادات» ناملىق ئەسەرنى يازغان)[6]، زەينىددىن كاشغەرىي (14 ـ ئەسىر، ئەللامە)[7]، سەئىدىددىن كاشغەرىي (مۇتەپەككۇر، 1377 — 1456 ـ يىللار)، مەۋلانا ئەرشىددىن سۇلە ھايى كاشغەرىي (14 ـ ئەسىر، قەبرىسى

---

[1] ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، 29 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى.

[2] خۇۋا تاۋ: «قاراخانىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىككى نەپەر كاشغەرىي» تەخەللۇسلۇق ئەدىب»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى 20ـ يىلى 2 ـ سان، 34 ـ بەت.

[3] «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3 ـ قىسىم)، غەيرەتجان ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

[4] يۈسۈپ ئىسگەمبەردى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىلى 5 ـ سان، 84 ـ بەت.

[5] بۇ كىشى مىسىر بايبارسىيە مەدرىسەسىگە مۇدەررىس بولغان.

[6] م. شاكىر ئۆلكۈ تاشىر (تۈركىيە): «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىي»، 45 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

[7] بۇ زات سەئىدىددىن كاشغەرىينىڭ دادىسى بولۇپ، ئەينى زامانىنىڭ تونۇلغان ئەللامىسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان. مەھمۇد زەيدى: «سەئىدىددىن كاشغەرىي»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

كۆچادا)[*]، گۈلشەنى كاشغەرىي، مۇھەممەد رەشىدخان كاشغەرىي[*]، خاجە شەرىف كاشغەرىي (ئۇلۇغبەگ زامانى)، سۇلتان مالىك كاشغەرىي (زامانىسىنىڭ كاتىپلىرى، 14 — 15 ـ ئەسىرلەر)، بىبىچە كاشغەرىي (خاجە ئىسهاقنىڭ ئانىسى، ۋاپاتى 1599 ـ يىلى)[*]، مەۋلانا سەئىد كاشغەرىي (كاشغەر كاتىپلىرىدىن بىرى، 16 ـ ئەسىر)[*]، سەئىد جىلىل كاشغەرىي (داڭدار تىجارەتچى، 14 — 17 ـ ئەسىر)[*]، ئابدۇئەلى كاشغەرىي (ئابدۇلئەلى سىرمەنىي كاشغەرىي، 18 ـ ئەسىر، زەينىددىن كاغراقى كاشغەرىينىڭ ئەۋرىسى يازغان «مۇناقىبى خاجە زەينىددىن»نى 1797 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كاشغەر تەلەپپۇزىدا تەرجىمە قىلغان)[*]، مۇھەممەد رىھىم كاشغەرىي (ئەدەبىي تەرجىمان، 18 ـ ئەسىر)، موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي (ئەدەبىي تەرجىمان، 17 ـ ئەسىر)[*]، زۇلفىيە

---

[*] موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە» (ھاجى نۇرھاجى نەشرگە تەييارلىغان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى، 71 ـ بەت.

[*] سۇلتان مۇھەممەد مۇترىبىي سەمەرقەندىي: «تەزكىرەتۇشۇئەرا»، ئىران تېهران ئاينەئى مىراس نەشرىياتى 1999 ـ يىلى پارسچە نەشرى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىلى 5 ـ سان، 86 ـ بەت).

[*] خاجە ئەخمەد ئىبن مەۋلانا كاسانى (1462/1461 — 1542)، «جامىئۇل مەقامەتى مەخدۇم ئەئزەم كاسانى» ناملىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قول يازمىغا قارالسۇن).

[*] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 818 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى، بۇ زات سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ، خوجا ھىسابلانغان خوجا ئىساق ئۇنىڭ قىزى بىبىچە كاشغەرىيگە ئۆيلەنگەن.

[*] موللا ھاجى: «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «شىنجاڭ دىن تارىخىي ماتېرىياللىرى» 16 ـ توپلام، خەنزۇچە، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى چىقارغان، 1988 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ بەتلەر، ئۇرۇمچى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 8 ـ بەت، شىنجاڭ ماارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى؛ بۇ كىشى شائىرە زۇلەيخا بېگىم (ئاپاق خوجىنىڭ ئانىسى)نىڭ دادىسى، قومۇلدا تىجارەت قىلغان.

[*] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 18 ـ بەت، شىنجاڭ ماارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

[*] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 237 ـ بەت، شىنجاڭ ماارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

كاشغەرىي (شائىرە، 18 - ئەسىر)[1]، موللا مىرسالىھ كاشغەرىي («چىڭگىزنامە» ياكى «تارىخى كاشغەر»نىڭ ئاپتورى دېيىلىدۇ، 17 - ئەسىر)، ئابدۇللا نىدايى كاشغەرىي (ئابدۇللا بىن مۇھەممەد كاشغەرىي، 1688 — 1760 - يىللار، تەرىقەتچى شائىر، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزگەن، «نەقشىبەندىي»، «ئەبىيۇبىي» ۋە «نىدايى» دېگەن تەخەللۇسلىرى بولغان)[2]، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي (شائىر، تارىخچى، 1725 — 1849 - يىللار)[3]، مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى كاشغەرىي («تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام»نىڭ ئاپتورى، 17 — 18 - ئەسىر)[4]، مۇترىبان كاشغەرىي (شائىرە، 18 — 19 - ئەسىرلەر)[5]، موللا توختى خەلپەت كاشغەرىي (تەزكىرىچى، 18 — 19 - ئەسىرلەر)[6]، موللا ياقۇب بىننى ئۆمەر كاشغەرىي (تەزكىرىچى، 19 -

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىلى 2 - سان؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «‹ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى› پىروگراممىسى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىلى 6 - سان، 108 - بەت؛ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 - قىسىم، 278 - بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى.

[2] ئۆمەرجان نۇرى: «ئابدۇللا نىدايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2011 - يىلى 4 - سان، 47 - بەت.

[3] «مەھمۇد كاشغەرىي» (ماقالىلەر توپلىمى)، 37 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى.

[4] ئابلىمىت روزى: «ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانى.

[5] ك. ئا. بوروفكوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى»، «تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى»، 1948 - يىلى، ئالمۇتا.

[6] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 - قىسىم، 289 - بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى.

ئەسىر)®، مولla توختى كاشغەرىي (ۋاپاتى 1855- يىلى)®، ئاخۇن مولla ئابدۇغوپۇر كاشغەرىي (ۋاپاتى 1850 — 1851- يىللار، كاشغەرنىڭ بۈيۈك فۇزەلەسى ئىدى)®، مولla توختى ئاخۇن كاشغەرىي (مۇدەررىس، 1800 — 1890- يىللار)®، ئەبەيدۇللا باي كاشغەرىي (مەرىپەتپەرۋەر باي، 19- ئەسىر)®، مولla تۇردۇش

---

® «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3- قىسىم، 299- بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993- يىلى نەشرى.

® بۇ ئادەم ئەينى زاماندا كاشغەردە دەپتەردار، مىرزىلىق خىزمىتىنى بىجىرگەن. ئۇنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ھەققىدە قۇندۇزلۇق تارىخچى ئىمامەلى قۇندۇزى (1785 — 1858) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى مەنزۇمە» (شېئىرىي يىلنامىلەر) ناملىق كىتابنىڭ 73- بېتىدە مەلۇمات بېرىلگەن؛ بۇ ھەقتە ئا. خ. جالىلوپ، ت. ف. فائزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «‹تارىخى مەنزۇمە› — ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مۇھىم قول يازما» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالوف ئەنجۇمەنى»، 203- بەت، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

® بۇ ئادەم ئەينى زاماندا كاشغەردە ۋەلەدى بۇزرۇكۋار مەغرۇر دىيانەتلىك شائىر دەپ تەرىپلەنگەن زات ئىدى. ئۇنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ھەققىدە قۇندۇزلۇق تارىخچى ئىمامەلى قۇندۇزى (1785 — 1858) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى مەنزۇمە» (شېئىرىي يىلنامىلەر) ناملىق كىتابنىڭ 62- بېتىدە مەلۇمات بېرىلگەن؛ بۇ ھەقتە ئا. خ. جالىلوپ، ت. ف. فائزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «‹تارىخى مەنزۇمە› — ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مۇھىم قول يازما» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، «مالوف ئەنجۇمەنى»، 207- بەت، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

® بۇ ھەقتە «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000- يىللىق 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مائارىپچىلىرى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

® بۇ زات 19- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەر شەھىرىدە شەخسىي خىراجىتى بىلەن بىر مەدرىسە بىنا قىلغان؛ بۇ ھەقتە ئا. خ. جالىلوپ، ت. ف. فائزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «‹تارىخى مەنزۇمە› — ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مۇھىم قول يازما» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالوف ئەنجۇمەنى»، 205- بەت، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

ئاسىي كاشغەري[1]، ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەري (1862 — 1924)[2]، موللا مۇھەممەد ئىبنى ئىسلام ئەل كاشغەري (خەتتات، 20- ئەسىر)[3]، داموللا ئابدۇغوفۇر كاشغەري (19 — 20- ئەسىر)[4]، يۈسۈپ ھاجى كاشغەري (تېۋىپ، 1876 — 1961)[5]، سەنجار ئىبنى ئىبراھىم كاشغەري (19- ئەسىر)، مۇھەممەدئەمىن سەدري كاشغەري (19- ئەسىر)، خىسلەت كاشغەري (خىسلەتىي، 19- ئەسىر)، ھاجى ئابدۇلباقى كاشغەري (19- ئەسىر)، موللا

---

[1] موللا تۇردۇش ئاسىي كاشغەري — تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى، تۇردى غەرىبى دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «كىتابى غەرىب» ناملىق ئەسىرى بار. شائىر ئەھمەد زىيائىي 1930- يىللاردا «رابىئە - سەئدىن» ناملىق داستاننى يېزىش مەقسىتىدە كاشغەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنى زىيارەت قىلغىنىدا مازارنىڭ ئىشىكىگە يېزىلغان «ئۈمىد بىرلە كېلىپمەن، ىرگاھىڭغا پادىشاھىم داد، بۇ پەقىرۇ - زارى بىرلە ئەرز قىلدىم، قىلمىغىل پەرياد. 12. موللا تۇردۇش ئاسىي كاشغەري» دېگەن خەتنى كۆرگەن ۋە خاتىرىسىگە زىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ «رابىئە - سەئدىن» ناملىق داستانىغا نەقىل سۈپىتىدە ىرگۈزگەن. بۇ ھەقتە شائىرنىڭ «رابىئە - سەئدىن» ناملىق داستانىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985- يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 94- بېتىگە قارالسۇن.

[2] مەمتىمىن قۇربانى: «ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ۋە شائىر ئەزىزى»، «كوناشەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980- يىلى 2- سان؛ بۇ ماقالىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «كاشغەري» تەخەللۇسىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا تىلغا ئېلىنغان.

[3] بۇ كىشى ھىجرىيە 1376- يىلى (مىلادىيە 1956- يىلى) موللا يۈنۈس ياركەندىينىڭ «يۈسۈپ - زۇلەيخا» سۇژىتى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستاننى چاغاتاي تىلى ئۇسلۇبى بويىچە كۆچۈرۈپ چىققان. بۇ ھەقتە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992- يىللىق 3- سانىغا قارالسۇن.

[4] بۇ كىشىنىڭ ھىجرىيە 1335- يىلى (مىلادىيە 1916 — 1917- يىللىرى) يېزىلغان «سازچى ھۆرمىتى» ناملىق كىتابى ساقلانغان. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكى» (چاغاتايچە ئەسەرلەر) نىڭ 78- بېتىگە قارالسۇن، 2004- يىلى تەييارلانغان.

[5] ئۇنىڭ «قانۇنچە» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئابدۇسەمەد كاشغەرىي (19 ـ ئەسىردە ياشىغان خەتتات)؛ مۇللا مۇھەممەد شەمسىددىن كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر)، ئۇستاد بابا كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر، مىسكەر)، ئۇستاد ئەييۇب كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر، مىسكەر)، فولادخاجە كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر، مىسكەر)، ھاجى سەئۇددىدىن كاشغەرىي (1840 — 1850 ـ يىللاردىكى قىلىچ، قورال ياساش ئۇستىسى)[1]، سىراجىددىن كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر)، نېئمەتۇللا كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر)، مۇھىددىن كاشغەرىي («تەزكىرەئىي غەۋس» نىڭ مۇئەللىپى)، ئىمام ھەسەن كاشغەرىي (1822 ـ يىلى، «دەستانى زەيد ئەنسارى» نىڭ مۇئەللىپى)، ئابدۇقادىر ئىبنى موللابەھادىر كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر، خەتتات)، موللا توختى ئىبنى موللا نۇرمۇھەممەد كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر، خەتتات)، موللا ئىلمۇددىن ئىبنى موللا مۇھەممەد كاشغەرىي (19 ـ ئەسىر، خەتتات)، موللا توختى كاشغەرىي («فەتىۋائىي چوڭ» نىڭ خەتتاتى)، موللا مۇھەممەد شەمسىددىن كاشغەرىي («قىسسەئى جەمالىددىن سەئىدىۋاققاس» نىڭ مۇئەللىپى 1905 — 1906 ـ يىللىرى)، سابىد بىننى خۇدابەردى كاشغەرىي («مەقالەت» نىڭ مۇئەللىپى، 1905 — 1906 ـ يىللىرى)، غولام مۇھەممەد تۇردۇش كاشغەرىي («پالنامە» نىڭ مۇئەللىپى)؛ مۇسابايى كاشغەرىي (مۇسابايېف)[2]، سابىت بىننى ئابدۇلباقى كاشغەرىي (1887 ـ يىللىرى، «شەرھى گۇلشەن»، «شەرائىتۇلئىسمان» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، 1917 — 1918 ـ يىللىرى)، غەپپار ئەمىن ئىبراھىم

[1] بۇ تۆت ھۈنەرۋەننىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ب د ت يەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپ تەشكىلاتى ۋە جۇڭگو سىرتقا قارىتا تەرجىمە ـ نەشر شىركىتى نەشردىن چىقارغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» 5 ـ قىسىم، خەنزۇچە، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 637 ـ بەتكە قارالسۇن.

[2] قەشقەر شەھرىدىن تېپىلغان مۇسابايېفلار جەمەتىگە تەۋە بىر قىسىم ھېسابات تالونلىرىدا مۇسابايېفلارنىڭ نامى «مۇسابايى كاشغەرىي» دەپ پۈتۈلگەنلىكى مەلۇم، بۇ مۇسابايېفلار جەمەتىنىڭ «مۇسابايېف» دېگەن سلاۋيانلاشقان تەگاتنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى ئىشلەتكەن نام ـ شەرىپى بولسا كېرەك.

كاشــغەرىي («دەقايىقۇلئەخبــار» نىــڭ ئــاپتورى، 1886 — 1887 ـ يىللــرى، خەتتــات)، مــۇھەممەد تــاھىر كاشــغەرىي (1880 — 1995 ـ يىللىرى، خەتتات)، ئابـدۇللا كاشـغەرىي (تەخەللۇسـى نـىدائىي، 18 ـ، 19 ـ ئەسىر، كاشغەر ــ تۈركىيە)، موللا مۇھەممەدئىمىن كېپەك سوپى كاشـغەرىي (مىلادىـيە 1859 — 1860 ـ يىللـىرى كۆچـۈرۈلگەن پـارس تىلىدىكى «كېپەك سوپى كاشغەرىي شېئىرلىرى» نىڭ ئاپتورى)، داموللا ئابدۇلغەفۇر بىننى ئابـدۇللا كاشـغەرىي (1865—1935 ـ يىلـلار، پەيـزاۋات شاپتۇل يېزا، «مىراجنـامە» قاتـارلىق ئەسـەرلەرنىڭ مۇئەللىپى)، زەرىـف قارىيهاجى كاشغەرىي (تاشكەنت ــ كاشغەر ــ غۇلجا، 1858 — 1958 ـ يىللار)، ئابدۇللا كاشغەرىي (كاشغەر ــ تۇرپان)[①]، ئىسمائىل ھەققى ئەل كاشـغەرىي (20 ـ ئەسـىر)[②]، يۈسۈپ ھـاجى كاشـغەرىي (كاشـغەر ــ پاكىـستان، 20 ـ ئەسـىرنىڭ كېيىنكـى يېرىمـى)[③]، ئابدۇرەسـۇل ئـۆمەر كاشغەرىي (ئوپال ← قەشقەر شەھىرى، 20 — 21 ـ ئەسىر)، مۇھەممەد سالىھ داموللا ئەل كاشـغەرىي ـ ئارتۇشـى (ئەرەبشۇناس)[④] قاتـارلىقلار ۋە باشقىلار.

ئۇيغـۇر خەتتـاتلىق، كىتابەتچىلـىك، كىتـاب نۇسـخىلاش ئىشلىرى تـارىختىن بۇيـان بىـر خىـل مەدەنىـيەت ھادىسـىسى بولـۇپ، شـىنجاڭ تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسـىيا رايونىغىمۇ بەلگىلـىك تەسـىر

---

① بۇغـدا ئابـدۇللا: «زوھـۇربەگ شـېئىرلىرى»، «بـۇلاق» ژۇرنىلـى 2009 ـ يىللىق 3 ـ سان، 43 ـ بەت.

② ئـۆمەرجـان نۇرى: «مۇستاپـا كامالنىڭ ئۇيغـۇر دوسـتى ــ ئىسمائىل ھـەققى كاشغەرىي»، «جۇڭگو مىللـەتلىرى» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللـىق 1 ـ سان.

③ يۈسۈپ ئىگەمبەردى: «ئۇيغـۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىـدە ئىزدىنىش — تەخەللۇس، نىسـبە ۋە تەگات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنـلەر مۇنبىرى» 2010 ـ يىلى 5 ـ سان، 86 ـ، 87 ـ بەتلەر.

④ مۇھەممەد سـالىھ — «قۇرئـان كەرىـم» نـى بۈگـۈنكى زامان ئۇيغـۇر تىلىغا تـۇنجى قېتىـم ئاغـدۇرۇپ نەشر قىلـدۇرغان كىشى. ئۇ «قۇرئـان كەرىـم» نىڭ مىللەتلەر نـەشرىياتى تـەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تەرجىمىسىدە ئۆز ئىسمىنى شۇنداق ئالغان.

كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ نۇسخىلاش 19 - ئەسىردە تولىمۇ جانلانغان. باشقا مەدەنىي ئىشلارغا ئوخشاش بۇ ساھەدە كاشغەرلىك خەتتاتلارنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار دائىم زوقلىنىدىغان ۋە ئىپتىخارلىنىپ تۇرىدىغان نامايەندە خاراكتېرلىك ھادىسە بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ۋاستىلىك مىسال ئارقىلىق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزبېكىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلاردا «كاشغەرىي» تەخەللۇسلۇق خەتتاتلار ۋە ئەدىبلەر ئۆز قوللىرى بىلەن كۆچۈرگەن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ 1837 بەت (فورماتى ئوخشىمايدۇ)لىك قول يازما نۇسخا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇلارنى كۆچۈرگەن ئابدۇلقادىر ئىبنى موللا باھادىر كاشغەرىي («خەمسە نەۋايى»نى 1833 — 1834 - يىللىرى كۆچۈرگەن)، موللا ئىلمۇددىن ئىبنى موللا مۇھەممەد كاشغەرىي («خەمسە نەۋايى»نى 1830 — 1831 - يىللىرى كۆچۈرگەن)، موللا ئابدۇلسەمەت («مەھبۇبۇلقۇلۇب» نى 1857 - يىلى كۆچۈرگەن)، موللا توختى ئىبنى موللا نۇرمۇھەممەد كاشغەرىي («ھەيرەتۇلئەبرار»نى 1867 — 1868 - يىللىرى كۆچۈر-گەن)، مۇھەممەد سادىق بىن مۇھەممەد سالىھ كاشغەرىي («تەرمە دىۋان»نى كۆچۈرگەن)، مۇھەممەد فازىل ئوغلى ئابدۇرېھىم كاشغەرىي («كۇللىيات»نى 1824 — 1830 - يىللىرى كۆچۈرگەن) قاتارلىقلارنىڭ نام - شەرىپىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىش ھەربىر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇشى كېرەك[1]. كاشغەر ھاكىمى زوھۇرىددىن بەگنىڭ 1838 - يىلى يازغان بىر خاتىرىسىدە كاشغەر شەھىرىنىڭ ئۆزىدە 500 نۇسخىدىن ئارتۇق نەۋايى «خەمسە»سىنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى

[1] بۇ مەلۇماتلار توغرىسىدا ئابدۇشۇكۇر تۇردى يازغان «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن بىرنەچچە قول يازمىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا بولىدۇ. بۇ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

كۆرسىتىلگەن[1]. بۇلاردىمۇ «كاشغەرىي» تەخەللۇسىنىڭ ئىشلىتىلىشى تۇرغان گەپ، ئەلۋەتتە. ئۇلار «كاشغەرىي» تەخەللۇسىنىڭ ئىلھامى بىلەن سانسىزلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، مۆكچەيگەن بەللىرىنى تىك تۇتۇپ، ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئالتۇن قۇرلۇق نەزمىلىرىنى زېرىكمەي، ئېرىنمەي نۇسخىلاپ، ئۆز خەلقى ئىچىگە تارقىتىپ، مەرىپەتپەرۋەرلىك رولىنى ئويناپ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شانلىق بەتلىرىنى خاسىيەتلىك ئەمگەكلىرى بىلەن بېزىگەن. ئالىملارنىڭ تەھقىقلىشىچە، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا كاشغەر ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ نۇسخىلاش ئىشىغا كىرىشكەن ۋە بۇ خىل خىزمەت بىر خىل ئېقىم بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۇنى «كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپى» دېگەن ئاتاق بىلەن ئاتاپ كەلگەن[2]. ئومۇمەن، ئۇيغۇر مەرىپەت تارىخىنى ۋاراقلاپ قارىغاندا، «كاشغەرىي» تەخەللۇسىنى ئىشلىتىپ مەرىپەت ئىزىنى قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىپ، ھەممىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ كەلگەن.

ياركەند سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدىن باشلاپ بەزىبىر زاتلار ياركەند» سۆزىنى تەخەللۇس قىلىپمۇ كەلگەن. مەسىلەن، يۇسۇپ ـدىرخان ياركەندىي (مۇقامچى، ۋاپاتى 1560-، 1561- يىللىرى)، ئۆمەر باقى ياركەندىي (1750- يىلى)، موللا سىددىق ياركەندىي (1813- يىلى «خەمسە نەۋائىي»نى نەسىرلەشتۈرۈپ چىققان)، موللا يۇنۇس ياركەندىي (1807- يىلى «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستاننى يېزىپ چىققان)، مۇھەممەد سادىق ياركەندىي («غازات ئەل مۇسلىمىن»نى يازغان، 19- ئەسىر)، مۇھەممەد نىياز ئاخۇن

[1] دىلبەر روزىيېۋا (قازاقىستان)نىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1980- يىلى 9- فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قارالسۇن (ب. ئە «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىدا داستان ژانىرى»، 131- بەت، 1988- يىلى، ئالمۇتا).

[2] بۇ ھەقتە ئەسەت سۇلايماننىڭ « ‹خەمسە ھادىسىسى› ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001- يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

ياركەندىي، موللا مۇھەممەد سىددىق ياركەندىي[1] قاتارلىقلار. مۇھەممەد نىياز ئاخۇن ياركەندىي مەشھۇر «تارىخى رەشىدىي»نى پارس تىلىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرغان ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007- يىلى ئىككى توم بولۇپ نەشر قىلىنغان كىتابنى ئىشلەشتە ئاساس قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمانىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «يېگىسارى»، «پوسكامى» قاتارلىق ناملارنى تەخەللۇس قىلغانلار بولغان.

يازما ئەدەبىيات شەكلىدە سىستېمىلاشقان 1000 يىللىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىر خىل ئەدەبىي تىل «كاشغەر تىلى»نى ئۇق يىلتىز قىلىپ شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلىنىپ كەلگەن. دۆلەت ئىچىدىكى تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىزدىنىشىگە ئاساسلانغاندا، ئەلىشىر نەۋايى ۋايىغا يەتكۈزگەن «چاغاتاي تىلى» يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىلەر قوللانغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى كاشغەر تۈركچىسىنىڭ راۋاجى، نەۋايىنىڭ تىلى شەك - شۈبھىسىز ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت. چەت ئەللەردىكى تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەھلىل قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ئىسلاملىشىشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بولسا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن[2]. دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىس-

---

[1] «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكى» (چاغاتايچە ئەسەرلەر، 2004- يىلى تاييارلانغان) نىڭ 79- بېتىدە «جامىئۇل مۇقامات» ناملىق چاغاتاي تىلىدىكى ئىككى قول يازمىنىڭ 98- بېتىدە «مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن» ناملىق چاغاتاي تىلىدىكى بىر قول يازمىنىڭ موللا مۇھەممەد سىددىق ياركەندىينىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇ 1813- يىلى «خەمسە نەۋايى»نى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىققان موللا سىددىق ياركەندىي بىلەن بىر ئادەممۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

[2] بۇ قاراشنى س. ي. مالوف، ن. ئا. باسكاكوف قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان (بۇ ھەقتە مىرسۇلتان ئوسمانوق، خەمىت تۆمۈرلەر يازغان «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993- يىللىق 1- سانىدىكى ماقالىسىگە قارالسۇن).

ـسلىرى ھەرقايسى ئەللەر تۈركولوگلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى ئۈستىدىكى خۇلاسىلىرىگە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ چاغاتاي ئەدەبىي تىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشلەتكەن كاشغەر تۈركچىسىنىڭ راۋاجى، بۇ ئەدەبىي تىل ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللەنگەنگە قەدەر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن دېگەن ئىلمىي قاراشنى چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق دەلىللەيدۇ[①]. ئۇلار بۇنى ئەلىشىر نەۋايىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تىلى ۋە خەلق تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ[②].

يېقىنقى زامان دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەل تىلشۇناسلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، «كاشغەر تىلى»، «تۈركىي تىلنىڭ كاشغەر شېۋىسى» دېگەندەك نامىلارنى ئىشلىتىپ كەلگەن ئەھۋالمۇ بار[③]. مەلۇمكى، «كاشغەر تىلى» دېگەن بۇ مۇبارەك ئاتاق ئەڭ دەسلەپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاشىغان ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

دېمەك، بۇ يەردىكى كاشغەر تىلى ئەينى زاماندا ئۆلچەملەشكەن، بىرلىككە كەلگەن، ئەدەبىيلەشكەن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نام يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغىچە داۋاملىشىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

---

① بۇ ھەقتە مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈرلەر يازغان «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قارالسۇن.

② ئابدۇقادىر جالالىدىن: «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىلى 1 ـ سان، 41 ـ بەت.

③ بۇ ھەقتە ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىقنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئايال قەلەمكەشلەرنىڭ سانى بىرقەدەر ئاز بولغان. ۋاھالەنكى، كاشغەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، بۇنداق ساناقلىق ئايال ئەدىبلەرنىڭ كاشغەردىن كۆپرەك چىققانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرە رابىيە كاشغەريي، ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئەدىبلەردىن ئامانىيساخان (نەفىسىي)، زۇلەيخا بېگىم، 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن زۇلفىيە كاشغەريي، مۇترىبان كاشغەريي، بىبى مەسۇم ئەزىزەم، 19 ـ ئەسىردىكى چولپانگۇل (نوزۇگۇم) قاتارلىقلارنىڭ نامى تارىخ بەتلىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس پۈتۈلۈپ قالغان. بۇلارنىمۇ ئەسكە ئالماي ئۆتۈپ كېتىشكە ۋىجدان يول قويمايدۇ، ئەلۋەتتە.

كاشغەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆزەك قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. يەنە خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز ۋە ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتى بىلەنمۇ بېيىتىلىپ تەرەققىي قىلغان.

كاشغەردىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر خىسلەتلىك يەرنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزىگە ئوخشاشلا خاسىيەتلىك بىر ئەدەبىيات. ئۇ 1000 يىللىق تارىخى ئىزچىللىقفا ئىگە. سىستېمىلاشقان، ئىلمىيلاشقان، قېلىپلاشقان ھالدا ئۈلگە ـ نەمۇنە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، ھەربىر دەۋر، ھەربىر تارىخى باسقۇچتا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەريي، ئەھمەد يۈكنەكى، ئاسىرىددىن رابغۇزى، ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، ئامانىيساخان، ھىرقەتىي (گۇمنام)، مۇھەممەد سادىق كاشغەريي، ئابدۇرەھىم نىزارىي، ھۈسەيىنخان تەجەللىي، ئابدۇقادىر ئەزىزى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئەھمەد زىيائىي قاتارلىق ئەدىبلىرىنىڭ يېتۈك ۋە ئۇلۇغ سىيمالىرىنى يورەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تۇرغان. زامان ـ زامانلاردىن بۇيان يىراق ـ يېقىننى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. قوشنا مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ توختاۋسىز ئىلگىرىلىگەن ھەم

ئەتراپىدىكى جايلار ۋە رايونلارنىڭ ئەدەبىياتىنى يېتەكلەش، قولنى قولغا تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىشتەك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. دەرھەقىقەت، ئۇ بىر يۈكسەك مەنىۋى بايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىياتىنىڭ يۈرۈشۈشىگە، تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىشىگە بولغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچلۈك رولىنى ئويناپ كەلگەن تەۋەررۈك ئەگگۈشتەردۇر.

## 2. قەشقەردە قەدىمكى سەنئەت

### بىرىنچى، ئەل ئىچى سەنئىتى

ھەممىگە ئايانكى، قەشقەرنىڭ ئەزەلدىنلا دۇنياغا مەشھۇر «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامى بار. قەشقەردە ياشايدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام ۋە باشقا پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن كۈندىلىك تۇرمۇشى ناخشا - مۇزىكىسىز ئۆتمەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى بولغان «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۈل تاجىسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە ئۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرى، جۈملىدىن «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان دولانلىقلارنىڭ مەشرەپلىرى ۋە ئۇنىڭدا چېلىنىدىغان خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلار قەشقەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇزىكا بايلىقى ئىچىدىكى ھۈنەر - سەنئەت ئۈلگىلىرى دېيىش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە، ئاۋازى يېقىملىق، شەكلى خىلمۇخىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە.

**ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى**

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا

تارقالغان مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق، يۈرۈشلۈك مۇزىكىدۇر. ئۇ 12 يۈرۈش چوڭ ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ يەنە «قەشقەر مۇقامى» دېگەن نامىمۇ بار. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ تىپىك ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ئەسىرى دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭدىكى 12 يۈرۈش ئاھاڭنىڭ نامى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق: (1) راك؛ (2) چەببىيات؛ (3) مۇشاۋىرەك؛ (4) چارگاھ؛ (5) پەنجىگاھ؛ (6) ئۆزھال؛ (7) ئەجەم؛ (8) ئۇششاق؛ (9) بايات؛ (10) ناۋا؛ (11) سىگاھ؛ (12) ئىراق. بۇنىڭ ئىچىدىكى «راك»نىڭ ئىسمى ھىندىستان ۋە پاكىستانلاردا تارقالغان يۈرۈشلۈك مۇزىكا «راگ»نىڭ ئىسمىغا ئوخشايدۇ. «ئىراق» غەربىي دىياردىكى دۆلەتنىڭ نامى. بۇنىڭدىن ئون ئىككى مۇقامدا ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئەرەب مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئون ئىككى مۇقامدا جەمئىي 340 نەچچە ئاھاڭ ۋە ناخشا بار. بۇ 100 نەچچە نەغمە مۇزىكىسى، 70 نەچچە مەرغۇل ھەم نۇرغۇن كىلاسسىك ناخشىلار، خەلق ناخشىلىرى، ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ۋە نەق مەيداندىلا تەييارلاپ ئورۇنلىنىدىغان ئاھاڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ھەربىر مۇقام يەنە «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىملىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي ساز بىلەن ئورۇنلىنىدىغان نەغمە، مۇزىكا ۋە ناخشىلار ئاممىۋى ناخشا - ئۇسسۇللۇق بىرلەشمە ئولتۇرۇشتەك «ئۈچ قىسىم» شەكلىدە ئوينىلىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئورۇنلاش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئورۇنلاپ چىقىشقا 24 — 27 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. ھەر كۈنى تۆت سائەتتىن ھېسابلىغاندا، بىر ھەپتىچە ۋاقىتتا ئاندىن ئورۇنلاپ بولغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ يىغىندىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرىدۇر.

### دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى

دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبتىن

شىمالغا قارىتا مەكىت ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسىنىڭ مەكىت بىلەن قوشنا بولغان يېزىلىرى، مارالبېشى ناھىيەسى، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇنىڭ ئاۋات، قاراتال، شايار، كۇچا، ھەتتا بۈگۈرگىچە بولغان جايلارغا تارقالغان، ئۆزلىرىنى «دولان» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى بولۇپ، «نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىلىكى، بىرقەدەر ئىپتىدائىي يېزا - يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇسسۇللىرىنىڭ سالماقلىقى، مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ قويۇقلۇقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى»[1] بىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا مەنبەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىپتىدائىي مەنبەلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلمىلىرى بويىچە ئايرىغاندا ئىككى چوڭ غولغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، باياۋان - ئورمان ۇزىكىسى؛ يەنە بىرى، باغۇبوستان مۇزىكىسى، ئەمما بۇ ئىككى غول ـر - بىرىدىن مۇتلەق چېگرالانغان ئەمەس. باياۋان - ئورمان مۇزىكىسى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەنلىك باسقۇچىدا ياشاۋاتقان دەۋردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ھالەتلىرىگە ماس كېلىدىغان سەنئەت شەكلى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. باياۋان - ئورمان مۇزىكىسى ئاساسەن دولان ئاھاڭلىرىدىن تەركىب تاپقان[2]. دولان مۇقاملىرىدىكى كۆپ قىسىم مۇقام ناملىرىنىڭ «باياۋان» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە «باياۋان»

① ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1989- يىلى 3- سان، 70- بەت.

② ئىمىن تۇرسۇن: «‹ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى› نىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا»، «‹ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى› ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992- يىلى نەشرى، 34- بەت.

سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن دولان مۇقاملىرىدىكى مۇقام نامىنىڭ تارىخىي قاتلىمى دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دولان مۇقاملىرىنىڭ ئىچىدە «باش باياۋان»، «بوم باياۋان»، «چۆل باياۋان»، «زىل باياۋان»، «خودەك باياۋان» دېگەن مۇقام ناملىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «باياۋان» سۆزى دولان مۇقاملىرى سىستېمىسىدىكى ھەربىر مۇقامنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ كەلگەن. خەلق ئىچىدە «باياۋان» سۆزى دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە «دولان مۇقامى» دېگەن نامنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىپ كەلمەكتە. ھازىر بەزى دولان ئەلنەغمىچىلىرى «مۇقام ئېيتىش» دېمەي، «باياۋان توۋلاش» دېگەننى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، «باياۋان» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى «مۇقام» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي باسقۇچى دەۋرىدە «مەقام» نامى بىلەن كىلاسسىك كۈيلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئۆزلەشكەن ھەمدە مەنىسى مۇقىملىشىپ بولغان ھالەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان دەۋردىن ئىلگىرىكى چاغلاردا، دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

دولان مۇقامى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىلىدىغان، ھەر خىل قىزىقچىلىق پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇن «مەشرەپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەشرەپ — ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى.

دولان خەلقى ئەلنەغمە، ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىس، مەشرەپكە ئامراق كېلىدۇ. دولان ئۇيغۇرلىرى ياشاۋاتقان رايونلاردا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەر - ئايال ھەممىسى دولان مەشرىپى ئوينىيالايدۇ، مەشرەپكە ئىنتايىن ئامراق كېلىدۇ. ئۇلار بىرقانچە ئون كۈن ئۈزۈلدۈرمەي ئېغىر ئەمگەك قىلسىمۇ، بىر مەيدان مەشرەپ ئوينىۋالسا ھاردۇقى چىقىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەتنى باشقا جايلاردا ئۇچرىتىش قىيىن.

دولان مەشرىپى ئوينالغاندا چوقۇم مۇقام ئورۇنلىنىدۇ ياكى ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇقامسىز مەشرەپ، مەشرەپسىز

مۇقام بولمايدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك دولان مۇقامىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى ھەم كىشىلەرنىڭ دائىملىق كۆڭۈل ئېچىش مەنبەسى بولۇپ كەلدى.

مەشرەپ دولان مۇقامىنىڭ مۇقام مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدۇ. مۇقام مۇقەددىمىسى بىر كىشى تەرىپىدىن يەنى ئاۋازى ئىنتايىن ياڭراق، تەمبەل كەلگەن مۇقامچى تەرىپىدىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىدۇ. مۇقام مۇقەددىمىسى تۈگىشى بىلەن داپ رىتىمى چېكىتمىگە ئۆزگىرىپ ئۇسسۇل باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ باشلانغانلىقى مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دولان مەشرىپى كۆپ ھاللاردا ئاخشىمى باشلىنىپ يېرىم كېچىگىچە ۋە بەزىدە تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، كېچىسى كىشىلەر ئىشتىن خالىي بولىدۇ. بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن كېيىن ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان مەشرەپخانىلاردا ياكى كەڭ دالا ۋە ياكى سەينا ـ مەيدانلارغا گۈلخان ـ چىراغلارنى يېقىپ، مۇقامچىلار مۇقام ئېيتىپ مەشرەپنى باشلايدۇ. كېچىسى مەشرەپ ويناش دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتى. دولان مەشرىپى ۋە دولان ئۇسسۇلىدا بۇ ئادەت گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەشرەپ ئۆز تەرتىپى بويىچە ئۇسسۇل، كومېدىيەلىك قىزىقارلىق ئويۇن، دەررە (پوتا) ئويۇنى، چاي تۇتۇش ئويۇنى، بېيىت ـ قوشاق ئېيتىشىش قاتارلىق خىلمۇخىل تۈرلىرنى ئورۇنلاپ مەشرەپ مەيدانىنى جانلاندۇرىدۇ.

دولان مۇقامىنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەلق بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولالىغانلىقى ۋە ئۇنى ئۆز خەلقى سۆيىدىغانلىقى، ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دولان مۇقامى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇنداق مەشرەپتە قويۇق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىك، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلىنىڭ ھەممە مەزمۇنى بولغاچقا، يەرلىك خەلق ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىل مۇقام مەشرىپى سورۇنلىرى باشقا كىلاسسىك سەنئەت تۈرلىرىدىن ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەلنەغمە سەنئەت

تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ[1].

دېمەك، دولان يۇرتلىرىدا دولان مەشرىپى ئۆتكۈزۈش ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دائىملىق پائالىيىتى ۋە قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دولان مەشرىپىدە چوقۇم دولان مۇقامى ئورۇنلىنىدۇ. مەشرەپ بىلەن مۇقام خۇددى گۆش بىلەن سۆڭەكتەك زىچ باغلانغان بولۇپ، مەشرەپسىز مۇقام، مۇقامسىز مەشرەپ بولمايدۇ.

دولان مۇقامى جەمئىي توققۇز مۇقامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر مۇقام «مۇقەددىمە»، «چېكىتمە»، «سەنەم»، «سەنىقەس» ۋە «سىيرىلما» دىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. ھەربىر بۆلەكنىڭ ئۇدار شەكلى ۋە مېلودىيەسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. توققۇز مۇقام جەمئىي 54 نەغمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىر مۇقامنىڭ «سىيرىلما»سىدىن كېيىن بىردىن چۇشۇرگە مەرغۇلى ئورۇنلىنىدۇ.

دولان مۇقامى دولان راۋابى، دولان غېجىكى، قالۇن ۋە داپنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.

### تاشمىلىق مەشرىپى

تاشمىلىق مەشرىپى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ بىر بەدىئىي كارتىنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. تاشمىلىق مەشرىپى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ، ھەتتا پولات تاۋلاش مەزگىلىدىكى قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدىمۇ بىر تاۋاق قاغا جىگدىسى بىلەن ئاددىي مەشرەپ سورۇنى ھازىرلىنىپ «جىگدە مەشرىپى» دېگەن ناملار بارلىققا كەلگەن.

تاشمىلىق مەشرىپى ئۆزىگە خاس بولغان تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

[1] مۇتەللىپ سېيىت قاتارلىقلار: «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىلى 9- ئاي نەشرى، 64 — 66- بەتلەر.

1) تاشمىلىق مەشرىپى ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى بولۇپ، ئاياللارنىڭ قاتنىشىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ، ئاساسەن قىش كېچىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛

2) تاشمىلىق مەشرىپىدە ئۇسسۇل ئاساس بولۇپ، ئوبرازلىق ئۇسسۇللار، يەككە ۋە ئوپچە ئوينىلىدىغان كومېدىيەلىك ئۇسسۇللارمۇ روشەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ؛

3) تاشمىلىق مەشرىپىدە داستان ئېيتىلىدۇ؛

4) تاشمىلىق مەشرىپىدىكى ئويۇنلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، باشقا جايلاردا ئاللىقاچان يوقالغان ياكى بولمىغان قەدىمىي ئويۇنلار ساقلىنىپ قالغان؛

5) تاشمىلىق مەشرىپىنىڭ قائىدىسى مۇكەممەل، جازاسى ئېغىر بولۇپ، ھەربىر سۆز - ھەرىكەتكە قاتتىق چەك قويۇلغان. مەشرەپ سورۇنىغا كىرسە ياكى سورۇندىن چىقسا يىگىتبېشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئەدەپ» دەپ رۇخسەت ئالىدۇ، ئولتۇرۇش قائىدىسىدىمۇ «ئەدەپ» دېيىلسە چوقۇم يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، «تاۋىخاھ» دېسە ئىختىيارىي ئولتۇرىدۇ. ئەگەر مەشرەپ سورۇنىنىڭ قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلسا جازالىنىدۇ. مەشرەپ جازالىرىغا چىدىمىسا، مەشرەپتىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، ھەتتا كېيىنكى مەشرەپكە قاتنىشىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ.

باشقا مەشرەپلەرگە ئوخشاشلا تاشمىلىق مەشرىپىنى نەغمە - ئۇسسۇل قىسمى، ئويۇن قىسمى ۋە جازادىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

مەشرەپنىڭ نەغمە - ئۇسسۇل قىسمى ئاساسەن ئون ئىككى مۇقامنى ئاساس قىلىدۇ. «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «غېرىب - سەنەم»، «بوبائى روشەن»، «زىبىت ئەنسا»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان» قاتارلىق داستانلارغا بىر قىسىم يەرلىك قوشاقلار، رىۋايەتلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېيتىلىدۇ. يەنە ئاھاڭ جەھەتتە ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاھاڭلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان خەلق ئاھاڭلىرى بار. ساتار، ئىسكىرىپكا، دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، نەي، ساپايى، قوشۇق، تاش قاتارلىقلار چېلىنىدۇ. مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللاردىن باشقا يەنە غىلاپ ئۇسسۇلى، ئورما

ئۇسسۇلى، ياستۇق ئۇسسۇلى، چىنە ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللار ئايرىم ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلىنىدۇ[1].

## ئىككىنچى، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى

ئۇسسۇل سەنئىتى ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ناخشا - مۇزىكىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى ناخشا - مۇزىكىلىرى ئۇسسۇل بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. قەشقەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

قەشقەر خەلق ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، رەڭدارلىقى، جۇشقۇنلۇقى، مەزمۇندارلىقى، جەزبدارلىقى ۋە جەلپكارلىقى بىلەنلا قىممەتلىك بولۇپ قالماي، بەلكى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مەردانىلىقى ۋە ئوبرازچانلىقى، رىتىم ئۇدارلىرىنىڭ شوخلۇقى ۋە ئېستېتىكىلىقى، ھەرىكەت بىلەن مەزمۇنىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشچانلىقى، ھەر خىل ئوبرازلارنى ئەينەن، جانلىق ۋە ئىنچىكە سۈرەتلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكى قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ دۇنياغا مەشھۇر. قەشقەر ئەل ئىچى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىل بولۇپ، سەنەم ئۇسسۇلى،ساما ئۇسسۇلى، شادىيانە ئۇسسۇلى، مەشرەپ ئۇسسۇلى، دولان ئۇسسۇلى، نىقابلىق ئۇسسۇللار، ھەجۋىي ئۇسسۇللار، مۇراسىم ئۇسسۇللىرى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئۇسسۇللىرى، پېرىخون ئۇسسۇلى، خانىقا ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى

---

[1] رابىگۇل تۇرسۇن: «تاشمىلىق مەشرىپى» (راھىلە داۋۇت، ياسىن مۇخپۇل قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر مەشرەپ مەدەنىيىتى» 4 - قىسىم، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2011 - يىلى 3 - ئاي نەشرى، 1 — 7 - بەتلەر).

كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەرگە خاس تىپىك بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

### ساما ئۇسسۇلى

ساما ئۇسسۇلى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ پارسچە «سامان» سۆزىنىڭ باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى بولۇپ، «پېرىخون» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي دىن «شامان دىنى»دىكى پېرىخونلار ئوينايدىغان پېرە ئۇسسۇلىدىن ئۆزگەرگەن. ئۇيغۇرلار پېرىخونلارنى «باخشى» دەپ ئاتايدۇ. پېرىخونلار جىن - شەيتانلارنى قوغلىغاندا جەزمەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. 16 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆرگۈچىلىكى بار، ھەرىكەتلىرى نەپىس «باخشى» ئۇسسۇلى بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئۇسسۇللار سىرلىق دىنىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنمايدۇ، ئۇسسۇلدىكى كەيپىيات پەقەت «ئاھ، ئۇھ» دېگەندەك ئاۋازلار بىلەنلا پەيدا قىلىنىدۇ. كېيىن ئۇيغۇرلار باخشى ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈردى ھەم ئاھاڭ تەڭكەش قىلىپ، ناخشا قوشۇپ، بۇ ئۇسسۇلنى يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە قىلدى ھەمدە ساما ئۇسسۇلى قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنىدىغان ناغرا، سۇناي ئاھاڭى ئون ئىككى مۇقامدىكى ئاھاڭلار بولۇپ، ئورۇنلاش داۋامىدا ھەربىر سائەتتە بىر ئاھاڭ ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئادەملەر مۇزىكا ئاھاڭىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئۇسسۇلنى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ئوينايدۇ. بۇ ئۇسسۇل تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مەشرەپنى باشلاشتا جەزمەن ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلدۇر.

ئەنئەنىۋى «ساما ئۇسسۇلى» ئىجادكارلىق روھىغا باي سەنئەتخۇمار قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى ۋە ئېستېتىك پاراستىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا قەشقەر ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئېستېتىك غايىلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا قاراشلىرى،

جۇشقۇنلۇق بىلەن تولغان باتۇرانە روھىي قىياپەتلىرى، جاپا- مۇشەققەتكە پىسەنت قىلمايدىغان پىششىق خاراكتېرى ئۇسسۇل شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «ساما ئۇسسۇلى» ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىل جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇقىملىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن دەۋر روھىنى سىڭدۈرۈپ بەزى ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولغان، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ زىكرى ساما ھەرىكەتلىرى، جەررە سېلىش ھەرىكەتلىرى، زاھىتلىقنى ئىما قىلىدىغان ھەرىكەتلىرى ئاممىۋى ساما ئۇسسۇلىغا مەلۇم دەرىجىدە سىڭىشىپ كەتكەن. بۇنىڭغا قاراپ بەزى مەزگىللەردە قەشقەر ساما ئۇسسۇلىنى «دىنىي ئۇسسۇل» دەيدىغان قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققتى. بىزنىڭچە بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراش ئەمەس. «ساما ئۇسسۇلى» ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنىڭ نادىر ئۈلگىسى سۈپىتىدە، قەشقەردە تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، گەرچە سامانىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ پەقەت روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى ھېيتگاھ مەيدانىغىلا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتە ھېيت - بايرام، مەشرەپ، زاراخەتمە، قەشقەردىكى «ئوردام سەيلىسى»، «ھەزرەت سەيلىسى»، نورۇز بايرىمى، ھەتتا ماتەم مۇراسىملىرىدىمۇ «ساما ئۇسسۇلى» ئوينىلىش ئەۋج ئالغان.

قەشقەر «ساما ئۇسسۇلى» نىڭ روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا ئوينىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئاممىۋى ساما شەكلىدىن باشقا، يەنە قەشقەردىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى»، «ئاپاق خوجا مازىرى»، «سېيىت ئارسلانخان مازىرى»، «ئوردام مازىرى»، «سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازىرى»، يەكەندىكى «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى»، قاغىلىقتىكى «غوجامنىڭ خانىقاسى» قاتارلىق مازارلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلە - تاۋاپ مەرىكىلىرىدە ئوينىلىدىغان «جەررە ساما»، «زىكرى ساما»، «ھېكمەت ساما» قاتارلىق شەكىللىرى بولغان. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر خەلقى 1442- يىلى ھېيتگاھ جامەسى كېڭەيتىپ ياسالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە روزى ھېيت، قۇربان ھېيت

مەزگىلىدە (بەزى مەزگىللەردە ھەتتا روزا - رامىزان كۈنلىرى زولۇق يەپ بولغاندىن كېيىن) ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا ناغرا، سۇنايغا تەڭكەش قىلىپ، مىڭلىغان كىشى بىرلىكتە «ساما ئۇسسۇلى» ئويناش بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. «جەررە ساما»، «زىكرى ساما»، «ھېكمەت ساما» قاتارلىق دىنىي تۈسى قويۇق سامالار ئاستا - ئاستا ئاممىۋىلىقىدىن ئايرىلىپ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ياكى چەكلىك دائىرىدە يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەن. بۇ خىل سامالار مەزمۇن جەھەتتىن قويۇق سوپىزملىق تۈسكە ئىگە بولغاچقا، رايونىمىزدىكى ئىسلام مەھكىمە شەرئىيلىرى تەرىپىدىنمۇ چەكلەنگەن.

ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك بولغان «ھېيتگاھ ساماسى» ھېيتگاھ پەشتىقىدا چېلىنىدىغان چوڭ - كىچىك بىرقانچە ناغرا ۋە سۇناي ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدۇ. ئاھاڭ جەھەتتە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە كىلاسسىك خەلق مۇزىكىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ساما ئۇسسۇلى ئىختىيارىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىدۇ، بىرەر ئورگان ياكى بىرەر كىشىنىڭ تەشكىللىشى ھاجەتسىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ساما مەيدانى ناھايىتى تەرتىپلىك ۋە رەتلىك بولۇپ، ساما توپىغا بايرام خۇشاللىقىنى ئاتا قىلىدۇ.

ئومۇمەن، ساما ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەنئەنىۋى دولان ئۇسسۇلىغا يېقىنراق تۇرىدۇ. بۇ ھال «ساما ئۇسسۇلى» نىڭ قەدىمىي-لىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### شادىيانە ئۇسسۇلى

«شادىيانە ئۇسسۇلى» نىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «شادلىق ئۇسسۇلى» دۇر. مۇزىكىسى 4/4 ئۇدارلىق، مېلودىيەلىك خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بۇ ئۇسسۇلنى ئەرلەر ئوينايدۇ، ھەمىشە ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت - ئايەم، بايرام كۈنلىرى، توي - تۆكۈن، تەبرىكلەش مۇراسىملىرى قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئوينىلىدۇ. ئۇسسۇل يېنىك، شوخ، راۋان مۇزىكا بىلەن باشلىنىپ، مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ،

ئۇسسۇلمۇ قىزىپ ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇنىڭ يالغۇز ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلاشتەك ئىككى خىل ئورۇنلىنىش شەكلى بار.

## سەنەم ئۇسسۇلى

سەنەم ئۇسسۇلى ماھىيەتتە بايرام ئۇسسۇلىدۇر. سەنەم ئۇسسۇلى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە سەنەم ئۇسسۇللىرى بار. مەسىلەن، ئىلى، قۇمۇل، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، پەيزاۋات، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان سەنەم ئۇسسۇللىرى مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ. جايلارنىڭ سەنەم ئۇسسۇللىرى چوڭ ۋە كىچىك سەنەم ئۇسسۇلى دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ھەمىشە ھېيت - ئايەم، تەبرىكلەش مۇراسىملىرى، شاد-خۇراملىق سورۇنلاردا، مەشرەپلەردە ئوينىلىدۇ. ئادەتتە ئۇسسۇلنى ئەر-ئاياللار جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ ۋە ئۇسسۇل ئارقىلىق ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەخسۇس تەڭكەش مۇزىكىسى بار. ئۇسسۇل باشلىنىشتىن ئىلگىرى مۇقەددىمە ئورنىدا بىر ئابزاس مۇقام ئېيتىلىپ، ئارقىدىن سەنەم ئۇسسۇلىنىڭ مۇزىكىسى چېلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلاردىن بىرەيلەن ئالدى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىرەيلەننى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ، قارشى تەرەپمۇ ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بىللە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مۇزىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار نۆۋەت بىلەن مەيدانغا چۈشىدۇ، ئۇسسۇلمۇ توختىماي ئەۋجىگە چىقىپ تۇرىدۇ.

«سەنەم» يۇرۇشلەشكەن خەلق ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدىغان كۆپ ئۆزگىرىشلىك ئۇسسۇل مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر سەنەملىرىنىڭ يەرلىك تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ ساھەدىكى بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 50 خىلدىن ئارتۇق سەنەم تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

يەرلىك سەنەملەر ئىچىدە قەشقەر سەنىمى ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ

مەردانىلىكى ۋە نەپىسلىكى، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ زورلۇقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا يەرلىك سەنەملەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

قەشقەردە «قەشقەر سەنىمى» دەپ ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان چوڭ سەنەمدىن باشقا يەنە يەرلىك شېۋە ۋە قويۇق ئەنئەنىۋى مۇزىكا پۇراقلىرى سىڭدۈرۈلگەن «دولان سەنىمى»، «يەكەن سەنىمى»، «قاغىلىق سەنىمى»، «كاچۇڭ سەنىمى» قاتارلىق يەرلىك سەنەملەرمۇ بار. بۇ سەنەملەرنىڭ ئىچىدە «قەشقەر سەنىمى» بىرقەدەر كەڭرەك ئويۇنلىدىغان سەنەملەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەرلەر مەردانە قىياپەت بىلەن قول - پۇتلارنى بىر - بىرىگە ناھايىتى ماسلاشتۇرۇپ چاققانلىق بىلەن ئوينايدۇ. ئاياللار بولسا نازاكەتلىك، نەپىس ھەرىكەتلىرى بىلەن موكا قەدەم، سىيرىلما قەدەم، ئەگەشمە قەدەم، تەپمە قەدەم قاتارلىق شەكىللەر بىلەن قوللىرىدا رومال ئوينىتىش، چاچ ئوينىتىش، گەۋدە ئوينىتىش، قاش - كۆز ئوينىتىش ئارقىلىق قىز - ئوغۇل بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئوينايدۇ. ئوغۇللار قوللىرىدىكى ساپايىنى مۇرىسىگە لەرزان ئۇرۇپ، ئۇسسۇل رىتىمىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇسسۇل كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ، قايىنام - تاشقىنلىق ئۇسسۇل مەنزىرىسى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي قۇۋۋىتى ئارقىلىق تاماشىبىنلارغا كۆتۈرەڭگۈ روھ، خۇشاللىق ۋە شوخلۇق ئاتا قىلىدۇ.

قەشقەر سەنەملىرى خەلق ئارىسىدا ئەزەلدىن دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، غىجەك، داپ، ناغرا، ساپايى، قوشۇق قاتارلىق خىلمۇخىل چالغۇلارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئۆي، ھويلا - ئاران، مەيدان - سەينالاردا، توي-تۆكۈن، ھېيت - بايرام ۋە ھەر خىل مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئەر-ئاياللار ۋە ياش - قېرىلار تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كوللېكتىپ ئوينىلىپ كەلگەن ۋە بارغانسېرى قېلىپلىشىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئەت باغچىسىدىكى بىر دەستە خۇش پۇراق گۈلگە ئايلانغان.

## ئۈچىنچى، رەسساملىق ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى

### رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى

قەشقەرنىڭ رەسساملىق سەنئەت ئەنئەنىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «ئازغانسال قىيا تاش رەسىملىرى» ۋە «توققۇز ھۇجرا بۇددا مىڭئۆيى» قاتارلىق بۇددىزم يادىكارلىقلىرىغا نۇرغۇنلىغان رەسىملەر چېكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەبىئىي غارلارغا، تاغ باغرىدىكى قىيالارغا، چوڭ قورام تاشلارغا جىجاش، چېكىش، ئويۇش ئارقىلىق ئىشلەنگەن ھەر خىل مەزمۇندىكى ئىپتىدائىي رەسىملەر قەدىمكى ئۇيغۇر تاشچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇددىزم دەۋرىدە قەشقەردە رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. بۇددا دىنىنىڭ ئېتىقاد تەقەززاسى بىلەن رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق ئالاھىدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە كۆپلىگەن رەسساملار بارلىققا كەلگەن. قەشقەرنىڭ رەسساملىق سەنئىتى رەسساملىق تېخنىكىسى جەھەتتە ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. 9-، 10- ئەسىرلەردىن كېيىن قەشقەرنىڭ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان گۈزەل سەنئىتى ئىسلام مەدەنىيىتىگە ماس ھالدا ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە بولدى ۋە تېخىمۇ نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئىسلام ئەقىدىسىدە جانلىقلارنىڭ، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىش، بۇتلارنى ياساش مەنئىي قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن رەسساملىق سەنئىتى ئومۇميۈزلۈك چەكلەنگەن ئەمەس. رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ۋە تۈرى ناھايىتى كەڭ، كۆپ خىل بولۇپ، نوقۇل ئادەمنى سىزىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شۇڭا، ئىسلام رەسسامچىلىقى گۈزەل تەبىئەتنى ئوبرازلىق سۈرەتلەشتەك ئۆزىگە خاس يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى ۋە مەزمۇن، خاراكتېر جەھەتتىن تېخىمۇ كېڭەيدى. قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ دەۋرلەردە ئىسلام مېمارچىلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان مەسچىت - مەدرىسەلەر، مازارلار، خانىقا - تىلاۋەتخانىلار،

خانلارنىڭ ئوردا - سارايلىرى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، بۇ قۇرۇلۇشلار ئۆزىگە خاس گۈزەل سەنئەت بىلەن بېزەلدى. بۇ قۇرۇلۇشلار ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلەر، گۈل - گىياھلارنىڭ ئويما ۋە قاپارتما رەسىملىرى، ھەر خىل نۇسخىدا يېزىلغان ھۆسنخەتلىك ئايەتلەر بىلەن بېزەلگەن، بولۇپمۇ بۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا گەۋدىلەنگەن قەشقەر نەققاشچىلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر بولغان ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرى، ساچىيە مەدرىسەسى، يەكەن ئالتۇن مەسچىت...... قاتارلىق تىپىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئويما نەقىشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دېمەك، قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى رەسساملىق سەنئىتى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، نەققاشچىلىق، ئويمىكارلىقنى گەۋدە قىلغان ھالدا، ھەر خىل گۈل - گىياھلارنى، تارىم بوستانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى، تاغ - دەريالارنى، ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق سىزىش ئاساس قىلىنغان. بۇ خىل سىزمىلار گېئومېتىرىيەلىك شەكىلدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان توقۇلما بۇيۇملىرىدا، كىيىم - كېچەكلىرىدە، ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدا، گىلەم - تەگلىماتلىرىدا، كۇلالچىلىق مەھسۇلاتلىرىدا، كەشتىچىلىك، مىسكەرلىك، ساندۇقچىلىق، تۆمۈرچىلىك، پىچاقچىلىق، ئېگەر - توقۇمچىلىق، بىناكارلىق، بېزەكچىلىك، قەندالەتچىلىك...... قاتارلىق يۈزلىگەن ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىدا جۇلالاندى. رەسساملىق سەنئىتى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ۋاستە بولغان رەڭ تېخنىكىسىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە، سىدامىلىقتىن ئىستىبرېئولۇققا يۈزلەندى ھەمدە رەڭ تۈرلىرىنىڭ بىرىكىش گارمونىيەسى ئىلمىيلىشىپ، كىشىلەردە روشەن ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىدىغان رەڭ ئۇسلۇبى بارلىققا كەلدى.

بۇ دەۋرلەردە، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەكەندە ئىسلام مىنىياتۇرا

(MENYATORA) لىق سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. مىنىياتۇرا ئاساسەن كىتاب - رىساللەرنىڭ ئىچىدىكى قىستۇرما رەسىملەرنىڭ خەلقئارا نامى بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىر خىل رەسساملىق ژانىرى ھېسابلىنىدۇ. 18 - ، 19 - ئەسىرلەردە قەشقەر ۋە يەكەندە ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى چاپى قىلىش، كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كىتاب - رىساللەرنىڭ بەزىلىرىدە مىنىياتۇرا رەسىملىرى ئۇچرايدۇ. بۇ مىنىياتۇرىلارنىڭ بەزىلىرى رەڭلىك، بەزىلىرى رەڭسىز سىزىلغان بولۇپ، مەلۇم ھېكايىچانلىق تۈسى بار. ئۇنىڭدا كۆپرەك ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى سىزىش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئوبرازلار مەلۇم دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ۋە ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۈزەل - سەنئەت پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدى. 50 - ، 60 - يىللاردا بىر بۆلۈك گۈزەل سەنئەت خىزمەتچىلىرى ۋە گۈزەل سەنئەت كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن قەشقەرگە خىزمەتكە كېلىپ، كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى گۈزەل سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تۇرغۇن رەسساملار خەلق ئىچىدىن كەسپىي رەسساملار قوشۇنىغا كىردى. بىر قىسىم گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەندى، ئۇلار ئارىسىدىن بىر تۈركۈم ئىشتىن سىرتقى گۈزەل سەنئەت خىزمەتچىلىرى بارلىققا كېلىپ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سانى كۆپەيدى، سۈپىتى ئۆستى.

خەتتاتلىق سەنئىتى

مەلۇمكى، ھۆسنخەت گۈزەل سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ جەزبىدار، ئەڭ كۆركەم، ئەڭ ئوبرازلىق ۋە ئەڭ جەلپكار سەنئەت تۈرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭدار تەسۋىرىي شەكلى ئارقىلىق مىللىي تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ كامالىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر مىللىي تىل - يېزىق ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە شانۇشەۋكىتىنى ھۆسنخەتتىن

ئىبارەت يېزىق سەنئىتىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدە ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە كۆرۈرمەنلەرگە چوڭقۇر ئېستېتىك تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. دېمەك، ھۆسنخەت مۇئەييەن بىر مىللىي يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ پاساھىتى ۋە بالاغىتى ھەمدە يېزىق تارىخىنىڭ تامغىسىدىن ئىبارەت.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل يېزىق قوللانغان بولۇپ، يېزىق تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق. ئۇيغۇر يېزىق تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئاساسىغا دەلىل - ئىسپات بولىدىغان قەدىمكى مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈكلىرى ئەنە شۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ چېۋەر قولىدا پۈتۈلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا خەتتاتلىق سەنئىتىگە يۇكسەك ئېتىبار بەرگەن. تارىختا قۇرۇلغان ھەرقايسى ئۇيغۇر خانىدانلىقلىرىنىڭ خانلىق ئوردىسىدا مەخسۇس ھۆسنخەت ماھىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىتىكچىلەر (پۈتۈكچىلەر) مەھكىمىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئوردا ۋەزىرلىرى بىلەن ئوخشاش ئىناۋەتكە مۇشەررەپ ئىدى، بولۇپمۇ ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇڭا، بۇ شەھەردە قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ «ساچىيە مەدرىسەسى» گە ئوخشاش كۆپلىگەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئالىملىرى تەربىيەلىنىپ چىققان.

«ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ توپلاشقان ماكانى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بۇ شەھەردە يۇقىرىقىدەك ئىمكانىيەتلەرنىڭ تۇرتكىسى بىلەن، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىپ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: (1) تۇز خەت (دىۋان خېتى) نۇسخىسى؛ (2) نەسخى خەت نۇسخىسى (بۇ نۇسخىنىڭ نەستەلىق، نەسخى سۇلۇس، نەسخى جەللى، نەسخى مەغرىبى قاتارلىق ۋارىيانتلىرىمۇ بار)؛ (3) ئەسلىيە خەت نۇسخىسى؛ (4)

رۇقئى خەت نۇسخىسى؛ (5) تەئلىق خەت نۇسخىسى؛ (6) كۇفى خەت نۇسخىسى؛ (7) شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى؛ (8) رەيھانى خەت نۇسخىسى؛ (9) دىۋانى خەت نۇسخىسى؛ (10) جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى؛ (11) ئىجازەت خەت نۇسخىسى؛ (12) سۇلۇس خەت نۇسخىسى؛ (13) تۇۋئەم (قوشماق) خەت نۇسخىسى؛ (14) تەسۋىرىي خەت نۇسخىسى؛ (15) مەغرىبى خەت نۇسخىسى؛ (16) كۇرد تەئلىق خەت نۇسخىسى قاتارلىق نۇسخىلار قەشقەردە تاكى ھازىرغىچە كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بۇ نۇسخىلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېزىق ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىش شەكلىدىكى رەڭدارلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەل كارتىنىسىنى ھاسىل قىلغان.

ھۆسنىخەت سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلىم - پەن قارىشىدا مەرىپەتنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇپ كەلگەن. بۇ ئەنئەنە كۆپ مەنبەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ۋە كۆزنىكى بولغان قەشقەردە تېخىمۇ جۇلالىنىپ تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مەرىپەت مەشئەلچىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھامىيلىقىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى قاتارىدا خەتتاتلىق سەنئىتىمۇ ئالاھىدە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، مەشھۇر ھۆسنىخەتچىلەر بىرقانچە يۈزگە، ھۆسنىخەت ھەۋەسكارلىرى بىرنەچچە مىڭغا يەتكەنىدى. ئەنە شۇ خەتتاتلار ۋە تەرجىمانلار قولىدا كىلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىل نەمۇنىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلۈپ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن قەشقەر دىيارىدا ئەۋج ئالغان «كىتابخانلىق مەشرىپى»نىڭ پائالىيەت تۈرلىرى ئىچىدە «بەھىس خۇشنەۋىس» (ئۆزئارا ھۆسنىخەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش)نىڭ رەسمىيلىشىشىدىن قارىغاندا، قەشقەردە خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. خەتتاتلىق ئەنئەنىسى قەشقەردە مۇقىم تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن كۆپلىگەن كىلاسسىك تارىخىي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىمىز قەشقەردىكى

خۇشنەۋىس خەتتاتلار قولىدا كۆچۈرۈلگەن.

ھۆسنخەت ماھارىتىنى ئىگىلەش قەشقەردە يولغا قويۇلغان كونا (ئەنئەنىۋى مەدرىسە مائارىپى) ۋە يېڭى (20 - ئەسىردىن باشلانغان زامانىۋى مائارىپ) مائارىپنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدە قەشقەر سەركەردىلىك رول ئويناپ كەلدى. قەشقەردە تەربىيەلەنگەن بىر قىسىم خەتتاتلىرىمىزنىڭ ماھارىتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى.

بەشىنچى باب

# قەشقەردە قەدىمكى پەن - تېخنىكا

## 1. قەشقەردە قەدىمكى ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى

### بىرىنچى، قەدىمكى قول ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى

قەشقەر يىپەك يولىدىكى مۇھىم قۇرۇلما بولۇش بىلەن بىرگە تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان جاي. شۇڭا، قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتىدە ئۆزگىچىلىك ۋە كۆپ خىللىق ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپلەردىن كۈلالچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، زەركەشتىچىلىك، ياغاچچىلىق، توقۇمىچىلىق (بۆزچىلىك، گىلەمچىلىك......) موزدوزلۇق...... قاتارلىق ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر خىل مەدەنىيەت تىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان بۇنداق ھۈنەر - سەنئەت ئەنئەنىسى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ نەپىسلەشتى. ھازىرقى زامان كۈلالچىلىق سەنئىتىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان خىلمۇخىل فارفۇر بۇيۇملار ئەنە شۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى كۈلالچىلىق تېخنىكىسى-

سىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت[1].

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مېتالچىلىقنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000- يىللاردا مېتالچىلىق دەۋرىگە (ئاساسەن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە) كىرگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار دەسلەپ تۆمۈردىن ئوقيا باشاقلىرىنى، قىلىچ، خەنجەر، ساۋۇت، دۇبۇلغا، نەيزە، چىش (دېھقانچىلىق قورالى)، يۇگەن، ئۈزەڭگە، پالتا، ھەرە، ئۆشكە، رەندە، ئىسكىنە، دەرەش، قازان، داڭقان قاتارلىق كۆپ خىل قوراللارنى ياسىغان، ھەتتا ئالتۇن ئېرىتىپ ئالتۇن چاپان، ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر قاتارلىق نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئالتايدىن تېپىلغان ساۋۇتلار بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر[2].

ياغاچچىلىق كەسپىنىڭ ئىش تۈرى ئوخشاشمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئائىت ئادەتلەرمۇ پەرقلىق بولىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردىلا ياغاچچىلىق كەسپىدە «نەپىس ھۈنەر» ۋە «يىرىك ھۈنەر» («ئاق ئىش» ۋە «قارا ئىش») دەپ ئىككى خىل ئىش تۈرى شەكىللەنگەن. ئالدىنقىسىدا ئاساسەن سىنچىكە ۋە نەپىسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ياغاچ سايمانلار (ئىشىك، دېرىزە، ئۆي جاھازلىرى، ساندۇق، ياغاچ ئويما قاتارلىقلار)نى ياساش ئاساس قىلىنسا، كېيىنكىسىدە دېھقانچىلىق قوراللىرى (ئارا، گۈرجەك، بوقۇسا، يالغۇز ئوغال، ھارۋا...... قاتارلىقلار)نى ياساش ئاساس قىلىنغان.

كەشتىچىلىك، گۈل چېكىش، كىمخاب، زەرباب، سەرگەز، ماتا، ئەتلەس، گىلەم توقۇش قاتارلىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا

---

①، ② ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989- يىلى 7- ئاي نەشرى، 118-، 124-، 126-، 129- بەتلەر.

ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ھۈنەر - سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇلارغا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە ئىشلەش ئۇسلۇبلىرى جەھەتتە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلەك، چاپان، ياغلىق، ياستۇق، تەكىيە، بەلباغ، ئىشىك - دېرىزە پەردىلىرى، خۇرجۇن، ھەر خىل ئورۇن - كۆرپە ياپقۇچلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆركەم گۈللۈك نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق قويۇق مىللىي ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، ئافغان (مەكتتە كارۋاك، كايتۇڭ دەيدىغان پۇشتۇلارنىڭ ئەۋلادى بار) قاتارلىق مىللەتلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا شەھەر مەدەنىيىتى بۇرۇن باشلانغاچقا، ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ياساش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئالاھىدە ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلاردا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، كەشتىچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، قۇيمىچىلىق، كۇلالچىلىق، زەرگەرلىك، گەجچىلىك، جۇۋازچىلىق، بىناكارلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسىپ ئالاھىدە ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ياسالغان ھەرقانداق بىر بۇيۇم كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھۈنەر - كەسىپكە تولىمۇ ھېرىسمەن خەلق بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ھۈنەر ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئۇلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە «ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكمەتلىك ئىبارىلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر قىسىم ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە بىر قىسىم ھۈنەرۋەنچىلىك رىساللىرىدە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە ئالاھىدە مەلۇماتلار بار. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 260 نەچچە خىل ھۈنەر-

كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم[1].

ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ پۈتكۈل جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغاندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان ۋە قەدىمكى ئەنئەنىلىرى ھېسابلىنىدىغان چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقتا ئائىت بۇيۇملارنى ياساشنى ئادەت، كەسىپ قىلغان. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قەدىمكى زاماندىن باشلانغان ھۈنەر - كەسىپ ئادەتلىرى ۋە ھۈنەر-كەسىپ سەنئەت بۇيۇملىرى خېلى مول ساقلانغان[2].

ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدىن قالسىلا كۆلىمى ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ بولغان بىر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدۇر.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە ماكانلاشقان. غەرب ۋە شەرق مىللەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى بۇنداق قولاي شارائىت ئۇلارنىڭ ھۈنەر - كەسىپ ۋە سودا ئىگىلىكىنىڭ بۇرۇنراق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن.

رايونىمىزدىن تېپىلغان قول ھۈنەر كەسىپكە ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، يىڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ، بىرقەدەر سىلىقلاشقان قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا كۆچۈشتىن ئىلگىرى، قول ھۈنەر ئىگىلىكى تېخى باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىدىن تولۇق

---

① ئايدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005- يىلى 4- ئاي نەشرى، 30 - ، 31- بەتلەر.

② ل. ئا. چىۋىر: «19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر»، «نائۇكا» نەشرىياتى، موسكۋا، 1990- يىلى رۇسچە نەشرى، 17- بەت (پەخرىدىن ھېسامىدىن: «چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2001- يىلى 3- سان، 27- ، 28- بەتلەردىكى نەقىل).

ئايرىلىپ چىقمىغانلىقى مەلۇم. پەقەت شەھەرلەشكەن ئولتۇراق ھايات ئېھتىياجى قول ھۈنەر كەسپىنىڭ بىر خىل مۇقىم ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئاساس بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ تېز راۋاجلانغانىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، سۇلالىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاز ساندىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىغىلا ئىگە بولغاچقا، بىرقەدەر نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىرىگە يۆلەنگەنىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، تەرەققىي تاپقان ئىسلام قول ھۈنەر - سەنئىتى ۋە سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاكتىپ تەسىرى ئاستىدا، قاراخانىيلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاراخانىيلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. تۈر جەھەتتىن كۆپىيىپ، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ كۆركەملەشتى ۋە بىر قىسىم قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق غەرب ۋە شەرققە تارالدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە ماۋارەئۇننەھردىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، ئوترار، بالاساغۇن قاتارلىق شەھەرلەر يىرىك قول ھۈنەر مەركەزلىرىگە ئايلاندى. بۇ شەھەرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىرقەدەر تېپىك ئۈلگىلىرىدىن كاھىشچىلىق، نەققاشچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، فارفۇرچىلىق، ئەينەكچىلىك، قازانچىلىق، تۆمۈرچىلىك، كۈلالچىلىق، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك، ياغاچچىلىق، چىغرىقچىلىق، باپكارلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، تۇماقچىلىق، كۆنچىلىك، كەشتىچىلىك، بوياقچىلىق، سوپۇنچىلىق، تاشچىلىق، چىشچىلىق، توگمەنچىلىك، تاقىچىلىق، قۇيمىچىلىق، تۇنىكىسازلىق ۋە قولۇپسازلىق، پىلىچىلىك، قاشتېشى ئويمىچىلىق، پىچاقچىلىق، چالغۇچىلىق، باققاللىق،

جۇۋىچىلىق، ساتىراشلىق، قاسساپلىق، سەرراپلىق، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، شامچىلىق...... قاتارلىق نەچچە ئونلىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى، ھەتتا بەزى قول ھۈنەرلەر كۆلەملىشىپ، «ئىشخانا» دەپ ئاتالغان قول ھۈنەر كارخانىلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قەشقەر شەھىرىنى ئالساق، شەھەر ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تۇرمۇش ئاساسى قىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىلا بۇ شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ يىرىك مەركىزى بولۇپ قالغان. شەھەردىكى خېلى كۆپلىگەن كوچا، مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى مەلۇم ھۈنەر - كەسىپنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «قاسقان بازىرى»، «زەرگەرلەر كوچىسى»، «تاغارچى كوچىسى»، «قوناق بازىرى»، «ئىگەرچى كوچىسى»، «چاپان بازىرى»، «كوزىچى يار بېشى»، «ساندۇق بازىرى»...... دېگەنگە ئوخشاش.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە قول سانائەت ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كانچىلىق بىلەن مېتالچىلىق كەسپى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، بۈگۈر قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىلدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسىپلىرىنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، تۆمۈر، قاشتاش، تۇز، سىماب، نۆشۈدۈر، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى قېزىلاتتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى. بۇ كان مەھسۇلاتلىرىدىن كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، بوقۇسا چىشى قاتارلىق ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەشتىن باشقا يەنە ھەرە، ئۈشكە، رەندە، پالتا، تۈگمەن تېشىنىڭ پاقىسى، ھەر خىل ئۆلچەملىك مىخ، تاقا قاتارلىق ھۈنەر - كەسىپ قوراللىرى، قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، ئايپالتا، ئوقيا ئوقىنىڭ بېشى، قالقان، دۇبۇلغا، مىلتىق قاتارلىق قورال - ياراغلار ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلاتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق ئاساسەن خانلىقنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خان كاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كان سودىگەرلىرىگە ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىپ بېرىش ئۇسۇلىنى

قوللانغان. كانلارنى ئىجارىگە ئالغان مەزگىلدە، ئىجارىگە ئالغۇچى سودىگەرنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ خالىغانچە قېزىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئۇلار ئىشچىلارنى ياللاپ ناھايىتى ئەرزان باھادا ئىشلىتەتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسپى بۇ دەۋرنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس بولدى. بۇ دەۋردە ھۈنەر - كەسىپ بىر تەرەپتىن كارخانىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى نەپىسلىككە ۋە يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ يۈزلەندى. بۇ چاغدا توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، خارەتلىك (ياغاچچىلىق)، تاش ئويمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك، تىككۈچىلىك، باقمىچىلىق، جۇۋازچىلىق، سوپۇنچىلىق، ساتىراشلىق، چاقچۇقچىلىق (كۆلالچىلىق)، قازانچىلىق، موزدۇزلۇق، كاھىشچىلىق، پىچاقچىلىق، قولۇپسازلىق قاتارلىق نەچچە ئون خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلى يۇقىرى سەۋىيەدە راۋاجلاندى، ھەتتا بۇ دەۋردە خېلى سۈپەتلىك ئالتۇن پۇل (تىللا) ياسىلىپ، خەلقئارا سودا ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇلغان. يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ياسالغان تىللالارنىڭ شىنجاڭدىن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئافغانىستان، كەشمىر رايونلىرىدىن خېلى كۆپلەپ تېپىلغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزگە دەلىل بولىدۇ[1].

## ئىككىنچى، قەدىمكى بىناكارلىق تېخنىكىسى

قەشقەرنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزگىچە بىناكارلىق تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر

---

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 773 - بەت.

مەدەنىيىتى يۈكسەك بىر پەللىگە يەتكەنىدى. بۇ چاغدىكى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئىپادىسى قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىدە ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى جەھەتتە ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىپ، ئالدى بىلەن مەسچىت، مەدرىسەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ دەرۋازا پەشتىقى، دېرىزە ۋە مېھرابلىرىغا ئەگمە چىقىرىشتىن باشقا، ئاساسىي قىسمى ياغاچ قۇرۇلما، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. تۈۋرۈك، لىم، جەگە، ھاراق، پارامان، ئىشىكلىرىگە نەقىش ئويۇلغان. دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان، تورۇسلىرىغا چاسا خا چىقىرىلغان ۋە رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. مېھراب ۋە پەشتاق مۇنارلىرى گەج ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارلار نىسبەتەن ئاددىي ياسالغان بولۇپ، پادىشاھ ۋە ئۆلىمالارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق پېشايۋانلارنى ياساپ، تۆت تەرىپىگە ياغاچ پەنجىرە ياكى رېشاتكا ئورنىتىپ توسۇپ قويۇش، كېسەك ياكى خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئالدىغا تۇغ - ئەلەم قاداپ قويۇش بىلەن چەكلەنگەن. مازارلارنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ئادەتلىرى شەكىللەنمىگەن. نەقىش - بېزەكلىرى ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، كاھىش، رەڭلىك سىزما نەقىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە باشلانغان ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۇزاق بىر مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ باردى. قاراخانىيلاردىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئوخشاشلا ھۆكۈمرانلار ۋە ئاۋام خەلقنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، زور كۈچ بىلەن قوللايدىغان بىر خىل ئېتىقاد

تۇسى ئالغان ھادىسە سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئېتىقادىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى قاراخانىيلار دەۋرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تۆۋەندە قاراخانىيلار دەۋرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ قۇرۇلمىسى، ياسىلىشى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

## ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىشى

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىدا ئۆي - ئىمارەتلەر ياغاچ قۇرۇلما، خىش - ياغاچ قۇرۇلما، خىش قۇرۇلما ۋە بۇ قۇرۇلمىلارغا ماس ھالدا ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق، گۈمبەز - ئەگمە تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسىلىش شەكلىگە ئىگە.

ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياساش ئىسلام بىناكارلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بىناكارلىق ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇنىڭدا لىم ۋە ھاراق ئۈستىگە ناۋا تارتىلىپ، جەگىنىڭ ئۈستىگە باسما قويۇلغاندىن كېيىن ۋاسا تىزىلغان. ۋاسىنىڭ ئۈستىگە بورا ئاندىن قومۇش - يېكەن سېلىپ، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسۇلى مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ياساشتا كەڭ قوللىنىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە مازارلارنى ياساشتىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، مازارنىڭ تۆت تەرىپىگە ياغاچ ۋادەك ۋە پەنجىرە ئورنىتىلغان، ئالدىغا تۇغ - ئەلەم قادالغان. خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز يۈزلۈك ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈزى تۆت چاسا، سەككىز تەرەپلىك ئىككى خىل بولۇپ، بۇرجىكىگە ئەگمە چىقىرىش ئارقىلىق يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەز ئەگمىسى بەلگىلىك گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇستەھكەم، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆركەم ياسالغان. تەكشى يۈزى نىسبەتەن چوڭ بولغان گۈمبەزنى ياساشتا، ئالدى بىلەن ئەگمە تۈۋرۈك ۋە مېھراب شەكىللىك ئەگمىلەر ئارقىلىق يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە قەپەزمەك چىقىرىلغان، تۆت بۇرجىكىگە مۇنار ياسالغان بولۇپ، ئېگىز دەرۋازا پەشتىقى، گۈمبەز، چوڭ ـ كىچىك مۇنارلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ، گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلغان.

ئىمارەتلەرنى لايىھەلەشتە ئەمەلىي رولى، قۇرۇلما ۋە ياسىلىش سەنئىتىنىڭ بىرلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. قۇرۇلما جەھەتتىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق ياسىلىش شەكلىنىڭ كۆركەملىكى تېخىمۇ ئاشۇرۇلغان، پۈتۈن قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلغان ئايرىم قىسىملىرىنى ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى بارغانسېرى تەرەققىي قىلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرى بېشىغا كاللا مۇھەننەس شەرپە چىقىرىلغان، ئۈستىگە ناھالچە قويۇلغان، تورۇسقا چاسا خا چىقىرىلغان، ئىشىكلىرى دىلالىق ۋە ناۋا تارتىپ نەقىشلىك ياسالغان. ئىچكى ـ تاشقى تاملىرىغا ئەگمە تەكچە چىقىرىلغان، دېرىزىلىرىگە ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. دەرۋازا پەشتىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز چوڭ ئەگمە، ئىككى تەرىپىگە مۇنار ۋە ئەگمە تەكچە چىقىرىلغان. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى قۇرۇلما، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ بولغان مەسچىتلەرنى ياساشتا، خىش قۇرۇلما، گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە ياغاچ قۇرۇلما، ۋاسا جوپ، تۈز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان.

ئىمارەتلەرنى پۇختا ۋە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئىشىك، دېرىزە بېشى، گۈمبەز، مۇنار، پەشتاق ۋە دەرۋازا ئەگمىسى ئارىسىغا ياغاچ تارتما قويۇلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە تام ئارىلىقىغا تۈۋرۈك ئېلىنغان، تۆت تەرىپىگە ھاراق قويۇپ، لىم بىلەن چېتىشتۇرۇلغان. گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ تۆت بۇرجىكىگە چىقىرىلغان مۇنارلار ۋە چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارلارمۇ ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىش كۈچىنى

ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.
مۇنار ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ياسىلىش شەكلى ۋە ئەمەلىي رولىغا ئاساسەن پەشتاق مۇنارى، مەنزىرە مۇنارى ۋە خاتىرە مۇنارى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. پەشتاق مۇنارى ئەزان ئېيتىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئىچىدىكى پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. مەنزىرە مۇنارى مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ۋە ئاساسلىق ئىمارەتنىڭ تۆت تەرىپىگە ياسالغان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇلما جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. خاتىرە مۇنار قۇرۇلما جەھەتتە مۇستەھكەم، ياسىلىش شەكلى كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەقىش - بېزەكلىرى مول بولۇپ، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

### تۆت - ئىمارەتلەرنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرىيال ۋە ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياغاچ ئويما نەقىش، خىش ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش، رەڭلىك سىزما نەقىش قاتارلىق 10 نەچچە خىلغا بۆلۈنگەن. ياغاچ قۇرۇلما ئىمارەتلەردە ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە گەج ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش، خىش تىزما نەقىش، كاھىش ئاساس قىلىنغان، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشتە ھەر خىل نەقىش - بېزەك شەكىللىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جانلىق بىر تەرەپ قىلىنغان. چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىشىك، دېرىزە، مېھراب، تەكچە، تۈۋرۈك، هاراق، جەگە، تورۇستىكى چاسا خا، تۈگىلۈك قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى نىسبەتەن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆركەم ۋە نەپىس ئىشلەنگەن:

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش - بېزەكلىرى ئاساسەن گېئومېتىرىيەلىك نەقىش ۋە گۈل - گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غۇنچە - مېۋىلىرى، غول - يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ياكى گۈزەللەشتۈرۈلگەن شەكلى بولۇپ، ئىجادىي ھالدا ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋە تېخىمۇ بېيىتىلگەن نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار بىر - بىرى بىلەن ئۆز رېتى بويىچە باغلانغان. نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ يۇملاق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، رومبا شەكىلدە مۇستەقىل بىر نەقىش بولۇپ شەكىللەنگەن. نەقىشلەرنىڭ زىچ - شالاڭلىقى، ئاددىي ۋە مۇرەككەپلىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئارقىمۇئارقا ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزگىرىشچان ھەم بىر پۈتۈن نەقىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېلېمېنتلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، ئانار، سۇخەر، يازا، كۆرگۈل، زەنجىر، توقۇناق، شەددە، پىلتە، ناۋا، ئېسىلما، كەكلىك قېشى قاتارلىق بىرنەچچە ئون خىلغا ئايرىلغان. نەقىشلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان شەكىللەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئاساسەن كۈپۈشەك نەقىش، مېھرابچە نەقىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە بىناكارلىق گۈزەل سەنئەت تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نەقىشلەرنى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىمۇ ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تەكشى يۈزلۈك سىزما نەقىش ۋە تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىش كۆپرەك قوللىنىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەقىش - بېزەك سەنئىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان ۋە تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش - بېزەكلىرىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۆركەم ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلىتىلىش قىممىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مازار چوڭ

دەرۋازىسى، روزى مەرىكىسى، قەبرىسى، مۇنار ۋە پەنجىرىلىرىگە ياسالغان ۋاقتى، بېغىشلىما ۋە قۇرئان ئايەتلىرى ھۆسنخەت ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان پاكى ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز نەقىش-بېزەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىمارەتكە نىسبەتەن قويۇق دىنىي تۈس كىرگۈزگەن. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى زىننەتلەشتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى مەسچىتنىڭ مېھراب، تەكچە، چاسا خا تورۇس، تۈۋرۈك، لىم، هاراق، جەگىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يېشىل رەڭ، قىزىل رەڭ، بىنەپشە رەڭ، جىگەر رەڭ، هال رەڭ، زەڭگەر رەڭ قاتارلىق ئوچۇق ۋە ئىللىق رەڭلەر كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. نەقىش - بېزەكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جانلىق، ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتى يۇقىرى، شەكلى كۆركەم ھەم نەپىس، رەڭ سېلىشتۇرمىسى ئېنىق ۋە كۈچلۈك، جەلپكارلىققا ئىگە بولۇپ، كىشىگە بەدىئىي زوق، مەنىۋى ئوزۇق ۋە ھوزۇر - ئىپتىخار بەخش ئېتىدۇ[1].

## ئۈچىنچى، قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش تېخنىكىسى

قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان مۇزىكىچىلىقىغا ئائىت تارىخىي ئۇچۇرلار يوق دېيەرلىك. ئۇنى پەقەت قەشقەر رايونىدىكى بىر قىسىم قىيا تاش رەسىملىرى، بۇددىزم مىڭئۆي خارابىلىرى ۋە يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىچىدىكى مۇزىكا سەنئىتىگە ئائىت ئوبرازلاردىن قىياس قىلىش مۇمكىن. بۇنداق ئوبرازلىق رەسىملەر ۋە قېزىلما بۇيۇملار ئارىسىدا سىلىقلانغان تاش (چاق - چۇق)، بۇرغا (هايۋان مۈڭگۈزىدىن ئىشلەنگەن جەڭ بۇرغىسى)، قوۋۇز، جەڭ دۇمبىقى،

[1] ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 1- سان، 41 — 43- بەتلەر.

ئىسقىرت، كامانچە...... قاتارلىق چالغۇلار ئۇچرايدۇ.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى بولۇپ كەلگەن. قەشقەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ تەرەققىي قىلىشى قەشقەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، قەشقەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش تېخنىكىسى ئۇيغۇر قول ھۈنەر - سەنئىتى خەزىنىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قەشقەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە نەي، سۇناي، كاناي، ساتار، غىجەك، خۇشتار، راۋاب، تەمبۇر، دۇتار، قالۇن، ناغرا، داپ، ساپايى، قوشۇق، تاش قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

## 2. قەشقەردە قەدىمكى تېبابەتچىلىك

### 1. قەشقەرنىڭ ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكى

قەدىمدىن بېرى ئىنسانلارنى ئەڭ ۋەھىمىگە سالغان، ئازابلىغان، ئىلاجسىز قالدۇرغان، ھەتتا ھازىرمۇ مەلۇم ساھەلەردە ئىلاج بولمايۋاتقان نەرسە ئىنسان تېنىدىكى كېسەللىكتۇر. شۇ سەۋەبتىن، شامان باخشى-پېرىخونلىرىنىڭ تۇرلۇك سېھىرگەرلىكلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكىل-لىرىدىن بىرى داۋالاش ساھەسىدىكى سېھىرگەرلىكتۇر. ئەڭ بۇرۇنقى باخشى - داخان سېھىرگەرلەرنىڭ تېۋىپلار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنــ-لەشتۇرۇشكە بولىدۇ. بۇ ئەھۋال تارىخىي ئەسەرلەردە ۋە ھازىرقى رېئال سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىدە ئىسپاتلانغان ۋە ئىسپاتلانماقتا. داۋالاش پائالىيىتى پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىگە تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما سېھىرگەرلىك ساقلانغان ۋە ياكى ئەۋج ئالغان رايونلاردا، مىللەتلەردە ياكى جىن - ئەرۋاھلارغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا، داۋالاش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ھامان شامان باخشى - داخانلىرىنىڭ سېھىرگەرلىكى تەشكىل قىلىدۇ، تېۋىپلار سېھىرگەرلەرگە، دورا سېھىرگە بويسۇندۇرۇلىدۇ. پېرىخون، باخشى، شامان، قام، جىنكەش، داخانلار

پەقەت سېھرگەرلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماھارەتلىك تېۋىپلار ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قەدىمدىن بۇيان، مەيلى قايسى مىللەت ياكى خەلقتە بولسۇن، سېھرگەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى دەل كېسەللىكلەرگە ئىلاج قىلىش بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىكى ئەھۋاللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە تىلغا ئالغان «قام» ئىبارىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 10 — 11 ـ ئەسىرلەردىمۇ ئاتاچى (تېۋىپ) سۆزى بىلەن بىر قاتاردا «داخان»، «پېرىخون»، «ھېكىم» مەنىلىرىدە قوللىنىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «قام» ئىبارىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىرقانچە مەنىدە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۇچرايدۇ.

قەشقەردىكى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ شامانىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ ئىپادىسى بولغان پېرە ئويناش، دۇئا ئوقۇش، كەتمەن يېقىش، قاز قىلىش، قورچاق ۋە تىلتۇمار ياساش، كۆچۈرۈش، ئاچلاش، ئۇ كۆچۈرۈش، چاچراتقۇ سېلىش، ياندۇرۇش، جىن ـ ئەرۋاھلارنى قوغلاش، داپ بىلەن ئورۇنلانغان چوگراق كۆلەمدىكى دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇش...... قاتارلىق كېسەل داۋالاش ئادەتلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى شامان باخشى ـ پېرىخونلىرىغا دائىر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن ھەر خىل ئەپسانە ـ رىۋايەت، ھېكمەت ـ چۆچەكلەر شامانىزم دەۋرىدىن تاكى بۇددا، مانى، ئاتەشپەرەسلىك، ھەتتا ئىسلام ئېتىقادىغا ئۆزىنىڭ روھانىيەت شولىسىنى چۈشۈرمەي قويمىغان. يۇقىرىدىكى شامانىزم دەۋرىدىكى شامانچە كېسەل داۋالايدىغان ئادەتلەر تېخى يېقىنقى يىللارغىچە تەكلىماكان چۆرىسىدىكى بوستانلىق ۋادىلاردا ئەل ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

مەخسۇس ئىنسان مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۇقىرىدا تۈرلۈك نامدىكى تەگرى ـ مۇئەككەللەر، تۆۋەندە ھەر خىل ياخشى ـ يامان جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ۋاستىچى — شامان باخشى ـ پېرىخونلىرىنىڭ ئادەملەر بىلەن جىن ـ ئالۋاستىلار ئارىسىدىكى پائالىيىتى ئاساسەن روھىي (مەنىۋى) جەھەتتىن كېسەل داۋالاشنى

ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان. مەسىلەن، شامان باخشىلىرى ئىسمى ئاتالغان مەلۇم كىشى (كېسەل، موھتاج......) گە قايسى جىن - ئالۋاستىنىڭ، ھەتتا يامان ئەرۋاھنىڭ چېپىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۇنى قارغاش، ياخشى ياكى قۇدرەتلىكرەك باشقا روھلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، جاھىل جىن - ئالۋاستىغا قارشى ئەپسۇن ئوقۇپ، قورال كۆرسىتىپ، ئوت چېچىپ، سېھىرگەرلىك قىلىش؛ ئۇزاقتىكى روھلار دۇنياسىغا ئەۋەتىش؛ ماكانسىز ۋە ئىگىسىز قالغان روھلارنى تاختىدىن ياسالغان سۈرەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ تۇغۇت، نومۇس ۋە گۈزەللىك تەڭرىسى «ئايزىت» قا دۇئالار ئوقۇپ تۇغۇتنى يەڭگىللىتىش؛ باشقا كېسەلدىن كېلىپ چاپلىشىۋالغان يامان روھنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئورۇنلىغان.

شامان باخشىسىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى نوقۇل ئىبادەت ۋە تىلاۋەت بىلەن، روھىي ۋەزمىنلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي ئىستىقامەت بىلەن چەكلەنمىگەن. ئۇ بىر قاتار دىيالوگ، مونولوگ ۋە دىراماتىك پائالىيەتلەر بىلەن ئىپتىدائىي دىراماتىك سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ قوللىرىغا خەنجەر، چاچراتقۇ ئوت، داپ ۋە جىگراتقۇ (ساپايى) ئېلىپ، سۆزلەپ - سوراپ، ناخشىلار ئوقۇپ، پېرە ئويناپ، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭىنىلا ئەمەس، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىمۇ قانائەتلەندۈرۈپ، كۆڭۈل ئازادىلىك ھاسىل قىلغان.

شامان دىنى شىپاگەرلىكى (تېبابەتچىلىكى) ھەر تۈرلۈك يامان سۈپەتلىك كېسەللىكلەرنى، جۈملىدىن «سىرلىق تەبىئەت» نى ئىلاھلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىنى ئىلاھلاشتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مۇنداق سېھرىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان شامان ئەم - ئىرىم شىپاگەرلىك پائالىيىتى ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئېڭى ۋە ئېتىقادى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى ۋە كىشىلەرنىڭ تونۇش سەۋىيەسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئەينى ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى

سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار تەبىئەتنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۇنيامۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل كۈچ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىشلەپچىقىرىشقا، جەمئىيەتكە، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خەۋپ - خەتەر ھەم ھەر خىل كېسەللىكلەرنى، جۈملىدىن يامان سۈپەتلىك روھىي ئاغرىقلارنى پەيدا قىلىدۇ دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ۋە ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسىمۇ سېھرىي ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنىۋى ئاساس بولدى. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەپەككۇردىكى ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا بىلەن ئۇنىڭ سىرتىدىكى رېئاللىق (تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ) ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، بەلكى تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان نەرسىمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر دېگەن قاراش كىشىلەر ئېڭىغا سىڭدى. ئۇلار ئەنە شۇ «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ» كە سېغىنىش، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق غەيرىي تەبىئەت كۈچلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىيالىدا سېھرىگەرلىكنى ئىجاد قىلدى، نەتىجىدە سېھرىگەرلىك ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ» تىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى بىر خىل تېخنىكىسى ۋە ئارزۇسى بولۇپ قالدى.

دېمەك، سېھرىگەرلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قارىشىچە، سېھرىلەشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، سېھرىي كۈچمۇ چەكسىزدۇر. ئادەمنىڭ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشى، ئۆلۈشى، بەختكە ئېرىشىش ياكى بەختسىزلىككە ئۇچرىشى، ئوۋنىڭ نەتىجىلىك بولۇش - بولماسلىقى، ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆكلىشى ياكى قۇرۇپ كېتىشى،

قسقىسى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە پەيدا بولىدىغان بارلىق ئۇگۇشلۇق ياكى ئۇگۇشسىزلىقلارنىڭ، خۇشاللىق ياكى قايغۇلۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سېھىر رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇنى پەقەت سېھىرگەرلىك يولى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق سېھىرلەش كۈچى شامانغا، باخشى، داخان، رەمبال، پېرىخونلارغىلا مەنسۇپ. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا بۇنداق سېھىرگەرلەر ئىنتايىن سىرلىق ۋە تىلسىملىق بولىدۇ، ئۇلار ئەنە شۇ «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ» لەرنى بويسۇندۇرغۇچىلار، ياخشى ۋە يامان روھلار (ئەرۋاھلار) نى باشقۇرغۇچىلار ھېسابلىناتتى.

شامانىزم ئەم - ئىرىم شىپاگەرلىكىدە ئىنسانغا يۇقىدىغان كېسەللىكلەر، كېسەللىكنىڭ يۇقۇش، پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، باخشى، جىنكەش، پېرىخونلارنىڭ نامى (تۈرى) ۋە ئۇلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) پىرە ئوينىتىش؛ (2) قان قىلىش؛ (3) قورچاق ياساش؛ (4) ئاچلاش؛ (5) چاچراتقۇ سېلىش؛ (6) ياندۇرۇش؛ (7) ئوت كۆچۈرۈش؛ (8) تۆزلاندۇرۇش؛ (9) يىرىك تىلەش؛ (10) كۆچۈرۈش؛ (11) تاماق بېرىش؛ (12) ئىسرىق سېلىش.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 12 خىل سېھىرىي داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن باشقا يەنە ھەربىر پېرىخون ياكى داخان بىمارلارنىڭ دۇمبىسىگە دەسسەش، ئۇچىسىنى مۇجۇپ ئۇۋۇلاش، رېماتىزم بولغۇچىنىڭ پۇتىنى قىزىتىلغان كەتمەنگە يېقىش، ئاللىقانداق بىر يەرلەردىن يەتتە بۇلاق سۈيى، يەتتە دەريا سۈيى تېپىپ، يەنە ئاللىقانداق غەلىتە نەرسىلەرگە قاچىلاپ قاينىتىپ، مەلۇم پەرھىزلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا ئىچىشكە بۇيرۇشتىن باشقا يەنە ياندۇرۇق ئوقۇش، ئاچلاش، چاچراتقۇ سېلىش، كەتمەن بېسىش، تىلتۇمار ئېسىش، روھىي كېسەللىكلەرگە پال سېلىش، پەرھىز تۇتۇش، ياداتاشقا ئوقۇش، بىرەر نەرسىگە ئوقۇپ بەند قىلىش، كۆمۈش، ئېقىتىش، كۆيدۈرۈش، چۆلگە قوغلاش، نەرسە ياكى ھايۋانغا كۆچۈرۈش، مۇداپىئە تىلتۇمارى يېزىش قاتارلىق نەچچە ئون خىل

ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالىغان بولۇپ، بۇ شۇ زاماننىڭ ئۆزىگە خاس يۇقىرى سەۋىيەلىك «تېببىي ئىلىم - پېنى» ئىدى. كىشىلەر سېھىرنىڭ كۈچى بىلەن كېسەل داۋالاشنى بىلىدىغان بۇ كىشىلەرنى «تەبىئەتتىن تاشقىرى روھ (ئىلاھ) نىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەلچىسى» دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىشقان، يالۋۇرغان، يېلىنغان، داد - پەرياد چەككەن، ئارزۇ - ئۈمىد، نالە - پەرياد بىلەن بارلىق ئۈمىدىنى شۇلارغا باغلىغان.

شامان دىنىدىكى ئەم (ماددىي داۋالاش)، ئىرىم (روھىي داۋالاش) شىپاگەرلىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تېببىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئوت، ئىسرىق، دۇتلاش، ھورداش، كۆكگۈرتتە ئەملەش، چېچەك ئەملەش، داغماللاش، ئەتىر ئىشلىتىش، قان چېكىش، ئىلغا ئېلىش، تېرىگە ئېلىش، تەرلىتىش، ئىچىنى سۈردۈرۈش، پېرە ئوينىتىش، ئۇچۇقلاش، يوداش، ماسساژ قىلىپ تۇتۇش، تېڭىش، ھەتتا كىچىك ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىقلار شامان ئېتىقادىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تېبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى بولۇپ قالغانىدى. شامان دىنىنىڭ مۇنداق ئەم - ئىرىم شىپاگەرلىكى تېخى ھازىرغىچە خەلقىمىز تۇرمۇشىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلغىنى يوق. فولكلورلۇق ئېتنىك خاراكتېر ئالغان مۇنداق قەدىمىي ئادەتلەر شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ھېلىھەم مەۋجۇت.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان دەۋرمۇدەۋر شەكىللىنىپ، تولۇقلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ، سىستېمىلىشىپ ھازىرقى ئىلغار پەن - تېخنىكىغا ئىگە ھالەتكە كەلگەن شىنجاڭ تېبابەتچىلىكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، روھىيەت تۇرمۇشى ۋە پۈتكۈل تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇجەسسەم تارىخىي خەزىنىسى سۈپىتىدە ئۇلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنلار، دىنىي مەزھەپلەر بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنلىكى تارىخىي ھەقىقەتتۇر.

قەشقەردە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز نوقۇل روھىي داۋالاشنى ئاساس قىلىپلا قالماي، بەلكى ماددىي داۋالاشنىمۇ ئېلىپ

بارغان. مەسىلەن، شامان ئەم - ئىرىمچى شىپاگەرلىرى، تېۋىپلىرى بىمارنى مايلاش، قاقلاش، كۆيدۈرۈش، قان چېكىش، ئىلمە (خوخۇلا)، قىزىتىش، قۇمغا كۆمۈش، گىياھ سۈيىگە چىلاش، ھايۋان تېرىسىگە ئېلىش، ئۆتكە تېگىش، ئۇچۇقلاش، قۇستۇرۇش، تېگىمچىلىق، ئاددىي ئوپېراتسىيە ۋە موميا قىلىش، ئىچىدىن ئىچكۈزۈش، تېشىدىن سۈرتۈش قاتارلىق ماددىي داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان.

قىسقىسى، قەشقەرنىڭ ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكى قەدىمكى غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ قېنىدىن، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن، ئېتنىك مەدەنىيەت تېپىدىن، ئەڭ ئىپتىدائىي شىپاگەرلىك قاراشلىرىدىن، يەر (توپا - تۇپراق) ئېتىقادى، ھاۋا (شامال - نەپەس) ئېتىقادى، سۇ (دەريا - كۆل) ئېتىقادى، ئوت (قۇياش - يورۇقلۇق) ئېتىقادىدىن ئايرىدە بولغان. شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئەجدادلار ياراتقان تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فولكلور تىپى، روھىيەت قارىشى، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر خاھىشچانلىقى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا پەيدىنپەي بىر سىستېما ياراتقان يىراق مەنبە، ئۇزاق ئېقىم، چوڭقۇر يىلتىز ۋە كۆپ قاتلاملىق ئېتنولوگىيەلىك مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن.

## 2. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىكى

قەدىمكى ئىنسانلار ئۇزۇن ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ياۋايىلىق دەۋرى» (تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت دەۋرى) بىلەن خوشلىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يۇقىرى پەللە بولغان «مەدەنىيەتلىك دەۋر»گە قەدەم قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە كۈچەيدى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدا مەدەنىيلىشىشتىن ئىبارەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆي - پىكرى، ئالاقىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتى يېڭى شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولدى. ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا يېڭى جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ

ئاساسلىق ئاملى ۋە بەلگىسى بولۇپ، ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشنى باشتىن كەچۈردى. بۇنىڭ بىلەن، زامان ۋە ماكان چەكلىمىسى ئارقىلىق خىلمۇخىل يېزىق شەكىللىرى بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

قەشقەر قەدىمدە «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغاچقا، تارىختا غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۆۋرۈكىگە ئايلانغان. غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا غەرب ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۇچراشقان ھەمدە دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت — قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب - پارس مەدەنىيەتلىرى؛ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنلىرى؛ ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى — ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى شىنجاڭدا ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن بىرگە مەۋجۇت بولغان، كۆپ خىل يېزىق قوللىنىلغان ھالەت بارلىققا كەلگەن.

قەشقەردە ھازىرغىچە بايقالغان ۋە قوللىنىلغان قەدىمكى يېزىقلارنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي، دىنىي، تارىخ، ئەدەبىيات، قانۇن، تېبابەتچىلىك، تەقۋىمچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى شىنجاڭ — قەشقەردىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي مەدەنىيەت دەۋرى بىلەن خوشلاشقان ھەمدە يېزىق بەلگە قىلىنغان يېڭىچە مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان.

بۇددا دىنى غەربىي يۇرت (شىنجاڭ) قەشقەرگە تارقالغاندىن كېيىن، بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ئىدىيولوگىيەسىدە

زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئەينى دەۋردە شىنجاڭ بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدىكى مۇھىم ئۆتكەلگە ئايلىنىپ، ئېلىمىزدە بۇددىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى بىرقەدەر كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇپ، تاكى ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەنگە قەدەر 1000 يىل ۋاقىت ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەرنىڭ سەھىيە ـ تېبابەتچىلىك ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكنىڭ ئورنىنى بۇددىزم ئىدېئولوگىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغان يېڭىچە بىر تېبابەتچىلىك ئىلمى ئىگىلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تېبابەتچىلىك ئىشلىرى يېزىق بەلگە قىلىنغان ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت-لىك دەۋرگە قەدەم قويدى.

مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاۋاتلىشىشقا يۈزلەنگەن يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ — قەشقەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك جەھەتتىكى قويۇق مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش تارىخىدا كۆرۈنەرلىك مۇھىم بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك جەھەتتىكى بۇ مۇناسىۋەت جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا قىلغان سەپىرىدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى (چۈنكى غەربىي يۇرتلۇقلار يىپەك يولى ئېچىلىپ بولغۇچە ئاللىقاچانلا قاشقوۋۇق — يۇمىنگۇەن ئارقىلىق خېشى كارىدورى، ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇل دالاسى، ئورخۇن، سېلىنگا ۋادىلىرى ۋە شىمالدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى روشەن تارىخىي پاكىتتۇر). خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 87 — 140 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقىتلاردا چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن شەھىرى) دە مەخسۇس غەربىي دىيار دورا ماتېرىياللىرى بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان «جەنشى چەنجۈي» دورىخانىسى قۇرۇلغان. «دېھقانچىلىق پىرى تۈزگەن ئۆسۈملۈك دورىلار دەستۇرى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغلاردىن باشلاپلا زاراڭزا چېچىكى، سامساق،

ئۆزۈم، ئانار، زەرنەپ، نۆشۈدۈر، سەۋزە، سۆسەر تېرىسى، سەبرى، سۇغۇر تېرىسى، جىن شوخلا، مېغىز، رەۋەن، كامپورا، بۆكەن مۈڭگۈزى، بېدە، تەرخەمەك، كۈنجۈت، ياڭاق، پۇرچاق قاتارلىق نەچچە ئون خىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار غەربىي يۇرتتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلىغان ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ تېبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىپ ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 — 907- يىللار) دەۋرىدە شىنجاڭ- قەشقەرنىڭ تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرى خېلى يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنىدى. بۇ دەۋردە تاۋۇز تېرىش، تاۋۇز سۈيىدىن تېبابەتچىلىكتە دورا ئورنىدا پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى غەربىي يۇرتتىن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەنىدى. شۇ چاغدا يەنە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ۋە تېۋىپلىرى نۆشۈدۈر، يالتىراق زىمچە، كەھرىۋا، بۆكەن مۈڭگۈزى، قۇندۇز ئۇرۇقدىنى (قۇندۇز قەھرى) قاتارلىق دورىلارنى چاڭئەن ۋە لوياڭلاردىكى مۇقىم ئولتۇراقلىق ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئارقىلىق سېتىپ ناھايىتى نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەنىكەن. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بەزى داڭلىق دورىلىرى ۋە داۋالاش، دىياگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى شىنجاڭغا ۋە غەرب ئەللىرىگە كىرگەن. مەسىلەن، رەۋەن چىنى، دارچىن، چۆپچىن، كابابە چىن (كاۋۋېچىن)، مامىرانچىن، دىڭزىيا (كالا ئۆت تېشى — خەن سۇلالىسى يۇڭخې يىللىرىدا كەشىپ قىلىنغان) قاتارلىق دورا - دەرمەك ماتېرىياللىرى ۋە بەدەنگە لوڭقا، خەشەك قويۇپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭ ۋە غەرب ئەللىرىگە تارقالغان بولۇشى ئېھتىمال. سۈي سۇلالىسى (مىلادىيە 581 — 618- يىللار) ۋە تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 — 907- يىللار) دەۋرلىرىدە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا، مەدەنىيەت- ـەنئەت، تېبابەتچىلىك، دورا - دەرمەك جەھەتتىكى ئالاقىلىرى ـاھايىتى قويۇقلاشقان. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك، ـورىگەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان سۈي، تاڭ ئوردا ـۋىپلىرى ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ دىياگنوز قويۇش، داۋالاش، دورا ـسۈملۈكلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك

ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى رەتلەپ ۋە تۈرگە ئايرىپ «غەربىي دىيار ھۆكۈما - تېۋىپلىرىنىڭ رېتسېپلىرى 23 جىلد»، «غەربىي دىيار مەشھۇر تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق مۇھىم رېتسېپلىرى توپلىمى»، غەربىي دىيار دورا- رېتسېپلىرىنى ئاساس قىلغان «ھەممە يۇرتلاردىن توپلانغان رېتسېپلار 2600 جىلد» قاتارلىق مۇھىم رېتسېپلار توپلاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ بۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ قىممەتلىك تېببىي ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئېھتىمال سۇي سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ، كېيىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن (بۇ تېببىي ئەسەرلەر ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ شۇ دەۋرلەردە ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن غەربىي دىيارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئالماشتۇرۇشلىرىنىڭ بىرقەدەر قويۇق ئالاقىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تارىخشۇناس شاڭ دا ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» دېگەن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن بىلەن لوياڭدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار 2000 — 3000 دىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، سەنئەت ئۇستازلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، دىپلوماتىيە خادىملىرى، مۇدەررىس، ئۆلىمالىرى، رەسسام ئۇستازلىرى، تەرجىمانلىرى قاتارلىقلار بولسا، يەنە بىر قىسمىلىرى سودىگەرلەر، تېۋىپ - دورىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە مەيخانا غوجايىنلىرى بولغان. ئەينى دەۋردىكى چاڭئەن شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرى ھېسابلانغان شەرقىي گۈزەر بازىرى بىلەن غەربىي گۈزەر بازىرىدا ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئاچقان ئاشپۇزۇللار، مەيخانىلار، بەزمىخانىلار، شورپا دۇكانلىرى، شىپاخانا (ئۇيغۇر دوختۇرخانىسى) ۋە دورا - دەرمەك دۇكانلىرى قاتارلىقلار بولغان. جاۋ رۇشى يازغان «تەۋە ئەللەر تەزكىرىسى» ناملىق كىتاب بىلەن جىڭ سەن يازغان «غۇزلار دورا ئۈسۈملۈكلىرى» ۋە 659- يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئېلان قىلغان

«يېڭى دورا ئۈسۈملۈكلىرى» قاتارلىقلاردا غەربىي دىياردىن كەلگەن مۇھىم دورىلاردىن: مەستىكى، مۇرمەككە، پالما يېلىمى، قەلەمپۇر، شاتارى چېچىكى، ئەتىرگۈل سۈيى، سۇخى شىرىن، مىشە سائىلە، موزا، سەبرە، قۇستى شىرىن، بىخ مارجان، داندان، مەرۋايىت، ئازور بەدەخشانى، قۇندۇز قەھرى، توغرىغا قانقىلى، قاراشەھەر كۆك تۈزى، نۆشۈدۈر، قۇرۇم ھىڭى، ئاق قىچا ئۇرۇقى، نوقۇت، تۇرك قۇچقۇچىسى قاتارلىقلار ئېنىق تونۇشتۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى تېۋىپلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى مۇھىم رېتسېپلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈزگەن «تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ مۇھىم رېتسېپلىرى» دېگەن توپلامدا زەھەرلىك ئىششىقنى داۋالاش ئۈچۈن بەدىيان سۈيىنى سىقىپ ئىچىپ، قالدۇقىنى ئىششىق جايغا چاپلاش تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ رېتسېپ ئۈنۈم بەرگەندىن كېيىن غەربىي يۇرت ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپلىرىغا ۋە دورا-دەرمەكلىرىگە تېخىمۇ قىزىقىش پەيدا بولغان. تاڭ سۇلالىسى تېۋىپلىرى تەرىپىدىن رەتلەپ تۈزۈلگەن «بىباھا شىپالىق رېتسېپلىرى» ناملىق 15 جىلدلىق كىتابتا «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخش شەربىتى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن شىپالىق ھەم قىممەتلىك بىر خىل دورىسىنىڭ بارلىقى، بۇ دورا ئىچى قىزىش، پالەچلىك، كېكەچلىك، ئېغىز مايماقلىشىپ قېلىش، تۆت ئەزا ھالسىزلىنىش قاتارلىق زەئىپلىك كېسىلىنى داۋالايدىغان بىر خىل «ماددەتۇلھايات» ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن ھەم ئۇنىڭ چاكانىدا، زەنجىۋىل، يەر مەدىكى، سىڭگىرتاش، ئۆرۈك مېغىزى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، كەۋرەك، چوغلۇقتىن ئىبارەت ئوت - چۆپ دورىلاردىن تۈزۈلگەن رېتسېپ ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دورا - دەرمەك ماتېرىياللىرى سودىسى راسا گۈللەنگەن ھەم دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. ئۇيغۇر دورا سودىگەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب ئەللىرىگە ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغاندىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ ناھايىتى كۆپلەپ بارغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. خوتەن تەزكىرىسى»، «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقلىرى توپلىمى» قاتارلىقلاردا ئۇيغۇر دورا - دەرمەك سودىگەرلىر-

نىڭ كەيفېڭ قاتارلىق جايلارغا ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدىغانلىقى، بەزى سودىگەرلەر بىر قېتىمدىلا 10 — 20 مىڭ جىڭ دورا - دەرمەك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە سالاقىت، يەرلىك مامىران، توغرىغا، مەستىكى رۇمى، قۇستى شېرىن، ئىپار، نۈشۈدۈر، قۇندۇز قەھرى، بۆكەن مۈڭگۈزى، كەھرىۋا، بورمىق، زاراگزا چېچىكى، گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر، ئېگىر، توشقان زەدىكى، ئورگىنەك (ئەنجىبار)، ھىلىڭ، ھېلىلە، سىماب، سىر - سۇرۇخ ۋە خوتەن مەيزىپى، دورىلىق ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىق نەچچە ئون خىل دورا - دەرمەكلەر تىلغا ئېلىنغان. «ئاسايىش جاھان خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا، 958- يىلى غەربىي يۇرتتىن كەيفېڭغا 115 شىشە قىزىلگۈل ئەتىرى كەلگەنلىكى، شىشىلەرنىڭ ئاغزى موملانغان بولۇپ، چېچىلسا پۇرىقى ئون نەچچە كۈن كەتمەيدىغانلىقى يېزىلغان. 1077- يىلى 12- ئاينىڭ 27- كۈنى خوتەن ئەلچىسى ئۆتاس بىلەن نانساغۇن ئىككىسىلا 31 مىڭ جىڭ مەستىكى شېرىننى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئېلىپ بارغانىكەن.

### 3. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىكى

شىنجاڭنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساسىي بەلگە قىلدى ۋە شۇ ئاساستا 1000 يىلدىن كۆپرەك ئۇزاق تارىخ مۇساپىسىدە تەرەققىي قىلدى.

قاراخانىيلار دەۋرى شىنجاڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەر ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا تۇرغانىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا ئومۇملىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شۇ دەۋردە دۇنيادا ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت سانالغان ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراخانىيلار مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت

قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى شۇ دەۋردىكى ماتارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قاراخانىيلار ئۆز زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخان 955 ـ يىلى ئاتۇشتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى داۋاملاشتۇردى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن خانلار ئىچىدە مۇسا ئارسلانخان ئەڭ بىلىملىك سىياسەتچىلەردىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنلا، خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر بىلەن بالاساغۇندا خانلىقنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئاندىن يېڭى چېگرا رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تەرەققىياتى مۇھىم بىر يېڭى دەۋرنى شەكىللەندۈردى. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ فېئوداللىشىشنى ئورۇنلاپ، مەدەنىيەت ـ ماتارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بولۇپمۇ پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا يورەكلەپ ئېچىلغان قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدا تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەۋردە قاراخانىيلار خانلىقى تېبابەتچىلىك ــ مېدىتسىنا ماتارىپىغا تايىنىپ يۈزلەرچە داڭلىق ھۆكۈما، تېۋىپلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. بۇلاردىن

«ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەن ھەم «سارالىق ھەققىدە»، «ئەزالارنىڭ خىزمىتى ھەققىدە»، «روھ ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە»، «ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ھەققىدە»، «پىكىر قىلىش، ئەقىل - ئىدراك ۋە ئۇنىڭ تاكامۇللىشىشى»، «ھۆكۈمالارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە» قاتارلىق مۇھىم تېبىي ئەسەرلەر (جەمئىي 160 خىلغا يېقىن كىتاب) نى يازغان ئۇلۇغ ئالىم فارابى (870 — 950)؛ 10 - ئەسىردە قەشقەردە يېتىشىپ چىقىپ «مەدرىسەئى ساچىيە» دە مېدىتسىنا پەنلىرى مۇدەررىسى (پىروفېسسورى) بولغان ھەم ئىبن سىنانىڭ تېبىي تەلىماتلىرىنى خەلققە تونۇتقان ئۇيغۇر تېبىي ئالىمى ئىمادۇددىن كاشغەرىي؛ ئىمادۇددىن كاشغەرىينىڭ داڭلىق شاگىرتلىرىدىن بولغان مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى كاشغەرىي؛ مەشھۇر ئالىم، تارىخشۇناس ھەم تېبىي پەنلەر ئۇستازى ئوبۇل فەيزى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەيىن بەيھەقى (996 — 1039) قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولغانىدى. ئۆز دەۋرىدە يەنە بۈيۈك ئالىملاردىن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىيلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى، تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ساھەسىدىكى بىلىم - قاراشلىرى ئارقىلىق قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

ئىمادۇددىن كاشغەرىي سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم ۋە تېۋىپتۇر. ئىمادۇددىن كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن، ئۇنىڭ 10 - ئەسىردە قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى شەك - شۈبھىسىزدۇر. ئۇ ئۆز زامانىسىدا داڭ چىقارغان جەمالىددىن كاشغەرىي قاتارلىق كاتتا ئالىملاردىن تەلىم ئېلىپ، مۇكەممەل ئىلىم تەھسىل قىلىپ كامالەتكە يېتىش بىلەنلا قالماي، تېبابەت ئىلمى ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاخىر مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ يېتىشكەن ھەمدە بىر تەرەپتىن تېبابەت ئىلمى

بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن «مەدرىسەئى ساچىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلىپ، مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى كاشغەرىي، 30 تومدىن ئارتۇق ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى مەشھۇر ئالىم ۋە تارىخشۇناس ئوبۇل فەيزى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەيىن بەيھەقى (996 — 1039) گە ئوخشاش نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئالىمنىڭ ئىلمىي ھاياتىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تەرىپى ئۇنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تىبابەت ئىلمىگە بېغىشلىغان ئالىم ئىمادۇددىن كاشغەرىي ئىلىم تەھسىل قىلىش، مۇتالىئە قىلىش، مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەنلا قالماي، ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ «ئەقسائىل ئۇلۇم»، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ «ھېكمەتۇل ئەلا»، ئابابەكرى مۇھەممەد رازىنىڭ «كىتابۇش شاھ»، «كىتابۇل ھاۋايى»، «دائىرەتۇل مەئارىپ تېببىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى شەرق ئەللىرى خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەرەب، ئىران، يۇنان تېۋىپلىرىگە ئىلگىرى مەلۇم بولمىغان، پەقەت ئېلىمىزدىن چىقىدىغان جۇڭگىي تىبابىتىدىن ئۇيغۇر تىبابىتىگە قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلىۋاتقان دورا ئۆسۈملۈكى چۆپچىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، شىپالىق ئۈنۈمى، قايسى خىل كېسەللىكلەر ئىشلىتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ نۇسخىلىرى توغرىسىدا «رىسالەئى چۆپچىنى» ناملىق بىر كىتابچە يېزىپ، شەرق، غەرب تىبابەتچىلىكى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىغا ھەسسە قوشقاندىن تاشقىرى، «مەدرىسەئى ساچىيە»دە ئوقۇتۇش قوللانما دەستۇرى قىلىپ كېلىۋاتقان ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن فى تىبب» ناملىق نادىر ئەسىرىگە ئەتراپلىق ئىزاھ بېرىپ شەرھلەش مەقسىتىدە «شەرھىي ئەلقانۇن»، «شەرھىي شىپا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئالىم «شەرھىي ئەلقانۇن» ناملىق ئەسىرىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىمادۇددىن كاشغەرىينى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن تىبابەت ئىلمى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغان.

ئىمادۇددىن كاشغەرىي شاگىرت تەربىيەلەشكە، نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بىرىپلا قالماي، داۋالاش ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىمارلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كۈچلۈك كەسپىي پەزىلەتكە ئىگە ھۆكۈما بولغانلىقتىن، سۇنۇق بۇغراخانىمۇ ئۆزى يولۇقتۇرغان بەزى ئېغىر كېسەللەرنى ئۇنىڭغا داۋالاشقا ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقى، تېبىبىي ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقى، جەڭدە يارىلانغانلارنىمۇ ئۇنىڭغا داۋالاتقانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمادۇددىن كاشغەرىي ئوپېراتسىيەگىمۇ ئۇستا بولۇپ، جەڭدە يارىلانغان بەزى كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ قۇتۇلدۇرغان. شۇ مەزگىلدە بىر بىمارنىڭ دۈمبىسىگە تۆمۈر پارچىسى كىرىپ كەتكەن. ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ، ئەسۋاب ئەكېلىشكە ئۈلگۈرمەي چىشلەپ ئېلىش جەريانىدا ئىمادۇددىننىڭ ئىككى چىشى سۇنۇپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭ يۈكسەك كەسپچانلىقىدىن تەسىرلىنىپ يەنە بىر قېتىم ئىنئام بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى كاشغەرىي 11- ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى. ئۇيغۇرلاردا تېبابەتچىلىك ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، كېسەللەرنى ئاۋۋال ئەمچى، ئاتاچى (تېۋىپ) لارغا كۆرسىتىپ داۋالاش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغاندى. ئەمچىلەرمۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئىلمىي ھۆكۈملىرى ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەر، مەدەنلەر ۋە ھايۋاناتتىن ياسىغان تۈرلۈك دورا-دەرمەكلەر بىلەن كېسەللەرنى داۋالايتتى. ئەللامە (ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى) دەپ ئاتالغان مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى كاشغەرىي ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئەنە شۇنداق كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزى شۇغۇللانغان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن ئېتى ئالا (ئاقكېسەل) نى بەدىيان ھارىقى بىلەن، جىنسىي زەئىپلىكنى مېھرىگىياھ بىلەن، زەفىل بەسە (كۆز خىرەلىشىش) نى ئارپىبەدىيان

(بەدىيان)، قارا كۆكتات ئۇرۇقلىرى بىلەن داۋالاپ ساقايتىدىغان خاسىيەتلىرىنى ئۆزىگە زامانداش ئالىملاردىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ زىكرىياغا تونۇشتۇرغان. ئۇ 1083 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان.

ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەركىزى شەھىرى يوتقان كەنتى (ھازىر بۇ يەر «ئەسكەنتى» يەنى كونا شەھەر دېيىلىدۇ) دە غوجا مۇھەممەد ئىسىملىك بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇ ۋاقىتتا خوتەن ۋىلايىتى ئىسلام دىنىنى يېڭى قوبۇل قىلىپ، قەشقەردىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىگە قارايتتى. مانا شۇ چاغدا ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىگە ئوخشاش ئىلىم تەلەپكارلىرى قەشقەر ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇپ دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدرىسەلەرنى ئېچىپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن ۋە ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» ناملىق ئەسىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، تېۋىپلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بۇ كىشى ئۆز ئەۋلادلىرىغىمۇ تېبابەت ئىلمىنى ئۆگەتكەن. ئۆز زامانىدا خوتەندە تېبابەت بىلە شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

ئەللامە ئالائىددىن شۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق «ئەلفىقھۇتتىببىيە» (تىببىي قانۇن) دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا تىببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىرنەچچە ماددىلىق قانۇن بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا يەنە يالغان تېۋىپلار ۋە باشقىلارنىڭ ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا بېكىتىلگەن. ئەپسۇسكى، ئەللامەنىڭ تارىخى، ئەللامە مازىرىنىڭ تەزكىرىسى ۋە ئۇنىڭ يازغان ئەسىرى «زۇبدەتۇل قاۋانىل ئىلاج» «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئەۋلادى ئاتاقلىق تېۋىپ تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن كىتابلار قاتارىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بۈيۈك نامايەندىگە ئايلانغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ماھىر تېۋىپ بولۇپ، تېبابەت ساھەسىدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئەمەلىي بىلىم ئىگىلىگەن. شۇڭا، مۇئەللىپنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نادىر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىككە ئائىت نۇرغۇن مەلۇماتلار بولۇپ، تېبابىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى بولغان تۆت ئامىل (ئاناسىر ئەربەئە)، تۆت كەيپىيات، تۆت خىل مىجەز، تۆت خىلىت، كېسەل بولۇشنىڭ، چۈش كۆرۈشنىڭ سەۋەبلىرى (خىلىتلار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن چۈشنىڭ مۇناسىۋىتى)، ئۇنى تۈزەشنىڭ تەدبىرلىرى، دورىلار، ھاراق ئىچىشنىڭ زىيانلىرى قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن، باھار پەسلىدە ياش كىشى چۈشىدە ھەممە يەرنى قىزىل، قوڭغۇر كۆرسە (6007- بېيىت) ئۇنىڭ قېنى ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدىن ئىبارەتتۇر، ئۇنىڭدىن قان ئېلىش لازىم (6008- بېيىت)؛ ياز پەسلىدە چۈش كۆرگۈچى يىگىت سېرىق، زەپىران، ھال رەڭلەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ سەپراسى ئېشىپ كەتكەندۇر، سۈرگە، تەرەنجۇبىل بېرىش كېرەك (6009-، 6010- بېيىت)؛ ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر كۈز پەسلىدە قۇدۇق، تاغ قاتارلىق قارا نەرسىلەرنى چۈشىسە، بۇ سەۋدا كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، مېڭىسىنى داۋالاش لازىم (6011-، 6012- بېيىت)؛ ياشانغان كىشىلەر قىش كۈنى ئاقار سۇ، يامغۇر، قار، مۆلدۈر چۈشىسە، بۇ ئۇنىڭدا بەلغەم غالىب بولغانلىقى ئالامىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسسىقلىق نەرسىلەرنى بېرىش لازىم (6013-، 6014- بېيىتلەر) دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، ئاسترونومىيە، ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدا تەڭداشسىز تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، بەلكى تېبابىتىمىزنىڭ قەدىمدىن مەۋجۇت بولغان نەزەرىيە ئاساسلىرى بويىچە تۆت چوڭ ماددا (تۆت تادۇ) ۋە كېسەللىكنىڭ سەۋەبى، كېسەل داۋالاشتا مىزاج تەڭشەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە چارىلىرى، بىر قىسىم دورا نامىلىرىنىمۇ بايان قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەلىماتلار تىبابىتىمىزدە ھازىر سۆزلىنىۋاتقان تۆت ئامىل (ئاناسىر ئەربەئە) مىزاج تەلىماتى سىتتەزۆرۈرىيە تەلىماتلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۇ، يەل، ئوت، تۇپراقتىن دۇنيا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ (143 ـ بېيىت)، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ۋە بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ (144 ـ بېيىت) دەپ كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك كېسەللىكنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىنى، تاماقنىڭ پاك بولۇشى لازىملىقىنى، تاماق يېيىش تەرتىپلىرىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، سالامەت بولۇش ئۈچۈن مىزاجنى تەڭشەشكە دىققەت قىلىش زۆرۈرلۈكىنى قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق مىسرالار بىلەن بايان قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھازىرغىچە تەپسىلىي يازما خاتىرىلىرى يوقلۇقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك بىلەن بىۋاستە شۇغۇللانغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ماتېرىيالغا ئىگە بولالمىساقمۇ، لېكىن تىبابەتنىڭ نەزەرىيەسى ۋە ساقلىقنى ساقلاش قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئۆلمەس تەلىماتلىرىغا ئاساسەن، ئۇنى تىبابەت بىلەن چوڭقۇر تونۇشلۇقى بار بۈيۈك ئالىم دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تىبابەتچىلىككە ئائىت مۇنداق بايانلارنى يازىدۇ:

(2887) پۈتۈن دورا ـ ئوتنى ئىدىشچى[①] تۇتار،
جۇۋارىش، يا مەجۇن، يا سۈرگە قاتار.

(2893) گىلىگنى كۆزەتسەڭ، بىشىڭ ساقلىنار،
يېسەڭ ئاشنى ئاز ـ ئاز، ئېغىزغا تېتار.

(4615) كېسەل گالدىن كىرەر، ئۇنى چىڭ كۆزەت،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز ـ ئاز يە پەقەت.

---

① ئىدىشچى ـــ ئىچىملىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، شارابدار.

(4616) كېتەر كۈچ ئەگەر قىلسا ئاغرىق ھۇجۇم،
ئۇنى ئەملەتمىسەڭ، ئالدىرىتار ئۆلۈم.

(4621) مىزاجغا ياققاننى بىلىپ يېگۈلۈك،
مىزاجغا ياقمىسا، ئۇنى قويغۇلۇق.

(4622) سوغۇقلۇقنى ئىچ، ئاشسا ئىسسىق ئەگەر،
سوغۇقلۇق ئەگەر ئاشسا ئىسسىق تۈزەر.

(4623) يېشىڭ ياش بولۇپ، ئۆمرۈڭ ئولسا باھار،
سوغۇقنى كۆپ ئىشلەت قېنىڭ سوۋۇتار.

(4624) يېشىڭ قىرىقتىن ئېشىپ، كۈن - ئاي بولسا كۈز،
ئىسسىق نەرسە بىرلە مىجەزىڭنى تۈز.

(4625) يېشىڭ بولسا ئاتمىش، ۋاقتىڭ بولسا قىش،
ئىسسىقلىق قىل، تۇتما سوغۇقلۇقنى ئىش.

(4626) قۇرۇق سوغۇق ئاشسا، ھۆل ئىسسىقنى تاپ،
بولۇر بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا جاۋاب.

(4627) ئېشىپ بۇ ھۆل سوغۇق گەر سالسا زىيان،
ئاڭا ئىسسىق قۇرۇق بىلەن قارشىلان.

(4631) نېمە دەيدۇ تېۋىپ، سۆزىن ئاڭلىغىن،
قوزام، مەنىسىگە ئەمەل ئەيلىگىن.

يۇقىرىقى بېيىتلەردىكى مەزمۇنلارنى تېبابىتىمىزنىڭ نەزەرىيەلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كامالەتكە يەتكەن

ھۆكۈما ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇنىڭدەك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزلىرى پەقەت 10- ، 11- ئەسىرلەردىكى تېبابەت نەزەرىيەسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماي، بەلكى نەچچە ئون ئەسىردىن بۇيان توپلانغان مىللىي تېبابىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە داۋالاش قانۇنىيەتلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈشكە تەبىر بېرىش ۋاستىسى بىلەن كېيىنكى بېيىتلىرىدە ئىزھار قىلىنغان تېببىي نەزەرىيەلىرىدە، ئەگەر پەسىل ئەتىياز بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى كىچىك بالا بولسا، ئۇ چۈشىدە قوڭغۇر ۋە قىزىل نەرسىلەرنى كۆپرەك كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ قېنىنىڭ ئۇشۇقلۇقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قان ئېلىش ئارقىلىق داۋالاش لازىملىقىنى بايان قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بولسا، كىچىك باللارنىڭ ئەسلىي مىجەزى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، قاندىن بولىدىغان كېسەللىكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئەگەر ياز پەسلى بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى يىگىتلىك قۇرامىدىكى ئادەم بولسا ۋە ئۇ چۈشىد سېرىق، زەپىران، قىزىل قاتارلىق رەڭلەردىكى نەرسىلەرنى كۆر- ئۇنىڭ سەپراسى ئاشقانلىقىنى، ئۇنىڭغا سىركە ۋە تەرەنجۇل قاتا- دورىلارنى بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بولسا، ياشلارنىڭ مىجەزى قۇرۇق ئىسسىق، شۇڭا تاماقلىرى ھۆل سوغۇق بولۇشى كېرەك؛ يازدا ھاۋا قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاش ئۈچۈن سۈرگە بېرىش، قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇق ئىسسىق چىقىرىۋېتىلىدۇ، دېيىلىدۇ. يۇقىرىدىكى قىسقىچە سېلىشتۇرما ئارقىلىق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بايان قىلغان تېبابەتچىلىك ئىلمى نەزەرىيە ئاساسلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى نەزەرىيە ئاساسلىرى بىلەن نەقەدەر ئوخشاشلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىيمۇ مەشھۇر تېۋىپلاردىن ئىدى.

مەھمۇد كاشغەري ياش ۋاقتلىرىدا قەشقەر مەدرىسەلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى، ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى ۋە گىراماتىكىسىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن. قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى تازا كېڭىيىپ تەسىر دائىرىسى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەرگىچە بارغاندا، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى سايامەت قىلغان ۋە شۇ زاماندىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلىرىنى ۋە قەبىلىلىرىنى ئايلىنىپ، ئۇ جايلاردىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ يەرلىك تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ماقال - تەمسىللىرىنى، ھەتتا يەرلىك تېبابەت - دورىگەرلىك ئىشلىرىنى ئالاھىدە قىزىقىپ ئۆگەنگەن ۋە توپلاپ تەتقىق قىلغان. 1072- يىلى يېزىپ تاماملىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن كىتابىدا ئەڭ قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن دورىلاردىن 150 خىل ئۆسۈملۈك، مەدەن ۋە ھايۋاندىن ئېلىنغان دورىلارنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە نامى يېزىلغان ۋە 50 خىلغا يېقىن كېسەللىكنىڭ نامى ۋە بىرقانچە رېتسېپلار كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدا مال دوختۇرلۇققا ئائىت سۆزلەرمۇ بار.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە يۈزلىگەن ھۆكۈما، تېۋىپلار مەيدانغا چىقىپ نۇرغۇن يامان كېسەللىكلەرگە داۋا تېپىپ، دورىگەرلىك، دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاپ ساقايتىش جەھەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى بىۋاستە ئەمەلىيەت، شۇنداقلا ئىچكى ئۆلكىلەر ھەم ئەرەب، ئىران تېبابەتچىلىكى ۋە دورا ماتېرىياللىرى سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇھىم ھەسسە قوشتى. شىنجاڭدىن چىقىدىغان ھەر خىل مۇھىم دورا - دەرمەك ماتېرىياللىرى، جۈملىدىن لاجىۋەر كاشغەرىي، سەداپ كاشغەرىي، ۋەج خوتەنى (خوتەن ئېگىرى)، خوتەن ئىپارى قاتارلىقلار شەرقىي رىم ۋە ئەرەب خەلىپىلىكلىرىدە دۇنياۋى شۆھرەت قازاندى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يېقىنقى 1000 يىللىق تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى ئىبنى سىنا (980 — 1037) نىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسىنى تىلغا

ئالىماي ئۆتەلمەيمىز. ئۇنىڭ تىببىي تەلىماتى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان كەڭ رايونلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان پەن ـ مەدەنىيىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىبن سىنا ئەرەب، پارس ۋە ھىندى تىۋىپلىرىنىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى داڭلىق ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى فارابى قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ تەلىماتلىرىنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن، كېيىن ئاناتومىيە (ئىلمى تەشرىھ)، فىزىيولوگىيە (ئىلمى ۋازىخولئەزا)، پاتولوگىيە (كېسەللىكلەر ئىلمى) ۋە شىپالىق دورىگەرلىك، ھېس سەھەت، تائامچىلىق قاتارلىق ساھەلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇ يەنە «دانىشنامە»، «مەنتەقىل ئەل مەشرىقى»، «كىتاب ئەششىفا»، «ئەلقانۇن فى تىب» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. «ئەلقانۇن فى تىب» (تىبابەتچىلىك قانۇنلىرى) ئۇنىڭ ئاساسلىق كىتابى بولۇپ، لاتىن تىلىدا 30 قېتىمدىن ئارتۇق بېسىلغانلىقى مەلۇم. بۇ كىتاب نەچچە يۈز يىل مابەينىدە شەرق ۋە غەرب مېدىتسىناسىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئىبن سىنا ياۋروپادا «شاھى تىبابەت» دەپ ئاتالغان.

ئىبن سىنا شېكەر سىيىش (دىيابېت) كېسەللىكىنى تۇنجى بولۇ تەتقىق قىلغان تىببىي ئالىم. ئۇ «ئەلقانۇن فى تىب» دېگەن مەشھۇ ئەسىرىدە تېز ـ تېز، كۆپ سىيىش، دائىم چاڭقاش، يۇتقۇنۇش، دەرمانـ سىزلىنىش، بەزىدە جىنگەرنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلارنى شېكەر سىيىش كېسەللىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بايان قىلغان. كېسەلنىڭ سۈيدۈكى پارغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ھەسەلدەك شېرىن، قويۇق ماددا قالىدىـ غانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى دورىغا قوشۇپ كۆملاچ قىلىشنى يولغا قويغان. ئۇ لوئىي پاستىر (1822 — 1895)دىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرىلا سىل، چاشقان يارىسى، قىزىل قاتارلىق يامان كېسەللىكلەرگە ئىنسان كۆرەلمەيدىغان ئۇششاق جاندار (جەراسىم)لار سەۋەبچى بولىدۇ دېگەن كۆزقاراشنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.

قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى تىبابەتچىلىكىدە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئالاھىدە بىر باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەكەن

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى جەريانىدا تېبابەتچىلىكتە ياراتقان مول تەجرىبىلىرىنى توپلاپ رەتلەش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قايتا ھاياتلىنىپ، زور دەرىجىدە يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى ھەمدە خانلىقنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازىنىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچتى.

ئىلمىي تېبابەت كۈچلىرىگە ھەم تېبابەتچىلىك خىزمەت ساھەلىرىگە بولغان ئېتىبارنى ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي تېببىي مۇئەسسەسە ۋە مۇلازىم تارماقلىرىنى قۇرۇش، كۈچەيتىش قاتارلىق تېببىي ساھەلەرنى خانلىقنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ساھەلىرى قاتارىدا تونۇشتەك بىر يۈرۈش ئىشلار جانلاندۇرۇلغان، شۇنداقلا تېگىشلىك تېببىي تەرتىپ-تۈزۈملەر تىكلەنگەن.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تېبابەتچىلىكنى قوللاش ۋە كۈچەيتىشتەك بۇ خىل ئاقىلانە سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، دۆلەت ياردەم بېرىدىغان مەدرىسە - مەكتەپلەر قۇرۇلغان. قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەردە شىپاخانا، دوختۇرخانا قاتارلىق سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش مۇئەسسەسەلىرى خېلى دەرىجىدە ئومۇملاشقانىدى. قەشقەر خانلىق مەدرىسە، يەكەن خانلىق مەدرىسە، رەشىدىيە مەدرىسەسى، يېشىل مەدرىسە...... قاتارلىق مەدرىسەلەردە مەخسۇس تېبابەت پەنلىرى ئۆگىتىلەتتى ۋە مۇدەررىسلىككە مەشھۇر تېببىي ئالىملار تەكلىپ قىلىنىپ، تېبابەت - دورىگەرلىك ئىلمىدىن لېكسىيە سۆزلىنەتتى. مەسىلەن، غوجا نۇرىددىن، ئابدۇۋاھىد زوھۇرى، شەمسىددىن ئەلى، مەۋلانا مۇھەممەد رازى قاتارلىق ھۆكۈمالار كىلىنىكىدا كېسەل كۆرگەندىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارغا تېبابەتچىلىكتىن دەرس ئۆتەتتى. بۇ مەدرىسەلەردە ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 — 1037) نىڭ «ئەلقانۇن فى تېب» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ ئىمادۇددىن كاشغەرىينىڭ «شەرھىي ئەلقانۇن»، «شەرھىي شىپا» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە شۇ زامانلاردا ئۆتكەن تېۋىپ مۇھەممەد ئەلى ئىمىن ياركەندىينىڭ «زىيائۇلقۇلۇب» (قەلب نۇرى) دېگەن ئەسىرى ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى قىلىنغانىدى. بۇ دەۋردە خانلىقتىكى

تېۋىپلار «ئەلقانۇن فى تىب» تىن ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش، دىياگنوز قويۇش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بۇ دەۋر تېبابەتچىلىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1590- يىللىرى ئەتراپىدا سەئىدىيەلەر ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان جايلاردىكى قانچە مىڭلىغان يېزا - بازار، چوڭ ساراي ۋە كىرىپ - چىقىش ئېغىزلىرىدا مەخسۇس تېبىبىيخانىلار، داۋالاش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، چەكلەش قاتارلىق قانۇنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان مۇنتىزىم تېببىي قاراۋۇلخانىلار ۋەزىپە ئۆتىگەن. بارلىق كەسپىي ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ ھەممىسىدە تېببىي شىپاگەرلەر تەق تۇرىدىغان ئاسايىشلىق ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرگەن. مۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئورۇن، مەبلەغ، مالىيە ۋە مۇلازىمەت جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدۇر.

سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدا تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، تېببىي دورىگەرلىك كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە جانلاندۇرۇلغان ھەم ب ساھەدە يېڭىدىن - يېڭى سەۋىيە يارىتىلغان. بۇ دەۋردە بەزگەك، پالەچ، قىزىتما، سۇلۇق ئۇششۇق ۋە زىققا كېسەللىكلىرىنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ ساقايتالىغان. بۇ توغرىدا مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ:

«...... سەئىدخان مەيخورلۇقى تۈپەيلىدىن تېنى ناھايىتى زەئىپلىشىپ، ئاخىر بەزگەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئۆمۈر بويى خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن مەۋلانا شىراز قابىلىيىتى ئەل ئىچىگە تونۇلغان، داۋالاش سەنئىتى كامالەتكە يەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ: ‹خانىنىڭ كېسەلى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە ئېھتىياجلىق› دېدى. تاغامنىڭ قەشقەردە قىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق: ...... كۈز (ياز) پەسلىدە كىلىمات ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئادەم بۇيرۇپ يەرگە بىر ئاز چىم بېسىتىپ، چىم ئۈستىگە سوغۇق سۇ چاچقۇزۇپ، ئاندىن يالىڭاچ ھالدا چىم ئۈستىدە ئۇخلىدى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن،

پالەچ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ گەپمۇ قىلالمايتتى، سەئىدخان موغۇلىستانغا قىلغان سەپىرىدىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. غوجا نۇرامۇ ئەنجاندىن بۇ يەرگە كەلدى...... (ئەتراپىدىكىلەرگە) ...... تەمسىل كەلتۈرۈپ: «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، دوختۇر ئۆزى كېلىدۇ» دېدى. بۇ سۆز تاغامنىڭ تەقدىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. غوجا نۇرا ئۇنى شەخسەن ئۆزى داۋالىدى...... سەپەر ئۈستىدە تاغام قىزىتما بولۇپ قالدى ھەممىدە سۇلۇق ئىششىق، زىققا ۋە بەزگەك كېسەللىرىگە گىرىپتار بولدى. شۇڭلاشقا، دىياگنوز قويغىلى كەلگەن تېۋىپلار، مەسىلەن غوجا نۇرىددىن، ئابدۇۋاھىد زوھۇرى، ھاجى شەمسىددىن ئەلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامالسىز قالدى. ئەڭ ئاخىرى كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. بۇ ۋاقىتتا غوجا نۇرا تۇرپاندىن يېتىپ كەلدى...... تاغام بىرنەچچە مىنۇتتا بىر قېتىم ھوشىدىن كەتتى. بۇ دانىشمەن تاغامنى داۋالاشقا باشلىۋىدى، كېسەل كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كەتتى......»

بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كۈچلۈك ھىمايىچىسى بولغانلىقتىن، باشقا ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تېۋىپلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەخسۇس داۋالاش ئورۇنلىرى، شىپاخانا، دورىخانىلارنى تەسىس قىلدى. داڭلىق تېۋىپلارنى تېبابەت ئەسەرلىرىنى يېزىش ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇھىم تېبابەت ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر تېۋىپ ئالاھىددىن مۇھەممەد خوتەنى ھىجرىيە 901 ـ يىلى خوتەندە «زۇبدەتۇل قەۋانۇل ئىلاج» ناملىق تېبابەت ئەسەرنى يازغان ۋە نۇرغۇن تېۋىپلارنى تەربىيەلىگەن. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە «دەستۇرىلئىلاج»، «تېبابەت يۇسۇفى» ۋە «زەخىرەئى خارەزمشاھ» قاتارلىق ئەسەرلەر مەشھۇر. «دەستۇرىلئىلاج» يەكەندە پارسچىدىن

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر 24 باب، 156 پەسىلگە بۆلۈنگەن، جەمئىي 840 بەت ئىدى. «شېرىپ جەمالىددىن ھاجى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، كۇچالىق مەشھۇر دورىگەر، تېۋىپ خۇدۇيۇمخان ھاجى (1567 — 1658) 1619- يىلى «ئۇيغۇر رېتسېپلىرى» (回回药方) نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خەلق ۋە مىللەتنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە ساغلاملىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ھەم بۇ ساھەگە تېگىشلىك پايدىلىق چارە - ئامالارنى ئىزدەش، تېپىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان. خانلىقنىڭ بۇ خىل ئاقىلانە سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە غوجا نۇرا، مەۋلانا شىراز، غوجا نۇرىددىن، ئابدۇۋاھىد زوھۇرى، ھاجى شەمسىددىن ئەلى...... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان داڭدار تېۋىپلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تېۋىپلىرى شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان دورىلار بىلەن تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر ۋە مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدىن دورىلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئېلىپ بارغان ۋە دورا يېتىشمەسلىك، بىر قىسىم دورىلا قىس بولۇش ئەھۋاللىرىنى ھەل قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدىن چىقىدىغان سۆرۈنجان، پىلپىل، موزا، بادام، خوتەن ئىگىرى، خوتەن ئىپارى قاتارلىق دورىلار شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىدە ئىسلام مەملىكەتلىرى ۋە مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگە توشۇلاتتى.

بۇ دەۋردە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە بىر تۈركۈم مەشھۇر تېۋىپ ۋە تېبابەت ئۇستازلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. بۇلاردىن موللا ئارىپ خوتەنى، غوجا قۇتلۇق بىننى مەنسۇر ئەللامى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

دېمەك، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدا ئۇيغۇر تېبابەت- چىلىكىنىڭ تۈپ نىشانى پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىپ، يېمەك - ئىچمەككە دىققەت قىلىش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ساغلاملىق

تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، كىلىنىكىلىق داۋالاش تېخنىكىسىنى جانلاندۇرۇش، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىلىپ، داۋالاش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ھەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەتنىڭ سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، مىللەتنىڭ سۈپەت - ساپاسى كۆنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى.

ھالبۇكى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى قەشقەر ۋە يەكەنلەرنى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دىنىي مەزھەپنىڭ جەڭگاھىغا ئايلاندۇرۇپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى تېزلەشتۈردى ۋە ئاخىردا بۇ خانلىقنىڭ ئورنىغا خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خارابلىشىشقا يۈزلىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتى، ئۇيغۇر روھىيىتى ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئېغىر پاجىئەلىك تەقدىر - قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى خارابلىشىشقا يۈزلەندى.

### 4. قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تېبابەتچىلىكى

قەشقەرنىڭ تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرى ئىپتىدائىي دەۋر ۋە قەدىمكى زاماندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ۋە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۈزۈلكىسىز تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئاۋام تېبابەتچىلىكى غول لىنىيە سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، ھەرقايسى دەۋر تېبابەتچىلىكىنى ئۆزئارا باغلاپ، تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ سىجىللىقىنى ساقلاپ، بېيىتىپ بىر پۈتۈن تاكامۇللۇققا ئىگە قىلدى. مۇشۇ جەريانىدا، مول تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك بىلىمىگە ئىگە بولغان، ئۆز دەۋرىنىڭ تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان بىر تۈركۈم مەشھۇر

تېۋىپ ۋە تېبابەتچىلىك ئۇستازلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلار ئىچىدە مەشھۇر تېۋىپ تەجەللىي ھەزرەتلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ، مائارىپچى ۋە خىمىك ھۆسەيىنخان تەجەللىي ھەزرەتلىرى 1856 - يىلى (ئالىمنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بۇ يىلنامە «نەسەبنامە» دىن ئېلىندى) خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسى (ئۇ مەزگىللەردە قاغىلىق خوتەنگە تەۋە ئىدى) زۇڭلاڭ يېزا، ئايكەن كەنتىدىكى دىنىي ئالىم، ماھىر تېۋىپ قۇتبىددىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا - ئانىسى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەككىدە ئالغان. قۇتبىددىن شاھ پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرغان. ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، دېھلى شەھىرىدىكى «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسەسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى» دا، كېيىن ئافغانىستاننىڭ «كابۇل دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇتقان. تەجەللىي ئوقۇش جەريانىدا خىمىيە، تېبابەت، ئىلمىنۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە ھىندى تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگەن. بۇلاردىن تاشقىرى، دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان، ئاشۇ ساھەدىكى پېشۋالارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ نەتىجىلىرى بىلەن «مەۋلىۋى» (ئەينى چاغدا ھىندىستاندا ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان) لىككە ئېرىشىپ، مەدرىسەنى تاماملىغان تەجەللىي مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، ئىستانبۇل، ھەتتاكى رۇسىيەدىكى بەزى شەھەرلەرگىچە بېرىپ، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە ساياھەت ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن تۇرۇپ قالغان. تەجەللىي ھەج ۋە ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەكەن، قەشقەر، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق

جايلاردا مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. خىمىيە ئىلمى بويىچىمۇ تەجرىبە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تېبابەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان. تېبابەتچىلىك، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېسەللەرنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇپ، يوقسۇللارنى داۋالىغاندا ھەق ئالمىغان ياكى ئاز ھەق ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تېببىي ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى، جۈملىدىن يۈرەك، ئۆپكە كېسىلى ۋە سىل كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپلا قالماي، بەلكى راك (سەرتان) كېسىلىنىمۇ يىلان گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان.

تەجەللىي يەرلىك ئۇت - چۆپ دورىلارنىڭ خىمىيەلىك تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، كېسەل كىشلەرنى ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان. دورىگەرلىك جەھەتتە قەدىمكى تېببىي كىتابلاردىكى نۇقتىلار ۋە ئۆزى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ چىققان نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياق، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى، ھەببى ئازاراقى (سترخنىن كۈمىلچى)، پولات كۈشتىسى، سىماب كۈشتىسى، پۈتۈن بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بەيزە قاتارلىق ئېسىل دورىلارنى ئىجاد ۋە ئىختىرا قىلىپ، خەلقنى داۋالاپ كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان.

تەجەللىي 7000 خىل دورىنىڭ ئىسمىنى بىلگەن. 5000 خىل دورىنى ياسىيالىغان ھەمدە «تەجەللىي نۇسخىلىرى» ناملىق قول يازما كىتابىنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ ۋارىس يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خەلقىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ 125 ياشلىق مۇدىر ۋىراچى مەرھۇم تۇردى ھاجى، قاغىلىقتىن يۇسۇپ ئەپەندى، ياسىن ئاخۇن داموللا، سەيدىنا ئەپەندىم (ئافغانىستانلىق)، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مەھمۇد ھاجى،

ئىبراھىم ھاجى، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجى كاشغەرىي (سۆھبەتدىشى)، مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار تەجەللىينىڭ تىببىي ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان پېشقەدەم داڭلىق تېۋىپلاردۇر.

قەشقەر خەلقى يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرىدىن ھەيدەر ئاخۇنۇم، قاسىم ئۆمەر ھاجىم، سوپى ئاخۇنۇم، خوجا ئابدۇللاخان، خوجا قادىر ھاجىملار بىلەن پەخىرلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سوپى ئاخۇنۇم ھەققىدىكى تۈرلۈك تەرىپ ۋە ماختاشلار تاكى ھازىرقى كۈنلەرگىچە داۋام قىلىپ كەلدى.

سوپى ئاخۇنۇم قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، ھەيدەر ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇ ئۇستاز ـ شاگىرتلار 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان، تىبابەتچىلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇ كىشىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى «تىببىي لوقمان» سىستېمىسىدا بولۇپ، كېسەل داۋالاشتا قۇشلارنىڭ ئورگانىزمى، ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان دورىلار بىلەن سانسىز ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان. ئۇ ئىلمىنۇجۇمدىن خېلىلا مەلۇماتلىق بولغانلىقتىن، كېسەللەرنى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تەكشۈرۈش، كېسەل كىشىنىڭ سىرتقى تەبىئىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭ داۋالاشتىكى ئالاھىدىلىكى ئىدى.

سوپى ئاخۇنۇم پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنى داۋالاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، يۇرتتا زامانىۋى داۋالاش ئەسۋابلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي، خەلقنى ۋاقتىسىز ئۆلۈم ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئازابىغا ئۇچراتماي، نۇرغۇن كىشىلەرنى داۋالاپ، كۆپلىگەن ئېغىر كېسەللىكلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز ئەمگەك تەرى ۋە ئىجادىيىتى بىلەن جەمئىيەتكە خىزمەت قىلغان. شۇڭا، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى تەييارلىق كۆرۈپ، شاگىرت ۋە يېقىنلىرىغا ھەتتا بىرنەچچە مىنۇتلۇق ۋاقتى قالغۇچە ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇپ جان ئۈزگەنىكەن.

سوپى ئاخۇنۇم يەنە روزى ھاجىم، ساقى ئاخۇن ۋە ئابدۇرېھىم ھاجىملارغا ئوخشاش ۋارىس ـ ئىز باسارلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلار ئۇستازىدىن كېيىن خەلقنىڭ ساقلىقىغا خېلى زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

سوپى ئاخۇنۇم يالغۇز تېبابەتتە يۇكسەك ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىنۇجۇم (يۇلتۇزلار ئىلمى — ئاسترونومىيە) نى ئىگىلىگەن ۋە مەخسۇس يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش سايمانلىرىنى ياسىغان ھەمدە مۇھىم ئىشلاردا يۇلتۇز ھەرىكىتىگە ئاساسلىنىدىغان ئۆتكۈر ئۇيغۇر ئاسترونومى ئىدى. شۇڭا، بۇ كىشىنىڭ نامى ۋە ھۆرمىتى خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قەشقەردە يەنە مەشھۇر تېۋىپلاردىن قاسىم ئىمىر ھاجىم، ھەيدەر ئاخۇنۇم، خوجا ئابدۇللاخان، قادىر ھاجىملارمۇ بەدۆلەت زامانىسىدا شۆھرەت قازانغان ھۆكۈمالاردىن ئىدى.

يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرىدىن مۇسا ئاخۇن تېۋىپنىڭمۇ ئىخلاسمەنلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ «تېبىبىي ھىندى» ئۇسۇلى بىلەن كېسەل داۋالايتتى. ئۇنىڭ ياسىغان دورىلىرى ئۆتكۈر بولۇپ، تېز ئۈنۈم بېرەتتى. شۇڭا، بۇ كىشىمۇ قەشقەردە شۆھرەت قازانغان.

مۇھەممەت ھاجىم بالىلار كېسەللىكى بويىچە داڭدار ھۆكۈما بولۇپ، ئۇنىڭ بېرىدىغان دورىلىرى ئوت - چۆپتىن ياسالغان، ئاددىيراق بولسىمۇ ئۈنۈمى يۇقىرى ئىدى. مۇھەممەت ھاجىم مول تەجرىبىسى بىلەن كۆپلىگەن سۆزنەك، شۇنىڭدەك «خانازىر» دەپ ئاتالغان تەشمە جاراھەت كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقانىدى.

يۇسۇپ ھاجىم، زۇنۇن ئاخۇن، مامۇتخان ھاجىم، ھەپىزىخان مەخسۇم...... لار ھازىرقى زامان تېۋىپلىرىدىن بولۇپ «تېبىبىي يۇنان» قائىدىسى بويىچە نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالىغان. 1932 - يىلى فېۋرال، مارت ئايلىرىدا قەشقەردە يۈز بەرگەن قارا كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن مىڭلىغان بىمارلار ئەنە شۇ ھۆكۈمالارنىڭ داۋالىشى بىلەن شىپا تېپىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى كۈچىيىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ دەۋردە ئېلىمىزنىڭ جۇڭگو تېبابەتچىلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ، زور بىر تۈركۈم جۇڭگو تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار شىنجاڭدا شىپاخانا ۋە دورىخانىلارنى ئېچىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىنى ئايلىنىپ

چىقىدىغان سەييارە تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. گۇاڭشۈنىڭ 3- يىلى (مىلادىيە 1877- يىلى) شەنشىلىك لى شىيەنشۇ دېگەن كىشى دىخۇا (هازىرقى ئۈرۈمچى) دا «نىڭ دېتاڭ» دورىخانىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىدە كونسۇلخانىلارنى ئېچىشى ۋە بۇلارنىڭ ھىمايىسىدىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن، گۇاڭشۈنىڭ 7- يىلى (مىلادىيە 1881- يىلى) غەرب تېبابەتچىلىكىمۇ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىدى. گۇاڭشۈنىڭ 34- يىلى (مىلادىيە 1908- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش نازارىتى سەھىيە ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ئەينى چاغدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاھالىلەرنىڭ ئاممىۋى ساقلىقىنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل قىلدى. مانا بۇ، شىنجاڭدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەخسۇس سەھىيە ئىشلىرى باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۇ دەۋردە شىنجاڭغا غەرب تېبابىتىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا دوختۇرخانىلارنى ئېچىپ، خەلقنى ھەقسىز داۋالىغان. مەكتەپ ۋە دارىلئېتام قۇرۇپ كىشىلەرنى تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان.

ئۇلار غەرب تېبابەتچىلىكى بويىچە دوختۇرخانا - داۋالاش ئورۇنلىرىنى ئېچىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ دوختۇرلىرى زور ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. شۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ كۆرۈلىدىغان يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ بىرى كىچىك بالىلاردىكى چېچەك كېسەللىكى بولۇپ، ھەتتا بەزى شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ بالىلىرىمۇ چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ

كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پوقاق، كېزىك، كۆز ۋە جىنسىي كېسەللىكلەر ھەممە تېرە كېسەللىكلىرىمۇ كۆپ كۆرۈلەتتى. غەرب تېبابىتىنى ئاساس قىلغان شۋېت دوختۇرلىرىنىڭ خىمىيەۋى دورىلىرى بۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەرگەن. 1906 — 1908 - يىللىرى شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە قىدىرىپ تەكشۈرگەن فىنلاندىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە مەشھۇر ھەربىي گېنېرال كارل گۇستاف مانىېرھېم (Carl Gustaf Mannerheim) تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە يەكەندىكى شۋېت دوختۇرخانىسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتىدا خەلق ئەرزان باھادا ئۈزلىرىگە لازىملىق دورىلارنى ئالالايدىكەن. بۇ يەردە يەنە پاكىز ۋە يورۇشلەشكەن داۋالاش ئۆسكۈنىلىرى ھەممە بىمارلارنىڭ ھەقسىز داۋالىنىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان كېسەل كارىۋاتلىرىمۇ بار ئىكەن.

يەرلىكلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ئىچىدە جىنسىي كېسەللىكلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىكەن. تازىلىق ۋە سۇ مەسىلىسى ھەممىدە داۋالىنىش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل كېسەللىكلەر ئېغىرلىشىپ باشقا يامان خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگىمۇ ئايلىنىپ كېتىدىكەن. تارقىلىشچان كېسەللىكلەردىن چېچەك ۋە تەمرەتكە قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدىكەن، بولۇپمۇ چېچەك چىقىش كەڭ ئومۇملاشقانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دوختۇرغا كۆرۈنمەيدىكەن. بۇ يەردە پوقاق كېسەللىكى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ئىچىملىك سۇدىن بولسا كېرەك. يەرلىك كىشىلەر چاقچاق قىلىپ «پوقىقى بولمىسا ھەقىقىي يەكەنلىك ھېسابلانمايدۇ» دېيىشىدىكەن......» .

1896 - يىلى يەكەندە شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى داۋالاش نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان. 1910 - يىلىغا كەلگەندە رەسمىي چوڭ دوختۇرخانا بولۇپ قۇرۇلغان. 1900 - يىلى قەشقەردە شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئىككىنچى دوختۇرخانىسى قۇرۇلغان، 1912 - يىلى يېڭى دوختۇرخانا بىناسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ دوختۇرخانىلاردا ھەتتا چوڭ تىپتىكى ئوپېراتسىيە-

لەرمۇ ئېلىپ بېرىلغان. شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شۋېت مىسسىيونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 400 مىڭغا يېقىن يەرلىك بىمارلارنىڭ بۇ دوختۇرخانىلاردا داۋالانغانلىقى مەلۇم. شۋېت مىسسىيونېرلىرى كېسەل داۋالاش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ دوختۇرخانىلىرىنى خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىشنىڭ مۇھىم بازىسى قىلغان ھەمدە تۆۋەن قاتلامدىكى نامرات دېھقانلار ۋە شەھەر پۇقرالىرى ئارىسىدا مەلۇم ئۇنۇمگىمۇ ئېرىشكەن. 1910 ـ يىلى شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتى چىقارغان بىر دوكلات خاراكتېرلىك كىتابچىدە شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى دىن تارقىتىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ناھايىتى مۇشەققەتلىك بىر رايون. بۇ يەردە مىسسىيونېرلارنىڭ تىرىشچانلىقى ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىدى. بۇ يەردىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك پائالىيەت كېسەل داۋالاش بولۇپ، شۋېت دوختۇرخانىسىغا كېلىپ داۋالىنىدىغان بىمارلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە.»

1930 ـ يىلىدىن كېيىن چېگرادىن قېچىپ ئۆتكەن رۇس دوختۇر بىليونىسكى، ئۆزبېك ھوكۇماسى مۇھىددىن مەخسۇملار ئۆز ئالدى كېسەل كۆرۈپ، كېسەللىكلەرنى غەربچە داۋالاشقا باشلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەردە غەربچە داۋالاشنى ئۆگەنگەن بىر تۈركۈم دوختۇرلار يېتىشىپ چىقتى. ئابدۇرۇپ، ئابدۇرېشىت قارى ھاجىم، ئابدۇقادىر ئاكىلار ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتاقلىق دوختۇرلاردۇر.

## 3. قەشقەردە ئىلمنۇجۇم

بىپايان يايلاقتا كۈندۈزى مال بېقىش، كېچىسى مال ساقلاش بىلەن، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردا سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، ئېتىز-ئېرىق، تېرىم ـ يىغىم ئىشى بىلەن بەند بولۇپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز دائىم تەبىئەتنىڭ، بولۇپمۇ ھاۋا رايىنىڭ ھەر خىل ۋەھىملىرىدىن خالىي بولالمىغان. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا

تەكرار كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەھىملەرنىڭ بەزى ئاسمان جىسىملىرىدا پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتكە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىز كۈن، ئاي ۋە بەزى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ چىقىش - پېتىش قاتارلىق ئۆزگىرىش ھەرىكىتىنىڭ دەۋر قىلىش (بۇرجلۇق) ۋاقتىنى ھېسابلاپ ئېنىقلاپ چىققان ۋە شۇ ئاسمان جىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈپ ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ئات قويغان. شۇ ئاساستا يىل، پەسىل، ئاي پەرقلىرىنى تېپىپ چىقىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ۋاقىت - مەزگىللىرىنى بەلگىلىگەن، ئادەتتە ھاۋا رايىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشنى ئالدىن تەخمىن قىلالايدىغان بولغان، خەلق ئىچىدە مۇنداق خەۋەر بېرەلەيدىغانلار «مۇنەججىم» نامى بىلەن ئاتالغان.

مۇنەججىملەرنىڭ ھۆكمىچە، ئەگەر ئۈلكەر (ھۈلكەر) كۆپىيىپ، ئايغا يېقىنلىشىپ ماڭسا (ھەرىكەتلەنسە) شۇ ئايدا بوران - چاپقۇن ئاز بولىدۇ؛ يەرگە يېقىنلاشسا، كۆكلەم يېقىنلىشىدۇ؛ سۇغا يېقىنلاشسا، يامغۇر - يېشىن كۆپ بولىدۇ؛ قۇرغاق يەرگە يېقىنلاشسا، قۇرغاقچىلىق، تاغقا يېقىنلاشسا، پىژغىرىم ئىسسىق بولىدۇ؛ ئۈلكەر ياتسا (كۆرۈنمىسە) تومۇز كىرىدۇ، ئۈلكەر تۇغسا (قايتا چىقسا)، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى توختاپ دان تۇتىدۇ، مېۋىلەيدۇ. ئادەتتە 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 - ئاينىڭ بېشىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئاسمان بوشلۇقىدا ئۈلكەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇ ھالەت تەخمىنەن 40 كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ خەلق ئىچىدە «ئۈلكەر پاتتى» ياكى «يەرگە چۈشتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۈكەردىن كېچىسى يول يۈرگەندە كومپاس ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇلار ئۈكەرگە قوشنا ئىككى يۇلتۇزنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ بىرىنى «بېلىق يۇلتۇز»، يەنە بىرىنى «قوزا يۇلتۇز»؛ ئەڭ ئېگىزدىكى ساتۇرن يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئاقار يۇلتۇز»، «تارازا يۇلتۇز»؛ مېركۇري يۇلتۇز تۈركۈمىنى سۇنبۇلە (بۇغداي بېشى) دەپ ئاتىغان. مۇنەججىملەرنىڭ ھۆكۈمى بويىچە، بېلىق يۇلتۇز غۇۋالاشسا، قىش ئاخىرلىشىدۇ، قوزا يۇلتۇز ئۆرلىسە كۆكلەم باشلىنىدۇ؛

تارازا يۇلتۇز تۇغسا، ئىسسىق يېنىشقا باشلاپ، تاڭ سالقىنلىشىپ، ئارپا، بۇغداي پىشىدۇ؛ سۈنبۈلە تۇغسا، كۈن كۈزگە تايىدۇ، قىشنىڭ تەييارلىقى باشلىنىدۇ. «سۈنبۈلە يېمى — قىشنىڭ غېمى» دېگەن بۇ ماقال شۇ ئادەت ئاساسىدا چىققان. مۇنەججىملەرنىڭ ھۆكمى بويىچە، كۈن قوتانلاپ خۇنۇكلەشسە قار ياغىدۇ، ئاي قوتانلاپ خۇنۇكلەشسە ئوچۇق كۈن بولىدۇ؛ يېڭى ئاي تىك چىقسا، شۇ ئاي ئىچىدە ھۆل-يېغىن، بوران - چاپقۇن كۆپرەك بولىدۇ، كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرمۇ كۆپرەك سادىر بولىدۇ؛ ئۇدۇل چىقسا، كۈن ئوچۇق بولىدۇ؛ كونا ئاينىڭ چىقىشى، يېڭى ئاينىڭ بېشىدا ھاۋا رايىدا يا مۇنداق، يا ئۇنداق ئۆزگىرىش بولىدۇ. مۇنەججىملەر بۇنى «دوقال» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئەھۋال باش ئەتىياز، كەچ كۈزدە كۆپرەك سادىر بولىدۇ. «ئاينىڭ بېشىدىن قورقماي، بەشىدىن قورق» دېگەن ماقال ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇ تەجرىبىسى ئاساسىدا كېلىپ چىققان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەجرىبىسىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، تومۇز مەزگىلىدە كۈن قاتتىق ئىسسىپ كەتسە، قىش ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ؛ شەبنەم چۈشسە، كۈن كۈزگە تايىدۇ؛ قىراۋ كېچىكىپ چۈشسە كۆكلەممۇ كېچىكىدۇ. مۇنەججىملەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ھۆكۈملىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن توغرىلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان.

ئەجدادلىرىمىزدا باشقا مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھاۋا رايىغا بولغان تەسىرىگە قارىتا ئۇلارنى ياخشىلىق-يامانلىققا سىمۋول قىلىش ئەقىدىسى كېلىپ چىققان. كۈن، ئاي توغرىسىدا ناھايىتى ئوبرازلىق رىۋايەتلەر توقۇلغان. ئەجدادلىرىمىز كۈننى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ، ئاينى تۈن چىرىغىنىڭ سىمۋولى؛ مارس (كۈرۈد، شامال يۇلتۇز) نى، جۇملىدىن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى پالاكەتچىلىككە (ئۇ چىققاندا ھەر خىل بالايىئاپەت بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ)؛ ۋېنېرا (چولپان) نى شادىيانىلىققا؛ مېركۇرىي (سۇ يۇلتۇز) نى پاراۋانلىققا؛ يۇپىتېر (ئوت يۇلتۇز) نى بەختكە سىمۋول قىلغان ۋە مۇشۇ ئاساستا ھاۋادا بولغۇسى ئۆزگىرىشكە روھىي ھازىرلىق كۆرۈپ ئادەتلەنگەن. ئاي، كۈن توغرىسىدىكى رىۋايەتتە مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ:

«ئەلمىساقتا كۈن بىلەن ئاي قوشكېزەك ئىكەن، كىچىكىدىن ئايرىلماي چولڭ بولغانىكەن. ئۇلار پەرىزاتتىنمۇ چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن چولڭ بولغانسېرى چىراي تالىشىپ قىزغىنىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئىككىسى «سەندىن مەن چىرايلىق» دەپ جودىلىشىپ، ئاچچىقلىرىغا پايلىماي يۈزلىرىگە چوغ چېچىشىپتۇ، كۈن شۇئان يۈزىنى سۈرتۈۋاپتۇ، يۈزى ۋاللىدە ئېچىلىپ بۇرۇنقىدەك نۇر چاقناپتۇ، ئاي ئالاقزادىلىكتە يۈزىنى شۇئان سۈرتەلمىگەنىكەن، يۈزى داغلىنىشىپ پارقىرىماس بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئاداۋەتلىشىپ كۈن ئالدى بىلەن كۈندۈزى ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ، ئاي ئارقىسىدىن كېچىسى چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىسى ئاسماندا بولۇپ قېلىپ، كۈن كۈندۈزنى، ئاي كېچىنى يورۇتىدىغان بولغانىكەن». ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايە - چۆچەكلىرىدە قىز - ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ئاي بىلەن كۈنگە ئوخشىتىلىپ «ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. روشەنكى، بۇنىڭغا ئاشۇ رىۋايەتنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ساددا ئاسترونومىيەلىك قارىشى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان.

## 4. قەشقەردە يىلنامە - تەقۋىمچىلىك ۋە يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى

ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي ساددا ئاسترونومىيەلىك قاراشلىرى ئاساسىدا ئۆز تىرىكچىلىكىنى ھاۋا رايىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشكە ماسلاشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن كۈن، ئاي ۋە بەزى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ «چىقىش»، «پېتىش» قاتارلىق ھەرىكىتىنىڭ دەۋر قىلىش ۋاقتى بويىچە يىلنامە تۈزۈپ چىققان. بۇ يىلنامە بويىچە ئون بەش كۈن بىر مەزگىل؛ ئىككى مەزگىل ئوتتۇز كۈن؛ ئوتتۇز كۈن بىر ئاي؛ ئۈچ ئاي بىر توقسان بىر پەسىل، تۆت پەسىل ئون ئىككى ئاي؛ ئون ئىككى

ئاي بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن. يىل - ئايلارغا ئايرىم - ئايرىم ئات قويغان. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئۆزلىرى كۆزىتىپ كەلگەن كۈن، ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ قوزغىلىش ۋاقتىنىڭ ئون ئىككى يىلدا بىر دەۋر قىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئۇنى «مۇچەل» دەپ ئاتىغان ۋە يېزىق يوق شارائىتتا ئەستە تۇتۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ھەر يىلغا بىر خىل ھايۋان نامىدا ئات قويۇپ پەرقلەندۈرگەن①. بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ۋە مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن يىل - ۋاقتىنى خاتىرىلەش، ياش ھېسابلاشتا شۇ مۇچەل يىل نامى ئاساس قىلىنىدىغان بولغان. بۇ يىلنامە بويىچە 3 - ئاي يىل بېشى ھېسابلانغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەجرىبە - سىناقلىرىدا 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلىشىپ، يەرنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ تەبىئەتتە قايتىدىن ئويغىنىش باشلىنىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ كۈننى يىلنىڭ، ئاينىڭ، كۈننىڭ يېڭىلىنىش شاراپىتىدىن يېڭى يىل قىلىپ خاتىرىلەپ كەلگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بۇ مىللىي ئەنئەنىۋى بايرام «نورۇز» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بۇ تەجرىبىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ ئەقىدە - ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلاردىكى مۇچەلدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشنى تىلەش ۋە مۇچەلى كەلگەن يىلى ئېھتىياتچان، ساخاۋەتگۈي بولۇش، بىرەر قېتىم قازان ئېسىش، مۇمكىنقەدەر قىزغۇچ رەختتە كۆڭلەك ياكى ئىشتاندەك بىر نەرسە كىيىش؛ ئادەم ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىش ئالدىدا مەرھۇمنىڭ يىلىنى سوراش قاتارلىق ئادەتلەر ئاشۇ ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان.

ئومۇمەن، ئەجدادلىرىمىز بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى، ئالايلۇق، قانداق ۋاقىتتا قانداق ئوۋغا چىقىش؛ چارۋا مالنى قانداق

① مۇچەل ھېسابىنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» (I توم)دا مەخسۇس بىر تارىخىي رىۋايەت بېرىلگەن. 449-، 452-، 1066- بەتلەرگە قاراڭ.

ۋاقىتتا كۆككە قويۇش، قانداق ۋاقىتتا كۈزلەككە، قانداق ۋاقىتتا قىشلاققا يۆتكىلىش؛ چىشى چارۋىنى قانداق ۋاقىتتا قوشقار، ئايغىر، بۇقىغا قويۇش، قانداق ۋاقىتتا تۆل ئېلىش؛ قانداق ۋاقىتتا يەرنى ھەيدەپ ئۇرۇق سېلىش؛ قانداق ۋاقىتتا قانداق پەرۋىش قىلىش، قانداق چاغدا ئورۇپ - يىغىش؛ باغىۋارانچىلىق پەرۋىشىنى قانداق قىلىش؛ قانداق ۋاقىتتا ئوسا قىلىش...... قاتارلىق تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى شۇ يىلنامە بويىچە قىلىشقان، بۇ يىلنامىگە ئەقىدە قىلىپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار ئۆز ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلغاندا ھەر خىل زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرىغان.

دەۋر ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ پاكىتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-ئىدراكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسترونومىيەلىك قارىشىنىڭ ئىلغار ئىلمىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇڭا ئۇ ھېلىھەم ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

يەتتە يۇلتۇز (پىلانېتا)، ئون ئىككى بۇرج ۋە مۇچەلنىڭ ئاتىلىشى:

پىلانېتالار: سەكەنتىر (ساتۇرن)؛ ئوڭگاي (يۇپىتېر)؛ كۈرۈد (مارس)؛ ئارزۇ (مېركۇرىي)؛ سەۋنت (چولپان — ۋېنېرا)؛ قۇياش (ياشىق، شەمس)؛ يالچىق (ئاي).

ئون ئىككى بۇرج: قوزا، ئۇي (ئۇد)، قوشكېزەك، بارس (يولۋاس)، تىمساھ، بۇغدايبېشى، تارازا، چايان، ياچاق، ئوغلاق، سوغا (كۆنەك)، بېلىق.

مۇچەل: سىچقاق (چاشقان) يىلى، ئۇي (ئۇد) يىلى، بارس (يولۋاس) يىلى، تىۋىشقان (توشقان) يىلى، يىلان يىلى، يىند (ئات) يىلى، قوي يىلى، بىجىق (مايمۇن) يىلى، تاقاغۇ (توخۇ) يىلى، ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى[①].

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ھالدا، تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش

---

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 543 — 549 - بەتلەر.

ئەستىكنى ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى كوسمولوگىيەلىك ۋە مېتېئورولوگىيەلىك چۈشەنچىلەرگە تەتبىقلىدى. ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، كۈن، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ، ئايلىنىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، پىلانېتالار) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پېتىشى؛ ئاينىڭ تۇغۇشى، تولۇشى ۋە ئاخىرىدا يوقىلىپ قايتىدىن يېڭىلىنىشى؛ پىلانېتالار ۋە سانسىزلىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرى، ئۇلارنىڭ كائىناتقا بولغان تەسىرى...... قاتارلىقلارنى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تەكرار كۆزىتىپ، پىلانېتالارنىڭ بۇرجلىق ۋاقتى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرى) نى مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، نەتىجىدە ئەڭ دەسلەپكى «يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى» (يۇلتۇز كالېندارىمۇ دېيىلىدۇ) پەيدا بولدى. دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار مۇشۇ «كالېندار» بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىنى بەلگىلىدى ھەمدە كېيىنچە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىدا تۈزۈلگەن «شەمسىيە كالېندارى»، «قەمەرىيە كالېندارى» ۋە مۇچەللىك كالېندارلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالدى.

خەلقىمىز مېتېئورولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى سۈپەتلەيدىغان «يۇلتۇز كالېندارى» نى يارىتىش جەريانىدا ئاساسىي پىلانېتالارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپتىدائىي ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن قۇياشنى مەركەز قىلغان پىلانېتالارنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرقلىق ھالدا تەرىپلىدى ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە خاس مىللىي ناملار بىلەن ئاتىدى. مەسىلەن، ھەم ئاسترونومىيەلىك، ھەم مېتېئورولوگىيەلىك مەنىگە ئىگە بولغان ئۈكەر يۇلتۇزىنى «uker» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن كېچىسى يول يۈرگەندە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان «كومپاس» سۈپىتىدە پايدىلاندى. «يۇلتۇز كالېندارى» دىكى مەزگىل (پەسىل) ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ ئەنە شۇ ئۈكەرگە قاراپ بەلگىلىدى. خەلقىمىز: «ئۈكەر يۇلتۇزىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھاۋا رايى ئۆزگىرىدۇ، ئەگەر ئۈكەر ئايغا

يېقىنلاشسا، بوران - چاپقۇن ئاز بولىدۇ. يەرگە يېقىنلاشسا، بۇ باھار (كۆكلەم)نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى؛ ئەگەر ئۈركەر سۇغا يېقىنلاشسا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ؛ تاغقا يېقىنلاشسا پىژ - پىژ ئىسسىق بولىدۇ» دەپ قارىدى. «ئۈركەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە، قوماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە» دېگەن تەمسىل خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئۈركەر يۇلتۇزى ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققان (كىشىلەر ئۈركەر يۇلتۇزى كۆرۈنمەيدىغان 6 - ئاينىڭ بېشىنى «ئۈركەر يانغا ئۆتتى» دەپ ھېسابلىغان).

ئۇيغۇرلار يەنە ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «تۆمۈر قوزۇق» دەپ ئاتاپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى ئۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىدى. «تۆمۈر قوزۇق» نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنى «بېلىق (بالىق) يۇلتۇز» ۋە «قوزا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، «بېلىق — قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى»، «قوزا — باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى (يىل بېشى)» دەپ چۈشەندۈردى. ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ مارس يۇلتۇز تۈركۈمىگە «يەتتە تىكەن» (يەتتە قاراقچى، قاراقۇش) دەپ نام بېرىپ، ئۇنى بالايىئاپەتكە سىمۋول قىلدى. خەلق ئارىسىدا «يەتتە تىكەن» يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يەنە «چۆمۈچ يۇلتۇزى»، «چولپ ئېيىق يۇلتۇزى» دېگەن ناملىرىمۇ بار.

ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنېرا يۇلتۇزىنى «چولپان يۇلتۇزى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى خۇشاللىق، بەخت - سائادەتكە سىمۋول قىلدى. ئەڭ ئۇستۇن تۇرىدىغان ساتۇرن (زۇھەل) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئاقار يۇلتۇز»، «تارازا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا باشقىچە ئەھمىيەت بەردى. «چىللە» (ئىيۇل) نىڭ ئاخىرى «تارازا يۇلتۇز» نىڭ كۆرۈنۈش مەزگىلى بولۇپ، ئۇ تومۇزنىڭ قايتىشقا باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ دېيىشتى ھەمدە «تارازا تۇغسا تالڭ سالقىنلاپ، بۇغداي، ئارپا پىشىدۇ» دەپ قاراشتى.

مېركۇريي (ئاتارۇد) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «سۈنبۈلە» (بۇغدايبېشى) دەپ ئاتاپ، «سۈنبۈلە» تۇغقاندىن كېيىن ياز ئاياغلىشىدۇ دەپ قارىدى. خەلق ئارىسىدىكى «سۈنبۈلە يېمى — قىشنىڭ غېمى»،

«سۈنبۈلدە سۇ سال، مىزانىدا تېرى، مىزانىدا تېرىمىسالڭ قوي نېرى» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئەنە شۇ يۇلتۇزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خەلقىمىز يەنە يۇپىتېر (مۇشتەرى) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئوت يۇلتۇز» (مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەرەن تۈز» دەپ ئاتىغان) دەپ ئاتاپ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە بەخت - ئامەتكە سىمۋول قىلدى. مارس (مىررىخ) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «شامال يۇلتۇز» (باقىر سوقىم) دەپ ئاتاپ، ئۇنى پالاكەت ۋە مالامەتكە سىمۋول قىلدى. ساتۇرن (زۇھەل) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «تۇپراق يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى نىسپىي ياخشىلىق ۋە نىسپىي خۇشاللىققا سىمۋول قىلدى ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇرلار «ئاسمان گۇمبىزى» دە جىمىرلاپ تۇرغان ئەنە شۇنداق يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنى ئايرىم - ئايرىم مىللىي ناملار بىلەن ئاتاپ، ئۇنى بىر يىل ئىچىدىكى ئون ئىككى ئاينىڭ نامى قىلىپ قوللانغان. خەلقىمىز ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە «قوزا» نى يىل بېشى (يېڭى يىل) قىلغان ھالدا، ئۇد (ئۇي)، ئاراندېز (جەۋزا)، قوچىق (سەرەتان)، ئارسلان (ئەسەد)، سۈنبۈلە (بۇغداي بېشى)، ئۈلكۈ (تارازا، مىزان)، چازان (چايان، ئەقرەب)، ياي (ئوقيا قەۋس)، ئوغلاق (جەدى)، كۈنەك (دەلۋە، سوغا)، بالىق (بېلىق، ھوت) دەپ ئاتاپ، ئون ئىككى ئاينى رەتكە تۇرغۇزغان. ھەر ئۈچ ئاينى بىر توقسان (بىر پەسىل) غا بۆلۈپ، نورۇز (يېڭى ئاي)، ئوغلاق ئاي، ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي، ئۇلۇغ ئاي دەپ تۆت پەسىلنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتىغان. يەنە بىر ئاينى ئىككى مەۋسۇمگە، بىر كېچە - كۈندۈزنى ئون ئىككى چاغ، 24 ۋاقىت (سائەت) قا، ئون ئىككى يىلنى بىر مۇچەلگە، بەش مۇچەلنى بىر دەۋرگە بۆلگەن.

خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى «يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى» دا يەنە يەتتە كۈننى زۇھەل (سەكەنتىر ياكى ساتۇرن)، مۇشتەرى (ئوگاي ياكى يۇپىتېر)، مىررىخ (كۇرۇد ياكى مارس)، شەمس (ياشىق ياكى قۇياش)، زۆھرە (سەۋىت ياكى چولپان)، ئاتارۇد (ئاررۇ ياكى مېركۇرىي)، قەمەر (ئاي ياكى يالچىق) قاتارلىق كۆكتىكى يەتتە سەييارە يۇلتۇزغا تەقلىد

قىلىپ ئاتىغان. ھازىرقى «ھەپتە» ۋە كۈن ناملىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن.

«شەمسىيە كالېندارى» بويىچە ھەرقايسى ئايلارنى ھەمەل (1 - ئاي)، سەۋر (2 - ئاي)، جەۋزا (3 - ئاي)، سەرەتان (4 - ئاي)، ئەسەد (5 - ئاي)، سۈنبۇلە (6 - ئاي)، مىزان (7 - ئاي)، ئەقرەب (8 - ئاي)، قەۋس (9 - ئاي)، جەدى (10 - ئاي)، دەلۋە (11 - ئاي)، ھوت (12 - ئاي)، شۇنداقلا ئەرەب «قەمەرىيە كالېندارى» بويىچە مۇھەررەم، سەپەر، رەبىئۇلئەۋۋەل، رەبىئۇلئاخىر، جۇمادىيەلئەۋۋەل، جۇمادىيەلئاخىر، رەجەب، شەئبان، رامىزان، شەۋۋال، زۇلقەئدە، زۇلھەججە دەپ ئاتاشمۇ شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئىشلاردۇر.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى «بىزنىڭ ۋاقىت كالېندارى»دا «يەر مەركەز» لىك چۈشەنچىسى ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئاسماندىكى بارلىق پىلانېتالار ئوخشاشمىغان ئوربىتىلارنى بويلاپ يەرنى ئەگىپ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى، قۇياش بارلىق پىلانېتالار ئىچىدە ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، بۇ مەنبە بولمىغاندا ھاياتلىقنىڭ بولمايدىغانلىقى، ئاي قۇياشتىن يورۇقلۇق ئالغۇچى «يەرنىڭ ھەمراھى» ئىكەنلىكى...... قاتارلىق كۆزقاراشلار ئەكس ئېتىلگەن.

# ئالتىنچى باب

# قەشقەردە خەلق فولكلورى

## 1. قەشقەردە ھېيت - بايرام

### 1. ئۇيغۇرلاردا نورۇز

باھارنىڭ ئىنسانلارغا ئەكەلگەن خۇشاللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك ۋە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملاردىن بىرى نورۇز بايرىمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىگە ئورتاق بايرام ھېسابلىنىدۇ.

نورۇز ئەسلىدە پارسچە سۆز بولۇپ، «باھار يامغۇرى»، «تۇنجى باھار كۈنى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بايرام قەدىمدىن باشلاپ شەمسىيە كالېندارى (قۇياش كالېندارى) بويىچە قىش ئاخىرلىشىپ، باھارنىڭ باشلىنىش كۈنى (ھەر يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى) يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. نورۇز بايرىمى ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە.

نورۇز بايرىمىنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى مۇنداق:

نورۇز كىرگەن كۈنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، چوڭ-كىچىك، ئەر - ئاياللار يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ يېڭى، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، مەنزىرىلىك جايلارغا جەم بولۇشىدۇ ۋە

شۇ سورۇندا نورۇزغا ئاتاپ تەييارلىغان ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. خەلق قوشاقچىلىرى نورۇزنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىر - قوشاقلارنى ئوقۇشىدۇ، ۋايىز (مەدداھ) لار داستان ۋە ھېكايە - قىسسەلەرنى سۆزلىشىدۇ. ناخشىچى - ئۇسسۇلچىلار سازەندىلەر چالغان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. بىر تەرەپتە چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىدۇ، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ. دارۋازلار ئېگىز دار ئۈستىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قىز - چوكانلار ئىلەڭگۈچتە ئۇچۇپ لەرزان پەرۋاز قىلىشىدۇ. بىر تەرەپتە ئولتۇرۇش قىزىپ «ئون ئىككى مۇقام» كۈي - داستانلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قىسقىسى، ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ماھارەت كۆرسىتىپ، بايرام خۇشاللىقىنى نامايان قىلىدۇ. «نورۇز» مۇراسىملىرىغا مەكتەپ بالىلىرىمۇ كوللېكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ. ئۇلار مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەپ - سەپ بولۇپ، گۈللۈك تاختىلارغا يېزىلغان نورۇزنامىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ.

نورۇز مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىپ، مەخسۇس نورۇز ئېشى تەييارلىنىدۇ. نورۇز ئېشى ئەنئەنە بويىچە يەتتە ياكى توققۇز خىل ماتېرىيالدىن تەييارلىنىدىغان كۆجە بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، تېرىق، گۆش، سۈت، سۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرىدۇ. بەزىدە گۆش ئورنىغا كاللا - پاچاق ۋە زاسۇيلەرنى قوشىدۇ. نورۇز مۇراسىمىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە كىشى نورۇز بايرىمىدا قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىپ، ياخشى تىلەك - ئارزۇلار بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ ۋە بايرامنى تەبرىكلەپ ئۆزئارا پەتىلىشىدۇ.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نورۇز بايرىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قەدىمكى ئەنئەنىلەردىن قارىغاندا، بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى ئىككى ھەپتە يەنى 15 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ھازىر كۆپرەك رايونلاردا نورۇز بايرىمى ئۈچ كۈن قىلىپ خاتىرىلىنىدۇ.

نورۇز بايرىمىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر ھەممىدە

ئۇنىڭغا بېغىشلانغان نورۇزنامىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قىش-زىمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەكېلىشىنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۈيلەش، كىشىلەرنى ئىلىم-مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نورۇز بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن، نورۇز بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان دەۋرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلغان ئاشۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا قاراپ، ئۇلارنى ئوخشاشمىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەشكەن. ئۇلارنىڭ تونۇشىچە، ئاققوزا (نائۇرۇز — قوزا) يۇلتۇزى ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ بولۇپ، قوش، بېلىق (ئەرەبچە ھوت) يۇلتۇزىنىڭ يوقىلىپ، ئاققوزا (ئەرەبچە ھەمەل) ئىلاھىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈنى بولغاچقا، بۇ كۈن ئىنسانلارغا بەخت ۋە تەلەي ئەكېلىدۇ، دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئاققوزا ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى (ھازىرقى كالېندار بويىچە 3- ئاينىڭ 21- كۈنى) نورۇز بايرىمى قىلىپ بەلگىلەنگەن. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردىمۇ نورۇز بايرىمىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

## 2. قۇربان ھېيت

بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھېيتى. «قۇربان» ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، «قۇربانلىق قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇربان ھېيت بىلەن روزى ھېيت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئىككى چوڭ ھېيتى ھېسابلىنىدۇ. ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى

شۇ سورۇندا نورۇزغا ئاتاپ تەييارلىغان ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. خەلق قوشاقچىلىرى نورۇزنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىر - قوشاقلارنى ئوقۇشىدۇ، ۋايىز (مەدداھ) لار داستان ۋە ھېكايە - قىسسەلەرنى سۆزلىشىدۇ. ناخشىچى - ئۇسسۇلچىلار سازەندىلەر چالغان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. بىر تەرەپتە چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىدۇ، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ. دارۋازلار ئېگىز دار ئۈستىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قىز - چوكانلار ئېلەڭگۈچتە ئۇچۇپ لەرزان پەرۋاز قىلىشىدۇ. بىر تەرەپتە ئولتۇرۇش قىزىپ «ئون ئىككى مۇقام» كۈي - داستانلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قىسقىسى، ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ماھارەت كۆرسىتىپ، بايرام خۇشاللىقىنى نامايان قىلىدۇ. «نورۇز» مۇراسىملىرىغا مەكتەپ بالىلىرىمۇ كوللېكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ. ئۇلار مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەپ - سەپ بولۇپ، گۈللۈك ناختىلارغا يېزىلغان نورۇزناملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ.

نورۇز مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىپ، مەخسۇس نورۇز ئېشى تەييارلىنىدۇ. نورۇز ئېشى ئەنئەنە بويىچە يەتتە ياكى توققۇز خىل ماتېرىيالدىن تەييارلىنىدىغان كۆجە بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، تېرىق، گۆش، سۈت، سۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرىدۇ. بەزىدە گۆش ئورنىغا كاللا - پاچاق ۋە زاسۋىيلەرنى قوشىدۇ. نورۇز مۇراسىمىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە كىشى نورۇز بايرىمىدا قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىپ، ياخشى تىلەك - ئارزۇلار بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ ۋە بايرامنى تەبرىكلەپ ئۆزئارا پەتىلىشىدۇ.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نورۇز بايرىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قەدىمكى ئەنئەنىلەردىن قارىغاندا، بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى ئىككى ھەپتە يەنى 15 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ھازىر كۆپرەك رايونلاردا نورۇز بايرىمى ئۈچ كۈن قىلىپ خاتىرىلىنىدۇ.

نورۇز بايرىمىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر ھەممىدە

كۈنىڭغا بېغىشلانغان نورۇزنامىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قىش-زېمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەكېلىشىنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۈيلەش، كىشىلەرنى ئىلىم-مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نورۇز بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن، نورۇز بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان دەۋرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلغان ئاشۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا قاراپ، ئۇلارنى ئوخشاشمىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەشكەن. ئۇلارنىڭ تونۇشىچە، ئاققۇزا (نائورۇز — قوزا) يۇلتۇزى ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ بولۇپ، قوش، بېلىق (ئەرەبچە ھوت) يۇلتۇزىنىڭ يوقىلىپ، ئاققۇزا (ئەرەبچە ھەمەل) ئىلاھىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈنى بولغاچقا، بۇ كۈن ئىنسانلارغا بەخت ۋە تەلەي ئەكېلىدۇ، دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئاققۇزا ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى (ھازىرقى كالېندار بويىچە 3- ئاينىڭ 21- كۈنى) نورۇز بايرىمى قىلىپ بەلگىلەنگەن. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردىمۇ نورۇز بايرىمىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

### 2. قۇربان ھېيت

بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھېيتى. «قۇربان» ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، «قۇربانلىق قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇربان ھېيت بىلەن روزى ھېيت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئىككى چوڭ ھېيتى ھېسابلىنىدۇ. ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قۇربان ھېيت بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە
ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى مۇسۇلمانلار
ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پەرھىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمگە
بېرىپ تاۋاپ قىلىش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى
(12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) قوي ـ كالا سويۇلۇپ، ھېيت تەبرىكلىنىدۇ.
بۇ دەل روزى ھېيتتىن كېيىنكى 70 ـ كۈنگە توغرا كېلىدۇ. قۇربان
ھېيتتا مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىش ئەسلىي ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى
ئىدى، كېيىنچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھېيتىغا ئايلانغان. ھىجرىيە كالېندارى بىلەن
مىلادىيە كالېندارى ئوتتۇرىسىدا بىر يىلدا 11 كۈنگە يېقىن پەرق بار.
شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىيە كالېندارىدىكى ھەر يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ
ۋاقتى مۇقىم ئەمەس. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ھېيتتىن ئىلگىرى ھەممە
ئائىلىلەر ئۆي ئىچى، ھويلا ـ ئارانلىرىنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ،
يېڭىلاپ چىقىدۇ ھەم ھېيتلىق كىيىم تەييارلايدۇ. ئاياللار ساڭزا سېلىپ،
ياغلىق توقاچ ـ نانلارنى يېقىپ، تۈرلۈك تاتلىق ـ تۈرۈملارنى
پىشۇرىدۇ، ھەر خىل پېچىنە ـ كەمپۈت، مېۋە ـ چىۋە دېگەندەك
يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، ھېيتقا ئوبدان تەييارلىق قىلىدۇ. ھېيت
كۈنى ئەتىگەندە، ئىخلاسمەن ئەر مۇسۇلمانلار يۇيۇنۇپ، كىيىم
يەڭگۈشلەپ، مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. ئاندىن تۇپراق
بېشىغا چىقىپ، ۋاپات بولغانلارنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلايدۇ، ئۆيگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوي سويۇپ، گۆش پىشۇرۇشقا باشلايدۇ.
يەنە بەزىلەر كالا، تۆگە سويىدۇ. قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىنى سېتىشقا
بولمايدۇ. بەلگىلىمە بويىچە قوينىڭ تېرە، كاللا ـ پاچاقلىرىنى
مەسچىتكە بەرگەندىن باشقا، گۆشى پىشۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا
قويۇلىدۇ ۋە بىر قىسمى قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان قولۇم-
قوشنىلارغا خام پېتى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ھېيت مەزگىلىدە ھەممە
ئۆينىڭ داستىخىنىغا ئوبدان پىشۇرۇلغان بىر لېگەن گۆش بىلەن
چىرايلىق تىزىلغان ساڭزا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بولسا گىرەك تەخسىلىرىگە
ۋە چىرايلىق ۋازىلارغا قاچىلانغان تۈرلۈك پېچىنە ـ پىرەنىك، تاتلىق

يېمەكلىكلەر، كەمپوت ۋە مېۋە - چېۋىلەر تىزىپ قويۇلغان بولىدۇ. ھېيت كۈنلىرى كىشىلەر ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئەڭ ئېسىل بېزەكلىرىنى تاقاپ، ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدۇ، پەتىلىشىدۇ، ھېيتلاپ كەلگەنلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇرۇن ئارازلىشىپ قالغانلارمۇ ھېيتتا يۈز كۆرۈشكەندە چىرايلىق ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر شۇ كۈندىن باشلاپ بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، قايتا ياخشى بولۇشۇپ قالىدۇ. ھېيت كۈنلىرى يەنە تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن كىشىلەر شادلىنىپ، كۈلۈشۈپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ، پۈتكۈل ئايەم كۈنلىرىگە ئاجايىپ تەنتەنىلىك، قىزغىن تۈس كىرگۈزىدۇ. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى قۇربان ھېيتتا ئۈچ كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ.

### 3. روزا ھېيت

بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا ئايىمى. ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10- ئاينىڭ 1- كۈنى رامزان ئېيىنىڭ توشقانلىقىنى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە، بالىلار، ياشانغانلار، تېنى ئاجىز كېسەلچان كىشىلەر ۋە ھامىلىدار ئاياللاردىن باشقا، بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلمان رامزان ئېيى (ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 9- ئاي)دا بىر ئاي روزا تۇتۇشى پەرز دەپ بەلگىلەنگەن. روزا تۇتۇش ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلار ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. رامزان مەزگىلىدە ئادەملەر كۆڭلىنى پاك تۇتۇپ، بارلىق مەئشەتنى ئۆزىدىن تەرك قىلىشى، ھەر كۈنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پاتقاندىن كېيىن ئىككى ۋاقلا تاماق يېيىشى لازىم. كۈندۈزى تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، قاتتىق بولغاندا ھەتتا تۈكۈرۈكىنىمۇ يۇتۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر زولۇققا ۋە ئېپتارغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، دوست- يارەنلىرىنى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنى قىزغىن تەكلىپ قىلىپ، تاماقنى ئۇلار بىلەن بىللە يەيدۇ. رامزان ئېيىنىڭ باشلىنىشى ۋە تاماملىنىشى

ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. رامىزان ئېيى توشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇنى تەبرىكلەپ ھېيت ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەممە ئائىلىلەر ھېيت يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۆيلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلايدۇ. ساڭزا، پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرىدۇ، ھېيتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ. ھېيت كۈنى ئەتىگەندە ئەرلەر مەسچىتكە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. نامازدىن كېيىن كىشىلەر تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ۋاپات بولغان يېقىنلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ، ياد ئېتىدۇ. ھېيتقا ئاتاپ ئىنتايىن مول يېمەكلىكلەر تەييارلىنىدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياشنىڭ ھەممىسى ھېيتلىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ، ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدۇ، بىر سورۇنغا جەم بولۇشىدۇ. باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، خۇيزۇلار روزا ھېيتنى چوڭ ھېيت ھېسابلايدۇ. ھازىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم ئاممىلار رامىزان ئېيىدا روزا تۇتمىغان بىلەن، روزا ھېيتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيتى قاتارىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. دۆلەت روزا ھېيت مەزگىلىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنى بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. ھىجرىيە كالېندارىدىكى بىر يىللىق كۈن سانى مىلادىيە كالېندارىدىكىدىن ئون كۈندىن ئارتۇقراق ئاز بولغاچقا، روزا ھېيت مىلادىيە كالېندارىدىكى ھەرقايسى ئايلارنىڭ ھەممىسىدە نۆۋەت بىلەن كېلىدۇ.

## 2. قەشقەردە توي - تۆكۈن

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئادەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەر بىلەن نىكاھلانمايدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا كونا جەمئىيەتتە ئادەتتە نامراتلارغا نىسبەتەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش

تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى، نىكاھلىنىش ئۆز مىللىتى ئىچىدە چەكلەنەتتى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەر بىلەن نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئەمما، پۇلى بار ئەرلەر كۆپ خوتۇنلۇق بولسا بولاتتى، ئۇلارنىڭ بىردىن - ئۇچكىچە توقال ئېلىشىغا بولاتتى (ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بىر ئەرنىڭ تۆت خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول قويۇلاتتى). نىكاھقا ئاتا - ئانىلار ئىگە بولاتتى، پەرزەنتلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە بولمايتتى. ئاتا - ئانىلار قوشۇلغاندىن كېيىن، موللام نىكاھ ئوقۇپ قويسىلا بولاتتى. ئۇلار كېلىشەلمەي قالسا، ئاجرىشىدىغان چاغدا ئەرلەر ئۇستۇن ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئۇچ قېتىم «تالاق» دېسىلا، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن بولاتتى. ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەركىنلىكى يوق ئىدى، ئۇلار تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدىلا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويالايتتى، بۇنىڭ بىر خىلى ئېرى سىرتقا چىقىپ كېتىپ كۆپ يىلغىچە قايتىپ كەلمىگەن، ئىز - دېرىكى بولمىغان ئەھۋال؛ يەنە بىر خىلى ئېرى بىلەن يېرىم يىلغىچە بىر جايدا بولمىغان، ئېرى خوتۇنىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچەكلىكى بىلەن كارى بولمىغان ئەھۋال ئىدى. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرەرسى كۆرۈلسە، قازىغا ئەرز قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلاتتى. نىكاھتىن ئاجراشقان چاغدا ئاياللارنىڭ تويلۇق مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىناتتى. پەرزەنتلىرىنىڭ يەتتە ياشتىن كىچىكلىرى ئانىسىغا بېرىلەتتى، ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن دادىسىغا قالاتتى. نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ قايتىدىن توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. ئەمما، ئاياللار 100 كۈن ياكى تۆت ئاي 10 كۈن ئۆتكىچە كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولغان - بولمىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلاتتى، بۇ ۋاقىت ئەرلەرگە يارىشىۋېلىش ئۇچۇن ئويلىنىش ۋاقىت چېكى قىلىپ بېرىلەتتى. ناۋادا ئاياللار ھامىلىدار بولغان بولسا، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى؛ خوتۇنى تالاق قىلىۋېتىلگەن مەزگىلدە ئەرلەر يارىشىۋېلىش نىيىتىگە كەلسە، ئاياللار باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن نىكاھلىنىپ،

ئاجراشقاندىن كېيىن ئاندىن ئەسلىدىكى ئەر بىلەن ياراشسا بولاتتى. ئاياللارنىڭ كۈتۈپ تۇرۇش مەزگىلىدىكى تۇرمۇش خىراجىتىگە ئەرلەر مەسئۇل بولاتتى، ئەگەر ئەر تەرەپ تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىسا، ئاياللار ھامىلىدار بولمىغان بولسىلا مۇددەتتىن ئىلگىرى قايتا ياتلىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. ئېرى ۋاپات بولغان ئاياللار ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە قايتىپ كېتىشكە ياكى قايتا ياتلىق بولۇشقا ھوقۇقلۇق بولاتتى، بۇنىڭغا قېيىنئانا، قېيىنئاتىلارنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايتتى.

ئۇيغۇرلاردا يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ياكى ئېمىلداش قىز-يىگىتلەرنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئايالى ۋاپات بولغان ئەرلەرنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسى ياكى ئاچىسىنى ئەمرىگە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئاكىسىنىڭ ئايالىنى ئۇكىسىنىڭ ئېلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئۇكىسى ۋاپات بولسا، ئاكىسىنىڭ ئۇكىسىنىڭ ئايالىنى ئەمرىگە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «نىكاھ قانۇنى» ئىزچىل ئىجرا قىلىندى، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولمايدىغان «تالاق تۈزۈمى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قوش نىكاھلىنىش، بالدۇر نىكاھلىنىش چەكلەندى، ئەركىن مۇھەببەتلىشىش تەشەببۇس قىلىندى، ئاتا-ئانىلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇلدى. ھازىر ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر قىز - يىگىتلەر ئاتا - ئانىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدىغان بولدى.

توي تەرتىپى يەنىلا ئەر تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويۇش ئارقىلىق بولىدۇ، قۇدىلىشىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن تويلۇق ئاپىرىپ بېرىلىدۇ، توي كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. توي داغدۇغىلىق، قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي ئادەتتە ئىككى كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. بىرىنچى كۈنى قىز تەرەپنىڭ ئۆيى ئىنتايىن مول يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، تاڭ سەھەردىلا ئەر مېھمانلارنى كۈتۈشكە باشلايدۇ. چۈشتىن كېيىن ئايال مېھمانلارنى كۈتىدۇ، مېھمانلار ئاساسەن كېلىپ - كېتىپ

بولغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئەر - ئايال مېھمانلار نان، قورداق، پولۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. كەچ كىرگەندە قىز كۆچۈرۈلىدۇ، يىگىت قولداشلىرى ۋە ئەر تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپتوموبىل، ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، داقا - دۇمباق ساداسى ئىچىدە قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئوغۇل قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىغا سالام بېرىدۇ. ساھىبخانا بىلەن مېھمانلار ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن مەشرەپ ئويناشقا باشلايدۇ. نىكاھ ئوقۇغاندا، موللام ھۆكۈمەت بەرگەن توي خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، قىز بىلەن يىگىتتىن توي قىلىشقا رازى بولغان - بولمىغانلىقىنى سوراپ جاۋابىنى ئالىدۇ، ئاندىن ئىككى پارچە ناننى تۇزغا تۆگۈرۈپ، قىز - يىگىت ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىلىگە بېرىپ، قىز - يىگىتكە يېگۈزۈشنى تاپىلايدۇ، بۇ جاپا - مۇشەققەت، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى تەڭ كۆرۈش، تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىزنىڭ يۈزىگە رومال سېلىنىدۇ، قىزنى يۆتكەيدىغان چاغدا ئوغۇلنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىزنى تالاغا ئېلىپ چىقىدۇ، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇلارنى ئۇزىتىدۇ، يىگىتنىڭ ئانىسى قىزنى ئاپتوموبىل بىلەن يۆتكەپ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭىدۇ (كونا جەمئىيەتتە ئاتقا مىندۈرۈپ ياكى چوڭ ھارۋىدا ئېلىپ ماڭاتتى). ئۇلار يولدا داقا - دۇمباق ياڭرىتىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلەي دېگەندە قىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈرۈلۈپ بىر پارچە گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، تۆت ئەر كىشى ئىشىك ئالدىدا گۈلخان بولۇپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن گىلەمنى كۆتۈرۈپ ئۆتىدۇ، ئاندىن قىز - يىگىت ئىككى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. ئەتىسى كۈيئوغۇل تەرەپتە يۈزئاچقۇ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، يىگىت - قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرى مۇراسىمدا ھازىر بولىدۇ، يىگىت تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرى كېلىننىڭ يۈزىنى ئاچقاندىن كېيىن، يىگىت بىلەن كېلىن ۋە كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، كەچ بولغاندا قىز قولداشلىرى قىز - يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توي مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ.

## 3. قەشقەردە ئۆلۈم - يېتىم

ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلىشىشىدۇر. ئۇ ئىنسان ئۈچۈن ئالدىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان غايەت زور ۋەھىمىلىك كۆلەڭگە ۋە ھاياتلىقتىكى ئەڭ ۋەھىمىلىك ھادىسە، شۇنداقلا ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ھاياتتىكى بارلىق ھادىسىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، قايتا تەكرارلانمايدىغان ھادىسىدۇر.

ئۆلۈم ئېڭى مانا شۇنداق دىن ۋە مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلاپ، ئۆلۈمگە دائىر بىر قاتار ئۆرپ-ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن[1].

ئادەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۆلۈم بالا - قازادىن ئىبارەت بولۇپ، دائىم «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوقىلىشى» نىڭ يامانلىق دەپ قارىلىدۇ. «ئۆلۈم» قەدىمدىنلا پەرھىز قىلىنىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆلۈم توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قالغىنىدا، باشقا سىلىقراق ئۇسۇلدا ئىپادىلەشنى خالايدۇ. ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى «ئۆلۈم» دىن ئىبارەت بۇ سۆز تېمىسىنىڭ چېقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشنىڭ قائىدە - نىزاملىرىغا ئايلىنىپ قالغان.

كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە دائىم «قازا قىلدى»، «تۈگەپ كەتتى»، «ئالەمدىن ئۆتتى»، «تۇپراققا كىرىپ كەتتى»، «ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى»، «چىرىغى ئۆچتى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قوللىنىپ ئىپادىلەيدۇ ۋە بۇ خىل سىلىق سۆزلەرنى ئىشلەتكەندىن سىرت، بالىلارنىڭ ئائىلىلەردە ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىگە، ئۆلۈمدىن كېلىپ چىقىدىغان تەشۋىش ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈشىگە يول قويمايدۇ (كىنو-

---

① ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2000- يىلى 4- سان، 58-، 59- بەتلەر.

تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرى چەكلەنمىگەندىن سىرت)، شۇنداقلا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كىشىلەر ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلارغا تويۇقسىز يەتكۈزمەيدۇ.

ھازىر كىشىلەر كېسەلنى ئېغىرلىشىپ قالغان ياكى ياشانغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆلۈم توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلدۈرمەسلىككە ئادەتلەندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، دوختۇرخانا ياكى ئائىلىلەردە تاۋۇت ساقلاش چەكلىنىدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ كىشىلەرگە سۈرلۈك ھەم سوغۇق تەسىرات بېرىشتىن ساقلىنىشتۇر. شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، تاۋۇتنى مەسچىتلەردىن ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن موللام بىلەن بىرلىكتە مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىنلار بىلەن زىچ باغلانغان ھەر خىل ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل پەرھىزلەر شۇ دەۋرلەردىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن.

## 4. قەشقەردە قائىدە - يوسۇن ۋە پەرھىز ئادەتلىرى

### 1. قائىدە - يوسۇنلار

قەشقەردە ئۇيغۇرلار قائىدە - يوسۇنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. تەڭ دېمەتلىكلەر يۈز كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. چوڭلار ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئوڭ قولىنى كۆكرەككە قويۇپ ئېگىلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ، قارشى تەرەپمۇ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالام بېرىدۇ ياكى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا «تىنچلىقمۇ، تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ» دەپ قول ئېلىشىپ ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. ئۆيگە كىرگۈچىلەر ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۆي ئىچىدىكى كىشىلەرگە ئالدى بىلەن سالام بېرىدۇ. كېتىۋاتقانلار يولدا تۇرغانلارغا ئاۋۋال سالام بېرىدۇ، ياشلار چوڭلارغا ئاۋۋال سالام بېرىدۇ، مەرتىۋىسى تۆۋەنرەكلەر مەرتىۋىسى

يۇقىرىراقلارغا ئالدى بىلەن سالام بېرىدۇ. ئاياللار كۆرۈشكەندە ئۆزئارا مەڭزىنى يېقىشىدۇ، قۇچاقلىشىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارغا سالام بەرگەندە قول ئېلىشمايدۇ، يېشى چوڭلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىچىكلەردىن ھال - ئەھۋال سوراپ، ئۇلارغا غەمخورلۇقىنى ۋە مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ، مېھمانلار قايتىدىغان چاغدا تالاغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. مېھمان كۈتكەندە ئەر ساھىبخانا ئەر مېھماننى، ئايال ساھىبخانا ئايال مېھماننى كۈتىدۇ، ئادەتتە ئەر - ئايال مېھمانلار ئايرىم ئولتۇرىدۇ. مېھمانلار ئولتۇرىدىغان چاغدا چوڭلار ياكى مەرتىۋىسى يۇقىرىراقلار تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ، قالغانلار ئەدەپ بىلەن بىر - بىرلەپ ئورۇن بېرىپ ئولتۇرىدۇ. ھەممەيلەن ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىپ، سۇپىغا چىقىپ بەدەشقان قۇرۇپ ياكى يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، پۇتىنى ئالدىغا سوزۇشقا ياكى تاپىنىنى ئادەم تەرەپكە قارىتىشقا بولمايدۇ. تاماقتىن ئىلگىرى ئەر ساھىبخانا ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئېلىپ كېلىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن داستىخانغا يېمەكلىك تىزىلىدۇ، مېھمانلار قولىنى يۇغاندىن كېيىن، ھەرگىز سىلكىمەيدۇ. ساھىبخانا تاماق قاچىسىنى سۇنغاندا ئىككى قولى بىلەن سۇنىدۇ، مېھمانلارمۇ ئىككى قولى بىلەن ئالىدۇ، قاچىنى بىر قولى بىلەن سۇنۇش ياكى ئېلىش ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدۇ، غىزالانغاندا قاچىدىكى يېمەكلىكنى خالىغانچە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشقا ياكى تاماقنى يەرگە تۆكۈۋېتىشكە بولمايدۇ. باشقىلار بىلەن بىللە غىزالانغاندا خالىغان يەرگە تۈكۈرۈش، بۇرنىنى تاشلاش، ئەسنەش ياكى ئۇسۇرۇشقا بولمايدۇ، بۇلار ئەخلاقسىزلىق ياكى تەربىيە كۆرمىگەنلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلىغىلى بارغاندا، كۆپىنچە قەنت - گېزەك، نان - چاي ياكى رەخت ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھېيت - بايرام ئۆتكۈزگەن ياكى نەزىر قىلغان، خەتنە توي بولغان چاغدا گۆش، يېمەكلىك ياكى رەخت ئېلىپ بېرىلىدۇ، توي - تۆكۈنلەرگە چاقىرىلغانلار بارىدۇ، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى كۆرۈلسە،

ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى چاقىرىلمىغان تەقدىردىمۇ پەتىگە بېرىپ هال - ئەھۋال سورايدۇ ياكى مېيىت ئۇزىتىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ، هازىدارلارغا تەسەللى بېرىدۇ.

2. پەرھىزلەر

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە، هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، تاماكا چېكىش، چوشقا گۆشى ۋە يىرتقۇچ هايۋانلار، يىرتقۇچ قۇشلار، ئىت، ئېشەك، قېچىر گۆشلىرى ۋە كېسەل، هارام بولۇپ قالغان (ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى قېنى چىقىرىلمىغان) قوي، كالا، توخۇ گۆشلىرىنى يېيىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ، ئۈستى ئوچۇق تۇرۇپ قالغان يېمەكلىكلەر، تاشلىۋېتىلگەن يېمەكلىك - لەردىن پەرھىز تۇتىدۇ، چوڭلار ئالدىدا قالايمىقان شاۋقۇن - سۈرەن چىقىرىش، چاقچاق قىلىش، تاماكا چېكىش، مەيدە - دۈمبىلىرىنى ئوچۇق قويۇش، كۆلچەك ۋە ئېرىقلارغا، ئاشخانا، تۈز تۆكۈلگەن يەرگە ۋە يول ئۈستىگە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش، ئەخلەت، يۇندى تۆكۈشتىن پەرھىز تۇتىدۇ؛ يەنە ئاياللارنىڭ رومال ئارتماي بېشىنى ئوچۇق قويۇشى، ئەرلەر ئالدىدا كىيىم يۆتكەپ گىرىم قىلىشى ياكى ياسىنىشى، چاچ تارىشى، ياشلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا چوڭلاردىن ئورۇن تالىشىشى، ئۆي ئىچى ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوسۇرۇشى، بۇرنىنى تاشلىشى، قالايمىقان تۈكۈرۈشى، ئاغزى - بۇرنىنى توسماي چۈشكۈرۈشى ياكى ئەسنىشى، كىيىمىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىشى، بەدىنىنى قاشلىشى، تاپانلىرىنى قاشلىشى پەرھىز قىلىنىدۇ.

## يەتتىنچى باب

# قەشقەردىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە مەشھۇر قەدىمكى ئەسەرلەر

## 1. قەشقەردىكى مەشھۇر شەخسلەر

### بەن چاۋ

بەن چاۋ، ئەر، خەنزۇ. مىلادىيە 32- يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ فۇفېڭ ئايمىقىغا قاراشلىق ئەنلىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىگە تەۋە شيەنياڭنىڭ غەربىي شىمالى) دېگەن يەردە تارىخچى بەن بياۋ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاكىسى بەن گۇ خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى «خەننامە»نى پۈتكەن. ئاشۇنداق ئالىملار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بەن چاۋ كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە كۆرۈپ، كۆپ كىتاب، رىسالىلەرنى ئوقۇپ، بىلىملىك، غايىلىك، تەدبىركار سىياسىيون بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

بەن چاۋ دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە دۇنياغا كەلگەن يىللاردا «تارىخنامە»، «خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردا «غەربىي دىيار» (بەزى كىتابلاردا «غەربىي يۇرت» ياكى «قۇرىغار» دەپ ئېلىنىۋاتقان جايلار) دەپ قەيت قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيادا 36 بەگلىك بار ئىدى. تەخمىنەن بۈگۈنكى قەشقەر شەھرى، يېڭىشەھەر، كوناشەھەر، يوپۇرغا، پەيزاۋات ناھىيەلىرى بىلەن-ئاتۇش شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سۇلى» بەگلىكى ئاشۇ شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجۈننىڭ 2- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60- يىللار) كورلى قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى (بۈگۈنكى بۈگۈر دائىرىسىدە) تەسىس

قىلىپ، غەربىي دىيارنى خەن سۇلالىسى خەرىتىسىگە كىرگۈزگەن. لېكىن، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىيارنى تالىشىش كۈرىشى داۋاملىشىۋەرگەن. تارىخچىلار ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، يىراقنى كۆزلەيدىغان پاراسەت بىلەن يېتىلگەن بەن چاۋ غەربىي دىيار زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى، چوڭ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ تېز ئۇرۇش قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، پەقەت پەم - پاراسەتكە تايىنىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولغاچقا، شەرقىي خەن يىلنامىسى يوڭپىڭنىڭ 17- يىلى (مىلادىيە 74- يىلى) خەن خاندانلىقىنىڭ ئەلچىلىك سالاھىيىتى بىلەن 36 ئەسكەرنى باشلاپ مۇشەققەتلىك ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، خوتەن، يەكەن بەگلىكلىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبى ئۆتىشىدىغان تۈگۈن پامىر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتىدىغان دەرۋازا، ھەربىي ئىشلاردا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جاي، سودا - سېتىق، ئىقتىساد گۈللەنگەن چوڭ شەھەر قەشقەرگە كېلىپ ئەسكىھسارنى ئىگىلەپ، سۇلى بەگلىكىگە ھۇن خاندانلىقى تەرىپىدىن قويۇلغان پادىشاھنى تىرىك تۇتۇپ، سۇلىنىڭ بۇرۇنقى بېگىنىڭ جىيەن ئوغلى شۇلېنى بەگ قىلىپ تىكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن تاقىلىپ قالغىنىغا 65 يىل بولغان يىپەك يولى ئېچىلىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن سۇلى بەگلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلگەن؛ شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىش، سودا - سېتىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئاساس سېلىنغان. يېڭى بەگ شۇلې خەن خاندانلىقىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىسمىنى «جۇڭ» (سادىق) غا ئۆزگەرتىپ، بەن چاۋنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىغا ھەمدەم بولغان.

مىلادىيە 102- يىلى ئاغرىقچان بولۇپ قالغان بەن چاۋ يۇرتىغا قايتىپ، شۇ يىلى 9- ئايدا ۋاپات بولغان.

1995- يىلى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم بىلەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ ئاجرىتىپ قەشقەر ئەسكىھسار قەدىمىي شەھەر

خارابىسگە مەشھۇر ھەربىي ئالىم بەن چاۋ ۋە ئۇنىڭ 36 ئەسكىرىنىڭ گىرانىت تاش ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى.

## پېي شىنفۇ

پېي شىنفۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (مىلادىيە 7- ئەسىر) قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر سازەندە ۋە تالانتلىق كومپوزىتور. ئۇ ھەر خىل قەشقەر سازلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ نام چىقارغان. ئەينى چاغدا قەشقەر، كۇسەن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زەخمەك بىلەن چېلىنىدىغان بەش تارلىق بەرباب (راباب) نى بارماق بىلەن چېكىپ چېلىشقا ئۆزگەرتىپ، تېخنىكا يېڭىلاپ، غەربىي دىيار، جۈملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىغا كاتتا تۆھپە قوشقان. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 33- جىلدىدا قەشقەرلىك پېي شىنفۇنىڭ بەربابنى چېكىپ چېلىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

پېي شىنفۇ ئۇستا سازەندە، تالانتلىق كومپوزىتور بولۇپلا قالماي، مەشھۇر مەدەنىيەت ئەلچىسىدۇر. ئۇ قەشقەردىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بېرىپ غەربىي دىيار سەنئىتىنى تونۇشتۇرغان ۋە «نۇسرەت قۇچقان غۇلام»، «ئاتەش سومۇرغ» (بۇ مۇزىكىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» دا «يالچىن قۇش» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان)، «سېغىنىش كۈيى» دېگەن مۇزىكىلارنى ئىشلەپ چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەن.

ئۇ مۇزىكىلار ناھايىتى يېقىملىق، مېلودىيەسى گۈزەل بولغاچقا، خاقان تاڭ تەيزۇڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىغان، تاڭ گاۋزۇڭ زامانىغا كەلگەندە ئىچكىرىگە كەڭ تارقىلىپ شۆھرەت قازانغان.

شائىر بەي جۈيى «بەشتار چېلىش» دېگەن شېئىرىدا:

«بىر چېلىپ بىر ناخشا ئېيتسا ئۈچ قېتىم ھەيھات دېدىم،
شۇنچە تەمكىن خالىي راھەت نەغمىنى ئاڭلاپ تامام.
دىل ئېرىپ ئاققان چېغىدا قارىسام كەيپىم يېنىپ،
ئىختىيارسىز زوق بىلەن ئالماقتىكەن قەلبىم ئارام.»

دەپ ئاپىرىن ئوقۇغان.

## پېي خۇيلىن

مەشھۇر بۇددا دىنى ئۆلىماسى، تەرجىمىشۇناس پېي خۇيلىن مىلادىيە 734- يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ بۇددا تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرغان غەربىي دىيارلىق ئۈچ نامايەندىنىڭ بىرى.

پېي خۇيلىن قەشقەردە نەچچە ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن خان جەمەتىنىڭ پۇشتى. ئۇ ياشىغان دەۋردىكى قەشقەر سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە بۇددىزم مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلمىي مۇئەسسەسە، بىلىم يۇرتى ۋە ساڭرام ئىبادەتخانىلىرىنىڭ كۆپ ۋە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ گۈزەل، ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن بۇددىزم دۇنياسىدا مەشھۇر ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئەللىرىدىن كېلىدىغان تەلەبە ئىلىملەر قەشقەردىكى بۇددا مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرىدىن ساۋاق ئالاتتى. مۇشۇنداق ئىلمىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن پېي خۇيلىن قەشقەردىكى ئالىي ئىبادەتخانىلاردا ئىخلاس بىلەن ئىستىقامەت قىلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇز زامانىسىنىڭ دىنىي تىلى بولغان ئەنەتكەك تىلىنى پۇختا ۋە سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، كۆپ تىل بىلىدىغان ئالىملاردىن بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ قەشقەردە بۇددىزم نوم - سۇترالىرىنى توغرا ۋە چوڭقۇر تەپسىر قىلىش، جانلىق ۋە ئەتراپلىق شەرھلەش، شۇنداقلا ناتىقلىق تالانتى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

ئۆز زامانىسىدا بۇددا دىنىنىڭ نوم - سۇترالىرىنى كۆچۈرۈش، تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش بۇددىستلار ئىرۋاناغا ئېرىشىدىغان يەنى يوقلۇق ئالىمىدىن مەڭگۈ بارلىق ئالىمگە ئۆتىدىغان ساۋابلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى ۋە ئاۋۋىلى سانالغاچقا، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا، نوم- سۇترا تىلىغا ماھىر پېي خۇيلىن بۇددىزمنىڭ ئەۋزەلى سانالغان ماھايانا نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېڭەيتىش نىيىتىدە ساۋاب ئىزدەپ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن ۋە نوم - سۇترالىرىنى تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيەگە يېتىپ، ئىرۋاناغا ئېرىشىش سەپىرىنى باشلاپ، 52 يېشىدا بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىگە بېرىپ، مىلادىيە 788- يىلىدىن باشلاپ چاڭئەندىكى مەشھۇر شىمىگسى

ئىبادەتخانىسىدا «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق 100 جىلدلىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ مىلادىيە 801 ـ يىلى تاماملىغان.

ئالىمنىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق بۇ كاتتا ئەسىرى بۇددىزمنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ تۈپ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى شەرھلەنگەن «ماخاپخاراتاپارامىتاسۇترا»دىن باشلىنىپ، بۇددىزمنىڭ پاك ئەخلاق قارىشى ۋە بۇددا قانۇنىنى قوغداش تەشەببۇس قىلىنىدىغان سۇترادا ئاياغلاشقان. بۇ كاتتا ئەسەردە بۇددىزم نوم ـ سۇترالىرىنىڭ تاۋۇش مەنىلىرى كەڭ ۋە چوڭقۇر شەرھلەنگەندىن تاشقىرى، نوم ـ سۇترالارنى ئوقۇش قائىدىلىرى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردە 5480 نوم شەرھلەنگەن. ئەمما، ئۇ بۇددا ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان دىنىي دەستۇرلا بولۇپ قالماي، ئۇنىڭغا مۇتەپەككۇر پېيي خۇيلىنىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، ئىجتىمائىي قاراشلىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. ئەسەردە يەنە غەربىي دىيارنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسى، ئەدەبىيات ۋە فولكلورى، كان ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇمات ۋە ئۇچۇرلار بار.

بۇ ئەسەر ئالىمنىڭ زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «تەڭداشسىز ئەسەر» دەپ ماختالغان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقىلىپ شۆھرەت تېپىپ، تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بۇددىزم ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغان. ئۆز زامانىسىدىلا كورېيە، ياپونىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرگىچە تارقالغان.

بۈيۈك بۇددا مۇتەپەككۇرى، مەدەنىيەت ئەلچىسى پېيي خۇيلىن بۇ كاتتا ئەسىرىدە قەشقەرنى جياشىجىلى دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى قەشقەرنىڭ خەلق تىلىدىكى نامىدىن ئۇچۇر بەرگەن.

## سۇتۇق بۇغراخان

سۇتۇق بۇغراخان تەخمىنەن مىلادىيە 900 — 910 ـ يىللاردا كۆل

بىلگە قاراخاننىڭ چوڭ ئوغلى بازىر قاراخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا، دادىسىنىڭ ئىنىسى ئوغۇلچاق تېكىن خانلىققا ۋارىسلىق قىلغان ۋە سۇتۇقنىڭ ياشلا تۇل قالغان ئانىسىنى ئەمرىگە ئالغان.

سۇتۇق ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ھاكىمىيەت يېشىغا يەتكەندە، سامانىيلار خان جەمەتىدىن بولغان ئەبۇ نەسىر سامانىي سامانىيلار ئوردىسىنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرىدە مەغلۇپ بولۇپ پاناھلىق تىلەپ بۇخارادىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن. ئوغۇلچاق قاراخان ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ پاناھىغا ئېلىپ، ئاتۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر مەسچىت سېلىشقا ئىجازەت بەرگەن. ئەبۇ نەسىر سامانىي سەمەرقەنت، بۇخارا كارۋانلىرىنىڭ مېلىنى كۆرسىتىش باھانىسىدە خانزادە سۇتۇققا يېقىنلاشقان. ئەبۇ نەسىر سامانىي ۋە كارۋانلارنىڭ ناماز ۋاقتى بولغاندا سودىسىنى قويۇپ، بىر ئىمامغا ئىختىدا قىلىپ قىبلىگە يۈزلىنىپ، تەرتىپ - ئىنتىزام ۋە چىن ئىخلاس - ئەقىدىسى بىلەن ئوقۇغان تەسىرلىك نامىزىنى كۆرۈپ قىزىقىپ قالغان سۇتۇق ئەبۇ نەسىر سامانىيدىن سوئاللار سورىغان. ئەبۇ نەسىر سامانىي ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە - ئەھكاملىرىنى يېنىك، چۈشىنىشلىك ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورناپ، ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ قىرائەت - تەپسىرلىرى، دەۋەت - رىغبەتلىرى نەتىجىسىدە دىلى يۇمشاپ، بىر قېتىملىق ئوۋدا ئاتۇشنىڭ ئاغۇ دېگەن يېرىدە بۇددا دىنىدىن چىقىپ، رەسمىي تۈردە ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

خانزادە سۇتۇق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ 50 نەپەر نۆكىرىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن. سۇتۇق ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ تەكلىپى بويىچە مەخپىي تۈردە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىپ، ئادەم سانىنى 300 گە يەتكۈزگەن. ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ياردىمىدە پەرغانىلىك مۇسۇلمان پىدائىيلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن سۇتۇق 1000 غا يېقىن ئادىمى بىلەن ئات بېشى تايانچ پونكىتىغا ھۇجۇم قوزغاپ غەلىبە قىلىپ، كۈچىنى 3000 غا يەتكۈزگەن. مىلادىيە

930- يىلى ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئىچكى جەھەتتە خانزادە سۇتۇقنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىق ئورنىنى ياقلايدىغان دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن غەلىبە قىلىپ، «بۇغراخان» ئۇنۋانى بىلەن تەختكە چىققان ۋە مۇسۇلمانچە «ئابدۇلكەرىم» دېگەن ئىسمنى قوبۇل قىلىپ، «قاراخان سۇتۇق ئابدۇلكەرىم» نامىدا تىللا قۇيدۇرغان.

سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار تەختىگە چىقىپلا ئۆز خەلقى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشنى دۆلەت سىياستى قىلىپ بەلگىلەپ، ئالدى بىلەن قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، ئوغۇلچاق مىلادىيە 893- يىلى سامانىيلارغا تارتقۇزۇپ قويغان تالاس شەھىرىنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋە بالاساغۇن، سوياپ شەھەرلىرىنى، ئىسسىقكۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جايلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن.

قاراخانىيلار تەختىدە 24 يىل دەۋر سۈرۈپ، خانىدانلىقنى ئىقتىساد گۈللەنگەن، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان يېڭى دەۋرگە باشلاپ كىرگەن خاقان سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم مىلادىيە 955- يىلى قەشقەردە ۋاپات بولۇپ، ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئاستىن ئاتۇش مەشھەدتىكى قەبرىگاھىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

شۇڭا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆلۈمى ئاتۇش، قەشقەرنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قاراخانىيلار دۆلىتىنى زىلزىلىگە سالغان. يەرلىك تەزكىرىلەرگە قارىغاندا، بۇغراخاننىڭ مېيىت نامىزى 2000 ۋەزىر - ۋۇزرا؛ 15 مىڭ موللا - ئۆلىما، تەلەبە ئىلىم؛ 20 مىڭ غازى؛ 70 مىڭ ئاۋامنىڭ ئىشتىراك قىلىشىدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك كەيپىيات ئىچىدە چۈشۈرۈلگەن.

تارىخىي كىتابلاردا «گۈمبەزەتۇل خاقانىيە»، خەلق ئىچىدە «ھەسسۇلتىنىم» دەپ ئەزىزلىنىپ كېلىنگەن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى بوگۈنكى ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 2 كىلومېتىر كېلىدىغان گۈزەل مەشھەد كەنتىدە بولۇپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى، ئەبۇ نەسىر سامانىي مەقبەرىسى ۋە شىنجاڭدىكى تۇنجى مەسچىت مەشھەد جامەسى بىر گەۋدە بولۇپ كاتتا بىر زىيارەتگاھنى شەكىللەندۈرگەن. 1000 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى

ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ئوشۇر يەنى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى، بارات يەنى شەئبان ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى مەشھەدتىكى «ھەسسۇلتىنىم»، قەشقەر شەھىرىدىكى «ئارسلانخان»، يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى «ئوردا خېنىم» مازارلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۈيۈك نامايەندە، دۆلەت ئەربابى، مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن مىلادىيە 1018 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بالاساغۇن شەھىرىدە قاراخانىيلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بىر ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانى بىلەن ھاكىمىيەتكە قاتنىشىپ، مىلادىيە 1085 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

يۈسۈپ ئەينى زامان قاراخانىيلار تەۋەلىكىدە يېتىشىپ چىققان ئەبۇ ئاببا‌س پەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، مەھمۇد كاشغەرىي قاتارلىق ئۇلۇغ نامايەندىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چوڭ ھەجىملىك بەدىئىي ئەدەبىيات مىراسى «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم) داستانىنى 18 ئايدا يېزىپ تاماملاپ، ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. ئىلىمنىڭ، ئىلمىي ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان خان ئۇنىڭغا بۇرۇندىن بار بولغان «خاس ھاجىپ» (ئارىچى، ۋاكالەتچى، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى) لىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك مەسلىھەتچى قىلىۋالغان.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى مەسنەۋى (ئىككىلىك شېئىر) شەكلىدە، 85 ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، باب، 6645 بېيىت، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تۈزۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئىلىگ (ھۆكۈمدار)، بەخت ـ سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)،

قانائەت سىمۋولى ئۆدغۇرمىش (زاھىت) ئارىسىدىكى دىرامىلىق سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى بايان قىلغان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بىر قاتار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«قۇتادغۇبىلىك» ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى، شۇنداقلا شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇجەسسەمى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ تارىخ، پەلسەپە، سىياسەت، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق ئىلمىي ئەسەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شەرق مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تارىخىنى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئەخلاق، تەلىم - تەربىيە، دىنىي ئېتىقاد، دۇنيا قاراش ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتاب ناھايىتى تېز تەرەپ - تەرەپكە تارىغان. كىتابنى ئوقۇغان چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)، ماچىن ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئاتاپ ئۆگەنگەن، ئەينەك قىلغان. ئۇنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ئىران شاھلىرىنىڭ، باغداد خەلىپىلىرىنىڭ، ئوسمانلى سۇلتانلىرىنىڭ خانلىق كۇتۇپخانىلىرىنى بېزەپ، قولدىن-قولغا، ئەلدىن - ئەلگە ئۆتكەن. ئۇنى كۆچۈرۈش، تەتقىق قىلىش تاكى مىلادىيە 1439- يىلى ھىراتلىق ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن زات قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرگۈچە توختاپ قالمىغان. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇنىڭ زىلزىلىسى پەسلەپ ئۇنتۇلغان. 1823- يىلى فىرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئامېدى تەرىپىدىن مەتبۇئاتتا بىرىنچى قېتىم تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن قايتىدىن يورۇقلۇققا چىققان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە قانچىلاپ قۇتادغۇبىلىكشۇناس

ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇنىڭ نېمىس، تۈرك، ئۆزبېك، خەنزۇ ۋە باشقا تىللاردىكى نەشرلىرى مەيدانغا كەلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىزدە بەكلا كېچىكىپ باشلاندى. گەرچە پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11- ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956- يىلى 3- سان) ناملىق ماقالىسى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمە پەردىسى ئېچىلغان بولسىمۇ، بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈلىشىپ كەلگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلى «تەتقىقات» دېگۈچىلىك نەتىجىلەر مەيدانغا كەلمىدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 11- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلىم - پەن باھارى يېتىپ كەلدى. 1980- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى ھامىت ئىمىنوپ مەسئۇللۇقىدا « ‹قۇتادغۇبىلىك› تەھرىر ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، ئالىملىرىمىزدىن ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، مەمتىمىن يۈسۈپ، ئابدۇللا مۇھەممىدى، مەھمۇد زەيدىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىك مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى ۋۇجۇدقا چىقىپ، 1984- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بېيجىڭدە نەشر قىلىندى. 1986- يىلى 8- ئايدا قەشقەردە مەملىكەتلىك 1- قېتىملىق « ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى.

1989- يىلى 10- ئاينىڭ 16- كۈنى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 970 يىللىقى، «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە مەملىكەتلىك ئىككىنچى قېتىملىق « ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى تۆمۈر داۋامەت

يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ تەنتەربىيە يولىدا بولۇپ، ھىجرىيە 1130 ـ يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىرىدىن ئابدۇللاخان دەۋرىدە بىر قېتىم پىششىق خىش بىلەن ياسىلىپ گۈمبەز چۆرۈلگەن. 1828 ـ يىلى قەشقەر ھاكىمبېگى تەرىپىدىن يېشىل كاھىش بىلەن بېزەلگەن. 1874 ـ يىلى گۈمبەز يېڭىغا مەسچىت بىنا قىلىنغان. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. 1957 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» تىزىملىكىگە ئېلىنغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 720 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىشى بىلەن مەدەنىيەت نازارىتىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش مۇتەخەسسىسى ھەسەن ئابدۇرەھىمنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا زامانىۋى ئۇسلۇبتا لايىھەلىشى بىلەن 1987 ـ يىلى ئىيۇندا ئىش باشلىنىپ، 1989 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا تولۇق پۈتكەن. ئالىمنىڭ مەقبەرىسىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ 24 خىل نۇسخىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئەت تەتقىقاتچىسى تۇرسۇن غازى ئىشلىگەن.

## مەھمۇد كاشغەرىي

مەھمۇد كاشغەرىي تەخمىنەن مىلادىيە 1008 ـ يىللىرى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىغا تەۋە ئازىق كەنتىدە قاراخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھۈسەيىن قاراخانىيلار خانزادىلىرىدىن بولغاچقا، «مەدرىسەئى ساچىيە»دەك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلگەن. مەھمۇدنىڭ ئانىسى بىبى رابىيەمۇ نەسەبى ئېسىل، ئوقۇمۇشلۇق، پەزىلەتلىك ئايال بولغاچقا، مەھمۇد كاشغەرىي

كىچىكىدىنلا ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەنگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي دەسلەپكى مەلۇماتنى ئائىلىدە ۋە ئوبال مەدرىسەلىرىدە ئېلىپ، ئالىي مەلۇماتنى ئۆزى «ئۇستازىم» دەپ تىلغا ئالغان ھۇسەيىن ئىبن خەلەف كاشغەرىيدەك زامانىسىنىڭ يېتۈك ئالىملىرى جۇغلانغان قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئالغان. ئىلاھىيەت ئىلمىنى پۇختا ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، مەنتىق ۋە تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە ئەرەب، پارس تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە مىسال كەلتۈرۈلگەن ئەرەب ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىدىن، «دىۋان»نىڭ كىرىش سۆزىدىكى بەدىئىيلىكنىڭ يۈكسەكلىكىدىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى بويىچە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە خان جەمەت ئەزالىرى بىلەن يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى چوقۇم ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان چەۋەندازلىق، نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىش ماھارەتلىرىنىمۇ ئوبدان ئىگىلىگەن.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى بىر قېتىملىق ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى مەھمۇد ئائىلىسى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئاپەت بولغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى جېنىنى ئالىقانغا ئېلىپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن. سەرگەردانلىق تۇرمۇش، «ساچىيە»نىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا «كىتابى جەۋاھىرۇن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق تۈركىي تىل - يېزىقنى قائىدە - قېلىپقا سالىدىغان تۇنجى تىلشۇناسلىق ئەسىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مەھمۇد كاشغەرىي ئۈچۈن بىر قېتىملىق تىل تەكشۈرۈش جەريانى بولۇپ قالغان. ئالىم 15 يىل تۈركىي تىللىق قەبىلە - قوۋملارنى ئارىلاپ، ئۇلارنىڭ شېۋە ۋە فولكلورىنى توپلاپ تەتقىق قىلىپ، يازغۇسى بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۈچۈن ماتېرىيال ھازىرلىغان ۋە ئەينى زامان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان باغداد شەھىرىگە بېرىپ، باغداد كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان

مەشھۇر لۇغەتلەرنى كۆرۈپ چىقىپ، «دىۋان»نى ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىم قوللانمىغان، ئۆزگىچە، يېڭى بىر ئۇسلۇبتا ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ توغرىدا ئالىم: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ كىتابنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئەلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاق، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ ۋە قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كىرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم؛ تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم» دەپ يازغان.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دەۋرىدە ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن تۆلپاردەك تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان تۈركىي تىلىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى، بۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە زامانىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە يەتكەن ئېسىل پەزىلەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش، شۇنداقلا تۈركىي تىل ئۆگىنىشكە ھاجىتى چۈشۈۋاتقان ئەرەبلەرگە ئۆگىنىش قولايلىقى يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق شاھانە ئەسىرىنى يازغان.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۈركىي سۆزلەرنى ئەرەب تىلىدا شەرھلەش ئۇسۇلىدا تۈزۈلگەن ھەجمى چوڭ ئىزاھلىق لۇغەت بولۇپ، ئۇنىڭدا 7500 تۈركىي سۆز ئەرەبچە ئىزاھلانغان. سۆزلەملەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن 242 كۇپلېت بېيىت - قوشاق، 200 دەك ماقال - تەمسىل قوشۇمچە قىلىنغان ھەم تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى)نىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىرامماتىكىسى بايان قىلىنغان. سېلىشتۇرما گىرامماتىكىلىق مەسىلىلەرمۇ ئىزاھلىنىپ، ئەمەلىي مىساللارغا تەتبىقلىنىپ چۈشەنە-دۈرۈلگەن، ئىككى تىلدىكى ماس كېلىدىغان ئوخشاشلىقلار كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئەرەب، پارس، تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ھەققىدىمۇ توختالغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى باغداد شەھىرىدە مىلادىيە 1072 - يىلى 2 - ئاينىڭ

25-كۈنى باشلاپ تۆت قېتىم تۈزىتىپ - تولۇقلاپ، مىلادىيە 1077-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى تامامىغا يەتكۈزۈپ، ئاببasىيلار سۇلالىسىنىڭ 27-خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

مەھمۇد كاشغەري يېشى 90 غا يېقىنلاشقاندا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەشقەر كارۋانلىرى تۆگىنىنىڭ ئۈستىگە تەختىراۋان راسلاپ، خەتەرلىك جايلاردىن ئالىمنى يۈدۈپ ئۆتكۈزۈپ، ساق - سالامەت ئوپالغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوپالدىكى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلىپ، 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» باغداد ئوردىسىدىلا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ قالماستىن، كۆچۈرمە نۇسخىلىرى تارالغان. ئەرەب ۋە تۈرك ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە «دىۋان» دىن پايدىلانغان، ئىستاتا ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ئەسەرلەرنى يازغان. مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىككى ئەسىر كېيىن ئۆتكەن ئەرەب تىلشۇناسى جامالىدىن ئىبىن مۇھەننانىڭ ئۆزىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاگىرتى ھېسابلاپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلىغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۈركولوگىيەگە دائىر «چىرايلىق تىل ۋە گۈزەل بايانلار» ناملىق كىتاب يازغانلىقى مەلۇم.

مەھمۇد كاشغەري ياش ۋاقتىدا قەشقەردە يازغان «كىتابى جەۋاھىرۇن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ھازىرچە دۇنياغا مەلۇم بولغان بىردىنبىر نۇسخىسى ئىستانبۇل كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان. ئۇنى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ بەينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلاپ كەلگەن ۋە كېيىنچە تۇرمۇش موھتاجلىقىدىن 1914-يىلى دىيار بەكرلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان. كىلىسلى رىفئەت ئەپەندى مىخ مەتبەئەدە باستۇرۇپ يورۇقلۇققا چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن «دىۋان»نىڭ تۈركچە، نېمىسچە، ئۆزبېكچە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن.

1946-يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش باشلانغان، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە

تەكتى قەشقەر بەشكېرەمدىن بولغان، چۆچەكتە ئولتۇرۇشلۇق ئىسمائىل
داموللام بىر تومنى تەرجىمە قىلغان. 1955- يىلى قەشقەردە يەنە ئاكا-
ئۇكا ئالىملىرىمىزدىن مۇھەممەتخان پەيزى، ئەھمەد زىيائىي كۆپ ئەجىر
قىلىپ، تولۇق تەرجىمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۈرۈمچىدە
ئالىملىرىمىزدىن ئۇيغۇر سايرانى، مۇھەممەدسالىھ داموللام تەرجىمە قىلىپ
نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى 1963- يىلى باشلاپ، 1966- يىلى قولدىن
چىقارغان. بىراق، نەشر ئېتىلمەي، سوغۇق ئامبارغا بەند ئېتىلىپ،
ئاخىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا نابۇت بولغان. پەقەت پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىر يولى يوقىتىپ،
ئىلىم - پەن باھارى يېتىپ كەلگەندىن كېيىنلا بۇ دۇنياۋى ئەھمىيەتلىك
ئىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن
تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاباس،
داموللا ئابدۇلھېمىت يۇسۇپى، خەلىم سالىخ، ھاجى نۇر ھاجى، سابىت
روزى، ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللا، ئابدۇرېشىت قارىھاجىم سابىت، ئوسمان
مۇھەممەتنىيازلارنىڭ ھەمكارلىقىدا يېڭى تەرجىمە نۇسخىسى مەيدانغا
كېلىپ، 1981- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر
قىلىنىپ، ھەقدارلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىمنىڭ
ئوپالدىكى مەقبەرىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلى-
دىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەتنىڭ
مەبلەغ سېلىشى بىلەن قايتا ياسالدى.

2005- يىلى ئۆكتەبىردە «مەملىكەتلىك ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» قەشقەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بىرلەش-
كەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى 2008-
يىلىنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ بېكىتكەنلىكى مۇناسىۋىتى
بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ
مۇكەممەل ۋە رەڭلىك باسما نۇسخىسىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. 2008-
يىلى نويابىر بېيجىڭدە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ،
مەھمۇد كاشغەرىي دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقى نىشانلاندى.
مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ 45 كىلومېتىرچە

غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان ئوپال رايونىنىڭ ئازىق كەنتىگە يەنى ھازىرقى «قۇمباغ» كەنتىگە جايلاشقان. ئوپال ھازىر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسى. 1000 يىلدىن بۇيان مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە ياسالغان، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يەر-سۇ ۋەخپە قىلىنىپ، شەيخ، جارۇپكەشلەر تەيىن قىلىنىپ، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد قوغداپ كېلىنگەن.

ئۇلۇغ قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن تارىختىن بۇيان ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىنىپ كېلىنگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالىملىقىغا مەۋلانا، ھۆرمەت يۈزىسىدىن شەمسىدىن (دىنىنىڭ قۇياشى) دېگەن شۆھرەتلەرنى قوشۇپ، مەۋلانا شەمسىدىن مەھمۇدىيە بىننى ھۈسەيىن دەپ؛ ئاۋام خەلق «ھەزرىتى موللام» دەپ ئەزىزلەپ كەلگەن. قەشقەر، يەكەن ئۆلىمالىرى ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن تالىپلارغا ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىملىرىنى «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» مەھمۇد كاشغەرىي ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا سەككىز يىل مۇددەرىسلىك قىلغان «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»دە ئۆتكۈزگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەزكىرىسى مازارنىڭ ئاتا مىراس شەيخلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ، 1956-يىلى ھازىرقى كوناشەھەر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ سابىق باشلىقى ئىسمائىل ئىبراھىم، مۇھەممەت چوڭ سا دېگەن كىشىنىڭ قولىدىن ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن يۈسۈپبەگ مۇخلىسقا تاپشۇرۇلغان.

مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئىككى قېتىم يەنى 1829-يىلى بىر قېتىم، 1897-يىلى يەنە بىر قېتىم يەرلىك خەلق تەرىپىدىن رېمونت قىلدۇرۇلغان. ئەمما، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىل رېمونتسىز قالغاچقا، رەۋزى مۇبارەك، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، مەسچىت، قوش مۇنارلىق دەرۋازا ۋە شەيخلەر تۇرىدىغان ئۆي-ئىمارەتلەر تۈركۈمىدىن تەشكىل تاپقان بۇ خاسىيەتلىك جاي 1958-يىلىدىكى يەر تەۋرەشتە ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ، قەبرە بىلەن

دەرۋازىلا ساق قالغان. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ تىزىملىكىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، مازارنىڭ ئەسلىي شەكىل ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا كۆركەم، پۇختا، زامانىۋى ئۇسلۇبتا قايتا ياساپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان مۇھىم سەيلە ـ ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

### ئاپاق خوجا

ئاپاق خوجا (ھىدايىتۇللا) مىلادىيە 1626 ـ يىلى قومۇلدا نەخشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىر ـ ئۇستازى مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ چوڭ ئىشان بولۇپ، ئايالى زۇلەيخا بېگىم ئوقۇمۇشلۇق، ئەرەب، پارس تىللىرى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر، پارس ئەدەبىياتىنى ياخشى بىلىدىغان شائىرە ۋە زامانىسىنىڭ يېتىشكەن ئەدەبىي تەرجىمانى بولغاچقا، تۇنجى ئوغلى ھىدايىتۇللانىڭ تەربىيەسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. ھىدايىتۇللا 12 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى قىپىنتائىسى مىرسەيىد جەلىل كاشغەرىينىڭ ھىمايىسىدە قومۇلدا ئىشانلىق قىلىپ خېلى نوپۇزلۇق بولۇپ قالغان مۇھەممەد يۇسۇپ چوڭراق ئىش تەۋرىتىش خىيالى بىلەن مىلادىيە 1638 ـ يىلى قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، قېيىنئاتىسى مىرسەيىد جەلىل كاشغەرىينىڭ قاراسائال دېگەن يۇرتتىكى ئۆي ـ زېمىنلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئىشانلىق قىلىپ، مۇرىت ـ مۇخلىس توپلاشقا باشلىغان. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئىچىدىكى چوڭ زېمىندار يارمۇھەممەد باي ۋارىسى يوق بولغاچقا، «ياغدۇ» (ئاپاق خوجا مازىرى جايلاشقان يەرنىڭ ئەسلىي نامى) دىكى زېمىنلىرىنى پىر ـ ئۇستازى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ دۇئاسىغا بەخشەندە قىلىۋەتكەن. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ياغدۇغا چوڭ خانىقا سېلىپ، مۇرىتلىرىنى كۆپەيتىپ، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئۇچۇرما تەشۋىقات لاپلىرى

بىلەن قەشقەردە ئەۋلىيا سەييىد (پەيغەمبەرزادە) بولۇپ تونۇلۇپ، يەكەن سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ تەختتىكى خانى ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى، قەشقەر ۋالىيسى يولۋاسخاننىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئوغلى ھىدايىتۇللانى يولۋاسخاننىڭ ھامىيسى، مەكىتلىك ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلىگەن. بۇ نىكاھ مۇھەممەد يۈسۈپ ئاتا - بالىنى قۇدرەتلىك يۆلەنچۈككە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى يولۋاسخاندەك ھوقۇق ساھىبى بولغان مۇرىتقىمۇ ئېرىشتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ سۈلۈك تەۋرىتىش ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، مۇرىت - مۇخلىسلىرى ئاۋۇپ، يەكەندىكى ئاتا دۈشمىنى، ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرى «ئىسھاقىيە» گۇرۇھى (بۇ گۇرۇھقا مەنسۇپ مۇرىتلار «ئىشقىيە»چىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن قارا دوپپا كىيىپ «قارا تاقىيە» دەپمۇ ئاتالغان)غا قارشى «ئىشقىيە» گۇرۇھى (بۇ گۇرۇھقا مەنسۇپ مۇرىتلار ئاق دوپپا كىيىپ «ئاق تاقىيە» دەپمۇ ئاتالغان) تەشكىللەپ، يەكەن، قاغىلىقنى مەركەز قىلغان قارا تاغلىق، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئاق تاغلىق گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىساس ئېلىش كۈرەشلىرىنى ئەۋج ئالدۇرغان.

تەخمىنەن مىلادىيە 1667 - يىلى يەكەندىكى قارا تاغلىقلارنىڭ پىر - ئۇستازى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئوغلى خوجا شادى ئۆلگەندە بۇ پۇرسەتنى يەكەن سەلتەنىتىگە يېقىنلىشىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلگەن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ يەكەنگە بېرىپ قارا تاغلىقلار بىلەن تەسىر دائىرىسى تالاشقاندا، ئىسھاقىيەچىلەر تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ، يېڭىسارنىڭ توپلۇق دېگەن جايىدا ئۆلگەن. خوجا ھىدايىتۇللا دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئۇنى يارمۇھەممەد باي دۆڭا ئالدۇرغان «ياغدۇ»غا دەپنە قىلغان ۋە دادىسىنىڭ ئاق تاغلىقلارنىڭ پىر - ئۇستازلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ سۈلۈك تەۋرىتىپ، ئۆزىنىڭ خوتۇن تەرەپ تۇغقىنى ۋە مۇرىتى يولۋاسخاننى قۇترىتىپ، دادىسى ئابدۇللاخانغا قارشى قوراللىق غەليان كۆتۈرگۈزگەن.

تەخمىنەن مىلادىيە 1668 - يىلى ئوغلى يولۋاسخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا باراۋەرچىلىك قىلالمىغان ئابدۇللاخان خانلىق ھوقۇقىنى كىچىك

ئوغلى ئابدۇمۆمىنخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ھەجگە كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي يولۋاسخان ئىنىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، يەكەندە تەختكە چىققاندا، خوجا ھىدايىتۇللا يولۋاسخاننىڭ پىر - ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن يەكەنگە بېرىپ ئوردىدا ئورۇن ئىگىلەپ، مۇرىت توپلىغان. ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىلخان يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققاندا، خوجا ھىدايىتۇللا ئۇنىڭمۇ يېقىن مۇقەررەبلىرىدىن بولۇۋېلىپ، خاننىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئۆزىگە رام قىلغان ۋە خاندىن ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن باج - سېلىق ئالماسلىقنى تەلەپ قىلغان. «ئۇنىڭ مۇرىتى قانچىلىك بولماقچىدى؟!» دەپ ئۇنى سەل چاغلاپ قالغان خان ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر باج - سېلىقتىن قېچىپ، خوجا ھىدايىتۇللاغا قول بېرىپ، بەس - بەستە ئۇنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى بولۇپ كەتكەن.

«ئىشقىيە» سۇلۇكى «جاھاننىڭ راھەت - پاراغىتىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆي، روزىغار تۇتماي، خوتۇن ئالماي، پەرزەنت كۆرمەي، بىر جايدا ماكانلاشماي جاھان كېزىش، بۇگۈن تاپقاننى ئەتىگە قالدۇرماي، ئاللانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى بېغىشلاش»نى تەشەببۇس قىلىدىغان بولغاچقا، يەرلەر ئاق تاشلىنىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق سۇسلاپ، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ، ئىگىلىك ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاچقا، ئىسمائىلخان كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، مىلادىيە 1671- يىلى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى خانىدانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خانلىقنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغان.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، خوجا ھىدايىتۇللا كەشمىر، بەلىخ، دەبىت، خۇراسانلاردا نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ، ئاخىر ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي، گەنسۇ، نىڭشيا ئۆلكىلىرىدە تەرىقەت تارقاتقان ۋە سەپەر جابدۇقىنى پۈتكۈزۈپ، تىبەت سەپىرىگە قەدەم باسقان.

ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەپەر رەنج - مۇشەققەتلىرىدىن قورقماي، لىخاسا بۇتخانىسىدا 40 كۈن ئىستىقامەت قىلىپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇش خورلۇقىنى پىسەنتىگە ئالماي، ئاخىر تىبەت ۋە موڭغۇل خەلقىنىڭ دىنىي داھىيسى دالاي بىلەن

كۆرۈشـۈپ: «مەن مۇسـۇلمان پىرقىـسىنىڭ خوجىـسىدۇرمەن. يەكەن، كاشغەردە مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىم كۆپ ئىدى. بىراۋ كېلىپ مەندىن تارتىپ ئېلىپ، مېنى قوغلاپ چىقاردى. ئەسكەر بۇيرۇپ ئېلىپ بەرگەيسىز» دەپ يالۋۇرۇپ، دالاينىڭ جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئېلى ئېرەن قابۇرغا دېگەن يەردىكى خانى غالدانغا قارىتا يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ ئىلىغا قايتقان.

خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەكەن خانلىرى ئۈستىدىن داد ئېيتىپ، دالايدىن ياردەم سوراپ تىبەتكە بېرىشىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى، سۇلتان سەئىدخان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى تىكلەپ، تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ لىخاساغا ئۈچ ئۆتەڭلىك يەرگىچە بېسىپ بارغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلارمۇ تىبەتنى تالان ـ تاراج قىلىپ تۇرغانىدى. شۇڭا، يەكەن خانلىقى تىبەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەبىئىي دۈشمىنى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ دالايغا سېغىنىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىدى. دالاي تىبەتلەرنىڭلا ئەمەس، جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭمۇ دىنىي داھىيسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار خانى غالدان كىچىك چېغىدا تىبەتتە دالاي لامادىن تەلىم ئالغانىدى. دىنىي داھىيسى ۋە ئۇستازىنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىنى ئۇ تەخىرسىز ئادا قىلاتتى.

ئۈمىد ۋە شېرىن خىياللارغا غەرق بولغان خوجا ھىدايىتۇللا ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپ بۇيرۇق مەزمۇنى ئۇزاقتىن بۇيان ئالتە شەھەرگە ئىشتىھاسىنى توغرىلاپ تۇرغان غالدانغا قوينىڭ قۇيرۇق مېيىدەك يېقىپ، مىلادىيە 1678 ـ يىلى خوجا ھىدايىتۇللاغا يول باشلىتىپ، نەچچە تۈمەن جۇڭغار ئاتلىق قوشۇنىنى ئالتە شەھەرگە ئاتلاندۇرغان. ئۇلار بارغانلا شەھەردە قاتتىق قارشىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئاپاق خوجىغا قول بەرگەن مۇرىتلارنىڭ يەكەن خانلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، جۇڭغار قوشۇنىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە جۇڭغارلار غالىب كېلىپ، تۈمەنلىگەن جەسەتلەر ئۈستىگە تىكلەنگەن ئاپاق خوجا بىلەن جۇڭغارلارنىڭ شېرىك خاندانلىقى مەيدانغا كەلگەن. نادان، دىلى قارا سوپىلار ئاققان قانلار، كېسىلگەن باشلار، قول- پۇتىدىن ئايرىلغان پىدائىيلارنى كۆرگەندە، «خوجامنىڭ تەخسىراتىغا

كەتتى» دەپ خۇش بولۇشۇپ، خوجىسىنىڭ «ئۇلۇغ»لۇقىدىن پەخىرلىنىشكەن.

ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ شېرىك خانىدانلىقى تىكلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىسمائىلخانىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئەمىنخان تورپاندىن قوشۇن تارتىپ قەشقەر، يەكەنلەرنى ئالغان. ھىدايىتۇللا مۇھەممەد ئەمىنخانىنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان.

مۇھەممەد ئەمىنخان تەختكە چىقىپ جۇڭغارلارغا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى، جايلاردىكى قوشۇن ۋە نازارەتچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا قوشۇن ماڭدۇرۇپ، ئۇرۇمچى، ئىلىلارنى جۇڭغارلاردىن تالاشقان. خوجا ھىدايىتۇللا مىلادىيە 1682- يىلى مۇھەممەد ئەمىنخاننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلاپ، جۇڭغار خاندانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا قەرەللىك باج - خىراج تۆلەپ تۇرغان.

شۇنىڭ بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 168 يىللىق سەلتەنىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جاھىلىيەت دەۋرى باشلانغان. خوجا ھىدايىتۇللا «دۇنيانىڭ خوپلۇقى كىيمەك، يېمەك، چاچماق» دەپ مۇھەممەد ئەمىنخانىنىڭ سىڭلىسى خانىم پادىشاھ (جاللات خېنىم)نى ھەشەمەتلىك توي قىلىپ نىكاھىغا ئالغان.

خوجا ھىدايىتۇللا ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئاپاق خوجا ئىسھاقىيەچى رەقىبلىرىنى باستۇرۇش، مەسچىت - مەدرىسەلەرنى زىكرى- سۆھبەت سورۇنى خانىقاغا ئايلاندۇرۇش، قۇرئان كەرىم، ھەپتىيەك، ھەدىستىن باشقا كىتابلارنى ئوقۇش، ساقلاشنى چەكلەش، دىنىي ئۆلىما، ئالىملارنى كۆزدىن يوقىتىش، «ئىشقىيە» مەزھىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان. ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك كىتابلار، يىگانە قول يازمىلار، ئارخىپ - ھۆججەتلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇغان. خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى 300 مىڭغا يېتىپ، يېڭىدىن 5800 خانىقا بىنا قىلغان. شېرىك ئەمەل، مازاركەشلىك، ئاشىقلىق، نەشىكەشلىك، تەركىدۇنياچىلىق، تېررورلۇق، ۋەھاكازالار ئومۇملاشقان.

يۇرتلار خارابىلاشقان، ئېگىلىك ۋەيران بولغان، خەلق نامراتلاشقان.

خوجا ھىدايىتۇللا تەخمىنەن مىلادىيە 1695 ـ يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ جەستى بىر يىل بۇرۇن ئوغلى، قەشقەر ۋالىيسى يەھيا خوجا تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان «گۈمبىزى دەۋۋار» ئاپاق خوجا گۈمبىزى ئىچىگە قويۇلغان.

مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىدىن «جاھاننىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن قول ئۈزۈش، مال ـ دۇنيا يىغماسلىق»نى تەلەپ قىلغان خوجا ھىدايىتۇللانىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بالىچاقىلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈلگەن مىراس غوۋغاسىدا ئېنىقلانغان مال ـ دۇنيا سانىدىن، ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندىن 90 باغى ـ ئېرىم، 20 ھويلا ـ ئاران، 100 پاتمانلىق يەر (بىر پاتمان 64 چارەك، بۈگۈنكى بىر مو يەر شۇ زاماندا بىر چارەكلىك يەر دەپ ئاتالغان. بۇ دېگەنلىك بىر چارەك بۇغداي ئۇرۇقى چېچىلىدىغان يەر دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، 100 پاتمان يەر 6400 مو يەر دېگەنلىك بولىدۇ)، 25 كۆپ ئېرىغ مال، 75 تاي زىلچا ـ گىلەم، 3000 ئات، بەش چوڭ ئېپار، 100 جۈپ شاھزەر (يۈزىگە خەت ئويۇلغان ياپىلاق ئالتۇن ئۈزۈك)، 5000 جايناماز، 400 ياقىلىق تون ـ سەرپاي، 300 دۇكان ۋە باشقا مۈلۈكلەر تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭ ۋەخپە يەرلىرى ئاساسەن قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كوناشەھەر، پەيزاۋات ناھىيەلىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەخپىلىرىدە ئىشلىگۈچى دېھقانلار ئۇنىڭ يانچىلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار زامانىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيەسىدە كۈن كەچۈرۈپ، ئۆلگەندە ئاپاق خوجىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىدا يېتىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولغان.

ئاپاق خوجا مازىرى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ زىيارەتگاھ، سەيلە ـ ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان ھەزرەت كەنتىگە جايلاشقان. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1667 ـ يىلى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ دادىسى ئىشان مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ جەستى قويۇلغان چاغدىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. خوجا ھىدايىتۇللا قويۇلغاندىن كېيىن «ئاپاق

خوجا مازىرى» ياكى «ھەزرەت» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان.
ئاپاق خوجا زىيارەتگاھى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆلىمى ناھايىتى زور ۋە ھېلىغىچە ناھايىتى ياخشى ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى. ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1957 ـ يىلىلا ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇنلار تىزىملىكىگە ئالغان. گوۋۇيۈەن 1988 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇنلار تىزىملىكىگە ئالغان.

## مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي

مەشھۇر ئەدىب، تارىخچى، ئەخلاقشۇناس مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1725 ـ يىلى قەشقەردە موللا شاھ ئەلەم ئىسىملىك دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئېلىپ، قەشقەردىكى مەشھۇر مەدرىسەلەرنىڭ بىرى بولغان دۆلەتباغدىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» دە ئوقۇپ، زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئالىملىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ باشتا قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىكىگە، كېيىنچە قەشقەر شەرئەت مەھكىمىسىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ زامانىسىدىكى مەشھۇر قانۇنشۇناسلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر، جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرنى ئەقىلگە مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىپ شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ «موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھۈرى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتىدىغان نوپۇزلۇق مۆھۈرلەردىن بولۇپ قالغان.
مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي كۆز ئالدىمىزدا زامانىسىدىكى شۆھرەتلىك قازى، ئىستېداتلىق قانۇنشۇناس سۈپىتىدىلا ئەمەس، يەنە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ پەرۋىشكار ھامىيسى سۈپىتىدىمۇ زاھىر بولىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى ۋە ئەۋلادلار تەربىيەسى مەسىلىسىنىڭ مىللەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە كۆڭۈل بۆلگەن. شۇ ۋەجدىن ئۇ مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا زىيارەتكە چىققان ئالىم، ئىلىم تەلەپكارلىرى

ۋە ئاۋامنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، 1835 ـ يىلى نوپۇزلۇق قەشقەر زاتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدا «بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە ۋەخپە مۇتلەق قىلغان بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى ھۇسەيىن ئوغلى، قەلەم ساھىبى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئۈستىدە، سۇزۇك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇتالىئە قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە دۇئا قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشىغا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ھۆججەت يېزىپ، مۆھۈرىنى بېسىپ، بىباھا «مەسنەۋى شەرىف» دېگەن كىتابنى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا ۋەخپە مۇتلەق قىلغان. بۇ ھۆججەت كېيىنكى چاغلاردا مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسىنى بېكىتىشتىكى مۇھىم ئىسپاتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمى مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسىنىڭ تارىخى بىلەن مەڭگۈلۈك باغلىنىپ، داۋاملىق زىكرى قىلىنىدىغان، يادلىنىپ تۇرىدىغان ئىسىم بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، 1849 ـ يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتۈپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى «ئاق مازار» غا دەپنە قىلىنغان. ئۇ جۇڭغار خانلىقى ھامىيلىقىدىكى ئاپاق خوجىنىڭ خوجىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى جاھالەت، نادانلىق، رىيا، نىزا، پىتنە ـ پاسات، جەڭگى ـ جېدەل ۋە خائىنلىق ـ ساتقۇنلۇقلارنى ئۆز كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزگەن ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «زۇبدەتۇلمەسائىل» (تاللانغان مەسىلىلەر)، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەئىف»، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى»، «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى)، «قىياپەتۇلبەشەر» ۋە «رىسالەئى كەسپدار» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. «تارىخى تەبەرى»، «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق دۇنياۋى ئەسەرلەرنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئالىمنىڭ تۇنجى ئەمگىكى «تەزكىرەئى ئەزىزان» 1771 ـ يىلى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھىمە ئاغىچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. مۇئەللىپ ئەسىرىدە خوجىلارنىڭ

يۇرتىمىز شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ ئاپاق خوجا دەۋرى، ئاپاق خوجا بىلەن جۇڭغارلارنىڭ شىرىك ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ كېيىنكى ۋەقەلىرىنى بايان قىلغان، شۇنداقلا ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى تەنقىدلەپ، ئۆزىنىڭ كۆزقاراش، باھالىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»نىڭ ئۇيغۇرچە قول يازمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، ئۇنىڭ تەقلىدىي كۆچۈرمىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. «تەزكىرەئى ئەزىزان» بۇرۇنلا چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئىنگلىز ئالىمى ئىلئاس 1891 - يىلى كالكۇتتىدا ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. نېمىس ئالىمى م.خارتمان 1905 - يىلى ئۇنى ئىزاھلىق شەكىلدە نېمىسچە ئېلان قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى م. ئا. سالاھىدىنوۋ 1959 - يىلى «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاخباراتى» مەجمۇئەسىدە رۇسچە ئېلان قىلغان. بۇ كىتاب بىزدە 1929 - يىلى موللا ئابدۇسەمەت ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن تولۇق نۇسخىسىغا ئاساسەن 1988 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئالىمنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «ئادابۇسسالىھىن» بولۇپ، ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بۇ ئەسەر 1840 - يىلى يېزىلغان. كىتابتا ئالىمنىڭ ئەخلاق قارىشى، ئەخلاقىي تەشەببۇس، ئۆگۈت - نەسىھەتلىرى بايان قىلىنغان. يەتتە باب، 32 پەسىللىك (پاراگرافلىق) بۇ ئەسەر ئەينى زاماندا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدرىسەلىرىنىڭ ئەخلاق دەرسلىكى بولۇپ قالغان. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، خىۋە خانى مۇھەممەد رەھىمخان 1902 - يىلى بۇ كىتابنى ئوردا كاتىپلىرىغا كۆچۈرتۈپ، خارەزم مەدرىسەلىرىدە دەرسلىك قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىكەن.

## ئابدۇرەھىم نىزارىي

مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي 1776 - يىلى قەشقەردە

تۇغۇلغان. ئۇ ئىپتىدائىي مائارىپ تەربىيەسىنى مەھەللىسىدە ئالغاندىن كېيىن، قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان. شەخسىي قىزىقىشى بويىچە ئۇيغۇر، پارس ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلاپ، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئدى، خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇرەھمان جامى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىق پارس - تاجىك كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشقان. خۇسۇسەن ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن. نەۋايى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۇنىڭ مەدرىسە ھاياتىدىلا باشلانغان بولۇپ، كېيىنچە «نىزارىي» (ئاجىز، ناتىۋان، غەمكىن) تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ، نۇرغۇن ئەسەر - داستانلارنى يېزىپ، نەۋايىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ئېسىل نەمۇنىلەرنى يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتقان. «مۇخەممەس نىزارىي»غا ئۇنىڭ تالىبلىق ۋاقتىدا يازغان مۇخەممەسلىرىدىنمۇ تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

شائىر ياشىغان دەۋر شىنجاڭ خەلقى مەنچىڭ خاندانلىقى ۋە يەرلىك فېئودال بەگلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا قوشلاپ زۇلۇم چېكىپ، ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىدىن، قەدىر - قىممىتىدىن مەھرۇم قالغان؛ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر كۈچەيگەن دەۋرگە توغرا كەلگەن بولغاچقا، مەدرىسەنى پۈتكۈزۈپ چىقىپ خەتتاتلىق يەنى كىشىلەرنىڭ خەت - چەك، ئەرز - شىكايەتلىرىنى يېزىش ۋە كىتابەتچىلىك (كىتاب- دىۋانلارنى كۆچۈرۈپ تۈپلام قىلىپ شىرازلاپ، سېتىش) ئارقىلىق ئائىلە روزىغارىنى تەمىن ئېتىپ، نامراتلىقتا ياشىغان. ئۇ مۇشۇ دەۋردە خۇسۇسەن ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆپرەك كۆچۈرۈپ تارقاتقان. دىلبەر روزىيېۋا خانىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991- يىللىق 4- سانى) ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ قول يازما ئەسەرلەر فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «كۇللىيات نەۋايى»

(نەۋايى ئومۇمىي ئەسەرلىرى) شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن 1829 — 1830 - يىللىرى قەشقەردە كۆچۈرۈلگەنىكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىمۇ نىزارىي تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخا «كۇللىيات نەۋايى» ساقلانماقتا.

1831 - يىلى تۇرپان ئىنانچى خانى ئىمىن خوجا ئەۋلادى زوھۇرىددىن مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقى بىلەن قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغانلار ئىچىدە كۆپرەك مەدرىسە تەربىيەسى كۆرگەن ۋە مەرىپەتپەرۋەر شەخس بولغاچقا، ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان قەشقەر شائىرلىرىدىن ئابدۇرەھىم نىزارىي، تۇردى نازىم غەرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائىيلارنى ھاكىمبەگ ئوردىسىغا جەلپ قىلىپ، كاتىپلىققا تەيىنلەپ، بۇرۇنقى كاتىپلاردىن رەيھان ئاخۇنۇم، ئىسپەندىيار ئاخۇنۇملار بىلەن بەش كىشىلىك دىۋان تەشكىللىگەن. ئۇلار ئوردىنىڭ كاتىپلىق كاتىباتى ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرگەندىن تاشقىرى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. ياشىنىپ قالغان باش سىجىلات (باش كاتىپ) رەيھان ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم نىزارىي باش سىجىلاتلىققا تەيىنلەنگەن.

ئابدۇرەھىم نىزارىي زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ باش كاتىپى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شائىر، تارىخچى، ئالىم، خەتتات ۋە سەنئەتكارلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قەشقەردە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قويۇق ئىلمىي ھاۋا ۋە كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدىكى ئون نەچچە يىللىق ھاياتى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ قالغان. ئۇ 1837 - يىلىدىن باشلاپ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ دالالىتى بىلەن «فەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا» داستانلىرىنى يېزىپ چىققان ۋە 1841 - يىلى تۇرپان ئىنانچى خانى ئەفرىدۇننىڭ ئۆتۈنۈشى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ مۇۋاپىق كۆرۈپ ئەۋەتىشى بىلەن كاتىپ نورۇز ئاخۇن زىيائىي بىلەن لۈكچۈن (كونا

تۇرپان) گە بېرىپ، ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەينى چاغدىكى تۇرپان ئىنانچى خانى ئەفرىدۇن، قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىنلار ھاياتىغا بېغىشلاپ شەجەرە داستان يازغان.

بۇ داستانغا شائىر تەرىپىدىن ماۋزۇ قويۇلمىغان. «غەرىبىلەر ھېكايىتى» ياكى «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان چاتما داستانلار توپلىمىنىڭ بېشىغا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «دىباچە» (مۇقەددىمە) دەپ ئاتالغان. «غەرىبىلەر ھېكايىتى» نىڭ 1956 ـ يىلى غۇلجىدىن تېپىلغان قول يازما نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، بىر نۇسخىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازما فوندىدا ساقلانماقتا.

«دەھرۇننەجات» (قۇتۇلۇش دۇنياسى) «زادۇن نەجات» (قۇتۇلۇش ئۇرۇقلىرى)، «دەۋرۇن نەجات» (قۇتۇلۇش دەۋرى) دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

ئىككى پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋاب شەكلىدىكى پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك بۇ ئەسەر نەزمىي ۋە نەسرىي ئۇسلۇبدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، مەردلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك، ئالىيجانابلىق بىلەن ئەخلاقسىزلىق. شۇنداقلا شائىرنىڭ ھۆكۈمرانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئادىللىق، ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك پەزىلەتلىرى ۋە ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئەڭ مەشھۇر داستانى «رابىيە ـ سەئدىن» ھىجرىيە 1248 ـ يىلى (مىلادىيە 1832 — 1833 ـ يىللىرى) قەشقەرگە تەۋە پەيزاۋاتنىڭ بايتوقاي بەگلىكى كۆكچى يېزىسىدا ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن رابىيە بىلەن سەئدىننىڭ مۇھەببەت تىراگېدىيەسىگە بېغىشلانغان. بۇ ۋەقەنى شائىر ھىجرىيە 1264 ـ يىلى (مىلادىيە 1848 ـ يىلى) قەلەمگە ئالغان. بۇ يىلنامىلەر «رابىيە ـ سەئدىن» داستانىنىڭ باش قىسمىدىكى مىسرالاردا ئېنىق دېيىلگەن.

داستان ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ۋاقىت، ئورۇن توغرىسىدا شائىر:

خۇدچۇن تەۋارىخ ھېسابىن دېدى،
مىڭۇ ئىككى يۈز قىرىق سەككىز ئىدى.

بىلادى مۇئەييەن ئىرۇر كاشغەر،
كى، ئۇششاقلاردىن ئىشتكىل خەبەر.

ئەجەب ۋاقىئاتىكى بولمىش ئايان،
ئىككى يار بىر-بىرىگە تاپشۇردى جان.

دېگەن مىسرالارنى يازغان بولسا، شائىرنىڭ داستاننى يازغان ۋاقتى توغرىسىدا:

چەراغىن ھۇرۇفىنكى، ئەھلى خىرەد،
كى، تەئرىفى سالىن دېمىش بىلئەدەد.

دېگەن بېيىتنى يازغان. بۇنىڭدىكى «چەراغىن» ئەبجەت ھېسابىنى كۆرسەتكۈچى ئىبارىدە داستان يېزىلغان ھىجرىيە 1264 - يىلى ئېنىق كۆرستىلگەن.

مۇتەپەككۇر شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى كېيىنكىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئابدۇجېلىل ئىسىملىك بىر ئەدىب ئابدۇرەھىم نىزارىي داستانىغا تەقلىد قىلىپ «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق بىر داستان يازغان. داستاندا ھەتتا ئابدۇرەھىم نىزارىي داستانىدىكى بەزى بېيىتلار ئەينەن ئېلىنغان. بۇ داستان ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازما فوندىدا ساقلانماقتا.

ئاتاقلىق شائىر، ئالىم ئەھمەد زىيائىي «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىغا ئۆزگەرتكەن. بۇ ئوپېرا ئۇنىڭ 1947 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتى تەرىپىدىن بېسىلغان «تۇزۇماس چېچەكلەر» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ،

شائىر ئۇنى نىزارىينىڭ داستانىغا ئاساسەن يازغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتكەن. ئوپېرا ئەينى چاغدا قەشقەر سەھنىلىرىدە ئوينالغان. ئەھمەد زىيائىي نىزارىيشۇناس شائىر بولۇپ، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدىمۇ «رابىيە - سەئدىن» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستان يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

ئاتاقلىق ئۆلىما، ئەدىب ۋە تارىخچى ئىمىر ھۆسىين قازى ئاخۇنۇم 1950 - يىللاردا قەشقەر ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ دالالىتى بىلەن ئابدۇرەھىم نىزارىي ئىزىدىن «رابىيە - سەئدىن» داستانىنى يازغان. شائىرنىڭ بۇ داستانى ئۇزۇن يىللىق مالىمانچىلىقتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

شائىر، دىراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇنمۇ 1980 - يىللاردا «رابىيە - سەئدىن» ناملىق چوڭ تىپتىكى بىر ئوپېرا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئوپېراسى ھازىرغىچە شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينالماقتا.

دىلبەر روزىيېۋا خانىمنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «رابىيە - سەئدىن» داستانىنىڭ قول يازما كىتابى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازما فوندىدا ساقلانماقتا ئىكەن.

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئۆپكە كېسىلى كېيىنكى مەزگىللەردە ئېغىرلاپ قالغان. ئۇنىڭ ئىستېداتىنى بەكمۇ قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئۇنى داۋالاشقا قەشقەردىكى ئەڭ مەشھۇر ھېكىم، ئۆزىنىڭ خاس تېۋىپى سوپى ئاخۇنۇمنى تەكلىپ قىلغان ۋە سوپى ئاخۇنۇمنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا ئەڭ ساپ ھاۋالىق جاي دەپ قارالغان ئوپال بەگلىكىنىڭ ئازىق (ھازىرقى قۇمباغ) دېگەن يېرىدىن بەش پاتمانلىق يەر، بىر ئېرىق سۇ ۋە توقايلىق ئاجرىتىپ بەرگەن ھەم بىر باغلىق ھويلا ياسىتىپ بەرگەن. شائىر نىزارىي «رابىيە - سەئدىن» داستانىنى شۇ يەردە يېزىپ تاماملاپ، «ھەزرىتى موللام» (مەھمۇد كاشغەرىي) تەزكىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ «دىيارى ئىمام» ناملىق ئەسىرىنى يازغان ۋە 1850 - يىللىرى قۇمباغدا 74 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسى جايلاشقان دۆڭلۈكنىڭ غەربىي شىمال يانباغرىغا دەپنە قىلىنغان.

## زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ

زوھۇرىددىن تەخمىنەن 1800- يىلى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە چوڭ كۈچ قوشۇپ، 1759- يىلى ئىنانچى خان (جۇنۋاڭ) لىق مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلانغان ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى يۇنۇس ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدىن ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىنى تاماملىغان.

1759- يىلى جۇڭغار خانلىرى بىلەن ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن چوڭ خوجا، كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى ئۇڭۇشلۇق ئورۇنلىغان چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ھەربىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئىلى گېنېرالى ئارقىلىق يۈرگۈزگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ كونا ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ھاكىمبەگلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىپ، جەنۇبىي يولدىكى خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان ۋە قاراشەھەردىن ئىبارەت سەككىز شەھەردە دەرىجىسى پەرقلىنىدىغان ھاكىمبەگ؛ قەشقەردە سەككىز شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ ھاكىمبەگلەرنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان خان ئامبال (دەرىجىسى ئىلى گېنېرالىدىن بىر دەرىجىلا تۆۋەن، بۇ مەنسەپ نامى بەزى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا «مەسلىھەتچى ئامبال» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ)، باشقا شەھەرلەردە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال، چېرىكچى ئامباللارنى توختاتقان. شىنجاڭدا 1884- يىلى ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچە تۇرپاننىڭ ئىنانچى خانى ئىمىن خوجا ئەۋلادىدىن ئىسكەندەر، يۇنۇس، فەرىدۇن، مۇھەممەد سەيىد، زوھۇرىددىن ۋە ئەفرىدۇن قاتارلىقلار قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان.

زوھۇرىددىنىنىڭ دادىسى يۇنۇس 1811 — 1814- يىللىرى قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ خاتالىشىپ، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىلىدا

نەزەربەندتە تۇرغاندا، زوھۇرىددىن دادىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولغان پەرىدۇن، مۇھەممەد سەييىدلەرنىڭ تەربىيەسىدە قېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1824 - يىلى يۇنۇس داۋگۇۋاڭ خاننىڭ ئەپۇسى بىلەن ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، قايتىدىن قەشقەردە ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەي 1827 - يىلى ئاپاق خوجا ئەۋلادى جاھانگىر خوجا قوقەندتىن بىر بۆلۈك كۈچ توپلاپ چېگرادىن بۆسۈپ كىرىپ، «ئاق تاقىيە»لىك سوپى - ئىشانلارنىڭ ياردىمىدە قەشقەرنى ئېلىپ، مۇھەممەد سەييىد، يۇنۇسلارنى ئۆلتۈرگەندە، زوھۇرىددىن قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، دادىسىنىڭ يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ ياردىمىدە ئوشقا بېرىۋالغان ۋە قوقەند، سەمەرقەنت، ئۆرىتۆپە، بۇخارالاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. شائىر قىسۇرىنىڭ ئەفرىدۇن توغرىسىدىكى «بولدى جۇنۇۋاڭ شاھى سەككىز ياشىدا، لەئىللىق تاجى ئەفرىدۇن باشىدا» دېگەن مىسرالىرىدا يېزىلغاندەك، جاھانگىر خوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مۇھەممەد سەييىد ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇنغا سەككىز يېشىدا تۇرپاننىڭ ئىنانچى خانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىش يارلىقى چۈشكەن. ياقا يۇرتتا يۈنىگدىن خەۋەر تاپقان زوھۇرىددىن ئەفرىدۇننى مۇبارەكلەپ تەبرىك خېتى يوللاپ، ئۆزىمۇ شەمەي ئارقىلىق چۆچەك شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، سەرگۈزەشتىلىرىنى چۆچەك ئامبىلىغا مەلۇم قىلغان. چۆچەك ئامبىلى ئۇنى ئىلى گېنېرالىنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ قويغان. ئىلى گېنېرالى بېيجىڭغا مەلۇم قىلغان. ئۇنىڭ دادىسى چوڭ تۆھپىكار ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى، شۇنداقلا چىنڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولغاچقا، زوھۇرىددىن ئەتىۋارلىنىپ، 1831 - يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا دەرىجىسى يۇقىرى بولغان قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەنلىك پەرمانى چىقىرىلغان.

زوھۇرىددىن (يەنە قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ دەپمۇ ئاتالغان) قەشقەردە ئۇزاق دەۋران سۈرگەن. ئۇ قەشقەر ھاكىمبەگلىرى ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقتى ئۇزاق، تۆھپە - نەتىجىلىرى كۆپ، شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ياخشى تەرىپى ئەڭ كۆپ سۆزلەنگەن ھۆكۈمران بولۇپ قالغان.

ئۇ ئالدى بىلەن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا زامانىسىنىڭ مۆتەپەككۇر شائىرى ئابدۇرەھىم نىزارىي مەسئۇللۇقىدا دىۋان قۇرۇپ، شائىر تۇردى نازىم غەرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائىي قاتارلىقلاردىن بەش كىشىلىك كاتىبات ئىشخانىسى تەشكىللىگەن ۋە ئاتاقلىق ئالىملاردىن ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي قاتارلىقلارنى ئوردىنىڭ كېڭەش، مەسلىھەتلىرىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر- تەكلىپلىرىگە قۇلاق سالغان ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خاتىرجەم ئىلمىي پائالىيەت، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، زۆرۈر بولغان شەرت- شارائىت-لارنى ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ قەشقەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويغاندىن تاشقىرى، ئۆز خىراجىتى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە «تاجى ھاكىمبەگ مەدرىسەسى»نى تەمىر قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۇلگە كۆرسىتىپ بېرىشى، دەۋەت - رىغبەتلىرى بىلەن بايلار «كەنجازا مەدرىسەسى»، «دورغا بەگ مەدرىسەسى»، «شاھ پولات بەگ مەدرىسەسى» ۋە «ئۆمەر ھاكىمبەگ مەدرىسەسى» دېگەن يېڭى مەدرىسەلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەبىيات-سەنئەتتە يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى ئېچىلغان. ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ داستانلىرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشىلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى) قاتارلىق كىتابلىرى مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «ئادابۇسسالىھىن» نى كاتىپلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆچۈرتۈپ مەدرىسەلەرگە تارقىتىپ بەرگەن. بۇ كىتاب شۇ چاغلاردا قەشقەر مەدرىسەلىرىدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدرىسەلىرىدىمۇ تالىپلارنىڭ ئەخلاق دەرسلىكى قىلىنغان. نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىشمۇ بۇ دەۋردە ئەۋج ئالغان بولۇپ، قەشقەردىكى خەتتاتلىق مەكتىپى ھەزرىتى نەۋايىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە» ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان.

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ:

کی بىر مىڭ ئىككى يۈز بەش تارىخى پەيغەمبەر،
بىنا ئەتتى شاھ زوھۇرىددىن بەلەند ئەختەر.
دىيارى ئىلىنىڭ ھالىگە رەھمە ئەيلەپ ھىدايەتتىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم ئۇل گوياكى سەددى ئىسكەندەر.

دېگەن شېئىرىغا ئاساسلانغاندا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1839 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىلىنى كېڭەيتىپ، خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سېپىلىدەك مۇستەھكەم ياساپ چىققان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆلىمى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كېڭەيگەن بولۇپ، شەھەر قىياپىتى يېڭىلىنىپ، يېشىللىق كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ياخشىلانغان.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە كۆرۈلدۇ. ئۇ كۆپلەپ بىنەم ئاچتۇرۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتكەن ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا ئېرىق ـ ئۆستەڭ، توما ـ تاقاق، كۆچۈرمە ـ چۆشۈرگە، تۇغ ـ توغان دېگەندەك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى ئاساسقا ئىگە قىلىنغان. «ئاۋات ئۆستىڭى» شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغىچە يەتكۈزۈلۈپ، يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىنا قىلىنغان.

«قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، داۋگۇاڭ خاننىڭ 25 ـ يىلى (مىلادىيە 1845 ـ يىلى) لىن زېشۇ بۇيرۇق بويىچە قەشقەرگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ھەيدەك ـ چىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن يىلدىن داۋگۇاڭ خاننىڭ 30 ـ يىلى (مىلادىيە 1850 ـ يىلى) غىچە بولغان قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە قەشقەردە 83 مىڭ 298 مو بىنەم يەر ئېچىلغان.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ يۇقىرىقى تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ئۇنى ئىككىنچى سەپتە تۇرۇپ قوللاپ بەرگەن قەشقەر خان ـ ئامباللىرى،

ئىش بىجىرگۈچى ئامباللىرىنىمۇ مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.

«قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى»دە: «تۇڭگجى خاننىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 1862 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قوقەندتە خىلۋەتتە پاشاۋاتقان ۋەلىخان تۆرە نەچچە ئونلاپ ئادەم بىلەن كېلىپ، مىگيول قورۇلىدىكى ئات ـ ئۇلاغلارنى بۇلىدى. قەشقەر ھاكىمبېگى قۇتلۇق مىللىي چېرىكلەرنى باشلاپ بېرىپ زەربە بەردى» دېگەن مەلۇمات بار. مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان بايقالغان 1860 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى يەر ـ سۇ ۋەخپە ھۆججەت ـ ۋەسىقە مەزمۇنلىرىغا ھەم تۇرپاندىكى ئەفرىدۇننىڭ 1863 ـ يىلى بېيجىڭغا بېرىش تەييارلىقى قىلىۋاتقاندا، خان تەرىپىدىن قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئەۋەتىلىشى قاتارلىق ئىسپات ـ دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1863 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن بوشاپ، لۈكچۈنگە قايتىپ ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ، ۋەسىيىتى بويىچە تۇيۇق غوجام ئەسھابۇلكەھف يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

### ما فۇشىڭ

ما فۇشىڭ، ئەر، خۇيزۇ. 1866 ـ يىلى يۈننەننىڭ مىڭزى ناھىيەسىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇھەممەت يۇنۇس، قەشقەردە تونۇلغان نامى ما تىتەي ئىدى.

ما فۇشىڭ باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ چامباشچىلىق گۇمپىلىرىنى ئۆگىنىپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۈچتۈڭگۈر، قارام نوچىلاردىن بولۇپ يېتىلگەن. ئەينى چاغدىكى يۈننەننىڭ دوتىيى ما فۇلۇغا ياراپ قالغان ما فۇشىڭ ئۇنىڭ سارىيىدا قورۇقچىبەگلىك مەنسىپىگە ئېرىشىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپدارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

1900 ـ يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا قوشۇن تارتقاندا، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان سىشى تەيخۇ شىئەنگە قاچقان. يۈننەن دوتىيى ما فۇلۇ كۈچتۈڭگۈر ما فۇشىڭنى سىشى تەيخۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. سىشى تەيخۇ شىئەندىكى

گوەندىمياۋ بۇتخانىسىغا كۇچە يېقىپ باش ئۇرغىلى بېرىپ، بۇتخانىدا ساقلىنىۋاتقان ناھايىتى زور بىر قىلىچنى كۆرۈپ: «ۋاھ، ئەجەب چوڭ قىلىچكەنغۇ، قانداق ئادەم ئىشلىتەلەيدىغاندۇ؟!» دەپ ھەيران قالغان. ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسىتى كەلگىنىنى پەملىگەن ما فۇشىڭ قىلىچ ئوينىتىپ ماھارەت كۆرسەتكەن ۋە چىرايىدا ھېچبىر زورۇققانلىق ئالامىتى كۆرۈلمىگەن. سىشى تەيخۇ: «ۋاھ، نېمىدېگەن باتۇرلۇق بۇ!» دەپ ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇپ، خېنەنىنىڭ مەسلىھەتچى سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىگەن. كېيىنكى كۈنلەردە خاتالىشىپ، ئەملى ئېلىپ تاشلانغان ما فۇشىڭ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ، «ئۇچبۇلاق» (سەنداۋبامىچۇەن) دېگەن يەردە تېرىقچىلىق قىلىپ جان باققان.

1912- يىلى ياڭ زەڭشىن، فېڭ تېمىن قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلار قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قوللايدىغان ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەشكىللەپ، ئۇرۇمچىگە قوشۇن تارتقان. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي سىلاۋچى بېگى يۈەن داخۇا ياڭ زېڭشىنىڭ «تۇپىلاڭنى تىنچىتىمىز دەيدىكەنمىز، خۇيزۇلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، خەنزۇ قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىمىز كېرەك» دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بەش باتالىيون ئەسكەر ئېلىش ھوقۇقى بەرگەن. ما فۇشىڭ شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىنىڭ يۆلىشى بىلەن بىر باتالىيون خۇيزۇ قوشۇنىغا تۇڭگىلىڭ (يىڭجاڭ) بولۇپ سىياسىي سەھنىگە چىققان. كېيىنچە يۈەن داخۇانىڭ ھوقۇقى ياڭ زېڭشىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، شىنجاڭدا دەۋر سۈرگەندە، ما فۇشىڭ ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك قولچومىقى بولۇپ ئەتىۋارلانغان ۋە ئۆز قولى بىلەن تۆمۈر خەلىپىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر باتالىيون قومۇللۇق ئۇيغۇر ئەسكىرىنى سۇيىقەست بىلەن يوقىتىپ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەچكە، ھېلىگەر ياڭ زېڭشىن «خۇيزۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىش» پىلانىنى تۈزۈپ، 1915- يىلى ما فۇشىڭنى قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى (تىتەي ھەربىي قوماندان)لىقىغا تەيىنلىگەن.

ما فۇشىڭ قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانىغا ئايلانغاندىن كېيىن، يېڭىشەھەردىكى تىتەي يامۇلى (بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى) غا ئورۇنلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇيچىلارنى تازىلاش باھانىسىدە ھەر مىللەت خەلقىنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇپ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن يوشۇرۇن خەۋپ - خەتەرلەرنى يوقىتىش بىلەن بىرگە ئۆزى ئۈچۈن بىھېساب بايلىق توپلاپ، قانخور جاللات ياڭ زېڭشىننىڭ ئەڭ قابىل قولچومىقىغا ئايلانغان.

ما فۇشىڭ قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى قومۇشلۇقلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان يايلاقلىرىغا كۆز يەتمەيدىغان؛ ئەتراپى بۈككىدە ئۆسكەن تەبىئىي ئورمانلىق ۋە جىگدىلىكلەر بىلەن ئورالغان؛ قىرغاۋۇل، غاز، ئۆردەكلەر؛ تۈلكە، كېيىك، توشقان ۋە باشقا جان - جانىۋار، ئۇچار قاناتلارغا ماكان بولغان؛ تۇپرىقى مۇنبەت «پاقىلىق» (ھازىرقى «ساۋخۇ») قا كۆزى چۈشۈپ، ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك داچا سالدۇرۇپ، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يۇرت - يۇرتقا ياغاچ- تاش ۋە ئەمگەكچى ھاشىرى سېلىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ بايلىقى ۋە كۈچى بىلەن ياسالغان قەسىرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى بىر كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئالدى ۋە ئارقا قەسىرگە ئايرىلغان داچا ئېگىزلىكى 4 مېتىر، قېلىنلىقى 6 مېتىرلىق سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنغان. كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ لەڭگەر يېزىسىغا خەلقنىڭ بايلىقى ۋە كۈچى بىلەن ئىككىنچى داچىسىنى ياسىتىشقا ئۈلگۈرگەن ما فۇشىڭ تىتەي يامۇلى بىلەن بىر كوچا ئايرىلىپ تۇرىدىغان يەرگە ئىككى قەۋەتلىك ياتاق بىناسى ۋە باغچە سالدۇرۇپ، بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنى ئاسما كۆۋرۈك بىلەن يامۇلغا تۇتاشتۇرۇپ، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئىشقا ماڭغان، ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردا مەخسۇس ئۆزىلا ماڭغان ھەمدە كەيپى ياخشى كۈنلىرى كوچىدا كېلىپ - كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ئاسما كۆۋرۈكتە تۇرۇپ بىر - ئىككى ئوچۇم يارماق چېچىپ، بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ

پۇل تېرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەردىن كۆڭۈل ئاچقان (ئەينى چاغدىكى يېڭىشەھەردىكى بىردىنبىر پىششىق خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق زور بىنانىڭ ئاسما كۆۋرۈكى ما تىنتەي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئېلىۋېتىلگەن. ئەمما، بىنا 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بار ئىدى. بۇ ئورۇن ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ئامبۇلاتورىيەسى قىلىندى).

ما فۇشىڭنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى چىرىك، ئەخلاقى ناچار بولۇپ، ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، يۈزنەنلىك، جېجياڭلىق خوتۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە قەشقەرلىك بىر ئۇيغۇر خوتۇن ئالغان. ئەتىدىن كەچكىچە ھەرەمخانىدىن چىقماي، ھاراق ـ شاراب، خوتۇن ـ قىزلار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قۇرىدىغان ما فۇشىڭ «ئاسراندى» نامىدا بېقىۋالغان ئون نەچچە خۇيزۇ، خەنزۇ قىزلىرىنى مەجبۇرىي خوتۇن قىلىش بىلەن بىرگە، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن ھەر مىللەت خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلغان. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ما فۇشىڭ ئۆچۈن ئاياغ كىيىم تىكىدىغان بىر خەنزۇ موزدۇز تەكلىپ بويىچە خوتۇنىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قەسرىگە مېھماندارچىلىققا بارغان. كەچتە ما فۇشىڭ ئېرىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، خوتۇنىنى ئېلىپ قالغان. ما فۇشىڭنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن موزدۇز كەتمەي، بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان. ما فۇشىڭ موزدۇزنىڭ خوتۇنى ئۈچۈن يېڭىدىن داستىخان راسلاپ، شاراب ئىچىشنى باشلىغاندا، موزدۇزنىڭ ياش ۋە چىرايلىق خوتۇنى ما تىنتەيگە كەينى-كەينىدىن شاراب تۇتۇپ، شاراب تۇتۇش ناخشىسى ئېيتىپ ھەسرىتىنى ئىپادىلىگەن. موزدۇز يوشۇرۇنۇپ ياتقان يەردىن چىقىپ ما تىنتەي قەسرىگە ئوت قويىۋەتكەن. پىششىق خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياسىداق قەسر بىر ئاخشامدىلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

ئىستىبدات ما فۇشىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلماي، ھەددىدىن ئېشىپ، قەشقەردە ئۆزى خالىغان مىقداردا، ئۆزى خالىغان نام ـ ئاتاقتا باج-خىراج، ئالۋان ـ ياساقلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. «قۇشقاچ ئالۋىنى» ئۇنىڭ بىر مىسالى. ئەركەك قۇشقاچنىڭ تىلىدا ياسالغان قۇۋۋەت دورىسى شەھۋەتنى قوزغايدۇ، دەپ ئاڭلىغان ما تىنتەي يۇرت ـ يۇرتقا

قۇشقاچ ئالۋىنى چاچقان. ھەربىر ئائىلە 100 دىن ئەركەك قۇشقاچ تاپشۇرۇشقا، تۇتالمىغانلار قۇشقاچ بەدىلىگە پۇل تۆلەشكە مەجبۇرلانغان. پۇلى يوق، قۇشقاچمۇ تاپشۇرالمىغانلار جازالانغان، قارشى چىققۇچىلار تۈرمىگە تاشلانغان ياكى پىيى كېسىلگەن. «موم ئالۋىنى» ئۇنىڭ ئىككىنچى كەشپىياتى. ئۇ ئۆلۈغچات ناھىيەسىنىڭ قىزىلئۆي ئەتراپىدىن داۋاملىق نېفىت ئۆرلەپ چىقىدىغانلىقىنى، بەزى سازلىقلارنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت نېفىت لەيلەپ يۈرگىنىنى، بەزى يەرلەردە نېفىتنىڭ ئۇيۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆلۈغچات خەلقىگە «موم» قېزىش ئالۋىنى؛ قەشقەر، يېڭىشەھەر ۋە باشقا جايلاردىكى دۇكاندار - سودىگەرلەرگە «موم سېتىش ئالۋىنى» چاچقان. بۇ خىل ساختا تىجارەتنى رەت قىلغان تىجارەتچىلەر، قارا ماينى موم ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، سېتىۋېلىشنى رەت قىلغان مۇزدۇرلار جازالانغان، بەزىلىرىنىڭ پىيى كېسىلگەن. ئۇ يەنە قانۇننى قالايمىقان تەتبىقلاپ، يانچۇقچىلارنىڭ قولىنى بېغىشىدىن، ئوغرىلارنىڭ پىيىنى ئوشۇقىنىڭ تۈۋىدىن كېسىپ ناكار قىلغان. ئۇ دەۋر سۈرگەن 10 يىلدا قولى كېسىلىپ، پىيى قىرقىلىپ ناكار بولۇپ قالغان، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ سانى بەك كۆپ بولغان. شۇڭا، قەشقەر خەلقى: «ما تىتەي تۆلۈمچاشقان، ئالۋاننى تولا چاچقان» دېگەندەك قوشاقلارنى توقۇپ، «مومچى تاز» دېگەندەك لەقەملەرنى قويۇپ، ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن.

ما فۇشىڭنىڭ زۇلۇم - سىتەم، زورلۇق - زومبۇلۇقى چەكتىن ئاشقاندا، قەشقەر خەلقى ياڭ زېڭشىنغا ئەرز قىلغان. ئۇ ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىننىڭ تەختكە چىقىشى ئۈچۈن پۇتىغا خىش قويغان، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ما تىتەينىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە بىر كۆزنى قىسىۋېلىپ كەلگەن ياڭ زېڭشىن كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەرز - شىكايەتلەرگىمۇ كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئېتىبارسىز قالدۇرغان. ئوغلىنى قەشقەرنىڭ شىيەتەيلىكىگە (بىرىگادا كوماندىرىغا تەڭ مەنسەپ) تەيىنلەپ، كوناشەھەر يۇمىلاق-شەھەر قەلئەسىدە توختاتقان. قىزىنى تىتەي يامۇلى مۇھاپىزەتچىلەر

باتالىيوننىڭ يېڭىجاڭلىقىغا، يېشىغا توشمىغان ئوغلىنى كۆمۈرچىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئۆز جەمەتى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا قەشقەردىكى چوڭ - كىچىك مەنسەپلەرنى ئىگىلىتىپ، قەشقەر ۋە يېڭىشەھەردە خۇيزۇلار نوپۇسىنى كۆپەيتىپ، قوشۇن كېڭەيتكەن، ئۇنىڭ چىقىملىرىنى خەلققە چاچقان.

شىمالىي مىلىتارىست ساۋكۈن بېيجىڭدە جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمى- تىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندا، ما فۇشىڭنىڭ جېجياڭلىق خېنىمى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ ساۋكۈننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن. سوۋغا - سالام، جېجياڭلىق خېنىم بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ يۈز - خاتىرىسى، مۇھىمى ئۆزىگە تۆۋەندىن گۇماشتا يېتىشتۈرۈش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، ساۋكۈن ما فۇشىڭغا «ھەيۋەتدار گېنېرال» ئۇنۋانى بېرىپ، 30 باتالىيون ئەسكەر ئېلىش ھوقۇقى بەرگەن. ئىشپىيون، جاسۇس، كۆز - قۇلاقلىرى ئارقىلىق بۇلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان ياڭ زېڭشىن ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ ئورنىغا خىرىس ۋە خەۋپ يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ما فۇشىڭنى خۇيزۇلارنىڭ قولى بىلەن بابلاش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئىچىدىكى دىنىي مەزھەپ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلگەن. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ خۇيزۇلىرى «يېڭى مەزھەپ» ۋە «كونا مەزھەپ» دېگەن ئىككى مەزھەپكە تەۋە بولغان. ما فۇشىڭ كونا مەزھەپ ئىمامى، ئۈچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋۇ يېڭى مەزھەپ ئىمامى بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن ما شاۋۋۇغا قەشقەر دوتەيلىكىنى ۋەدە قىلىپ، 12 باتالىيون جازا قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە قەشقەرگە چۈشۈپ، ئاسىي ما فۇشىڭنى يوقىتىشقا ئەمر قىلغان. 1924- يىلى ماي ئايلىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ما شاۋۋۇ ئۈچۈر تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاقسۇ - قەشقەر يولىنى قامال قىلىپ، قەشقەر تەرەپكە ئۈچار قاناتنىمۇ ئۆتكۈزمەي، ئۆزى جازا قوشۇنى بىلەن قەشقەرگە چۈشۈپ، ما تىتەينى يېرىم كېچىدە غەرق مەست ئۇخلاۋاتقان چۈشىكىدە ئېتىپ تاشلاپ، ئۆلۈكىنى يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى (شەھەر

دەرۋازىسى) ئالدىدا چار مىخ قىلىپ ئۈچ كۈن سازايى قىلغان.

ساۋخۇ يولى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.
سەككىز - ئون يىل شە سوراپ،
ما تىنتەيدەك بولغان يوق.

دېگەن قوشاق مۇشۇ چاغدا توقۇلغان.

### ئابدۇقادىر داموللام

مەشھۇر دىنىي ئالىم، ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام 1854 - يىلى پەيزاۋاتقا تەۋە ئاستىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللام دەسلەپ مەشھەدتىكى «سۇلتانىم مەدرىسەسى»نى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكىدىكى «خانلىق مەدرىسە»دە ئوقۇغان.

بىلىم ئاشىناسى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، تېخىمۇ كۆپرەك بىلىم تەھسىل قىلىپ ۋەتەنگە ياراملىق ئىستېدات ئىگىسى بولۇپ يېتىشىش ئارزۇسىدا تەخمىنەن 1880 - يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن بۇخاراغا بېرىپ، «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسەسى»گە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇخارادا قەشقەردە ئۆگەنگەن ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە ئىلاھىيەت ئىلمى، ئەدەبىيات، مەنتىق، ئاسترونومىيە، پەلسەپە پەنلىرى بويىچە ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىپ بىر دەرىجە ئۆرلىگەندىن تاشقىرى، فارابى، ئىبن سىنا ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يۇنان پەلسەپىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەپ ئالىم بولۇپ تونۇلغان ئابدۇقادىر داموللام يۇقىرى باھا بىلەن مەدرىسەنى پۈتكۈزۈپ، سەمەرقەنت، ئۇفا مەدرىسەلىرىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. «ئەقائىدى زەرۇرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «ئىبادەت ئىسلامىيە» ناملىق ئەسەرلەر ئابدۇقادىر

داموللامنىڭ شۇ مەدرىسەلەردىكى دەرسلىكلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يازغان دەسلەپكى كىتابلىرى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىلا ئۇفادا نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقىتىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام سەمەرقەنت، ئۇفا شەھەرلىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان يىللاردىلا ئاتاقلىق ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، تاشكەنتلىك ئالىم مۇرات خوجا ئىشان شاشى شەيخ سەئدىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «گۇلىستان»نى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، 1906 ـ يىلى نەشرگە تەييارلانغان سۈرەتلىك نۇسخىسى «شەۋقى گۇلىستان مۇسەۋۋەر»نىڭ نەشرگە بەش نەپەر ئالىم بېغىشلىما يازغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بېغىشلىمىسى ئالىم سەييىد ئەھمەد ۋەسلى سەمەرقەندىنىڭ بېغىشلىمىسىدىن كېيىنلا ئىككىنچى ئورۇندا بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئالىمنىڭ ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلمىي ئورنى بىلەن ئىلمىي نوپۇزىنى كۆرۈپ يەتمەك تەس ئەمەس.

ئابدۇقادىر داموللام ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تىل پاساھىتىنى ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيەسى بىلەن ئەرەب ئەدەبىياتىغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە تۈزگەن، 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب مۇتەپەككۇرى ئەبۇلئەلا ئەھمەد مۇئەررىددىن 20 ـ ئەسىردىكى تەجەللىيگىچە 100 دەك مەشھۇر ئەدىبنىڭ مىسرالىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن «مىفتاھۇلئەدەب» (ئەدەبىيات-نىڭ ئاچقۇچى) ناملىق مەشھۇر كىتاب ھىجرىيە 1328 ـ يىلى (مىلادىيە 1910 — 1911 ـ يىللار) تاشكەنتتە بېسىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدا تەخمىنەن 1907 ـ يىلى قەشقەرگە قايتقان. ۋەتەنگە قايتىشتىن بۇرۇن تاشكەنت، خوجەند، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەردە ئىلمىي زىيارەتلەردە بولۇپ، زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ئالىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇرغان، ئىلمىي مۇنبەرلەردە لېكسىيە سۆزلىگەن.

ئۇلۇغ غايە، يۈكسەك ۋە ئالىيجاناب ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ئابدۇقادىر دامولام ئوتتۇرا ئەسىردە «سانى بۇخارا» دېگەن نام بىلەن شۆھرەتلەنگەن قەشقەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا

تەرەققىياتىدىن مۇستەسنا ھالدا قالاق ۋە قاششاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى، مەدرىسە مائارىپى ئەينى دەۋر ئىسلام شەرقىدە ئىسلاھاتچىلىق (جەدىدىلىك) قا يۈزلەنگەنلىكىگە قارىماي، يەنىلا قاتمال ۋە چۈشكۈن ھالەتتە ئۈنۈمسىز كېتىۋاتقانلىقى، ئانا تىلىدا سۆزلەش - يېزىش چەكلەنگەن «شۆتاڭ»لارنىڭ «ئالۋانچى» ئوقۇغۇچىلارنىڭ قېچىپ كېتىشى نەتىجىسىدە چۆلدەرەپ قېلىشى، كېچىلىرى گۆلەختە يېتىپ، كوندۇزى كوچا - رەستىلەردە تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئىگە - چاقىسىز يېتىم باللارنىڭ كۆپىيىشى، شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ئۇلارغا خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنى سىڭدۈرۈش نىيىتىدە، بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ مەكتەپ ئېچىپ، ھەقسىز تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇتۇشى؛ جاھان تەرەققىياتلىرىنى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ ئىكساقتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى مائارىپ مەشئىلىنى ياندۇرۇپ، يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشى، شىنجاڭنىڭ دىن، ئىدېئولوگىيە، سودا مەركىزى ھېسابلانغان قەشقەردە ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئىستىبدات ھۆكۈمەتنى ئارقا تىرەك قىلغان نادان بايلار، مۇتەئەسسىپ مولللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئىسلاھات تەرەپدارلىرىنىڭ ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىدەك نازۇك ۋە مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن. ئابدۇقادىر داموللام مىللەتنىڭ كەلگۈسى، ئەۋلادلارنىڭ بەخت - ئىقبالى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە ئىسلاھاتچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر ئىسلاھاتچىلىق (جەدىدىلىك) ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسىگە ئايلانغان ۋە خەلق ئاممىسىغا «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق مەشھۇر ئوچۇق خېتىنى ئېلان قىلىپ، «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى» دەپ جاكارلاپ، خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، نادانلىق ۋە جاھالەتتىن قول ئۈزۈپ، ئىلىم - مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىپ ئۆزىنى كۈچەيتىشكە چاقىرغان.

ئورىنبۇرگدا چىقىدىغان تاتارچە «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 546 - سانى (1909 - يىلى 19 - ئۆكتەبىر) ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدىكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئابدۇقادىر داموللام باھاۋۇدۇن مۇساباي، ھاجى ئەلى قاتارلىق كارخانىچىلار بىلەن قەشقەردە «خەير - ئېھسان جەمئىيىتى» قۇرۇپ، ئىئانە توپلاپ مەكتەپ قۇرغان، كۇتۇپخانا ئاچقانلارغا ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارغا مەبلەغ ياردەم قىلغان ۋە يىلدا 10 — 15 نەپەر ئوقۇغۇچىنى قازان، ئىستانبۇل ۋە باشقا ئەللەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە چىقارغان. ئابدۇقادىر داموللامۇ 1912 - يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇشنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەندىن تاشقىرى، قەشقەر مەدرىسەلىرىدىكى ئۆلۈك ۋە دوگما تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى، ئەرەب - پارس تىللىرىدىكى دەرسلىكلەرنى قارىغۇلارچە يادلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيە پەرقى، ياش پەرقى، دەرىجە پەرقى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەر خىل بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى، ھەر خىل ياشتىكى تالىپلارنى بىر سىنىپقا يىغىۋېلىپ ساۋاق بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدىغان ئىللەتلەرنىمۇ ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە دەرسلىكلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى جەھەتلەردە كەسكىن تەدبىرلەر ئېلىپ بارغان ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن، «سەرف - نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «بىدايەتۇس سەرف» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «تەسھىلۇلھېساب»، «جۇغراپىيە»، «ئەقائىدى جەۋھىرىيە» (نېگىزلىك ئەقىدىلەر)، «مۇتالىئە ھىدايەت» (باشلامچى ئوقۇشلۇق)، «تەلىمى سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «فاسايىھۇل ئەتفال» (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق ئاممىباب دەرسلىكلەرنى تۈزگەن. بۇ قوللانمىلار ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىكى «مەتبەئى نۇر، مەتبەئى خۇرشىد» ناملىق تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ قازىسى سالاھىيىتى بىلەن ياش-

ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ۋە ئەقىدىلىك ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ئەگلەك بازىرى توقام مەدرىسەسى، بەشكېرەق مەھەللىسىدىكى لاي پەشتاق مەدرىسەلىرىگە يېتىم باللارنى يىغىپ ئوقۇتۇپ، شۆھرەت دىن تارقىتىش ئۈمكىگە يوچۇق قالدۇرمىغان.

ئابدۇقادىر داموللام «جاۋاھىرۇل ھىقان» (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى) ناملىق ئەسىرىنى مۇشۇ دەۋردە يازغان بولۇپ، قازان شەھىرىدىكى «مىللەت» مەتبەئەسىدە بېسىلغان. ئۇنىڭ «ئەدەبىي مۇساھىبە» ناملىق ماقالىسى 1916 - يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا تەھرىر ئىلاۋىسى قوشۇلۇپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مۇھەررىر ئىلاۋىدە ئابدۇقادىر دامولامنىڭ «جاۋاھىرۇل ھىقان» ناملىق كىتابىنى دەسلەپ كۆرگەن چاغدىكى تەسىراتى توغرىسىدا توختىلىپ: «مەزكۇر مۇئەللىپ شام (سۇرىيە) ياكى مىسىرلىق ئالىم بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىم. بۇخارادا ئوقۇغان، ئەرەب تىلىدا مۇشۇنداق مۇنازىرىلىشەلەيدىغان، قەشقەردە توقۇيالايدىغان باشقا كىشىنىڭ بارلىقى ئېسىمدە يوق» دەپ يېزىپ، ئابدۇقادىر دامولامنىڭ بىلىم - ئىستىبداتىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن، تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇغان. ئابدۇقادىر دامولام تونۇشتۇرۇلغان «ئابدۇقادىر دامولام كىمدۇر؟» دېگەن ماقالە «شۇرا» ژۇرنىلىدا تەكرار ئېلان قىلىنىپ، دامولامنىڭ نام - شۆھرىتى دۇنياغا تارقىتىلغان.

1914 - يىلى قەشقەرنىڭ يېڭى مائارىپى تارىخىدا بىر كاتتا ئۇلۇغ ئىش ۋۇجۇدقا كەلگەن، يەنى باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىستانبۇلدىن كەلگەن ياش پىدائىي مائارىپچى ئەھمەد كامال ئۇستىۋىنئاتۇش ئىكىساقتا شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» («دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھات») باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن) نى قۇرۇپ، 60 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، بىر يېرىم يىل ئوقۇتقاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، لاياقەتلىك بولغان 27 نەپىرىگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى سالاھىيىتىنى بېرىپ، جايلاردا مەكتەپ ئېچىپ، مەرىپەت نۇرۇقىنى چېچىش ئۈچۈن يۇرت - يۇرتقا تەقسىم قىلغان. ئۇلار قەشقەر شەھىرىدە ئىككى مەكتەپ ئاچقان. قەشقەر ئۆلىمالىرىدىن سەلىم ئاخۇن دامولا «تارىخ، جۇغراپىيە ئوقۇتۇش

ھارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ روھانىيلار، نادان بايلار، ھاماقەت ئاۋامنىڭ قوللىشىغا، قەشقەر دوتىيىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

ئەينى زاماندا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ئىشىكنى چىڭ تاقىۋېلىپ، ئېچكىرىدىن ياكى چەت ئەلدىن ئىلغار گېزىت - ژۇرناللارنىڭ، ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، شىنجاڭ خەلقىنى مائارىپسىز نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەن بولغاچقا، ئەھمەد كامالنى قولغا ئالدۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈرۈپ سولاپ، مەكتەپلەرنى تاقاتقان. ئابدۇقادىر داموللام ھەجگە كەتكەن.

مۇشۇ مەزگىللەردە شۋېتسىيەنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتى بىرقەدەر جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئەينى چاغدىكى قەشقەرنىڭ يەرلىك سەھىيە - ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان غەربچە داۋالاشنى يولغا قويغان مىسسىيونېرلار ئۆمىكىنىڭ «خەستەخانە» سىگە داۋالانغىلى كەلگەن بىمارلارغا خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان. يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەنلەردىكى شۆبە دىن تارقىتىش ئۆمەكلىرى ئارقىلىقمۇ كەڭ كۆلەمدە تارقىتىپ، ئۆزلىرى ئاچقان مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتقان يېتىم - يېسىر گۆدەكلەردىن باشلاپ ئىنجىل مۇناجاتلىرىنى ئۆگىتىپ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى خەلققە بىلدۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئۆلىمالار بىلەن يۇرت ئىگىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن مۇقەددەس ۋەزىپە بولۇپ قالغان.

ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، ئىستانبۇل، قاھىرەلەردە ئىلمى زىيارەت ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان ئابدۇقادىر داموللام 1920- يىلى قەشقەرگە قايتىپ مەدرىسە ئېچىپ، دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي بىلىملەر بويىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، تالىپ تەربىيەلەپ، قەشقەردىكى ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ دىنىي جەھەتتىن

تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە باشقىلارغا ئوخشاش سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشنى راۋا كۆرمەي، تالىپلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ نامايىش قىلغان. «تۇغانخان مەدرىسەسى» دىكى 200 دەك تالىپ بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، قاتار بولۇپ شوئار توۋلاپ كوچىغا چىقىپ، شوۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدە ئوغرىلاش ھەرىكىتىنى توختىتىپ، قەشقەردىن كېتىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە تارقىتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان كىتابچىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، قەشقەر دوتىيىگە تەلەپ قويۇش ئۈچۈن نامايىش قىلىپ يامۇلغا ماڭغاندا دوتەي چىقارغان ئەسكەرلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

جۇڭگو «4 ـ ماي ياشلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى»نىڭ تەسىرىدە ئابدۇقادىر داموللام تالىپلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى، بىرمۇنچە ھەر ساھە شەھەر خەلقىنىڭ نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قەشقەردىكى بىرىنچى قېتىملىق دېموكراتىك نامايىش باستۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي 1924 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست ئابدۇقادىر داموللام ئۆيىدە سۈيىقەستچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئالىم ئۈچۈن پۈتكۈل قەشقەر، ئاتۇش، پەيزاۋات، يېڭىشەھەر خەلقى ماتەم تۇتقان. مېيىت ئۇزاتقۇچىلار سېپىنىڭ ئالدى تۆشۈك دەرۋازىغا يەتكەندە، سەپنىڭ ئاخىرى ھېيتگاھ مەيدانىدىن قوزغالغان.

ئابدۇقادىر داموللامغا قەشقەر ئالىملىرىدىن شەمسىدىن داموللا، مەھمۇد ئاخۇن داموللا، ھۈسەيىنخان تەجەللىيلەر مەرسىيەلەر يازغان. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن، ھىندىستاندىكى «جامەئى ئىسلامىيە» ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى ئەنۋەر شاھ ساھىبلارمۇ مەرسىيە يېزىپ ماتەم تۇتقان.

ئالىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى چۆچەككە يېتىپ بارغاندا، ئوت يۈرەك شائىر، ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق):

مەرھۇمى داموللا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھى نېمە؟ بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر.

دەپ مەرسىيە يېزىپ تەزىيە بىلدۈرگەن.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم

مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1870 ـ يىلى قەشقەردە مەشھۇر ئۆلىما، قەشقەر قازىسى ئابدۇقادىر قازىكالاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابلىمىت ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باي ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم كىچىكىدىن ناھايىتى ياخشى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن. قەشقەردە ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپتىن تاكى خانلىق مەدرىسەگىچە ئوقۇپ، دىنىي ئىلىم ۋە ئەرەب، پارس تىللىرى ھەم ئەدەبىياتى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، زاماندashلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن.

قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى خانلىق مەدرىسەنى پۈتكۈزۈپ، دىنىي ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش سالاھىيىتىگە نەسەب ۋە ھەسەپ جەھەتتىنمۇ مۇناسىپ كېلىدىغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەكسىچە سودا ـ تىجارەت يولىنى تاللاپ، 1905 — 1909 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم قەشقەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن مال جابدۇپ رۇسىيەگە بارغان. ئۇ چاغلار دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بازار كېڭىيىۋاتقان؛ ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ پامىرنى تالىشىش، شىنجاڭدا تەسىر دائىرىسىنى زورايتىش ۋە تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن نوپۇزلۇق كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش كۈرىشى كەسكىن داۋام قىلىۋاتقان چاغلار بولغاچقا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئىككى قېتىملىق تىجارەتتە كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن. بېشكەك، ئالمۇتا، تاشكەنت، قازان، پېتېربۇرگ، موسكۋا، ھەتتا بېلارۇسىيەگىچە بېرىپ جاھان كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان؛ يۇرتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش يوللىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان ۋە ئىزدەنگەن.

1914 ـ يىلى باھاۋۇدۇن مۇساباي تۈركىيەلىك ياش ئوقۇتقۇچى ئەھمەد كامالنى تەكلىپ قىلىپ، قەشقەر شەھىرىدە مەكتەپ ئېچىشقا

ئىجازەت ئالالماي، يۇرتى ئىكساقتا «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» نى قۇرۇپ، بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، تەرەققىيپەرۋەر ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەسىلەكداشلىرىدىن يۇسۇپ قوقەند، ئىبلىخان باي، سوپى نىياز ھاجىم، مامۇت ھاجىم ماشىنىچى، نىياز ھاجىم تەمبۇر قاتارلىق رۇسىيەگە چىققان كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ جانان كوچىسىدىكى يۇسۇپ ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا بىر مەكتەپ ئېچىپ، 26 بالىغا يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويغان. «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن»نى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار دەرس ئۆتكەن. تاشمىلىق (تاشبالىق) بەگلىكىنىڭ بېگى تاشبەگ، مەرىپەتپەرۋەر زات قارى ھاجى قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، تاشمىلىقتىمۇ ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان.

ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى مائارىپسىز نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنىڭ ئۆزگۈچىسى ياڭ زېڭشىن ئىكساقتا يېتىشتۈرۈلگەن مەرىپەت ئورۇقلىرىنىڭ جايلاردا بىخلىنىپ كۆكلەشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئارامسىزلىنىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەكتەپلەرنى تاقىغان. ئەھمەد كامال بىلەن پىكىرداش ئىلغار ياشلارنى تۇتۇپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە تاشلىغان، باھاۋۇدۇن مۇسابايىنى قەشقەر دوتەي يامۇلدا نەزەربەند قىلغان. ياڭ زېڭشىننىڭ قانلىق قولى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ رۇسىيەگە چىقىپ كېتىپ پاناھلانغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم رۇسىيەگە چىققاندا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

«شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابقا ئاساسلانغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلۇۋاتقان ئىلغار تەشكىلاتلارغا يېقىنلىشىپ، ئىدىيە جەھەتتە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلغان. قەشقەرگە 1923 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتىپ كەلگەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەرەققىيات ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزگىرىشلەرنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ،

ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاچقا، 1924- يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قولغا ئېلىنىپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە قامالغان.

قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن كۆتۈرۈلگەن كۇچا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر ئەلى، قاراشەھەر خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى مادىنىڭ 1933- يىلى 14- فېۋرال غەلىبە بىلەن ئاقسۇنىڭ كوناشەھەر، يېڭىشەھەرلىرىنى ئىگىلىگەندە، تۈرمىدىن بوشىغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

1934- يىلى 28- يانۋار ما فۇيۈەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ ئىشتاب قۇرۇپ، ما شاۋۋۇنى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا، ياقۇپبەگ (ياقۇپبەگ لاۋسى، شۆتاگدىكى ئىسمى ما خۇبۇ)نى قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ھاكىملىقىغا، قەشقەرنىڭ كونا باجگىرى ئىبراھىم لوزۇگىنى شەھەر مۇھاپىزەت قوماندانلىقىغا، مارالبېشىدا تەسلىم بولۇپ، مافۇيۈەن تەرەپكە ئۆتۈۋالغان لىيەنجاڭ رىشتەمنى پارتىزان قوشۇن قوماندانلىقىغا (ئەمەلىيەتتە ژاندارما) تەيىنلەپ تەرتىپ ئورناتقان. 6- فېۋرال كۈنى ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرى شەھەر سىرتىغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتە ئۆزبېك پولكىنىڭ لىيەنجاڭى قوچقارباي 100 دەك ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ما فۇيۈەن ئىشتابىغا ھۇجۇم قىلغان. قوچقارباينىڭ باشباشتاقلىق بىلەن ئېلىپ بارغان مۇۋەپپەقىيەتسىز ھۇجۇمى ما فۇيۈەننىڭ «ئوغرىلار شەھەرگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ» دېگەن باھانە بىلەن ھەربىي ھالەت جاكارلىشىغا سەۋەب بولغان. چېرىكلەر ھەربىي ھالەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي تالاغا چىقىپ قالغان ئادەمنى ئەر ياكى ئايال، چوڭ ياكى كىچىك دېمەي ئېتىپ تاشلاپ، «ئوغرىلارنى ئىزدەش» باھانىسىدە دۇكان - ساراي، سەرراپخانا، ئامبارلارنى چالا قويماي بۇلاپ قۇرۇقداپ بولۇپ، قىز - چوكانلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان. قارشىلاشقۇچىلارنى شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرگەن. نۇرغۇن پۇقرا بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ خىل خۇنرىزلىقتا چىداپ تۇرالمىغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەتلىئامنىڭ ئۈچىنچى كۈنى شەھەر كاتتىلىرى بىلەن بايلىرىنى كوناشەھەر ھاكىمى ياقۇپبەگنىڭ ئۆيىگە يىغىپ، 300 سەر ئالتۇن راسلاپ، ما فۇيۈەننىڭ ئالدىغا قويۇپ خەلق ئامىنىنى تىلىۋالغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم «فېۋرال قەتلىئامى» يۈز بېرىپ بىر-ئىككى ئايدىن كېيىن، كەلگۈسى خوتەن يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى، خوتەن سانايىنەپىسەسىنىڭ قۇرغۇچىسى، مەشھۇر مۇئەللىمە ۋە سەنئەتكار ھاجى خانىمنى قەشقەردە بېرىلگەن «چالما-كېسەك قىلىش» جازاسىدىن ساقلاپ قالغان.

خوتەندىن ھەجگە بېرىپ مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياش ئەر - خوتۇن ئائىلىسىدە 1907- يىلى دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ئۆزلىرى ئولتۇرۇشلۇق كوچىنىڭ نامى بىلەن «پاتىمە» دەپ ئاتالغان ھاجى خانىم كىچىكىدىن مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان. ئۇ ئىستانبۇل، ئاشخاباد، بۇخارالاردا ئائىلىسى بىلەن سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ۋە ئاخىر ئەنجاندا ماكانلىشىپ، قىزلار گىمنازىيەسىنى تاماملاپ، تاشكەنتتىكى «ساگۇ» (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى) دا ئۈچ يىل ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ، 1925- يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، ئەنجاندىكى بىر مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. مۇئەللىمە ھاجى خانىم شۇ جەرياندا قوشۇمچە «ئاخۇن بابايوف» نامىدىكى سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىسلىق قىلىپ شۆھرەت قازانغان. ۋەتەن سۆيگۈسى غالىب كەلگەن ھاجى خانىم ئاتا - ئانىسى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ، تەخمىنەن 1934-يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى ماي ئايلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن.

قەشقەرگە چۈشۈپ ئەتىسى ھاجى قىزنىڭ دادىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كېيگەن كىيىملىرى بىلەن جابدۇنۇپ كوچىغا چىققاندا، پايلاقچىلار ئۇنى ما فۇيۇەن ئىشتابىغا چاقىقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۈزەل ھاجى قىزغا كۆزى چۈشكەن بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا سوراتقان. ھاجى خانىم ئۇنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلغان. نومۇس كوچىدىن غەزەپلەنگەن ھېلىقى ئەمەلدار ھاجى خانىمنىڭ بارلىق ئالتۇن جابدۇقلىرى ۋە ئۇن نەچچە ئاتلىق ماللىرىنى «ئولجا ئېلىپ»، شەرىئەت مەھكىمىسىگە بېسىم ئىشلىتىپ، «بولشېۋىكلارنىڭ ئىشپىيونى» دېگەن گۇناھ بىلەن چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. جازا مەيدانىدا ھاجى خانىمنى كۆرۈپ قالغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ،

ما فۇيۇەن ئىشتابىغا بېرىپ ئۇنىڭ ياش ھاياتىنى ساقلاپ قالغان.

1934 - يىلى ئىيۇلدا خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قاسىم ئەپەندى، نەممەت خەلپەت، ئەزىمخان تۆرىلەر خوجىنىياز ھاجى يېنىدا مەسلىھەتچى، كاتىپ، رۇس تىلى تەرجىمانى سالاھىيىتى بىلەن خىزمەت قىلغان. 1937- يىلى سېنتەبىردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكەپ كېتىلىپ بىر ئايدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەيگە بىر قوللۇق ئويدۇرۇپ چىقارغان «جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنغان. ئەزىمخان تۆرە (تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن)، قاسىم ئەپەندى، نەممەت خەلپەتلەرمۇ كەينى - كەينىدىن قولغا ئېلىنغان، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسىلىك ۋەزىپىسىگە ئەۋەتىپ، كۆپرەك خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىشخانىسى ئارقىلىق خىزمەت ئېلىپ بارغان كوممۇنىست مەنسۇر روزىيوف (ۋەتەن ئوغلى)مۇ شېڭ شىسەي تۈرمىسىگە تاشلانغان.

1938 - يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن موسكۋاغا زىيارەتكە بېرىپ، مولوتوف، ۋوروشىلوفلارنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا، ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەن.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىش مۇددىئاسى بىلەن 1934 - يىلى قۇرۇپ چىققان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»نىڭ قەشقەر شۆبىسى ئارقىلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە 20 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جاھانگىرلىككە يەنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە چاقىرىق قىلىنغان. ئىككى يۈزلىمە شېڭ شىسەي ستالىندىن يۈز ئۆرۈپ، جياڭ

جىيىشنىڭ قويىنغا ئۆزىنى ئېتىپ، گومىنداڭچى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم پائالىيىتىنى توختاتمىغان. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي 1942 ـ يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ئائىلىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ بېرىپ نەزەربەند قىلغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا گۇناھ ئارتالمىغان شېڭ شىسەي 1943 ـ يىلى نويابىر نەزەربەندتىن ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە قايتىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىپ نامايىش قىلغان ۋە تاشقورغان، ئۈلۈغچات چېگرالىرىغا توپلىشىۋاتقان قوراللىق تەشكىلاتنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى ئازادلىقنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۈتۈۋېلىشقا چاقىرغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ھەر ساھە ئىلغار زاتلاردىن بىر يەر ئاستى گۇرۇپپا؛ ئوپال، تاشمىلىق، بۆرەتوقاي ئەتراپىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلغان. ئۈلۈغچات قىزىلئۆي، سىمخانا، تاشمىلىقلارنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قوراللىق پارتىزان ئەترىتى، تاشقورغاندا بىر پارتىزان ئەترىتى قۇرۇشقا يېقىندىن ماسلاشقان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار بىلەن تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ قەشقەر ېيگىشەھەردىكى چوڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياڭ دالياڭ قوغداش نامى بىلەن دۆڭدىكى ئۆيىدىن خام بازىرىدىكى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ، باقتىدىغان ئەسكەر قويغان. ھەربىي دائىرىلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ئۇلار ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئابلىز مۇھەممەدنى قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ئابلىز مۇھەممەدى قەشقەرگە كېلىپلا ھەربىي دائىرىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

1946 - يىلى 1 - ئىيۇل شىنجاڭدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن.

1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرىش ھارپىسىدا گومىنداڭ گېنېراللىرىدىن يې چېڭ، ما چېڭشياڭ، لۇ شۇرېن قاتارلىقلار چەت ئەلگە قېچىش سەپىرىدە قەشقەردىن ئۆتكەندە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇلارنىڭ قەشقەر خەلقىنى بۇلاپ - تالىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەھكىمىنىڭ مالىيىسىدا بېقىلىۋاتقان قويلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ ۋە ئۆز بىساتىدىن ئالتۇن - كۈمۈش چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، خەلقنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغان.

1949 - يىلى 25 - سېنتەبىر شىنجاڭدىكى ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىغان. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرىپ خەلق ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قەشقەرنىڭ تۇنجى ۋالىيسى بولۇپ قالغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1955 - يىلى 6 - فېۋرال قەشقەردە 85 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## تۇردى ئاخۇن ئاكا

مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن تۆھپىكار زات تۇردى ئاخۇن ئاكا 1880 - يىلى يېڭىسار ناھىيەسىدە مەشھۇر مۇقامچى تەۋەككۇل ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ جەمەتى ئاتا مىراس مۇقامچىلار بولۇپ، تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ دادىسى قاۋۇل قالۇن، ئۇنىڭ دادىسى ھاشىم ساتار، ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم قالۇنلار زامانىسىدىكى مەشھۇر مۇقامچى-سازەندىلەردىن ئىدى.

تەۋەككۇل ئاخۇن ئاكا ئائىلىسىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەقىللىك،

زېرەك، چاققان تۇردى ئاخۇننى ئالتە ياشقا توشا - توشمايلا ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغان. تۇردى ئاخۇن كىچىكىدىن زېرەك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، چىققشقاق ۋە كىچىك پېئىل بولغاچقا، دادىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۆزى بارغان يەرلەرگە ئېلىپ بارغان. تۇردى ئاخۇن 12 يېشىدا دادىسىدىن مۇقام ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، دادىسىغا داپەندىلىك قىلىشقا باشلىغان. داپ ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋە قوماندانلىق (دىرىژورلۇق) رول ئۆتەيدىغان چالغۇ بولۇپ، تۇردى ئاخۇن تۆت يىل داپەندىلىك قىلىپ، «ئون ئىككى مۇقام» نەغمىلىرىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىپ قالغىنى ئۈچۈن، دادىسى داپنى تۇردى ئاخۇننىڭ ئىنىسى ئىمىن ئاخۇنغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا تەمبۇر چېلىش ۋەزىپىسىنى بەرگەن. تۇردى ئاخۇن دادىسى چالغان ساتارغا تەڭكەش قىلىپ تەمبۇر چېلىپ مۇقام ئېيتىپ، 20 ياشقا كىرگەندە ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرىنى ئاساسي جەھەتتىن دەستىگە ئېلىپ، دادىسى ھەرقانداق سورۇندا قايسى مۇقامنى ئېيتقىن دېسە، شۇ ھامان ئۆزى يالغۇز ئېيتىپ بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىدىن خۇشال بولغان دادىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپ، ئۆز ئالدىغا سازەندىلىك قىلىپ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈپ، مۇقام كۆكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا دالالەت قىلىپ «دۇكان ئايرىپ» قويغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكا دادىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن 1901 - يىلى ئىيۇندىن ئېتىبارەن ئۆي ئايرىپ چىقىپ تاكى 1938 - يىلى يازغىچە قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە سازەندىلىك قىلىپ، مۇقام ئېيتىپ ئائىلىسىنى قامدىغان ۋە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن داپ، دۇتار، تەمبۇر، چاڭ، قالۇن ۋە ساتارلاردىن قايسىسى قولىغا چىقسا شۇنى چالىدىغان، خۇش ئاۋاز مۇقامچى بولۇپ تونۇلغان، كېيىنچە كۆپرەك ساتار چالغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكا قاغىلىقنىڭ قاچى دېگەن يۇرتىدىكى مۇقامچى دوستى مۇھەممەت ھاجى، غوجىئىبرىقلىق دوستى ئەيسا ساتارلارنىڭ تەكلىپى بىلەن چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، كىچىك ئوغلى قاۋۇل ئاخۇن (بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدا) ۋە ئائىلىسى بىلەن

يېڭىساردىن كۆچۈپ، قاغىلىققا بېرىپ ماكانلاشقان. ئۇ قاغىلىققا ماكانلىشىپ، دوستلىرى مۇھەممەت ھاجى، ئەيسا ساتار، يەكەنلىك ھەسەن تەمبۇر، قاغىلىقلىق ھېيت ئاخۇن چالغ، موللا نىياز داپەندى قاتارلىق ئاتاقلىق مۇقامچىلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلق ئەلنەغمىلىرىنى، ئون ئىككى مۇقامنى خەلق ئىچىگە تارقىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. قەشقەرلىك مەشھۇر داستانچى جۇمەخۇن، قالۇنچى خۇدابەردى ئاخۇن، يېڭىسارلىق مەشھۇر ساتارچى قۇربان نىيازئاخۇن، قەشقەرلىك قاسىم ئەلنەغمە، مەشھۇر داپەندى روزى ھوشۇر، سېپىتۋالدى ئەلنەغمە قاتارلىقلارمۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ۋە ھەمسۆھبەتلىرىدىن بولغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكا سازەندىلىك قىلىپ، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا مۇقام ئېيتىشتىن تاشقىرى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، تولۇقلاش ۋە تارقىتىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۇششارباشلىق مەشھۇر ساتارچى تاھىر ئاكا، تۇگىچى يېزىسىدىكى تەمبۇرچى قادىر موللا، شاخاپ يېزا تۇگىلەس كەنتىدىكى تۇردى تەمبۇر دېگەن مۇقامچىلار بىلەن، ھەتتا خوتەندىكى مەشھۇر سازەندىلەردىن مەگلەشخان، سۇلايمان قالۇن، مۇقامچى راموك نەيچى قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تەجرىبە ئالماشتۇرغان، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئۆگەنگەن ۋە مۇقام تارقاتقان.

سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق رەھبىرى قاسىمجان قەمبىرى 1950 - يىلى يازدا قاغىلىق ناھىيەسىگە خىزمەت تەكشۈرۈپ بېرىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇ ئورۇنلىغان ئون ئىككى مۇقامنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتى ۋە ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ساقلاپ قالغان ھىممىتىگە بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنى يەكەن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇزىكا ئۇستازلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، بىر بۆلۈك ياشلارغا مۇقام ئۆگىتىشنى باشلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەھۋالنى سەيپىدىن ئەزىزىگە دوكلات قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇۋېلىش تەكلىپىنى بەرگەن. سەيپىدىن

ئەزىزى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىن نوتا مۇتەخەسسىسى ۋەن تۇڭشۇنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ، 1951 - يىلى ئىيۇلدىن 1952 - يىلى فېۋرالغىچە تۇردى ئاخۇن ئاكا، ئوغلى هوشۇرئاخۇن ئىككىيلەننى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا ساتارنى، هوشۇر ئاخۇن داپنى تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلانغان ئون ئىككى مۇقامنى بىرىنچى قېتىم ئۈنئالغۇغا ئالغان.

1954 - يىلىنىڭ بېشىدا تۇردى ئاخۇن ئاكا ئوغلى هوشۇر ئاخۇن بىلەن يەنە ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلار ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئون ئىككى مۇقام يەنە بىر قېتىم تولۇقى بىلەن يىل ئاخىرىغىچە ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ۋە پىلاستىنكىغا ئېلىنغان. تۇردى ئاخۇن ئاكىمۇ شۇ چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەهكىمىسى سەنئەت ئۆمىكى (كېيىنكى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى) گە يۆتكەپ كېلىنگەن.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىككى قېتىم ئۈنئالغۇغا ئېيتىپ بەرگەن ئون ئىككى مۇقام «شىنجاڭ مۇزىكا خىزمەت گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن نوتىغا ئېلىنىپ، 1960 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا، پىلاستىنكىغا ئالدۇرغان ئون ئىككى مۇقام 245 نەغمە بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىپ ئوقۇلغان مۇقام تېكىستلىرى 2482 كۇپلېت، هەربىر مۇقام ئىككى سائەتتىن ئورۇنلانغان بولۇپ، ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئورۇنلاشقا 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئون ئىككى مۇقامنى لېنتىغا ئالدۇرغاندا، ئۇلارغا قوشۇپ جىمى مۇقاملارنىڭ يىغىندىسى بولغان «ئابىچەشمە» (كۆز ياش بۇلاقلىرى) ناملىق 15 نەغمىسى بار بىر مۇقامنىمۇ لېنتىغا ئالدۇرغان. «ئابىچەشمە» مۇقامىنى پەقەت تۇردى ئاخۇن ئاكىلا ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ مۇقام ئۆزگىچە قۇرۇلما، ئۆزگىچە ئۇسلۇب، مۇرەككەپ مېلودىيە، مۇرەككەپ ئۇدارغا ئىگە ئالاهىدە بىر خىل شەكىلدىكى مۇقام هېسابلىنىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكا توغرىسىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىنىڭ مەسئۇلى مەرهۇم

ئەمەتجان ئەخمىدى ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېيتىپ بەرگەن ئون ئىككى مۇقامى ئۆزىگە خاس يېقىملىق، گۈزەل ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاسانلا ئۆزىگە تارتىۋالىدۇ. ئۇ 75 يېشىدا ئاۋاز لېنتىسىغا ئېيتىپ بەرگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ سەككىزىنچىسى بولغان «ئۇششاق مۇقامى» نىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ ئاۋاز دائىرىسى ھەقىقەتەنمۇ كەڭ ۋە بەكمۇ ئېگىز بولۇپ، پەقەت ئۇ ئۆزىلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى مۇقام ئېيتىشقا تولىمۇ باب، يېقىملىق ۋە گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ساز ئۈچۈن يارالغان قول بارماقلىرىمۇ ناھايىتى چاققان، ئەپچىل، ماھارەتلىك ئىدى. ئۇ ساتارنى خۇددى ئىسكىرىپكا چالغاندەك نەپىس، تېز، جاراڭلىق چالاتتى. شۇڭا، ئۇنى كەڭ جامائەتچىلىك سازلارنىڭ ئاتىسى، مۇزىكىنىڭ پىرى دەپ ئاتىغان.»

پۈتۈن ھاياتىنى ئەلنەغمىچىلىك، مۇزىكىچىلىق ۋە مۇقامچىلىققا ئاتاپ، دادىسى، شۇنداقلا ئۇستازى تەۋەككۇل ئاخۇنىمنىڭ ساتار چېلىش ۋە مۇقام ئېيتىش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان ھالدا باشقا مۇقامچى- سازەندىلەرنىڭ چېلىش ۋە ئېيتىش ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان؛ مۇقامشۇناس ئامانىنساخان، قەدىرخان ياركەندىيلەر قېلىپلاشتۇرۇپ چىققان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ كاتتا ئەجىر- تۆھپىسى ئۆز دەۋرىدىلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگان- لىرىنىڭ قەدىرلىشىگە، يۈكسەك شان ـ شۆھرەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۇ 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغانىدى.

مەشھۇر سەنئەتكار، مۇقام ئۇستازى، تەۋەررۈك زات تۇردى ئاخۇن ئاكا 1956 ـ يىلى 8 ـ سېنتەبىر ئەزىزانە قەشقەردە 76 يېشىدا ۋاپات بولغان. قەشقەر خەلقى بۇ تەۋەررۈك زاتنىڭ تاۋۇتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، شەھەردىن 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ھەززەت»كە ئېلىپ چىقىپ، «ئۈجمىلىك باغ» دا ياتقان قاسىمجان قەمبەرى ھەقبەرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ قۇتقۇزۇلۇپ

قىلىنىشىدا كاتتا تۆھپە ياراتقان، ئالەمچە خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ ئىككى زاتقا ئەجىر ئەزىم تىلىگەن.

مۇقام دىيارى بۇ تۆھپىكار ئوغلانىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 1981-يىلى ماي ئېيىدا جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئۈرۈمچىدە 300 كىشىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

دۇنيا خەلقى بۇ مەشھۇر سەنئەت ئەربابىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 1987-يىلى ئېيۇل تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تەرجىمىھالى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە ئۇنى ئورۇنلاشقا تەڭكەش قىلىنىدىغان سازلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ چوڭ قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى.

**ئىمىر ھۈسيىن قازى ئاخۇنۇم**

ئاتاقلىق ئۆلىما، ئەدىب ۋە تارىخچى ئىمىر ھۈسيىن قازى ئاخۇنۇم 1900-يىلى 8-ئاپرېل قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى كوچىسىدا شائىر، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان گېزىتچىلىكىنىڭ مەشھۇر ئاساسچىسى قۇتلۇق شەۋقى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن ناھايىتى ياخشى مائارىپ تەربىيەسى ئالغان بولۇپ، يەتتە يېشىدا ئەنجان كوچىسىدىكى ناتىۋان خەلپىتىم، ناسىر ئاخۇنۇم خەلپىتىم ئاچقان مەھەللە مەكتىپىگە، 14 يېشىدا ھېيتگاھ جامەسىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرگەن. مەدرىسەدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە شۇ زامان مەدرىسەلىرىدە ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، سابىرئاخۇن خەلپىتىمدىن ئىلمىي فىقھە، دادىسىدىن ئەدەبىيات، تارىخ پەنلىرى بويىچە قوشۇمچە ساۋاق ئېلىپ ماڭغان.

1922-يىلى قۇتلۇق شەۋقى ئائىلىسى يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاراباغ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ چىقىپ مەلۇم مەزگىل تۇرغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىمىر ھۈسيىن قازى ئاراباغلىق ئۆلىما، ئاتاقلىق تەسەۋۋۇپچى ئەمەت خەلپە ھۇزۇرىدا 14 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئالىملىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن ۋە 1933-يىلىدىن باشلاپ ئىلمىي ئىستىبداتىغا ئاساسەن، قەشقەر

كوناشەھەر ناھىيەسى (ئۇ چاغدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قەشقەر شەھىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلار، بۈگۈنكى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى جايلار بىلەن ئۇستۇنئاتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) نىڭ قازىلىقىغا بەلگىلەنگەن.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم قازىلىققا تەيىنلەنگەن ۋاقىت دەل «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» روھى بىلەن جايلاردا، خۇسۇسەن قەشقەردە ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى باشلانغان دەۋرگە توغرا كەلگەن. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم مەھكىمە شەرئى ئىشلىرىنى ئادىل، توغرا بېجىرگەندىن سىرت، يېڭىلىقنى ياقلايدىغان ئىلغار ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىمالار ۋەكىلى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتىن، قاششاقلىقتىن، خۇراپاتتىن قۇتۇلۇشقا چاقىرغان. 1934 - يىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، دادىسىغا ماسلىشىپ گېزىتنىڭ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

1937 - يىلى شىڭ‌جاڭ قوروقلۇق ئارمىيەسى قەشقەر ئاتلىق 6 - دىۋىزىيەسىنىڭ قوماندانى مەھمۇد مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز كامال، ما خۇسەنلەرنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى بىرلەشمە ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنى باھانە قىلغان شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ جاللاتلىق ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، قەشقەردە كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش، تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى مەشلى ئەپەندى (تەۋپىق) قاتارلىق 1000 غا يېقىن زىيالىي ۋە ئىلغار زاتلارنى قولغا ئالغاندا، ئىمىر ھۈسەيىن قازىمۇ دادىسى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان. دادىسى شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇمدەرۋازا تۈرمىسىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. ئىمىر ھۈسەيىن قازى تۈرمىدىكى سوراق - سوئال، قىيىن - قىستاقلار ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ناتىقلىق ئىستىبداتى بىلەن سوراقچىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، ئۆزىگە گۇناھنى يېقىن كەلتۈرمەي، دائىرىلەرنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. مۇھىمى، ئۇ يېڭىلا جەمئىيەتكە

قەدەم قويغان بىر ياش بولغاچقا، ھېچبىر گۇناھى بولمىسىمۇ، ھەرقانداق ئىشتىن لوقما تېپىپ يېيىشكە ئۇستا ئەمەلدارلار ئۇنىڭدىن 500 سەر كۈمۈش كېپىللىك پۇلى ئېلىپ، 1940 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىرىۋەتكەن.

بىتىم مەزگىلىدە يەنى 1947 ـ يىلى 18 ـ ئاپرېل بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى قەشقەرگە كېلىپ، تىنچلىق بىتىم ماددىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ۋە خەلقچىل سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. قەشقەر خەلقى ئىلغار كۈچلەرنىڭ تەشكىللىشى بىلەن گومىنداڭغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزگەن. ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم بىر ئىلغار دىنىي زاتلىق سالاھىيىتى بىلەن ئاممىۋى نامايىشقا ئاكتىپ قاتناشقان ۋە ئامما ۋەكىلى بولۇپ، جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمىلارنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، قەشقەردىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بىتىم ماددىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، داۋاملىق تۈردە ئىلغار زىيالىيلار، ئىنقىلابچى ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىلەردىن تولۇق ئازاد قىلمىغان، ئاممىنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان جىنايەتلىرىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، غەزەپ بىلەن ئەيىبلىگەن. يىغىنى ئېچىپ تاشلانغىنىغا چىدىيالمىغان قەشقەردىكى ھۆكۈمران دائىرىلەر جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجانلار قەشقەردىن كېتىشى بىلەن ئۆمەر ھۈسەيىن قازىنىڭ مۆھۈرىنى تارتىۋېلىپ، قازىلىق ۋەزىپىسىدىن بوشاتقان. ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم قەشقەردە يەنە بىر قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىپ بىر يېرىم يىل قامالغان. تۈرمىدىن بوشاپ چىقىپ تاكى 1952 ـ يىلى جايلاردا خەلق سوت مەھكىمىلىرى قۇرۇلۇپ، مەھكىمە شەرئى ئەمەلدىن قالغۇچە قازىلىق ۋەزىپىسىدە بولغان.

قازىلىق ۋەزىپىسىدىن قېلىپ، بىرلىك سەپ ئوبيېكتى بولۇپ، ئۆزىگە يارىشا جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن كارخانا تۈرمۈشىنى باشلىغان ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمغا ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كۆتمىگەن بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئىنقىلاب بېشىدىلا قوترىغان

«فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجىڭجۇيى»نىڭ نەرسىلىرىنى يوقىتىش؛ «جىن - شەيتانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش» تەتۈر قويۇنىنىڭ ئۆزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلغان ئىمىر ھۈسىيىن قازى ئاخۇنۇم ئۆيىدىكى ئەڭ چوڭ بايلىق ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان كىتاب، قول يازمىلار ۋە ئۆزى يىغقان كىتابلار، قول يازما ئەسەرلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، بەزى كىتابلارنى بىر ساندۇققا قاچىلاپ، كېچىلەپ ھەزرەتتىكى زاراتگاھلىققا ئېلىپ چىقىپ، كۈندۈزى كۆرۈپ قويغان ئوچۇق گۆرگە يوشۇرغان. ۋەزىيەت جىددىي، ۋاقىت قىس بولغاچقا، قالغان كىتابلارنى قازناققا يوشۇرۇپ، ئىشىكنى چانمايدىغان قىلىپ سۇۋىۋېتىپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن ئىمىر ھۈسىيىن قازى ئاخۇنۇم ئۇزاق ئۆتمەي بالاغا قالغان. ئۆي ئاختۇرىدىغان ئىسيانچىلار ئۇنىڭ بۇ نىشانلىق ئۆيىدىن ھېچنېمە تاپالماي قۇرۇق قول يانغۇسى كەلمەي، ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر قازناقنى بايقاپ قالغان. ئۇنىڭ كىتاب ۋە قول يازمىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆزىنى «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دەپ جاكارلاپ، 1966- يىلى 9- ئۆكتەبىر كۈنى تۈرمىگە تاشلىغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ، 1978- يىلى مەركىزىي كومىتېت 11- نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئىمىر ھۈسىيىن قازى ئاخۇنۇم ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

ئىمىر ھۈسىيىن قازى ئاخۇنۇم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1985 - يىلى جۇڭگو ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە ھەجگە بېرىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان دىيارىدىكى سەرەتان ئىسسىق تۈپەيلى ئاغرىپ قېلىپ، 5- سېنتەبىر كۈنى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي پايسال دوختۇرخانىسىدا ۋاپات بولغان. 7- سېنتەبىر مەككىدىكى ئاممۇۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.

تارىخچى، شائىر ئىمىر ھۈسىيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 30- يىللاردا باشلانغان. ئۇ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە

200 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەينى چاغدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى كۆپ خىل، شەكلى رەڭگارەڭ، تىلى ئاممىباپ، مەزمۇنى رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بولۇپ، خەلققە ناھايىتى يېقىن.

1950- يىلىدىن 1966- يىلىغىچە بولغان يىللار ئىمىر ھۈسىيىن قازى ئاخۇنۇم ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى، ھوسۇل پەسلى بولۇپ قالغان. بۇ مەزگىلدە شائىر يېڭى دەۋرنى، خەلقنى كۈيلەيدىغان شېئىرلارنى يېزىپ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى، شىنجاڭدا قۇرۇلغان خانلىقلار تارىخى، شۇنداقلا 30- يىللارغىچە قەشقەردە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ئەسەر «ۋاقىئاتى كاشغەر» نى 1954- يىلى تاماملىغان.

ئىمىر ھۈسىيىن قازى ئاخۇنۇم يەنە يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يامانيار يېزىسىدا ئۆتكەن رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانى؛ ئاستىن ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىدە ئۆتكەن شاۋاز قارى بىلەن گۈلخۇمارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «گۈلخۇمار» داستانى؛ قاراقاش ناھىيەسىدە ئۆتكەن قەمەرسىما بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «قەمەرسىما» داستانى؛ كورلا باش ئەگىمدە ئۆتكەن مېھرى سەرا بىلەن چىغاندا باتۇر مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان «مېھرى سەرا - چىغاندا باتۇر» داستانى؛ يەكەن ئىشقۇلدا ئۆتكەن نۇر ئەبزە خېنىم بىلەن بەختىيارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «نۇر ئەبزە خېنىم - بەختىيار باتۇر» داستانلىرىدىن تەركىب تاپقان 20 مىڭ مىسرالىق خەمسە (بەش داستان) يازغان. بۇلاردىن باشقا، ئەينى چاغدىكى قەشقەرنىڭ ھەربىي قوماندانى ما تىتەيىنىڭ بۇزۇقچىلىقى، چىرىكلىكى پاش قىلىنغان، نەسرىي - نەزمىي ئارىلاش يېزىلغان «قەشقەر تىتەيىنىڭ بەتخالىقى»، «پەيزاۋاتتىكى تۇختى مانجۇ ۋەقەسى»، «غالچا بەدەخشى، سىرتقى بۇلاڭچى» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئەمما، بۇلار 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا يوقالغان.

ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم ئەسەرلىرىدىن 600 بەتلىك «ۋاقىئاتى كاشغەر» ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ تۈپلەنگەن «ما تىتەي ۋە ئانارقىز پاجىئەسى» ناملىق كىچىكرەك بىر ئەسەر ئۇنىڭ قىزى ھىپىزە خېنىمنىڭ قولىدا ئامان قېلىپ، كېيىن پېشقەدەم مائارىپچى، تارىخچى ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ، «ما تىتەي ۋە ئانارقىز پاجىئەسى» ئۇنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 - يىلى نەشر قىلىندى.

ئاتاقلىق ئۆلىما ۋە تارىخچى، ئەدىب ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرە ئورنىنى بېكىتىش جەريانىدا ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوفلارنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما، ئەدىب موللا سادىق ئەلەم يەنى موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تەرىپىدىن ھەزرىتى موللام يەنى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان «مەسنەۋى شەرىف» ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ تىككىلگەن تەۋلىيە - ۋەخپە ھۆججىتىنى تېپىپ كېلىپ، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ خىزمەت كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە ئائىت «قەلىمى قۇرئان»، «بەھرىل ئەنساپ» قاتارلىق ماتېرىياللارنىمۇ تەقدىم ئەتكەن.

مەرھۇم ئالىم ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئەل ئۈچۈن قىلغان خالىس خىزمەتلىرى ئەلنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ.

### ئەھمەد زىيائىي

مەشھۇر شائىر، دىراماتورگ ۋە ئالىم ئەھمەد زىيائىي 1913 - يىلى 17 - ئاپرېل يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قومۇشئېرىق يېزىسىدا مەشھۇر ئۆلىما، پېداگوك موللا ئاخۇن ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن قويۇق ئىلمىي مۇھىت، ياخشى تەربىيە ۋە كىتابلار ئارىسىدا چوڭ بولغان ئەھمەد زىيائىي زېھنى ئۆچۈق، تىرىشچان، ئىشچان ۋە

كىتابخۇمار بالا بولۇپ يېتىلگەن.

موللا ئاخۇن ھاجى ئوغلى مۇھەممەت پەيزى، ئەھمەد زىيائىيلارنى ئۆزى بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن. ئوغۇللىرىغا دىنىي ئىلىم، ئەرەب، پارس تىللىرى، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، مەنتىق، ماتېماتىكا ئىلىملىرىنى پۇختا ئۆگەتكەندىن تاشقىرى، تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە نىشانلىق يېتەكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ئۇلاردا ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش، ئەدەبىياتتىن زوقلىنىش خىسلىتىنىڭ، ئەدەبىي قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئەھمەد زىيائىي شۇ چاغلاردا شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ، خۇسۇسەن ئەلىشىر نەۋايى، ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، ئابدۇرەھىم نىزارىي قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان.

موللا ئاخۇن ھاجى زامانىسىدىكى مەشھۇر ئىسلاھاتچى مۇدەررىسلەردىن بولۇپ، ئۇ تالىپلارنىڭ ئۆمرىنى بىھۇدە زايە قىلماسلىق، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپرەك بىلىم ئىگىلىتىش ئۈچۈن، ئەينى زامان قەشقەر مەدرىسەلىرىدىكى ئەرەبچە دەرسلىكلەرنى پارسچە چۈشەندۈرىدىغان، ئوقۇغۇچىلار مەنىسىنى چۈشەنمەي يادلايدىغان ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەرەبچە دەرسلەرنى ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرگەن ۋە تالىپلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈك قوللانمىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى تۈزۈپ چىققاندىن سىرت، تالىپلاردا خەتتاتلىق سەنئىتىگە، ئەدەبىياتقا قىزىقىش ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قىش، باھار پەسىللىرى تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە قاراپ شېئىر - نەزم تۈزۈش مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان. قىشتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە، 10 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن ئەھمەد زىيائىي يىراقتىن كۆرۈنگەن كوئېنلۈن تاغلىرىنى سۈرەتلەپ تۆۋەندىكى پارسچە مىسرالارنى تۈزۈپ بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن:

ئەجرامى كوھھاست تاھان گەشتە زىرى بەرىف،
چۈن پۇنبەدا نەكى دەر پۇنبە ھەسەت تاھان.

(تاغلارنىڭ گەۋدىسى قار ئاستىغا شۇنداق يوشۇرۇنۇپتۇكى، خۇددى چىگىت پاختا ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك).

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەھمەد زىيائىي 15 يېشىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى پارس تىلىدا يازغان. موللا ئاخۇن ھاجى جۇشقۇن ھېسسىيات، پاساھەتلىك تىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان بۇ لىرىك داستاندىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا «زىيائىي» (نۇر) دېگەن تەخەللۇسنى تەقدىم قىلغان.

ئەھمەد زىيائىي 13 بالىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، دادىسى ئۇنىڭ ئاكىسى مۇھەممەت پەيزىنى چوڭ ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، قەشقەر شەھىرىدىكى چارسۇ مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئەھمەد زىيائىيغا قالغان. ئەھمەد زىيائىي دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئىدىتلىق باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان. ياشلىق باھارىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئاتىغان ئەھمەد زىيائىي 24 ياشقا كىرگۈچە ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق ئۆگەنگەندىن سىرت، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان «ماقاماتى ھىرى»؛ پارس ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان بىدىل ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ بولغان.

ئەھمەد زىيائىي 1935 - يىلى نويابىر قەشقەر ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «يېڭى ھايات» گېزىتىگە ئورۇنلىشىپ، گېزىتخانىغا كېلىپ تۇرىدىغان ئىراننىڭ «تېھران گېزىتى»؛ تاشكەنتتە لاتىن يېزىقىدا چىقىدىغان «قىزىل ئۆزبېكىستان گېزىتى»؛ ئافغانىستاندا چىقىدىغان «ئامان ئافغان» ژۇرناللىرىدىن مۇھىم ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ، «يېڭى ھايات» گېزىتىگە كۆچۈرۈپ بېسىشقا تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەرنى سۆيۈندۈرۈۋەتكەن.

1937 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا باشلانغان قەشقەردىكى چوڭ تۇتقۇن، چوڭ تازىلاشتا تۇتقۇن قىلىنغان 1000 غا يېقىن ئىلغار شەخسلەر قاتارىدا «يېڭى ھايات»نىڭ 12 نەپەر خادىمىنىڭ قۇتلۇق شەۋقى باشچىلىقىدىكى

سەككىز نەپىرى قولغا ئېلىنغاندا، گېزىتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەھمەد زىيائىينىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. زىيائىي گېزىتخانىدا بەختكە يارىشا قولغا ئېلىنماي قالغان سەپداشلىرىنىڭ ياردەمچىلىكىدە گېزىتنى ئاقسىتىپ قويماي چىقىرىپ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

«يېڭى ھايات» گېزىتى 1936 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ نەشر ئەپكارىغا ئايلىنىپ، «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» نامى بىلەن چىقىرىلغان. قۇتلۇق شەۋقى تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئەھمەد زىيائىي جۇڭگو خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، فاشىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان تېلېگراف ئاپپاراتى گېزىتخانىدا يوق ئەھۋالدىمۇ كۈندۈزى ئىشلەپ ھېرىپ-چارچىغىنىغا قارىماي، كېچىلىرى ئەرەب، پارس، ئۆزبېك ۋە باشقا تىللاردا ئاڭلىتىلىدىغان رادىيو خەۋەرلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ گېزىتكە بېرىپ ۋە مۇناسىپ ئوبزورلارنى يېزىپ تۇرغاندىن باشقا، گېزىت سەھىپىسى، ئىستونلىرىنى، مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ جانلىق باشقۇرۇپ، گېزىتنىڭ جەلپكارلىقىنى، سۈپىتىنى ئاشۇرغان. شۇ يىللاردا «شىنجاڭ گېزىتى» ئاران 2000 — 3000 تىراژدا تارقىتىلغان بولسا، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ تىراژى 38 مىڭغا يەتكەن. «ۋاڭ جىڭۋېي»، «قارا كۆڭۈللەردە نۇرلۇق ھايات» دىراملىرىنى ئۇ 1938 - يىلى يېزىپ پۈتكۈزگەن.

ئەھمەد زىيائىينىڭ ئىقتىدارىنى، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ سەھىپە-ئىستونلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى ۋە ئەھمەد زىيائىينىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيى - ئىناۋىتىنى يوشۇرۇن خەۋپ دەپ تونۇغان گۇمانخور شېڭ شىسەي ئۇنى خەلقتىن يىراقلاشتۇرۇپ نازارەت ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن، 1943 - يىلى ئاپرېل بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «شىنجاڭ گېزىتى»گە يۆتكەپ كەتكەن. ئۇ باشتا گېزىتنىڭ 2 - بېتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا «يۆتكەپ» كېتىلگەندىن كېيىن ئەدەبىيات

بېتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا قويۇلغان. بۇ مەزگىل ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق ھوسۇللۇق مەۋسۇمى بولۇپ قالغان. ئۇ ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوپېراغا ئۆزگەرتىپ چىققان. بۇ ئوپېرا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە 100 مەيداندىن ئارتۇق ئوينالغان.

ئەھمەد زىيائىي ئۆز مەسئۇللۇقىدىكى ئەدەبىيات بېتىدە «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» سەھىپىسى ئېچىپ، ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، يازغۇچىنىڭ تەربىيەلىنىشى، ئادىمىيلىكى ۋەھاكازالار توغرىسىدا چاتما ماقالىلەر يازغان. ئۇنىڭ ماقالىلىرىدە، شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئىلغار ئىدىيەلەر ئاللىبۇرۇن ئىلغارلىق تونىنى سېلىپ تاشلاپ، جاللاتلىق ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، گومىنداڭغا بېقىنغان ئىككى يۈزلىمە شېڭ شىسەينىڭ يولىغا زىت بولغاچقا، ئەھمەد زىيائىي 1944 ـ يىلى مارت ئۆرۈمچىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق زور تۇتقۇندا قولغا ئېلىنىپ، 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق بىتىم» روھى بويىچە قويۇپ بېرىلگەن.

ئادەمخور شېڭ شىسەينىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قالغان ئەھمەد زىيائىي دەرھال يولغا چىقىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ كارۋان تەشكىللەپ، بىر يول لاداخقا قاتنىغان. ئۇنىڭ «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى ئەنە شۇ بىر قېتىملىق ساياھىتى ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر 1947 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ يىللاردا ئوردۇ، ئىنگلىز، رۇس، خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇرغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قالغان.

ئەھمەد زىيائىي لاداخ سەپىرىدىن يانغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇنى 1947 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە قويغان. ئەھمەد زىيائىي بۇ ۋەزىپىدە 1952 ـ يىلغىچە تۇرغان. ئۇنىڭ «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى،

«تورۇماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پوبلىستىك كىتابى شۇ دەۋردە نەشر قىلىنغان.

ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1940 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تازا گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەن. شۇ دەۋردە ئۇ «يۇرت ـ ئەل ئۈچۈن»، «شائىر خىيالى»، «تەر بىلەن»، «ئىچكىنىڭ كىمنىڭ قېنى»، «يۈرەكنى ئۆگەت خەلق غېمىگە»، «كۆرەشچان بولمىغۇنچە»، «گۈزەل دىيارىم»، «ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا»، «تۇرمۇش سازىنىڭ بۇزۇق پەدىسى»، «پىداكارلىق مېدالى» قاتارلىق مەشھۇر شېئىرلارنى يازغان.

شائىر «يۇرت ـ ئەل ئۈچۈن» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك غايىسى ۋە ئادىمىيلىك مىزانىنى: خەلق مەنپەئەتى، خەلقنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئىرادىسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

يۇرت ـ ئەل ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

تىرىشىپ ئالغا چەكسە ھەم مېھنەت،
تارىخ چەرخىنى ئالغا سۈرگۈلۈك.

تۈلكىلىك قىلىپ ھايات سۈرگۈنچە،
شىرانە سۈپەت بىلەن ئۆلگۈلۈك.

ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا،
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.

ئەھمەد زىيائىي ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلق رايىنى ئۆزلىرىگە قارىتىشنى مەقسەت قىلغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى 1948 - يىلى جۇڭخۇا مىنگو قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا بەلگىلىگەن. «ئەمدى ماڭا خەلقىم يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلىدىغان، خەلقىمنىڭ ئاۋازىنى پارلامېنتقا يەتكۈزىدىغان پۇرسەت كەپتۇ» دەپ ئويلاپ، نۇرغۇن ئارزۇ - ئۈمىدلەر، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئېلىپ نەنجىڭگە بېرىپ خىزمەتكە چۈشكەن ئەھمەد زىيائىي بىر مەزگىللىك ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گومىنداڭنىڭ نەيرەڭۋازلىرىغا ئالدانغىنىنى سېزىپ، ئۇ يەردىكى يۇقىرى مائاش - تەمىنات، ئالىي تۇرالغۇ، ئېسىل ماشىنا، ئىمتىياز ۋە شان - شۆھرەتلەردىن ۋاز كېچىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، بۇرۇنقى گېزىتچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولغان.

ئەھمەد زىيائىي 1953 - يىلى ئۇلۇغ قامۇس — ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەشھۇر كىتابى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى باشلاپ، 1955 - يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان. قەشقەردىكى ئەرەب، پارس تىللىرى ئالىملىرىدىن مۇھەممەت پەيزى، مۇھەممەتئىمىن داموللام، ياسىن ئاخۇن (ئۇزۇن) دېگەن كىشىلەر ئارگىنالنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. ئەپسۇس، ئالىمنىڭ بۇ ئەمگىكى يورۇقلۇق كۆرمەي، سىياسىي بوران - چاپقۇنلاردا ئىز-دېرەكسىز يوقالغان.

ئەھمەد زىيائىي 1957 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە «سولچىل» لۇشيەن توپەيلى خىزمەتتىن، ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغۇچە ئارىلىقتا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، «مەھزۇن - گۆلنىسا» داستانلىرىنى؛ موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەھمەد زىيائىي شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا تەكلىپ قىلىنىپ قەدىرلىنىش بىلەن ئۇنىڭ

ھاياتىدىكى ئۇچىنچى قېتىملىق مول ھوسۇللۇق ئالتۇن دەۋر ئېچىلغان.

ئەھمەد زىيائىي ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىر، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەزمىي تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك، ئۇلۇغ خىزمەتكە قاتناشقان ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇبىلىك› كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل؟»، «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئېقىمى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. «رەۋزەتۇسسافا» (دوستلار گۈلىستانى) ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ئىندېكسى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ئىنجۇمەلىرى»، «بۈيۈك ھۇن ئىمپېراتورلۇقى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان.

ياشىنىپ قالغان ئالىم، شائىر ئەھمەد زىيائىي «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانىنى، «رابىيە- سەئىدىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنى تاماملاپ، ئاپتوبىيوگرافىيەلىك تارىخىي رومان «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم»نى ياشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، 1989- يىلى 27- ئۆكتەبىر جۈمە كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 2. قەشقەردىكى مەشھۇر قەدىمكى ئەسەرلەر

**«بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى»**

«بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» بۇددا نوملىرى توغرىسىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنى سۇلى (قەشقەر)لىق مەشھۇر تەرجىمشۇناس خۇيلىن (734 — 820) يازغان. خۇي لىن 20 نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ، يۈەنخېنىڭ 5 - يىلى (801 - يىلى) بۇ كىتابنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ

ئەسەر «بۇيۇك ئېرۋانا» دىن باشلىنىپ، «ھاياتنى قەدىرلەش شەرھىيسى» بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەسەردە نوملارنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇش ئاھاڭى، قەدىمكى يېزىق ھەم بۇددا قانۇنلىرىدىن تارتىپ بۇددا شەرھى ـ چۈشەندۇرۇشلىرىگىچە يېزىلغان. بۇ كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن 1300 بۆلۈملۈك، 5700 جىلدتىن ئارتۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، سۇڭ دەۋرىدە قايتا كۆچۈرۈلمىگەن، لياۋ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە قايتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بار. يەنە شەرقتە چاۋشيەن، ياپونىيەلەرگىچە تارقالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا ياپونىيەدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912 ـ يىلى) نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشكەن.

### «تۈركىي تىللار دىۋانى»

«تۈركىي تىللار دىۋانى» جۇڭگو بويىچە تۇنجى قېتىم ئەرەب تىلىدا چۈشەندۈرۈلگەن تۈركچە لۇغەت. مەھمۇد كاشغەري باغدادقا بارغاندا تۈزۈپ چىققان، 1074 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان بۇ كىتابنى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. كىتاب 8 جىلدلىق بولۇپ، ھەربىر جىلدى يەنە ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. ھەربىر سۆزلەرنىڭ فونېتىكىسى بويىچە تۈرلەرگە، تىل ئالاھىدىلىكى، تۈرلىنىشى، قوشۇمچىلار بويىچە رەتكە تۈرغۇزۇلغان. كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، سىستېمىلىرى روشەن، كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئادەم تېنىدىكى ئەزالار، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ سايمان، ئۇچار قۇشلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، مەدەن ـ تاشلار، ئۆرپ ـ ئادەتلەر، قەبىلە ـ قوۋملار، سىياسىي تۈزۈملەر قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈرك تىلىدىكى ئاساسلىق سۆزلۈكلەر ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، قوۋملارنىڭ كېلىپ چىقىشى، يەر ـ جاي

ناملىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر بارلىق مەزمۇنلار ساقلانغان بولۇپ، 11 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ قامۇسى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن. لۇغەتتە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىر يۇملاق خەرىتىگە ئىزاھلانغان. خەرىتە ئاپتورنىڭ نەزەرىدىكى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا قالماي، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ بۇرۇنقى مۇكەممەل ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرھلەردە يەنە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ قەدىمكى بېيىت ـ قوشاقلىرىنى، ماقال ـ تەمسىللىرىنى، ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق قوشاق ساقلانغان. تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخىسى 13 ـ ئەسىردە دەمەشقلىق مۇھەممەد ئابابەكرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، 1916 ـ يىلى تۈركىيەدە بايقىلىپ ھەرقايسى ئەللەردىكى شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئۇنىڭ نېمىسچە، تۈركچە، ئۆزبېكچە، ئىنگلىزچە تەرجىمىلىرى بار. ئېلىمىزدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرى نەشردىن چىقتى.

### «قۇتادغۇبىلىك»

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دىداكتىك داستان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 — 1070 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان.

ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى بار. تەھرىرلەپ رەتلەپ چىقىش ئارقىلىق 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەشكىل تاپقانلىقى مەلۇم بولدى. داستاننىڭ باش قىسمى (مۇقەددىمىسى) نەسرىي ۋە نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان. داستاننىڭ ئالدىنقى 11 بابىدا ياراتقۇچى ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇسانا ئوقۇش ھەم بۇغراخانغا مەدھىيە ئوقۇش، ئىلمىنۇجۇم، بىلىم، تىل ۋە گۈزەل پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇش ھەمدە مۇئەللىپنىڭ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئالىرى بايان قىلىنىدۇ. 12 ـ بابتىن باشلاپ تۆت پېرسوناژنىڭ كەسكىن دىيالوگلىرى ۋەقەلىك شەكلىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇلار كۈن تۇغدى،

ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم هالدا پادىشاھقا، ۋەزىرگە، ۋەزىرنىڭ ۋارىسىغا ۋە زاھىدقا ۋەكىللىك قىلىپ، ئادالەت، قۇت، ئەقىل - ئىدراك، توۋا - قانائەتتىن ئىبارەت «تۆت خىل ئېسىل خىسلەت» نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋەزىر ئايتولدىنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىدۇ، ئايتولدى پادىشاھقا ئىلىم - ھېكمەتلەردىن سۆز ئېيتىدۇ، پادىشاھ ئۇنى ۋەزىر قىلىپ ئورنىغا ئەكىرىدۇ. ئۇزاققا بارماي ئايتولدى ئاغرىپ قالىدۇ، ئۇ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ۋەزىرلىككە كۆرسىتىدۇ. ئايتولدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كۈنتۇغدى ئۆگدۈلمىشنى ۋەزىر قىلىدۇ. ئۆگدۈلمىش دادىسىنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش لايىھەسىنى ئېيتىدۇ، دۆلەتتە ئامانلىق بولىدۇ. كۈنتۇغدى ئودغۇرمىشنى ھوزۇرىغا نەچچە رەت تەكلىپ قىلغانلىقى، پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېرىپ ھالىدىن كەتكەنلىكىدىن پادىشاھ ھوزۇرىغا كېلىشنى رەت قىلغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. كېيىن ئودغۇرمىشنىڭ قېرىپ توۋا - ئىستىغپار يولىغا ماڭغانلىقى، ئۆگدۈلمىشنىڭ كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئۇ كۈنتۇغدىغا ئىككى نەرسە مىراس قالدۇرىدۇ: بىرى ھاسا بولۇپ، ئۇنى پادىشاھقا قالدۇرىدۇ، يەنە بىرى ساپال كوزا بولۇپ، ئۇنى ۋەزىرگە قالدۇرىدۇ. داستاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابىدا ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىغا ئېچىنىپ جاھاننىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىدىن ئاغرىنغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» شېئىر شەكلىدە يېزىلغان دىداكتىك داستان، ئۇنىڭ سىستېمىسى بار. ئۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ سەممىي، ئادىل، ھالال ياشىشى ھەمدە بىلىمنى قەدىرلەپ، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشى تەكىتلىنىدۇ. بۇ يەنە ئېسىل ئەدەبىي ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا يارقىن، ئوبرازلىق، جانلىق تىللاردىن پايدىلىنىپ بىلىش قىيىن بولغان ئابستراكت پەلسەپىۋى ئاتالغۇلار يېشىپ بېرىلگەن. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئويناپلا قالماي، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرغا قەدەر بۇ

ئەسەرنىڭ نېمىسچە، تۈركچە قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بار. ئېلىمىزدە ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، خەنزۇچە پۈتۈن تەرجىمە نۇسخىسى (خاۋ گۇەنجۇڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان) بىلەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى (گېڭ شىمىن قاتارلىقلار قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان) بار.

## «ئەتەبەتۇلھەقايىق»

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان پەند-نەسىھەت داستانى. ئۇنىڭ بەزى قول يازمىلىرى «ھەقىقەتلەر بوسۇغىسىدا» دەپمۇ ئاتالغان. 13- ئەسىرنىڭ باشلىرى ياكى 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى قەشقەردە ياشىغان بولۇپ، ئەما شائىر ئىدى. ئۇ بۇ ئەسىرىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئەمىر مۇھەممەدكە تەقدىم قىلغان. ئەسەر 14 باب، 500 مىسرالىق بېيىتتىن تەركىب تاپقان، ئاساسىي تېمىسى ئىسلام پەلسەپە ئىدىيەلىرىدىن ئىبارەت. يېزىلغان ۋاقتى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ، شائىر زامانىنىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن زارلىنىدۇ، بۇ مەلۇم جەھەتتىن شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ۋېي سۇيىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان قىسقارتىلما نۇسخىسى بار.

## «مەسنەۋى خەراباتى»

بۇ كىتابنى ھىجرىيە 1146- يىلى (مىلادىيە 1726- يىلى) مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى يازغان. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خاراب بولغان كىشىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى دىداكتىك مەسنەۋى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىش ۋە ئىسلام ئەدەپ - ئەخلاقىنى تەشەببۇس قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتابتا ياخشىلىق، ھالاللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك مەدھىيەلىنىپ،

ھارامخورلۇق، زالىملىقنىڭ ھامىيلىرى بولغان ھۆكۈمران تەبىقىلەر، سوپى - ئىشانلار، مال - مۈلۈكپەرەسلەر، باي - ئەمەلدارلار ئەيىبلىنىش بىلەن بىرگە، ياخشىلىق قىلىش، سەۋرچان بولۇش، مال - دۇنيا بىلەن مەغرۇرلانماسلىق، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، يەنە تېۋىپلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار، ئۆلىمالار، دانا - دانىشمەنلەر، شائىرلار، قازى ۋە پادىشاھلار قاتارلىق تۈرلۈك تەبىقىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەھۋاللىرى سۆزلەنگەن.

يەنە تەقدىرگە تەن بېرىش، جاھاننىڭ بىۋاپالىقى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ مەزمۇنلىرىمۇ سۆزلەنگەن بولۇپ، ئابدۇللا خاراباتىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار.

## «بەھرۇد - دۇر» («مەرۋايىتلار دېڭىزى»)

بۇ ئەسەر بىر قىسىم، 185 بەتلىك بولۇپ، مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خەراباتى17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەكەندە چاغاتاي تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان. تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى شېئىري ئەسەر بولۇپ، ئىسلامىيەت ئەخلاقىنى شېئىري يول بىلەن تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئەسەردە قازاغا رىزا بولۇش، سەۋر - تاقەت، جەننەت ۋە دوزاخ، ساۋاب ۋە گۇناھ قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىش بىلەن، تەمەخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، مال - دۇنيا بىلەن مەغرۇرلىنىش، ھەسەتخورلۇق - كۆرەلمەسلىك، ياخشىلىق - يامانلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاقىۋىتى، تەركىدۇنيالىق، تەقدىرگە تەن بېرىش، ئىلىم ۋە تەدبىردىن ۋاز كېچىش، كەسپكە ئىشەنمەسلىك تەسەۋۋۇپ كۆزقارىشى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ئەخلاقىنى بەلگىلىك يولغا سېلىش، ياخشىلىق، سەممىيلىك، قانائەت، سەۋر، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ھالاللىق، رەھىمدىللىك، ئەدلى - ئادالەت تەشەببۇس قىلىنىپ، زالىملىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، تەمەخورلۇق، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىد-

لەنگەن، بولۇپمۇ ئاپاق خوجا دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى خېلى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن.

شائىرنىڭ دىۋانلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە «مەسنەۋى خەراباتى»، «كۇللىيات خەراباتى» دېگەن ناملاردا بېسىلغان. ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاپاق خوجا دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە (بېسىلغان يىلى ئېنىق ئەمەس) سامان قەغەزگە بېسىلغان تاش باسما، يېپىلىق تۇپلەنگەن، فورماتى 24×16.5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزىنىڭ فورماتى 22.5×13 سانتىمېتىر، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، كارتون قەغەزلىك قاتتىق مۇقاۋا، مۇقاۋىسى بەتتىن ئاجرىغان، باش ـ ئاخىرى ۋە ئارىسىدىن بەزى بەتلەر يوقالغان.

«دىۋان سەبۇرى»

بۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر شائىر ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ بىرقانچە ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان تولام بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسى تولىمۇ كەڭ. ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان قىممەتلىك مىراستۇر. سەبۇرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ماقالات» ناملىق ئەسىرى 1982 ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا چاغاتاي تىلى ھالىتىدە ئېلان قىلىنغان.

«فەرھاد ۋە شېرىن»

ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى «فەرھاد ـ شېرىن» داستانى ئاساسىدا يېزىلغان يەنە بىر داستانى بولۇپ، داستاندا چىن شاھزادىسى فەرھاد بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شېرىنىنىڭ مۇھەببەت تىراگېدىيەسىنىڭ ۋەقەلىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتتە سۈرەتلەنگەن. نىزارىينىڭ يەنە «لەيلى ـ مەجنۇن» ناملىق داستانىمۇ ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى داستانلار ئاساسىدا

يېزىلغان بولۇپ، «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ نام بېرىلگەن.

**«مۇھزىنئۇلئۇائىزنىن» («مۇڭلۇق ۋەزلەر»)**

قەشقەرلىك مەشھۇر شائىر نورۇزئاخۇن كاتىپ زىيائىي 1843- يىلى يازغان شېئىرىي داستان بولۇپ، جەمئىي ئالتە قىتئە، 4800 مىسرادىن تۈزۈلگەن. ئەسەردە ئانا يۇرت، ۋەتەن - خەلققە بولغان مېھىر- مۇھەببەت، ئىلىم - پەن، ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە بولغان ئىلغار قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**«كىتابى غەرىب»**

بۇ 1802- يىلىدىن 1862- يىلىغىچە ياشىغان قەشقەرلىك رېئالىستىك شائىر تۇردۇش ئاخۇن نازىم غەرىبنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنچىلىك، تۆمۈرچىلىك، دېھقانچىلىق، تۈگمەن- چىلىك، زەرگەرلىك، ياغاچچىلىق، خالۋاپلىق، قەغەزچىلىك، بوياق- سىچىلىق، جۇۋازچىلىق، باققاللىق، پىلىچىلىك قاتارلىق 35 خىل ئەنئەنىۋى ھۈنەر، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئۇستىكارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھۈنەردە تىرىشچان، ئادىل، دىيانەتلىك، ئىناق - ئىتتىپاق، ئىشەنچلىك، ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشىنىڭ پايدىلىرى ئۈستىدە توختالغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى 2011- يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

**«دىۋان زوھۇرى»**

1831- يىلىدىن 1863- يىلىغىچە قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئەسىرى بولۇپ، جەمئىي 10 باب، 104 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان شېئىرىي ئەسەردۇر.

**«دىۋان فۇزۇلى ۋە لەيلى - مەجنۇن»**

بىر قىسىم، 80 بەتلىك بۇ ئەسەرنى مۇھەممەت بىننى سۇلايمان

فۇزۇلى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاغاتاي تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان، چىن مۇھەببەت، چىن سۆيگۈ، ۋاپادارلىق ھەققىدىكى خەلق داستانى بولۇپ، كىشىلەرنى مۇھەببەتكە سادىق، پاك سۆيگۈلۈك، ۋاپادار بولۇشقا ئۈندەش مەقسىتىدە يېزىلغان.

«لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدا لەيلى بىلەن مەجنۇن (قەيس)نىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق چىن مۇھەببەت، ۋاپا ۋە ساداقەت مەدھىيەلىنىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان.

مەزكۇر دىۋاننىڭ تولۇق نۇسخىلىرى خېلى كۆپ بولغاچقا، بۇ كىتاب فۇزۇلى غەزەللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسىي ماتېرىيال بولالايدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە سامان قەغەزگە بېسىلغان تاش باسما، يېپلىق تۈپلەنگەن، فورماتى 16.5×27 سانتىمېتىر، خەت چوشكەن بەت يۈزىنىڭ فورماتى 13×23.5 سانتىمېتىر، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بەتكە 16 قۇر خەت يېزىلغان، كارتون قەغەزلىك قاتتىق مۇقاۋىلىق بولۇپ، ئىچ مۇقاۋىسى نەقىش ۋە ھۆسنخەت بىلەن زىننەتلەنگەن. مۇقاۋىسى ئاجراپ كەتكەن، ئاخىرى يوق، بەتلىرى پۇچۇلغان.

### «ئەخلاقى جەمىلە» («گۈزەل ئەخلاق»)

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدا ئۆتكەن خانىش ئامانىساخاننىڭ نەفىسىي تەخەللۇسى بىلەن «ئەخلاقى جەمىلە» («گۈزەل ئەخلاق»)، «شۇرۇھۇلقۇلۇب» («قەلبلەر ئاچقۇچى») قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچۇر بار. ئەپسۇس، بۇ پەخىرلىك ئۇستازنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرى تا بۈگۈنگىچە تېپىلمىدى.

### «مەشھۇنۇلھەقايىق» («ھەقىقەتلەر شەرھىيسى»)

شائىر مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفىي (1366 — 1465) قەشقەر ۋە ھىراتتا ياشىغان بولۇپ، بۇ ئەسەر چاغاتاي تىلىدا شېئىرىي شەكلىدە

يېزىلغان. ھىجرىيە 1239- يىلى (مىلادىيە 1823 — 1824- يىلى) يەكەننىڭ ھۆكۈمدارى تاجى مۇھەممەد ھادى شېئىرىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئەسەرنىڭ نامىنى «دەخۇل جەنان ۋە ئەبۋاھۇل جەھان» دېگەن نامدا ئاتىغان. بۇ ئەسەرنىڭ 257 ۋاراقلىق قول يازما كۆچۈرمە نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

### «دەھرۇننەجات» («نىجاتلىق ئۈنچىلىرى»)

ئابدۇرەھىم نىزارىي (1776 — 1850) نىڭ بىر قىسىم، 77 بەتلىك بۇ كىتابى 1839- يىلى قەشقەردە چاغاتاي تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. بۇ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مەزمۇن قىلغان سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق كۆزقارىشىنى تەرغىب قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ۋەقەلىك مۇقبىل رەۋشەندىل بىلەن مۇدبىر خۇدبىن ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋابلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان. ئىمان، تەۋھىد، ئاللانى تونۇش، پادىشاھلىق، ئادالەت، ھەققانىيەت، ھاياتتا قانداق ياشاش، زامانىنىڭ بىۋاپالىقى، ئىنسانىنىڭ ياخشى- يامانلىق ئۆلچىمى، گۇناھ ۋە ساۋاب قاتارلىق مەزمۇنلار بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مىسال كەلتۈرۈپ بايان قىلىنغان. يەنە ئەسەر تەركىبىدە نۇرغۇن شېئىرىي پارچىلار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاپتور ئۆز كۆزقاراشلىرىنى خۇلاسىلىگەن. كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور خۇلاسە خاراكتېرلىك بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلغان. بۇ ئەسەر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

بۇ ئەسەر 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە سامان قەغەزگە بېسىلغان، تاش باسما، يېپىلىق تۇپلەنگەن، فورماتى 22.5×11.5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزىنىڭ فورماتى 18.5×10 سانتىمېتىر، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، 17 قۇر خەت يېزىلغان، رەختتىن تاشلانغان ئاددىي مۇقاۋىلىق. سوئال ۋە نەزمىلەر ھۆسنىخەت

بىلەن بېسىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئىككى بەت يوقالغان، ياخشى ساقلانغان. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان.

### «دىۋان مەشرەب»

«دىۋان مەشرەب» غەزەل، مۇخەممەس ۋە مۇستەھزادلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرىي توپلام بولۇپ، ئۇنى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بابارەھىم مەشرەب يازغان.

ئەسەردە شائىر ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ۋە گۇمانىستىك قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە زالىملار، ئالدامچى، ئىككى يۈزلىمچى رىياكارلارنى قامچىلاش مەقسىتىدە يازغان. كىتابتا يەنە مەشرەبنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار قىسسە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە شائىرنىڭ جاھان كېزىش جەريانىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان چىن ئىنسانىي مۇھەببىتى، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرى، زالىملار ۋە ئالدامچى سوپى - ئىشانلارغا بولغان نەپرىتى ۋە زامان قىلمىشلىرىدىن چەككەن ئاھ - پىغانلىرى بايان قىلىنغان. «دىۋان مەشرەب» باشقا نۇسخىدىكى دىۋانلارغا قارىغاندا بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى ئىنتايىن زور.

### «مۇھەببەت داستانلىرى»

«مۇھەببەت داستانلىرى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئاتاقلىق رېئالىزمچى شائىرى ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ داستانلار توپلىمى. نىزارىي 1837 - يىلىدىن ئېتىبارەن «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ بىر ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ، 1838 - يىللىرى ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاياغلاشتۇرغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، «رابىيە - سەئىدىن»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «فەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق داستانلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.

شائىر ياشىغان دەۋر (18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى) ئۇيغۇر خەلقى مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋە ئۆز ئىچىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، ئاپتور قاراڭغۇ جەمئىيەتكە نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ رېئال جەمئىيەتكە بولغان نەپرەت ۋە قەھر - غەزىپىنى ئۆز شېئىرلىرىغا سىڭدۈرگەن. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك تەندەنسىيە (خاھىش) مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئىلغارلىققا ئىگە.

ئۆمرىنىڭ 60 يىلىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، كاتىپلىق ۋە كىچىك - كىچىك ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش بىلەن پېقىرلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. شائىرنى 1830 - يىلى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۆز ئوردىسىغا ئەكەلدۈرۈپ مىرزا (كاتىپلىق) خىزمىتىگە تەيىنلىگەن. شائىر بۇ خىزمەتتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر (تەخمىنەن ئون يىل) تۇرغان بولۇپ، بۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان دەۋرىدۇر.

### «تەجەللىي - مۇجەللىي»

تەجەللىي (1856 — 1925) قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زوگىلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە ماھىر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

تەجەللىينىڭ «بەرقى تەجەللىي ۋە سەبقى مۇجەللىي»، «دىۋانى تەجەللىي» قاتارلىق كىتابلىرى ئەينى يىللاردا بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشر قىلىنغان. تاشكەنتتە «باياز»لارغا (توپلاملارغا) كىرگۈزۈلۈپ، ئەينى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللىي مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان. «بەرقى تەجەللىي ۋە سەبقى مۇجەللىي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قەشقەردە قۇرۇلغان «مەتبەئەيى خۇرشىد» مەتبەئەسىدە 1899 - يىلى 1000 نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغان. «تەجەللىي - مۇجەللىي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1984 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

### «زۇبدەتۇلمەسائىل»

مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي 1840- يىلى «زۇبدەتۇلمەسائىل» ناملىق ئەسىرىنى يازغان. بۇ ئەسەردە شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللىي ئادەت ۋە تەلەپلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدىغان بىرقانچە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ھېكايىلەر سۆزلەنگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، مۇئەللىپ ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىيسىغا قارىتا پەرۋاسىز مۇناسىۋەتتە تۇرماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشچان ھۆكۈمدارلار ئۇچۇن قوللانما سۈپىتىدە مۇشۇ ئەسەرنى يېزىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. تارىخىي شارائىت نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، بۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسىدىكى ئىلغارلىق تەرەپتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەرنى پۈتۈنلەي يوققىتىشتىن ئىبارەت يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى ئەينى شارائىتتا ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

### «يۈسۈپ - زۇلەيخا»

«يۈسۈپ - زۇلەيخا» ئېپىك داستان بولۇپ، ھىجرىيە 1222- يىلى موللا يۇنۇس ياركەندىي تەرىپىدىن ئابدۇراخمان جامىينىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «يۈسۈپ - زۇلەيخا» ناملىق داستانىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئابدۇراخمان جامىينىڭ ئەسىرىدىن مۇستەقىل ھالدا سۈرەت ۋەقەلىكى، ئىشلەتكەن تىل ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

كىتاب 72 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابنىڭ مەزمۇنى يېزىلىش سەۋەبى، مۇھەببەت، ئىلىم - پەن، تىل ھەققىدە راۋاجلىنىدۇ. قالغان ماۋزۇلاردا سۈرەت ۋەقەلىكى يۈسۈپ - زۇلەيخانىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كىتاب 384 بەت، 9048 مىسرادىن تەركىب تاپقان، 32 فورماتلىق بېسىلغان.

**«لاداخ يولىدا كارۋان»**

«لاداخ يولىدا كارۋان»نى شائىر ئەھمەد زىيائىي (1913 — 1989) يازغان. بۇ ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى، جۇغراپىيەلىك مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر 1940 - يىللاردىكى ئۇيغۇر نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**«زەلىلىي غەزەللىرى»**

زەلىلىي 80 يىللىق ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، بىزگە قول يازما ھالەتتە يېتىپ كەلگەنلىرى 133 غەزەل، 19 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزاد، 16 رۇقىئات ۋە پارس تىلىدا يازغان 46 غەزەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنەچچە نۇسخا شېئىرلار دىۋانى، 1720 - يىلى 46 يېشىدا يازغان 1400 بېيىتلىق «سەپەرنامە» داستانى، 1736 - يىلى 62 يېشىدا يازغان 262 بېيىتلىق «تەزكىرەئى چېھىلتەن» رىۋايىتى، 1744 - يىلى 70 يېشىدا يازغان 770 بېيىتلىق «تەزكىرە خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» ناملىق تارىخىي داستانى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

زەلىلىي جەنۇبىي شىنجاڭدا تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق) ئەۋج ئېلىۋاتقان زاماندا ياشىدى. شۇڭا، بۇ دەۋردە ئۆتكەن ئالىم ۋە ئەدىبلەر دىنىي تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن دىنىي يول ئارقىلىق نىجاتلىق ئىزدەش كۆزقارىشىنىڭ مۇرەسسەلەشكەنلىكى زەلىلىينىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

**«قىياپەتۇلبەشەر» («ئادەملەرنىڭ قىياپىتى»)**

«قىياپەتۇلبەشەر» («ئادەملەرنىڭ قىياپىتى») ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىدىغان. پسىخولوگىيەگە ئائىت كىتاب بولۇپ، تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 22 بەت،

1844- يىلى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي چاغاتاي تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا قەشقەردە يازغان.
بۇ ئەسەر كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان ئامىل ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان.
ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ باش، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن تۈزۈلۈشىدىن تارتىپ تاكى قول، پۇت بارماقلىرىغىچە بولغان ئۆزگىچىلىك ۋە ئوخشى-ـماسلىقلارغا ئاساسەن ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.
بۇ كىتاب ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى پىسخولوگىيە ئىلمى ۋە ئەدەبىي تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىقى ۋە پىسخولوگىيە-سىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.
1911 - ، 1912- يىللىرى تاشكەنتتە بېسىلغان تاش باسما، يىپلىق تۈپلەنگەن، فورماتى 14×22 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزىنىڭ فورماتى 10×19 سانتىمېتىر، ھەربىر بەتتە 15 قۇر خەت بار.

«جاۋاھىرۇل ئىقان» («ئېتىقاد جەۋھەرلىرى»)
بۇ ئەسەر تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 35 بەت بولۇپ، 20-ئەسىردە ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي تەرىپىدىن ئەرەب تىلى ۋە يېزىقى بىلەن مەتبەئە خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان.
ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى ئاساس قىلغان ئەدەپ - ئەخلاق كۆزقارىشى توغرىسىدىكى كىتاب بولۇپ، ئىسلام ئەدەپ - ئەخلاقىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتورنىڭ ئەرەب تىلىدىكى شېئىرىي ماھارىتىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان.
بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللانى بارلىق كامال قۇدرەتلىرى، سۈپەتلىرى بىلەن بىلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللانىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى دەپ بىلىشى، شەرىئەتنى، قۇرئان، ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىپ يولغا قويۇش قاتارلىق ئېتىقادلىرى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ،

ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ يارىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، يەنە چىن ئىنسان بولۇش، كۆڭلى پاك بولۇش، ئېتىقادى دۇرۇس بولۇش، ئۆز ئېتىقادىدىن گۇمانلانماسلىق، بىلىمگە ئىشتىياق باغلاش قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەر تەشەببۇس قىلىنىپ، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان.

بۇ كىتاب سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقادلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئاپتورنىڭ بىلىم، ھايات توغرىسىدىكى ئاساسىي قاراشلىرىنى چۈشىنىشتە، شۇنداقلا ئەرەب تىلىدىكى شېئىرىي ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى كۆچۈرۈلگەن قول يازما. مىخلىق تۈپلەنگەن، فورماتى 18×28 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزىنىڭ فورماتى 13.5×24 سانتىمېتىر، ھەربىر يەتتە 13 قۇر خەت بار.

«مىفتاھۇلئەدەب» («ئەدەپلەرنىڭ ئاچقۇچى»)

«مىفتاھۇلئەدەب» ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي (ئابدۇقادىر داموللام) ۋە باشقا بىرقانچە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي تەرىپىدىن ئەرەب تىلى ۋە يېزىقى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان.

بۇ كىتاب ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئەدەپتىن تەلىم بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

توپلامدىكى شېئىرلار ھېكمەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرلەر، بىلىم ئىگىلەش، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش، چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يوچىلىق، مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەسلىك، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە باشپاناھ بولۇش تەرغىب قىلىنىپ، ھاراق ـ شاراب ئىچىپ كەيپ ـ ساپاغا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشتەك ناچار ئىللەتلەر تەنقىد

قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبىئەت لىرىكىسى، مەرسىيە مەزمۇنىدىكى شېئىرلارمۇ بار.

بۇ كىتاب ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.

بۇ سىراجىدىن مەخسۇم كۆچۈرگەن قول يازما بولۇپ، 1910 ـ يىلى تاشكەنتتە مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان، يىپلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 22×14 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزىنىڭ فورماتى 18×10 سانتىمېتىر، ھەربىر بەتتە 8 — 13 قۇر خەت بار.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


1. قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى: «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006- يىلى 7- ئاي نەشرى.

2. قەشقەر شەھەرلىك يەر - جاي ناملىرى كومىتېتى: «قەشقەر شەھىرى يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 1984- يىلى 10- ئاي ئۈيغۇرچە نەشرى.

3. ئابدۇرەھىم سەئىدى: «شەھەرشۇناسلىق توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى 8- ئاي نەشرى.

4. چېن يۆفېي: «شەھەر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى 2008- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى.

5. جاڭ سوڭ: «تارىخىي شەھەرلەرنى قوغداش ئىلمى — مەدەنىيەت مىراسى ۋە تارىخىي مۇھىتنى قوغداشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇپەسسەل ئۇسۇلى»، شاڭخەي يەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى.

6. جيا خۇڭيەن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، خىمىيە سانائىتى نەشرىياتى 2008 - يىلى 8 - ئاي نەشرى.

7. شى نيەنخەي: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئاستانە مەدەنىيىتى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1998- يىلى نەشرى.

8. لىو جېۋېن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى بىناكارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى قوغداشنىڭ ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچى»، «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى»، 2000- يىلى 8- ئاينىڭ 6- كۈنىدىكى سانى.

9. لو جېۋېن: «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر ۋە قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى قوغداش توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى»، جۇڭگو بىناكارلىق سانائىتى نەشرىياتى 2003- يىلى بېيجىڭ نەشرى.

10. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006- يىلى 6- ئاي نەشرى.

11. ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي نەشرى.

12. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى.

13. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989- يىلى 7- ئاي نەشرى.

14. ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

15. ئابدۇكېرىم رەھمان: «20- ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى.

16. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئەزىزانە قەشقەر — شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى» (1 — 2)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009- يىلى 9- ئاي نەشرى.

17. نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 11- ئاي نەشرى.

18. ئابلىكىم توختى: «قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2001- يىللىق 2- سان.

19. ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988- يىللىق 1- سان.

20. زۇنۇن رەھىم: «قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش خاتىرىسىدىن پارچە»، «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» (3- توپلام)، 1996- يىلى 7- ئاي ئۇيغۇرچە باسمىسى.

21. چېن گې: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2001- يىللىق 3-، 4- سان.

22. شۈي خۇاڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ - چىقىش مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997- يىللىق 1-، 2- سان.

23. جاۋ شيا، جاڭ يەنخۇاڭ: «لوياڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھىرى ۋە ساياھەتچىلىكنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «شەھەر تەرەققىيات تەتقىقاتى»، بېيجىڭ، 2000- يىللىق 5- سان.

**图书在版编目（CIP）数据**

历史文化城市——喀什噶尔：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德编著. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.9
（《喀什噶尔》系列丛书；21）
ISBN 978—7—5373—2708—4

Ⅰ. ①喀… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①历史文化名城—介绍—喀什地区—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K928.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 214999 号

责任编辑：图尔迪·库尔班·亚米古尔
责任校对：麦麦提斯迪克·塔依尔

《喀什噶尔》系列丛书（21）

# 历史文化城市—喀什噶尔

编著：阿迪力·穆罕默德

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 14 印张 2 插页
2013 年 3 月第 1 版 2013 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—3000 定价：42.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998—2653927

丛书的本册详细地介绍了喀什噶尔这座国家级历史文化名城的悠久历史、文化、艺术、名著、科技、人文、著名人物等内容。